تارىخىي رومان

# ئويغانغان زېمىن

# (2)



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

مۇندەرىجىدىكى ھەربىر باب ئۈستىگە چەكسىڭىز
شۇبابقا ئۇلىنىدۇ، ھەربىر بەت ئاستىدىكى بەت
نومۇرى ئۈستىگە چەكسىڭىز باش مۇندەرىجىگە
ئۇلىنىدۇ.

مەرھۇم يازغۇچى، شائىر، ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ
«ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانى
ئاساسىدا سايىلەندى.

مەزكۇر كىتابنى سودا خاراكتېرىدە ئىشلىتىشكە
بولمايدۇ،

«پارلاق» ئۇيغۇر مائارىپ تور ئۇيۇشمىسى تارقاتتى
تەييارلىغۇچىلار:
«پارلاق» ئۇيغۇر مائارىپ تور ئۇيۇشمىسىدىن
مەمەتئىلى تۇرسۇن، ياقۇپجان غوجى.
2008-يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنى



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئىبلىس ھەرىكەتتە ............... 1

ئىككىنچى باب «ئەمدى نەيزىلەشمەيلى» ......... 31

ئۈچىنچى باب پاجىئە مۇشۇ يەردىن باشلاندى ... 54

تۆتىنچى باب كاگدىن چىققان «پەرىزات» ...... 73

بەشىنچى باب قەشقەردىن خەت ............... 94

ئالتىنچى باب «بالا سەركەردە» تۇرپاندا ...... 117

يەتتىنچى باب جادۇگەرنىڭ ئەپسۇنى ........... 135

سەككىزىنچى باب باشئەگىم جىلغىسىدا ........... 158

توققۇزىنچى باب جىرجىس ھاجى ............. 172

ئونىنچى باب قەشقەر ئاسمىنىدا تۇمان......... 201

ئون بىرىنچى باب يول، كۇچاغا ............... 229

ئون ئىككىنچى باب سەكسەن قويغا بىر مىلتىق ... 242

ئون ئۈچىنچى باب «مېنىڭ بۇ بېشىمغا تاج ياراشمايدۇ» ................. 263

ئون تۆتىنچى باب ئەجەل كۆلەڭگىسى ........... 274

ئون بەشىنچى باب ھاۋادا رادىئو دولقۇنلىرى ...... 290

ئون ئالتىنچى باب ئۈرۈمچى قامال كۈنلىرىدە ...... 303

ئون يەتتىنچى باب يول، قەشقەرگە............... 327

ئون سەككىزىنچى باب قانغا بويالغان دىيار ........... 339

ئون توققۇزىنچى باب غەلتە مەھبۇسلار .............. 370
يىگىرمىنچى باب سىرلىق قاچقۇن .............. 390
يىگىرمە بىرىنچى باب تۇمانلىق قىسمەت .............. 407
يىگىرمە ئىككىنچى باب «ئۆرۈمچى سىزنى كۈتىدۇ» ... 431
يىگىرمە ئۈچىنچى باب سەرلەۋھىسىز پاراگلار.......... 454
يىگىرمە تۆتىنچى باب ھەسرەتلىك نىدا .............. 521
يىگىرمە بەشىنچى باب قىسسىنىڭ ئاخىرى.............. 536

## بىرىنچى باب

# ئىبلىس ھەرىكەتتە

*يىلاننى يىلاننى يەپ، ئەجدىھا بولىدۇ.*

— قەدىمكى غەرب ماقالى

### 1

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبلىس، يەنى ئازازۇل ئەسلىدە خۇداغا يېقىن پەرىشتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەممە پەرىشتىلەرگە دەرس ئېيتىش مەرتىۋىسىگە يېتىپتىكەن؛ خۇدا ئۇنىڭ ئالىملىقى، پەم — پاراستى، قابىلىيىتى، ئىبادەتتىكى سادىقلىقى ۋە تەقۋادارلىقىغا قاراپ، ئاسمانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى، جەننەتنىڭ خەزىنىچىلىكىنى، ھەتتاكى يەر يۈزىنىڭ پادىشاھلىقىنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىپتىكەن. كۈنلەردە بىر كۈن خۇدا يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، پەرىشتىلەردىنمۇ ئالىمراق ۋە قابىلراق بىر مەخلۇق يارىتىش مەقسىتىدە تۇپراقتىن ئادەم ئاتىنى بىنا قىلىپ، ھەممە پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇپتۇ، پەرىشتىلەر بۇ بۇيرۇقنى دەرھال بەجا

كەلتۈرۈپتۇ. پەقەت ئىبلىسلا ئۆزىدىن ئالىمراق ۋە قابىلراق بولغان ئادەمنىڭ يارىتىلغىنىغا چىدىماي، «مەن ئوتتىن يارالغان تۇرسام، تۇپراقتىن يارالغان ئادەمگە نېمىشقا سەجدە قىلغۇدەكمەن» دەپ بويۇنتاۋلۇق قىپتۇ ھەمدە بۇ ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك ۋە تەكەببۇرلۇقى تۈپەيلى، شۇ ھامان خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ جەننەتتىن قوغلىنىپتۇ. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىشىنى ئادەمدىن كۆرۈپ، «سېنىمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش لەنەت-كەردى قىلمايدىغان بولسام» دەپ قەسەم ئىچىپ قىساس ئېلىشقا كىرىشىپتۇ ـ دە، ئاخىر پەيتى كەلگەندە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى مىڭ بىر ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن ئازدۇرۇپ جەننەتتىن ئايرىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پۈتۈن شۇم-لۇق، ياۋۇزلۇق، ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەست، قارا نىيەتلىكنىڭ قاراڭغۇ كۆلەڭگىسى سۈپىتىدە تاكى قىيامەت كۈنىگىچە قارغىش ۋە لەنەت ئاستىدا خارۇ ـ زابۇن ياشايدىغان شەيتانغا ئايلىنىپ، ئادەمزاتنىڭ گۆشى بىلەن تېرىسى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەي يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇمىش...

بۇغۇ رىۋايەت ياكى ئەپسانە، ئەلۋەتتە! ئەمما رېئال تۇرمۇشتا خۇددى شۇ ئىبلىسقا ئوخشايدىغان ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گۇمان قىلماسسىز، بەلكى ئۇنداقلارنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆر-گەن، ھېچبولمىغاندا ئاڭلىغان ياكى بىرەر كىتابتىن ئوقۇغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

شۇنداق، شىنجاڭدىن بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتى-كى سىبىرىق دېگىز بويىغا جايلاشقان لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كىچىك-كىنە بىر كەنتىدىكى ۋەيران بولغان پومېشچىك ئائىلىسىدە يېڭى كالېندار ھېسابى بىلەن 1897 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى دۇنياغا كەلگەن بىر بوۋاقنىڭ ئاخىر بېرىپ، رېئال تۇرمۇشتىكى

ئىبلىس بولۇپ قېلىشنى ھېچكىم ئويلىمىغان بولغىيدى!

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، تېمورچىن يەنى چىڭگىزخان ھەر ئىككى مۇشتۇمى مەھكەم تۈگۈلگەن ۋە بارماقلىرى ئارىسىدىن قان تېمىپ تۇرغان ھالەتتە تۇغۇلغان ئىمىش. تۇغۇت ئانىسى ئۇنىڭ بارماقلىرىنى قايرىپ قارىسا، ھەر ئىككى ئالقىنىدا ئۇيۇپ قالغان قان پارچىسى تۇرغۇدەك، موڭغۇل قەبىلىلىرى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ «خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت!» دەپ ئەنسىرىگەنىكەن. ئەمما بىز يۇقىرىدا ئېيتقان بوۋاقتا بولسا ھېچقانداق غەلىتىلىك كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئادەتتىكى بوۋاقلاردەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئانچە ــ مۇنچە يىغلاپ قوياتتى، خالاس. شۇنىڭ ئۇچۇن بولسا كېرەك، ئاق سۈتۈمنى ئاقفا ساغدىم، كۆك سۈتۈمنى كۆككە دەپ، ئۇنى ئاق سۈتى بىلەن بېقىپ ئۆستۈرگەن ئانىسىمۇ ياكى يەتتە يېشىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ، كۆڭزى، مېڭزى قاتارلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىنساپ، دىيانەت، مېھىر ــ شەپقەت، ۋاپا ۋە ساداقەت ھەققىدىكى ئەخلاق كىتابلىرىنى يادقا ئالدۇرغان ئۇستازلىرىمۇ، بۇ بالىنىڭ ئاخىر بېرىپ، بىر قانخور جاللاتقا ئايلىنىپ قېلىشىنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولغىيدى! ئەكسىچە، ئۇلار بۇ بالىنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى ۋە كەڭ پېشانىسىگە قاراپ، ئۇنى «چوقۇم ئەقىللىق ۋە يارامىلىق ئادەم بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئاتا ــ ئانا ۋە ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى ئۇنى ئوبدان ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئاخىر 1917 ــ يىلى ياپونىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ يىگىرمە ياشلىق يىگىت ياپونىيىنىڭ پايتەختى توكيودىكى «مىڭجى» داشۆسىدە سىياسىي ــ ئىقتىساد پېننى ئۆگىنىشكە، ماركسىزم بىلەنمۇ تونۇشۇشقا باشلىدى.

بۇ چاغلاردا ئىچكى جۇڭگودىكى چوڭ ــ كىچىك مىلىتا-

رىستلار ھوقۇق ۋە يەر ـ زېمىن تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن قان بولۇشۇۋاتاتتى. قايىسىسى زور كەلسە ئاجىزلىرىنى يۇتۇپ كەتـ ـمەكتە ۋە شۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتمەكتە ئىدى. بۇنداق قاراشتا، كىم ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەشكە ۋە قوشۇن تارتىشقا ماھىر بولسا، ئۇنىڭ قولى ئۇزۇن بولۇپ ئامەت شۇنىڭ، جاھان شۇنىڭ، ئىش شۇنىڭ، ئاتاق شۇنىڭ بولۇۋاتاتتى. قىسقىسى، زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت يۇرتى خۇددى تارىختىكى «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر» ياكى «ئۈچ پادىشاھلىق» دەۋرىدىكىگە ئوخشاش قارا نىيەتلىك ياۋۇز تەۋەككۇلـ ـچىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان بۆرە كۆزلىرىدىن ئىچكى دۇنياـ ـسىدىكى دەھشەتلىك ھېرىس ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرىدىغان بايىقى يىگىتمۇ ئەمدى ئۆز كۆڭلىدە پۈكۈپ كەلگەن مۇددىئالىرىـ ـنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۇرسەت كەلدى دەپ ئويلىدى ـ دە، توكيودىكى «مىڭجى» داشۆسىدە سىياسىي ـ ئىقتىساد ئۆگىنىشنى تاشلاپ ۋەتەنگە قايتتى ۋە ئىشنى ھەربىي ھوقۇق ئىگىلەشتىن باشلاش ئۈچۈن، يۇننەن ئۆلكىسىدىكى ھەربىي مەكـ ـتەپكە كىردى ھەمدە شۇنىڭدىن باشلاپ، كۆل رەڭ ھەربىي كىيىم كىيىپ، پاچاقلىرىغا گوجەي يۆگەپ، بېلىنى تاسما بەلۋاغ بىلەن مەھكەم باغلىدى.

بۇ يىگىت رومانىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدىن باشلاپ كىتابـ ـخانلىرىمىزغا تونۇش بولۇپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئىدى.

ئۇ بايىقى ھەربىي مەكتەپنى ئوفىتسېرلىق دەرىجىسى بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چوڭ ـ كىچىك مىلىتارىستلارنىڭ بوسۇغىـ ـسىنى ياقىلاپ يۈرۈپ، ئاخىر شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرى بويىچە چوڭ مىلىتارىستلارنىڭ بىرى ئاتالغان گوسۇڭلىڭنىڭ ھوزۇرىدا

جۇڭشياۋ (پود پولكوۋنىك) دەرىجىلىك مۇشاۋىرلىققا ئېرىشتى ۋە غۇنچە بوي كەلگەن قىرقىم چاچلىق قالماق چىراي بىر قىزغا ئۆيلەندى. بۇ قىز گوسۇڭلىڭنىڭ جىيەن قىزى چۇيۇفاڭ ئىدى. 1923 ــ يىلى گوسۇڭلىڭ ئۆزىگە يارامىلىق ئىز باسارلار يېتىشتۇ- رۇش مەقسىتىدە شېڭ شىسەي بىلەن چۇيۇفاڭنى ياپونىيىگە ئو- قۇشقا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسى- گە، ئۇنىڭ خوتۇنى چۇيۇفاڭ توكيودىكى قىزلار داشۆسىگە كىر- دى. 1925 ــ يىلى گوسۇڭلىڭ ئۆزىدىن چوڭراق مىلىتارىست جاڭ زولىنغا قارشى قوزغىغان ھەربىي ئۆزگىرىشتە مەغلۇپ بولۇپ ئۆل- گەندىن كېيىن، باشپاناھسىز قالغان شېڭ شىسەي ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ياپونىيىدە ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1927 ــ يىلى ۋەتەنگە قايتقاچ، گومىنداڭ ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ شاڭشياۋ (پول- كوۋنىك) دەرىجىلىك مۇشاۋىرلىقىغا تەيىنلەندى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ جياڭ جيېشى ئالدىدا ئۆزىنى «مەن سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز- مەن» دېيىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى.

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرى. شېڭ شىسەي چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ياتاق ئۆيىدىكى يوغان بويئەينەك ئالدىغا كېلىپ توختى- دى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقىغا تارالغان قارا چاچلىرى، قېلىن قاشلىرى ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان بۆرە كۆزلىرى، قويۇق بۇرۇتى ئۈستىدە چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان يوغان بۇرنى، ماش رەڭ ھەربىي كىيىمگە لىق كەلگەن تولغۇن گەۋدىسىگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى. يۇمشاق دىۋاندا پوفايكا توقۇپ ئولتۇرغان خوتۇنى دەرھال ئۇنىڭغا قاراپ «سىزگە يەنە نېمە بولدى؟» دېدى.

— ھەي سۆيۈملۈكۈم، گېپىمگە قۇلاق سال، خېلى كۈنلەر- دىن بېرى مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېچىتىۋاتقان دەردلىرىمنى ساڭا ئېيت-

سام «ناشۇكۇرلۇك قىلماڭ» دەپ مېنى ئەيىبلەپ كەلدىڭ. ئويلاپ باق، مەنزە، ئۆمۈرنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان مۇشۇ نەۋقىران ياشلىقىم، مۇشۇ يولۋاستەك بەستىم، مۇشۇ قابىلىيىتىم بىلەن بۇ لايىغەزەل، قىمارۋاز، بىكار تەلەپ مۇشاۋىرلار ئارىسىدا قورسىقى تويسا بۇرۇتىنى يالاپ ياتىدىغان مۇشۇككە ئوخشاش كۈنۈم ئۆتكە-نىگە شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋېرەمدىمەن؟ ياق، ياق! مۇنداق ئېتى ئۆلۈغ، سۈپۈرسى قۇرۇق مەنسەپكە گول بولۇپ يېتىشنى خالىماي-مەن. «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر»نى ئىنقىراز قىلىپ، شۇ چاغدىكى جۇڭگو قۇرۇقلۇقىدا تۇنجى قېتىم يېگانە خانلىق تەختىگە ئولتۇر-غان چىنىڭ سىخۇاڭ بىلەن «ئۈچ پادىشاھلىق» دەۋرىدىكى پادىشاھ-لارنىڭ بىرى بولغان ليۇبې قانچىلىك ئادەم ئىدى دەيسەن! دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چىڭگىزخانچۇ؟ ناپولېئونچۇ؟ ناپو-لېئونمۇ ئاددىي ئوفىتسېرلىكتىن خانلىققا كۆتۈرۈلمىگەنمىدى؟

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە، چۈيۈفاڭ ئۆز ئېرىنىڭ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، غەلىتە بىر تەبەسسۇم بىلەن مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭمۇ خان بولۇش نىيىتىڭىز بارمۇ نېمە؟ مەنغۇ سىزنىڭ ئىرادە ۋە قابىلىيىتىڭىزگە قايىلمەن، ئەمما، جۇڭگودا خانلىق تۈزۈمنىڭ بىكار بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ياق ئەزىزىم، سەن مېنى ياخشى چۈشىنىسەن. ماڭا قارا، جۇڭگودا خانلىق تۈزۈم بىكار قىلىنغىنى بىلەن بۇ مەملىكەت خۇددى كەلكۈندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللىق قۇرغاقچىلىقتا چاك — چېكىدىن يېرىلىپ لاتقىنىڭ يۈزىدەك پارچە — پارچە بولۇپ كەتكەن. بۇنداق مەملىكەتتە بىرەر ئۆلكىنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارلىقى-نى قولغا كەلتۈرۈش ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس. شۇنداق، ھېچ

قىيىن ئىش ئەمەس. ئاسمان خۇداسى نېسىپ قىلىپ بىرەر چەت ئۆلكىگە، مەسىلەن، شىنجاڭ ياكى ئىچكى موڭغۇلغا بېرىپ قالسام، باشقىچە بىر ۋەزىيەت يارىتىپ مۇرادىمنى ھاسىل قىلىشقا كۆزۈم يېتىدۇ. مەسىلەن، بىرەر قېرى مەنسەپدارنى تاپىمەن ــ دە، ئۇنىڭغا ساداقەت بىلدۈرۈپ قوينىغا كىرىمەن. ئۇ ئۆلكەندىن كېيىن، ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشنى قولغا كەلتۈرىمەن، خالاس! ھېچبولمىغاندا بىرەر موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىمەن ــ دە، موڭغۇل قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، موڭغۇل ۋاڭىنىڭ ئىخلاسمەن ئوغلى بولۇۋالىمەن. ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبىلىسى ماڭا قالامدۇ؟ دۇنيادا قىلاي دېسە ئىش جىق!

— بۇ بولمىغان گەپ، — دېدى چۇيۇفاڭ، ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىدىن نارازى بولغاندەك تۈمشۇقىنى تۈرۈپ، — مېنى ئەمدى موڭغۇللارنىڭ ئىس پۇراپ تۇرىدىغان كىگىز ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچىمۇ سىز؟

— ياق ئەزىزىم، گېپىمنى چۈشەنمەي قاپسەن، — دەپ ئىزاھات بېرىشكە باشلىدى شىياڭ شىسەي، بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، — موڭغۇللارنى تىلغا ئالغىنىمدا، ئالاھىدە ئەسكەرتىش بىلەن «ھېچبولمىغاندا» دېگەن شەرتلىك ئىبارىنى ئىشلەتكىنىمگە دىققەت قىلمىغان ئوخشايسەن. ساڭا ئوخشاش مۇدىنگۈلنى چۆلگە ئاپىرىپ تاشلاشقا مېنىڭ كۆڭلۈم قىيامتى؟ ئەمما ئۆز دەۋرىدە پادىشاھ خەن ۋۇدىنىڭ بۈيۈك مەقسەتلىرى ئۈچۈن مەلىكە جيېيۇنىڭ شاھانە ئوردىلارنى تەرك ئېتىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياۋايى ئويسۇنلار ئارىسىدا، خۇددى سەن ئېيتقاندەك پۇراپ تۇرىدىغان كىگىز ئۆيلەردە ئەللىك يىل ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېسىڭگە سېلىپ ئۆتمەكچىمەن. بىز ئۆز مەقسىتىمىزگە يېتىش يولىدا ھەرقانداق ئىشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. موڭغۇل ۋاڭىغا

ئىخلاسمەن ئوغۇل بالا بولۇش مەسلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەرگىز مېنىڭ ئاساسىي نىشانىم ئەمەس. مېنىڭ ئاساسىي نىشانىم بىرەر ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش دېدىمغۇ، ۋەسسالام.

— سىز ھەرقانداق ئىشقا قابىل ئادەمسىز، — دېدى چۈيۈ-فاڭ، — سىزنىڭ ئالىي مەقسەتلىرىڭىز ئۈچۈن جېنىم تەسەددۇق، سىز چوقۇم مەقسەتكە يېتىسىز.

— ئىلاھىم ئېيتقىنىڭ كەلسۇن! — دېدى شىڭ شىسەي قولىغا تاماكا ئېلىۋېتىپ.

چۈيۈفاڭ ئۇنىڭغا نازلىنىپ تۇرۇپ دەرھال سەرەڭگە چېقىپ بەردى.

## 2

ئۇلارنىڭ تىلىكى تېزلا ئەمەلگە ئېشىپ قالدى.

بۇ كۈنلەردە ياڭ زېڭشىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان جىڭ شۇرېن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش غەرىزىدە، كۈچلۈك بىر قوشۇن تۈزۈشكە كىرىشىپ، ئۇرۇمچىدە ھەربىي مەكتەپ تەسىس قىلغان، گېرمانىيىدىن قورال ـ ياراغ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربىي ئايروپىلان سېتىۋالغان، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى قۇرۇشقىمۇ تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى ۋە ئۆز يېقىنلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بىراق يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ھەربىي مەكتەپ ۋە قوشۇننى تەربىيىلەشكە شىنجاڭدا يارامىلىق ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ناھايىتى كەمچىل ئىدى. شۇڭا ھەربىي مۇتەخەسسىس تېپىپ كېلىش نىيىتىدە نەنجىڭغا مەخسۇس كىشى ئەۋەتتى. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، شىڭ شىسەي نەنجىڭدىكى خىزمىتىدىن بىزار، يېڭى بىر ئاشيانىغا ئىنتىزار بولۇپ

ئىچى پۇشۇپ يۈرگەندە، تەقدىر ـ ئىرادە ئۇنى جىلك شۇرىن ئەۋەتكەن ھېلىقى كىشىگە ئۇچراشتۇرۇپ قويىدى. ئۇ ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتىش يولىنىڭ بۇنداق تاسادىپىيلىق بىلەن ئېچىلغىنىغا خۇش بولۇپ دەرھال سەپەرگە جابدۇندى ۋە كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىگە مۇنۇ قۇرلارنى يېزىپ قويىدى:

«مىنگونىڭ 18 ـ يىلى① 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى... ئاسمان خۇداسىغا مىڭ قەتلە شۈكرىكىم، مۇراد ـ مەقسەتكە يەتمەكنىڭ تۈنجى مەنزىلى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خىيال بولۇپ كۆرۈنگەن ئىشلار رېئاللىققا ئايلانماقتا. مېنىڭ ئىقبال يۇلتۇزۇم چۆل ـ جەزىرە دەپ تونۇلۇپ كېلىۋاتقان يىراقتىكى شىنجاڭ ئاسمىنىدا كۆلىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ قېتىم جانىنى ئالقانىغا ئېلىپ قويىدۇم. بېرىش بار، قايتىش يوق.»

بىراق، ئۇزۇنتۇرا جىلك شۇرىن شېڭ شىسەينىڭ ياپونىيە قۇرۇقلۇق داشۆسىدە ئوقۇغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ھەربىي مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاچ، ياڭ جاڭجۇڭنى قوناق دانىسىدەك ئىككى تال قوغۇشۇن بىلەن ئۇ دۇنياغا ئەۋەتتۇەتكەن پەن ياۋنەننى، پەن ياۋنەننىڭمۇ ياپونىيىدە ئوقۇغان زىيالىي ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، «بۇمۇ پەن ياۋنەن Ⅱ » بولۇپ قالمىغىيدى دېگەن ئەندىشە بىلەن ھېلىقى كىشىگە «شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم تېپىڭ» دەپ تېلېگراممىا ئەۋەتتى. بىراق، ئۇ كېچىككەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا 1930 ـ يىلى كۈز كۈنلىرى سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۇزۇن

① مىلادى 1929 ـ يىلى.

ئۆتمەي دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇشاۋىرلىقىغا تەيىنلەندى. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلى تېخى ئارام تاپمىغانىدى.

«قىزىق ئىش! — دەپ يازدى شېڭ شىسەي شۇ كۈنلەردىكى خاتىرە دەپتىرىگە، — بىزنىڭ بۇ سەردارىمىز(جىڭ شۇرىننى دېمەكچى) غەلىتە ئادەم ئىكەن. مېنى شۇنچە يىراقتىن چىللاپ كەلگىنى نېمە يۇ، ئەمدى ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ دومسىيىۋالغىنى نېمىسى! شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىلىملىك كىشىلەردىن خەۋپ-سىرەيدىكەن، نېمە دېسە 〈خوش〉 دەيدىغان بىلىمسىز لەببەيچى-لەرنى ياخشى كۆرىدىكەن. بۇ ياڭ زېڭشىندىن قالغان ئۇدۇم ئىمىش دېگەن گەپلەر راست ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى قارىساممۇ، ھەممىسى نان قېپى، ئىچى تار، يۇرتۋاز بىر نېمىلەر ئىكەن. گەنسۇلۇق بولمىغانلارنى يەكلەيدىكەن. مېنىمۇ شەرقىي شىماللىق دەپ يەكلىگىلى تۇردى. مەن خۇددى قىتىغۇر قېيىنانىنىڭ ئالدىغا كەلگەن يېڭى كېلىنگە ئوخشاپ قالدىم. ھېچقىسى يوق، تېخىمۇ كەمتەر، مۇلايىم ۋە چىقىشقاق بولۇپ، ھەممىگە چىداپ تۇرۇشۇم كېرەك. بۇ پور كۆتەكنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزۇنغا بارمايدىغان-دەك تۇرىدۇ. ئەمما، ھەرگىز جىم ياتماسلىقىم دەركار.»

دەرۋەقە، ئۇ جىم ياتمىدى. جىڭ شۇرىن تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان ھەربىي مەكتەپتە تاكتىكا دەرسى بېرىپ يۈرۈپ، بىرمۇنچە ياش ئوفىتسېرلارنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلىۋالدى. مۇھىمى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تاۋمىنيۈ، ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇچقۇ-چىلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن لى شياۋتيەن، شىمالىي مىلىتارىستلار-غا قارشى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپا-قىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ۋە دۇبەن مەھكىمىسىدە مۇشاۋىرلىق ۋەزىپىسىدە تۇرغان چېڭ جۇڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ يۈرۈپ ئۇلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىۋالدى. بۇ

كىشىلەرمۇ، جىڭ شۇرىن ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەبىتلىك سىياسىتىـ
گە قارشى ئىدى. بولۇپمۇ قەددى ــ قامىتى كېلىشكەن، ياشلىق
غۇرۇرى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان، زىلۋا بويلۇق يىگىت چېڭ
جۇڭگا ئۇنىڭ كۆزى كۆپرەك چۈشەتتى.

بىر كۈنى ئۇ چېڭ جۇڭنىڭ ياتىقىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ،
ئەينەك ئىشكاپتىكى كىتابلارغا قىزىقىپ قالدى. بۇ كىتابلار ئارىسىـ
دا ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان بەزى
ئەسەرلىرىمۇ بار ئىدى. شېڭ شىسەي ئاۋۋال «كاپىتال»نى، ئاندىن
«كوممۇنىستىك پارتىيە مانىفېستى» (خىتابنامىسى)نى ۋاراقلاپ
تۇرۇپ:

— بۇ كىتابلىرىڭىز مېنىڭ ياپونىيىدە سىياسىي ــ ئىقتىساد
مۇتالىئەسى بىلەن شۇغۇللانغان چاغلىرىمنى ئەسلەتتى. ئۇ چاغلارـ
دا مەنمۇ سىزدەك جۇشقۇن يىگىت ئىدىم،— دېدى ۋە،— سىزنىڭ
ماركسىزم تەتقىقاتىدىن ھاسىل قىلغان نەتىجىلىرىڭىز كۆپ بولسا
كېرەك ــ ھە! — دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

— نەدىكىنى، مەن ماركسىزمدىن پەقەت بەزى باشلانغۇچ
ساۋاتلارنىلا ئۆگەندىم خالاس! — دېدى چېڭ جۇڭمۇ ساددىلىق
بىلەن كۈلۈپ، ئاندىن ئۇستەل سىيرتمىسىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق
خاتىرە دەپتەرلىرىنى چىقىرىپ، «مېنىڭ ئۆگەنگەنلىرىم شۇنچىلىكـ
لا» دەپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

شېڭ شىسەي بىر دەپتەرنى دىققەت بىلەن ۋاراقلاۋېتىپ،
بىرنەچچە قېتىم «بەللى ئىنىم يارايسىز، يارايسىز» دەۋەتتى.

## 3

رومانىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدا بايان قىلىنغىنىدەك،
1931 ــ يىلى ئەتىيازدا پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ

تەسرى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىدا مەيدانغا كەلگەن قاتتىق داۋالغۇش ۋەزىيىتى نەتىجىسىدە، 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل كۈنى ئۈرۈمچىدە چوڭ سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ جىڭ شۇرېن تەختتىن قوغلاندى. شېڭ شىسەي تاسادىپىي ھالدا تەخت ئىگىسى بولۇپ قالدى. چېڭ جۇڭ، تاۋ مىنيۈ ۋە لى شياۋتيەن قاتارلىق كىشىلەر ئەنە شۇ سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ باش رولچىلىرى بولغان ۋە چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن شېڭ شىسەينى يۆلەپ تەختكە چىقىرىشقا بىۋاسىتە قاتناشقانىدى. ئەمما، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىشىلىپلا ئۇلارنى داغدا قويدى. يەنى تاۋ مىنيۈگە ئاران ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقى، لى شياۋتيەنگە ئاۋئاتسىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقى، چېڭ جۇڭغا بولسا، ئاران دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ باش مۇشاۋىرلىق مەنسىپى تەگدى. ئۇلار لېۋىنى چىشلەپ قالدى. بىراق، ھازىرچە بىرەر قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت بولمىغىنى ئۈچۈن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ پەيت كۈتمەكتە ئىدى.

شۇ ئارىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى جىمسار ۋەقەسى يۈز بېرىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئوشۇقى ئالچۇ قوپتى. تەقدىر بۇرۇنقى ئىتتىپاقداشلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن، دۈشمەنلەرنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىپاقداش قىلىپ قويدى ۋە ئىككى ئارىدا لاتتىق ئۇرۇش باشلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. جياڭ جيېشى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، شىنجاڭدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش مەقسىتىدە خۇاڭ مۇسىڭ دېگەن بىر چوڭ ئەربابنى ئايروپىلان بىلەن دەرھال ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. خۇاڭ مۇسىڭ شىنجاڭدىكى «دۇبەنلىك» تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭ شىسەي، ماجۇڭيىڭ، خوجىنىيازھاجى ۋە ئىلىدىكى مىلىتارىست جاڭ پېيۋەندىن تەركىب تاپقان ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەسىس قىلىش، شېڭ شىسەينى بولسا شۇ كومىتېتقا باشلىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

«چۆچۈرنى خام ساناپسىز جانابىي خۇاڭ مۇسىڭ ئەپەندىم، — دەپ يازدى شىڭ شىسەي شۇ كۈنلەردىكى خاتىرە دەپتىرىنىڭ بىر بېتىگە، — مەن سىز ئويلىغاندەك ئادۇ[1]لاردىن ئەمەس، مەن شۇنداق ئىشلارنى قىلالايكى، ئۇنى كۆرۈپ كۆزىڭىزگە ياكى قۇلىقىڭىزغا ئىشەنمەي قالغايسىز!»

ئۇنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا قىرقىم چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ، شىڭ شىسەينىڭ قەلەم تۇتقان قولىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان چۇيۈفاڭ خۇددى بىر نىمىدىن چۆچۈپ كەتكەن كىشىدەك:

— يەنە نىمە قىلماقچىسىز؟ — دەپ ئەندىكىپ سورىدى.

شىڭ شىسەي قولىدىكى يۇڭ قەلەمنى ئۈستەلگە تاشلاپ بېشىنى كۆتۈردى. يوغان كىرسىن لامپىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايى مىس ھەيكەلدەك پارقىراپ شۇنداق سۈرلۈك كۆرۈندىكى، چۇيۈفاڭ بۇ سۈرلۈك چىرايىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئىختىيارسىز ھالدا يەرگە قارىۋالدى. شىڭ شىسەي ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، «سېنىڭدىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق» دەپ گەپ باشلاپ تۇرۇشىغا، چۇيۈفاڭ ئورنىدىن دەس قوپتى ۋە ئىشىك — دېرىزىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ پەردىلىرىنى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈپ قويدى — دە، ئاندىن:

— قېنى سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دەپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مانا بۇ ئىشىڭ يارايدۇ. ئېھتىيات كېرەك، ئېھتىيات، — دەپ ئاۋازىنى تۆۋەنلەتتى شىڭ شىسەي بىر قولىدا بۇرۇتىنى سىلاپ

---

① ئادۇ — جۇڭگونىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ناملىق مەشھۇر تارىخىي رومانىدىكى پادىشاھ ليۇبېينىڭ ئوغلى ليۇ جەننىڭ ئەركىلەتمە ئېتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغان بولسىمۇ، قابىلىيەتسىزلىكىدىن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان ۋە بارا — بارا دۆت، يارامسىز ۋە بىرەر غايىسىنىڭ تايىنى يوق شەخسلەرنىڭ تىپى بولۇپ قالغان.

ئولتۇرۇپ، — كىم بىلىدۇ، بىزنى قوغداپ تۇرغان مۇھاپىزەتچىلە-رىمىزنىڭ قانچىسى دۈشمەننىڭ كۆز - قۇلىقىدۇ! شۇنداق، ھاكى-مىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە قارىغاندا، ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرماق تەس. ھاكىمىيەت رەھمەدىللىكنى ئەمەس، قاتتىق قوللۇقنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆڭلى يۇمشاق ئادەم قولغا كەلگەن ئامەتنىمۇ ئاسانلا قاچۇرۇپ قويىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن تېگىدە يىلاننىڭ كۆشىكى-نىنى تۇيىدىغان ئادەممەن. خۇاڭ مۇسىڭنىڭ نىيىتى ماڭا ئايان. دۈبەنلىڭ تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش — مەندىن ھوقۇق تارتى-ۋېلىش دېگەن سۆز. بۇ ئۇنىڭ چۈشى! مەن شۇنداق بىر ئىش قىلالايلىكى، خۇاڭ مۇسىڭ دەرھال قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىشكە مەجبۇر بولسۇن. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن سۈيىقەستچىلەرنىڭ ھەممى-سىنى، ھە... دېمەكچى، سەن بىلەن ياپونچە سۆزلىشىدىغان ھېلىقى لى شياۋتيەننىمۇ، بىلىملىك قابىل يىگىت ئىكەن دەپ ھېلىقى ماختاپ يۈرگەن چىڭ جۇڭ دېگەن ئىنىڭنىمۇ، ھە... شۇنداق، ھەممىسىنى، يەنە بىرى كۆڭزى تەلىماتىنىڭ تەرغىباتچى-سى بولغان ھېلىقى دانىشمەن باش كاتىپ تاۋمىنيۈنىمۇ ئاسمان خۇداسىنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتىۋېتىمەن.

— نېمە؟ — ئەندىكىپ سورىدى چۈيۈفاڭ — بۇ ئۈچەيلەننىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، سىز قانداق قىلىپ دۈبەنلىك...

— قوي بۇ گەپنى ئەزىزىم، — دېدى شېڭ شىسەي خوتۇنىنىڭ قىرقىم چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — بۇنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش. ۋاقتىنۇاق كەلسە، تۈنۈگۈنكى دوستنى بۈگۈن دۈشمەن قاتارىدا يوقىتىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھاكىمىيەتنى قولدا تۇتۇشنىڭ بىر يولى شۇ، تارىختىكى نۇرغۇن ھۆكۈمرانلار مۇشۇنداق قىلغان.

— باشقىسىغۇ مەيلى، چىك جۇگغا بەك ئۇۋال بولۇپ كېتەرمىكىن، — دېدى چۈيۈفاڭ غەمكىنلىك بىلەن ۋە قوشۇپ قويدى، — ئۇ بىلىملىك، قابىل ۋە تېخى ياش ئىدى. خاتالىقى بولسا تو ۋا قىلغۇزۇپ ئۆزىڭىزگە رام قىلىۋالسىڭىز، كېيىنكى ئىشلىرىڭىزدا ئوبدان ئەسقاتاتتىمىكىن!

— ھەي سىلەر، خوتۇن خەقلەر، يۇمشاق كۆڭۈل بولىدىكەنسىلەر، — دېدى شېڭ شىسەي كەمسىتىش ئاھاڭىدا، — بايا ئېيتتىمغۇ، ھاكىمىيەت رەھىمدىللىكنى ئەمەس، قاتتىق قوللۇقنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ، ئەسلىدە ھە... قەدىمدىن بۇيان بىلىملىك كىشىلەر ئەركىن پىكىرلىك بولغىنى ئۈچۈن، ياق، ياق، ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە مەنمەنچى بولغىنى ئۈچۈن تولا بەگۋاش بولىدۇ. ماڭا ئۇنداق بەگۋاشلار ئەمەس، گەپ ئاڭلايدىغان ياۋاشلار كېرەك. ھاكىمىيەت ئۈچۈن ھېلىغۇ نەۋقىران يىگىتلىك دەۋرىدە ياشاۋاتقان چىك جۇڭ ئىكەن، ئەگەر لازىم تېپىلسا سۇت ئېمىۋاتقان بوۋاقلارغىمۇ رەھىمدىللىك قىلمايمەن.

چۈيۈفاڭ كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، قىرقىم چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەن پېتى جىم ئولتۇرۇپ قالدى. شېڭ شىسەي يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، بوسۇغا يېنىدا «باۋگاۋ» دېگەن جىددىي ئاۋاز ئاڭلاندى. شېڭ شىسەينىڭ ئىشارىتى بىلەن چۈيۈفاڭ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. باش مۇھاپىزەتچى ئالدىراشلىق بىلەن سالام بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ:

— ۋەكىللەر قورۇق قول قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇبەن جانابلىرىغا مەلۇم قىلىدىغان جىددىي گەپلىرى بار ئىكەن، — دېدى.

ئەسلىدە شېڭ شىسەي خوجىنىيازھاجى بىلەن يارىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئالغۇچە ماجۇڭ-

يىڭنى تىزگىنلەپ تۇرۇش غەرىزىدە ئۇنىڭ بىر قىسىم تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش بەدىلىگە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن گۇ-چۇڭغا ھەربىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەنىدى. بىراق، ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭدىن سەزگۈرلەك چىقىپ شەرتنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ياكى كېچىكتۈرۈش مۇمكىن بولماي قالدى. بايىقى ۋەكىللەر بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە چوقۇم ھۇجۇم باشلىنىشىنى بايقاپ، بۇنى شېڭ شىسەيگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن دەرھال قايتىپ كەلگەنىدى.

شېڭ شىسەي بۇ ۋەكىللەرنى يوغان كىرىسىن لامپىلار بىلەن يورۇتۇلغان ئازادە مېھمانخانىدا كۈتۈۋالدى. قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى قاتارلىق مۇھىم ئوفىتسېرلارمۇ بۇ سورۇنغا ھازىر بولغانىدى. يېرىم سائەتلىك ھەربىي كېڭەشتىن كېيىن، ئەتە تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ئۇرۇشقا ئاتلىنىش قارار قىلىندى.

## 4

شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشى چوقۇم دەپ، ئاللىبۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇنى ئۈرۈمچى بىلەن گۇچۇڭ ئارىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى فۇكاڭ ئەتراپىدا تو-سۇشنى پىلانلىغان ۋە پىلان بويىچە فۇكاڭ تەۋەسىدىكى زىنچۇەن بازىرىنى مەركەز قىلىپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا توغرى-لاپ ئىككى قات مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇپ قويغانىدى. بۇ لىنىيە-نىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 13 كىلومېتىر كېلەتتى. 1933 ــ يىل 6 ــ ئاينىڭ 9 ــ كۈنى يىڭناغۇچقا ئوخشايدىغان ئىككى ئايروپىلان گۇچۇڭ ۋە جىمسار ئاسمىنىدا رازۋېدكا قىلىپ ماجۇڭيىڭ قىسىم-

لىرىنىڭ غەربكە قاراپ جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئۇچۇر بەردى.

شۇ ئاخشىمى شىڭ شىسەي ئۆز قىسىملىرىغا ئاتلىنىش بۇيرۇقى بېرىپ ياتاق ئۆيىگە كىردى. چۇيۇفاڭ ئۇنى بوسۇغا تۇۋىدە سەل غەمكىن كۈتۈۋالدى. شىڭ شىسەي گەپ ـ سۆز قىلماستىن، چۇيۇفاڭنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى ۋە:

— ئامان بول ئەزىزىم، — دېدى، ئاندىن خوتۇنىنىڭ پېشانىسىگە لېۋىنى تەگكۈزۈپ، — بۇ جەڭدىن سالامەت قايتىشىمنى تىلەپ ئىبادەت قىلىپ تۇر، — دەپ پىچىرلىدى.

— ئاسمان خۇداسى سىزگە مەدەتكار بولسۇن، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلىڭ، — دېدى چۇيۇفاڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— دېمىسەڭمۇ بۇ قېتىم ناھايىتى ئېھتىياتكار بولۇپ قىلىۋاتىمەن. ماجۇڭيىڭ كىچىك دۈشمەن ئەمەس. مېنىڭ تەقدىرىم مۇشۇ جەڭگە باغلىق. مۇبادا تەلىيىم ئوڭدىن كەلمىسە...

— ياق، ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى چۇيۇفاڭ، — سىز ھەر زامان غالىب بولۇپ كەلگەن، بۇ قېتىممۇ چوقۇم غەلىبە قىلىسىز.

— ئىلاھىم ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، ئەمما سەن ئۆيدە بولساڭمۇ، كۆز ـ قۇلىقىڭ سىرتتا بولسۇن. مېنىڭ دۈشمىنىم كۆپ، ھەممىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك.

— ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دېدى چۇيۇفاڭ ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ.

شىڭ شىسەينىڭ بەختىگە ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي ئۇنىڭ كېچىلەپ يۈرۈش قىلىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ

كۆنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ ئۆزىنىڭ تۆمۈر كوككا (برونىۋىك) ۋە توپ ــ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان ئىككى مىڭدىن ئوشۇق ئەسكىرى بىلەن فۇكاڭ ئارقىلىق زىنچۈەنگە يېتىپ كەلدى. مۇداپىئەدە تۇرغان ئاق ئورۇس ۋە موڭغۇل ئاتلىق پولكلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسكىرى تۆت مىڭدىن ئاشمايتتى. بىراق، ئۇ جايلاشقان ئورۇننىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى مۇداپىئە ئۈچۈن ناھايىتى ئەپلىك ئىدى. يەنى ئۇنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى ئاساسەن توغراقلىق جىلغا ۋە بوك ــ باراقسان ئورمانلىققا توغرا كەلگەچكە، جەڭ ئاتلىرى بىلەن توپ ــ زەمبىرەك ۋە تۆمۈر كوككىلارنى يوشۇرۇشقا قولاي ئىدى. ھەتتا ئۇ يەردە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر ئۆستەڭ بولۇپ، بۇ ئۆستەڭ تەبىئىي ئاكوپ بولالايتتى.

6 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى شىڭ شىسەي بىر قىسىم كۈچىنى ئاق ئورۇس پولكى بىلەن ئوڭ قاناتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شتابىنى سەپنىڭ يۈرەك (مەركەز) قىسمىغا قۇردى.

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شىڭ شىسەيدىن بىر كۈن كېيىن زىنچۈەننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئۈچۈقچىلىققا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە ھۇجۇمنى شۇ يەردىن باشلىماقچى بولدى. ماجۇڭيىڭ بۇ قېتىم ئارقا سەپ قىسىملىرىنى ھېسابقا ئالغاندا خۇيزۇ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ ئەسكەرلىرىنى غىزالاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جەڭگە كىرىدىغان ھەربىر ئەسكەرنىڭ بىردىن مىلتىق، قىلىچ، تۆت دانە قول بومبىسىدىن باشقا، ھېچقانداق يۈك ئالماسلىقىنى، ھەتتا چىغ قالپاق ۋە ئوزۇق خالتىلىرىنىمۇ تاشلاپ، يالاڭئاش ۋە كۆڭلەك ــ تامبال بىلەنلا جەڭگە كىرىشنى قەتئىي بۇيرۇق قىلىپ جاكارلىدى. ئۆزىمۇ يېلىڭ كىيىنىپ، بويىنىدا دۇربۇن، تاسما بەلۋېغىدا ماۋزېر

قىسقىلىق ھالدا، بوز ئاتقا مىنىپ توپنىڭ ئارىسىغا كىردى ـ دە، يىگىتلىك غۇرۇرى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلارغا خاس كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەي لاچىن سۈپەت ئەزىمەتلەر، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! توپ ـ زەمبىرەك ۋە پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان بەش مىڭ چېرىك ساقلاپ تۇرغان گۇچۇڭ شەھىرىنى تۆت سائەتتە ئېلىپ دۇشمەننى تەسلىم قىلدۇردۇق. سىلەر مېنىڭ ئەزىمەتلىرىم يولۋاستەك جەڭ قىلدىڭلار، ماڭا ئىشەندىڭلار، ھېلىمۇ ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن بار يەردە نۇسرەت بار، چوقۇم غەلىبە قىلىمىز. ھەرقانداق ئەھۋالدا چېكىنىشكە رۇخسەت يوق. پەقەت ئالغا بېسىشقىلا بولىدۇ. ئەنە قاراڭلار! — ئۇ شۇنداق دەپ، قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرەپىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ تۇرغان تارتىم ـ تارتىم تۆگىلەر بىلەن توپ ـ توپ ئات ـ ئۇلاغلارنى كۆرسەتتى. دەرۋەقە بۇ مەنزىرە خۇددى يىراقتا كۆچۈپ كېتىۋاتقان بىر چوڭ كۆچنى ئەسلىتەتتى.

— ھە مانا گەپ شۇ، — دەپ داۋام قىلدى ئۇ، بىز گۇچۇڭدىن ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كېتىۋاتىمىز. بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە كۆچكەن كىشى يېرىم يولدىن قايتمايدۇ. بۈگۈن 6 ـ ئايغا ئون ئىككى، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇرۇمچى بىزنىڭ بولۇشى كېرەك. ئاڭلىدىڭلارمۇ!

ئۇنىڭغا جاۋابەن «ئاڭلىدۇق، ئاڭلىدۇق» دېگەن ئەكس سادالار پۈتۈن دالانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ياپونىيىلىك مۇشاۋىر داي سېيكو① تۈركىيىلىك كامال ئەپەندىگە ئىنگلىز تىلىدا پىچىرلىدى:

---

① بۇ ئىسىم كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدا خەنزۇچە تەلەپپۇز بويىچە «داشجۇڭ» دەپ بېرىلگەن.

— بۇنداق قەيسەر ۋە زېرەك، شىجائەتلىك سەركەردە ئاز تېپىلىدۇ. ئەگەردە ئۇ بىزنىڭ مەملىكەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي بىلىم يۇرتلىرىدا مەلۇم زامان ھەربىي ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسا نېمە بولۇپ كېتەردىكىن؟!

— بۇ مۇلاھىزىڭىزگە تامامەن قوشۇلىمەن. ئەپسۇسكى، بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشى كىچىكلىك قىلىپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈچۈك غەلىبىسىدىن كېيىن خېلىلا مەغرۇرلىنىپ قالدى، — دېدى كامال ئەپەندى تۇرۇپكىسىغا تاماكا سېلىۋېتىپ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ياشلار ئاسانلا مەغرۇرلىنىپ قالىدۇ، — دېدى داۋ سىيىكو كىچىككىنە بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئاندىن مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى، — مەن ئۇنىڭغا ناپولېئون بوناپارت ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بەردىم ۋە ناپولېئوننىڭ جەڭ ئۈستىدىكى بەزى مەغلۇبىيەتلىرى دۈشمەن كۈچىنى سەل چاغلىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتىم.

— بۇ گەپلەرگە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى دەڭ، شۇنداقمۇ؟ — ئالدىراش سورىدى كامال ئەپەندى.

— شۇنداق، ھەممە گەپنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدىيۇ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدۇ، خالاس.

شۇ ئارىدا پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە چاقىرغان ھەربىي كاناي ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى. ماجۇڭيىڭ چىلان تورۇق، قارا ۋە بوز ئاتلىقلار بىلەن بىر قىسىم خىل پىيادىلەردىن تەركىب تاپقان مىڭدەك چېرىكنى باشلاپ، دەل شىڭ شىسەيىنىڭ قوماندانلىق پونكىتى جايلاشقان لىنىيە مەركىزىگە، ماخوسەننىڭ ئاتلىق بىرگادىسىنىڭ سول قانىتىغا، ئۇيغۇر چېرىكلەر ئارىلاش تۈزۈلگەن پىيادىلەر قىسمىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى ئاق ئورۇسلار سېپىگە ھۇجۇم

باشلىدى.

شىنجاڭنىڭ 30 ــ يىللار ئۇرۇش تارىخىدىكى مەشھۇر زىنـ چۈەن جېڭى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

بۇ جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى، توپ ــ زەمبىرەك، مىلتىق ــ پىلىموت ئاۋازلىرى ۋە مىڭلىغان جەڭ ئاتلىرىنىڭ قاتتىق دۈكۈرلەشلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ قىقاس ــ چۇقانلىرى قوشۇـ لۇپ، يەر ــ زېمىن تىترەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. يەردىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ــ تۈتەكلەر ئـارىـلاش قـويۇق چاڭ ــ توزانلار ئۆز ياتىقىغا ئالدىراش كېتىۋاتقان ياز قۇياشىنىڭ يۈزىنى قارا بۇلۇتتـەك تـوسـۇپ ئالـەمنـى قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەندەك بىلىنەتتى.

شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىنى تالىشىپ، ھاكىمىيەت ھېرىسلىقى بىلەن خۇددى بۆغرىسىغا كىرگەن مەست تۆگىدەك ئەس ــ ھوشىنى يوقاتقان بۇ ئىككى تەلۋە سەركەردىنىڭ مەشئۇم ئارزۇلىرى تۈپەيلى، ھەر ئىككى تەرەپتىن يۈزلەپ ــ يۈزلەپ ئادەملەر نابۇت بولماقتا. بىر زېمىندا تۇغۇلۇپ، بىر ماكانىنىڭ ھاۋاسىدا نەپەس ئېلىپ، كۆپىنچىسى بىر تىل، بىر قىياپەتتە بولغان بۇ دېھقان پەرزەنتلىرى بىر ــ بىرىنى خۇددى غالجىر ئىتلاردەك تالىماقتا، چىشلىمەكتە، قىرماقتا.

ئۇلارغا نىمە ئىلاج!

مانا بۇياقتا، ماجۇڭيىڭ ئاتلىقلىرىنىڭ قىلىچىدىن بېشىنى قاچۇرۇپ، جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىۋاتقان ئوندەك چېرىكنى شېڭ شىسەي پىلىموتقا تۇتۇۋەتتى. دەل شۇ چاغدا، بىر تۆمۈر كوڭكىدىن ئېتىلىۋاتقان پىلىموت ئوقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئارـ قىغا چېكىنگەن تۆت ــ بەش چېرىك ئۆز قوماندانى ماجۇڭيىڭنىڭ ماۋزۇرى بىلەن يەر چىشلەپ قالدى.

بۇ جەڭ قاش قارايغىچە مانا شۇنداق داۋام قىلىپ، ماجۇڭ-يىڭ تەرەپ بىرئاز ئۈستۈنلۈك قازىنىۋاتقان چاغدا، غەربىي شىمال ئاسمىنىدا بىردىنلا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، هايت — هۇيت دېگۈچە قاتتىق بوران چىقىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى. ئارقىدىنلا هاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، چېلەكلەپ سۇ قۇيۇلغاندەك قارا يامغۇر يېغىپ كەتتى. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، تەگرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى جۇدۇنلۇق قىش هاۋاسىغا ئوخشاپ قالدى. كۆكلەك — تامبال بىلەن يالاڭۋاشتاق جەڭگە كىرگەن ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى خۇددى سۇدىن چىققان مۈشۈكتەك دۈگدىيىپ، ئۆزىنىمۇ مۇداپىئە قىلالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالدى.

شىڭ شىسەي جۇڭغار ئويمانلىقىدا ئابهاۋانىڭ هەمىشە ئۆزگىرىشچان بولىدىغانلىقىدىن خەۋەردارمۇ ياكى يازلىق كىيىم — كېچەك تارقىتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ چېرىكلىرى تېخىچە پاختىلىق كىيىملىرىنى تاشلىمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جەڭنى بىمالال داۋاملاشتۇرۇپ قارشى تەرەپنى ئالدىرىتىپ قويدى.

ماجۇڭيىڭ ئالاقزادە بولۇپ تەمتىرەپ قېلىۋاتقان قوشۇننى روهلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىر ياقتىن جەڭگىۋارلىققا ئۈندەپ كاناي چالدۇردى، يەنە بىر ياقتىن ماكسىم پىلىموت ئورنىتىلغان پوتەيگە يۈگۈرۈپ چىقىپ قارشى تەرەپكە ئوق ئۈزدۈرمەكچى بولدى. بىراق، پىلىموت مىشەك قىسىۋالدى. مىشەكنى ئاران چىقىرىپ تاشلاپ، ئىككىنچى قېتىم تەپكىنى باسقاندا پىستان چىقىپ قالدى، يەنە ئوگشىدى، يەنە بولمىدى.

— هەي، بۇ نېمە پىشكەللىك؟ — دېدى ئۇ، پىلىموتنى پۇتى بىلەن تېپىپ تاشلاپ.

دەل شۇ چاغدا، شتاب باشلىقى پوتەيگە يۈگۈرۈپ چىقىپ،

خوجىنىيازھاجى قىسىملىرىنىڭ فوكاك تاغلىرىدىن سەنتەي تەرەپكە يۆتكىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا جىددىي مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

— ئاپلا، — دەپ يوتىسىغا بىرنى ئۇردى ماجۇڭيىڭ، — بۇ ساقال شىڭ شىسەي بىلەن يارىشىۋالغىنىنى ئاز دەپ، ئەمدى مېنىڭ ئارقا يولۇمنى كېسىپ قويماقچى بوپتۇ _ دە! جىددىي بۇيرۇق: ھەممە قىسىملار پۈتۈن سەپ بويىچە ئېتىشا _ ئېتىشا دەرھال چېكىنسۇن!

بىراق، ئۇنىڭ بۇيرۇقى يەتكۈزۈلۈپ بولغۇچە، قارا يېغىن مۆلدۈرگە ئايلىنىپ كەتتى. مۆلدۈر دۈردانىلىرىنىڭ كىچىكى ئاق پۇرچاقتەك، چوڭلىرى ئۆرۈكتەك كېلەتتى. مۆلدۈر تېخى توختا _ توختمايلا قار يېغىشقا باشلىدى. تەبىئەتنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن قەھر _ غەزىپى ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭلا دەھشەت سېلىۋاتقان بولسىمۇ، شىڭ شىسەينىڭ پاختىلىق كىيىم ۋە قولاقچا كىيگەن چېرىكلىرى قېلىن ئورمان ۋە ئاكوپلاردا پاناھلىنىشقا ئۈلگۈرەلىگەنىدى. ماجۇڭيىڭنىڭ يالاڭۋاشتاق بىر قۇر كۆڭلەك _ تامبال بىلەنلا قالغان چېرىكلىرى بولسا، دەل _ دەرەخسىز قاراڭغۇ ئايدالادا پاناھلانغۇدەك جاي تاپالماي تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئەس _ ھوشىنى يوقاتمىغانلار كاناي ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە مۆلچەرلەپ گۇچۇڭ تەرەپكە قاچماقتا. ھوشىنى يوقىتىپ يولدىن ئېزىپ كەتكەنلەر شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىغا ئەسىر چۈشمەكتە. بىرمۇنچىلىرى تېيىلىپ، يىقىلىپ ياتقان يېرىدە توڭلاپ قالماقتا ئىدى. شىڭ شىسەي بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قىيچىۋاتقان قوشۇن ئۈستىگە زەمبىرەكلەردىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ دەھشەتتىن ئۈركۈپ كەتكەن تۆگىلەر يۈك _ تاقلىرى بىلەن قېچىپ يۈرۈپ، ئارقا _ ئارقىدىن يىقىلىپ چۈشەتتى ۋە ئورنىدىن

تۇرالماي قېچىۋاتقانلارنىڭ يولىنى توسۇۋالاتتى.

شۇنداق قىلىپ، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە قار ـ يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلغۇچە، ماجۇڭيىڭ ئاساسلىق قوشۇنىنىڭ ئاز كەم يېرىمىدىن ۋە نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ياپونىيىلىك مۇشاۋىر داي سېيكومۇ ئەنە شۇ پاتپاراقچىلىقتا شېڭ شىسەيگە ئەسىر چۈشۈپ قالدى.

شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭنى گۇچۇڭغىچە قوغلاپ باردى. ماجۇڭيىڭ ئەمدى قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۆزى يەتمەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجىنىيازھاجىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن تۇرپاننى ئىگىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مورى تاغلىرى ئارقىلىق تۇرپان تەرەپكە تېز چېكىندى.

ئۇ قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا بوز ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ پات ـ پات توختايتتى ـ دە، ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ، ئەرەڭ ـ سەرەڭ ھالدا سالپىيىپ كېلىۋاتقان چېرىكلىرىگە بىر ھازاغىچە خىيالچان قاراپ تۇراتتى. بىراق، ئۇنىڭ يادائىغۇ چىرايىدا ھېچقانچە پەرىشانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت يوغان قوي كۆزلىرىدە نۇرغۇن پۈلنى ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، يەنە بىر قېتىمقى تاۋكادا ئۇتۇۋېلىش ئىشەنچىسىدە يۈرگەن كەسپىي قىمارۋازنىڭكىدەك ياۋايى بىر ھېرىسمەنلىك ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ بالىلىقتىن باشلاپ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن مەغرۇر شان ـ شۆھرەت، تەخت ـ ھاكىمىيەت ھېرىسلىقى كىلاپىتىدىن، ئۆزىگە ئوخشاش نەچچە مىڭلىغان نەۋقىران يىگىتلەرنىڭ سېپىل تۈۋلىرىدە قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقى، دەشت ـ باياۋانلاردا قالغانلىرىنىڭ كۆزىنى قاغا ـ قۇزغۇنلار چوقۇپ، ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن ئۇستىخانلىرىنىڭ قۇم دۆۋىلىرى ئاستىدا قالغانلىقى شۇ

تاپتا ئىسگە كېلەمدىغاندۇ!
ياق! ياق! تارىختا ئۆتكەن ئۇرۇشخۇمار ئاۋانتىيۇرىستلارغا ئوخشاش بۇ بوز ئاتلىق ياش ئاۋانتىيۇرىستنىڭ قەلبىدىمۇ بۇنداق نازۇك ھېسسىياتلارغا ئورۇن يوقتۇر بەلكى! مۇبادا شۇنداق ھېسسىيات ئويغانغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بۇ يۈگەنسىز ئاتتەك تۇتۇق بەرمەيدىغان شۆھرەت ھېرىسلىقى بۇ خىل ھېسسىياتنى بوغۇپ تاشلايتتى، ئەلۋەتتە!

5

شىڭ شىسەي زىنچۇەن جىڭىدىكى غەلىبىسىدىن بېشى كۆككە ئۆلىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە تەنتەنە بىلەن كىرگەندىن كېيىن دەرھال مۇنۇ ئىككى ئىشقا تۇتۇش قىلدى:
بىرىنچى بولۇپ، داي سېيكونى سوراققا تارتتى. سوراق نەتىجىسىدە داي سېيكونىڭ خەنزۇ تىلىدىن باشقا رۇس، ئىنگلىز ۋە نېمىس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى ۋە بىرقانچە خىل مەخپىي تېلېگرامما شىفىرلىرىنى يېشەلەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىپ، پۈتۈن جۇڭگوغا كۆز ئالايتىپ تۇرغان بىر پەيتتە، غەربىي شىمالدىكى چېگرا ئۆلكە شىنجاڭدا مۇئەييەن سالاھىيەتكە ئىگە بىر ياپون كىشىسىنىڭ قولغا چۈشۈشى شىڭ شىسەي ئۈچۈن چوڭ «سىياسىي دەسمايە» ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قانداقتۇر بىر مەقسەت بىلەن داي سېيكونى مەخسۇس تۈرمىگە سولاپ ئالاھىدە كۈتۈشنى ئورۇنلاشتۇردى.
شىڭ شىسەي شۇ ئىشتىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىردى. ئۆلكە رەئىسى ليۇۋېنلۇڭ

باشلىق ئەمەلدارلار «بۇ ھەربىي ئىشلارغا دائىر مۇھىم يىغىن بولسا كېرەك» دېيىشىپ ئارقا ــ ئارقىدىن يىغىن زالىغا كىرىشكە باشلىدى. بۈگۈن بۇ زالنىڭ ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغان ئىشىك ــ دېرىزىلىرى ئالدىدىكى قورالىق پوستلار كۆپەيسەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. زالدا ئولتۇرغان كىشىلەر سىرتتىكى ئەھۋالنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. شىيىڭ شىسەي قاش ــ قاپىقى سېلىنغان ھالدا يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ كارىدوردا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

شۇ ئارىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى تاۋمىنيۆ بىلەن ئاۋئاتسىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى لى شياۋتيەنلەر (يەنى شىيىڭ شىسەينىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدا كۆزگە چېقىلغان ئۈچ سۆگەلىنىڭ ئىككى-سى) بەخىرامان كېلىپ زالنىڭ ئالدىدا توختىدى. شىيىڭ شىسەي ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن قولىدىكى يەلپۈگۈچنى قاتلاپ ئالىقىنىغا بىرنى ئۇردى، شۇ ھامان ئالتە چېرىك تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىپ ھەر ئىككىسىنى چەمبەرچاس باغلىدى ۋە قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي ئېغىزلىرىغا لاتا تىقىپ زالنىڭ يېنىدىكى باغقا ئېلىپ كەتتى. زالدىكىلەر بۇ غەلىتە ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەس ــ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا تاشتەك قېتىپ قېلىشتى. ئارىدىن بىرنەچ-چە مىنۇت ئۆتكەندە، چىرايىدا يىگىتلىك غۇرۇرى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان چىيڭ جۈڭ چوڭ ــ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېلىپ زالغا كىرمەكچى بولدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدە ھېچقان-داق ئەندىشە يوقتەك كۆرۈنەتتى. شىيىڭ شىسەينىڭ بايىقىدەك بىر ئىشارىتى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە ئۇمۇ چەمبەرچاس باغلىنىپ باغ تەرەپكە سۆرەپ كېتىلدى. زالدىكىلەر ھېچنېمىگە چۈشەنمەستىن تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۆرە ــ تۆپە بولۇ-شۇپ كەتتى.

ئىككى ــ ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن، باغ تەرەپتىن بىرنەچچە

پاي ملتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا شىڭ شىسەينىڭ باش مۇھاپىزەتچىسى يۈگۈرۈپ كىلىپ، ئۇنىڭغا ھەربىي سالام بەجا كەلتۈرۈپ بولغاچ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— بۈيرۇقنى بىنائەن، ئاسىيلار ئاسمان خۇداسىنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتىلىپ بولدى، — دەپ دوكلات قىلدى.

— ئۆلۈكنى سىپىلدىن ئارتىلدۇرۇپ كوچىغا تاشلا! — دىدى شىڭ شىسەي ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن خۇددى زالدىكىلەر ئېنىق ئاڭلىسۇن دىگەندەك قىلىپ، ئاندىن، زالغا كىرىپ ھەممىگە شۇن-داق دەھشەت بىلەن چەكچىيىپ قارىدىكى، زالدىكىلەر ئىختىيار-سىز ھالدا يەرگە قارىۋالدى. بەزىلىرى لاغىلداپ تىترەيتتى. پەقەت ياۋروپاچە كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى يىپەك ياغلىق بىلەن كۆزەينىكىنى سۈرتە — سۈرتە بىپەرۋا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈنكى ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەردارمۇ ياكى بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بىرىشى تەبىئىي دەپ ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ چىرايىدا ھىچقانداق ئۆزگىرىش ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى. بۇ كىشى سوۋېت ئۆزبېكىستانى پايتەختى تاشكەنتتىكى سابىق جۇڭگو كونسۇلى، بۇ كۈنلەردە بولسا، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى چىڭ دىلى ئىدى.

— قولاق سىلىڭلار، جانابلار! — دىدى شىڭ شىسەي قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ، — مەۋجۇت ھۆكۈمەتنى غولىتىش غەرىزىدە ماڭا سۈيىقەست قىلماقچى بولغان ئۈچ ئاسىي — چىڭ جۇڭ، تاۋمىنيۈ، لى شياۋتيەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بىرىلدى. كىمدە كىم مۇشۇنداق باتىل غەرەزلەردە بولىدىكەن، ئۇنىڭغا مۇتلەق كەڭچىلىك قىلىنمايدۇ. مەيلى ئۇ باشتا ھەرقانچە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن، ئەلھال قانداق يۇقىرى مەنسەپتە بولسۇن ماڭا بەرد-بىر. ھىچكىمنى ئاياپ قويمايمەن، گەپ شۇ، يىغىن تۈگىدى،

ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ.

ئۇ شۇ گەپلەردىن كېيىن بۇرۇتىنى سىلاپ، مەغرۇر هالدا زالدىن چىقىپ كەتتى.

ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ رەئىسى — مۇكچىيىپ قالغان لىيۇ-ۋىنلۇڭ قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى بۇ ئىشلارنى ئۆزگە قىلىنى-غان قاتتىق هاقارەت بىلىپ هار ئېلىپ كەتكىنى ئۈچۈنمۇ، ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى ۋە يىغىن زالىدىن چىقىپلا پوۋىسكىغا ئولتۇرۇپ جياڭ جيېشىنىڭ ۋەكىلى خۇاڭ مۇسىڭنىڭ قېشىغا باردى. خۇاڭ مۇسىڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تامدەك تاتىرىپ كەتتى ۋە ئاخىرىدا تىلىنى چايناپ ئولتۇرۇپ تەسەللى بېرىش ئاهاڭىدا:

— سەۋر قىلىڭ، مەن مەركەزگە هەممىنى مەلۇم قىلىمەن. ئۇنىڭ بۇ باشباشتاقلىقىغا چوقۇم چەك قويۇلۇشى لازىم، — دېدىيۇ، ئەمما «بۇ يەردىن تېزرەك كەتمىسەم ئىشىم چاتاق، بۇ ئاۋانتيۇرىستىنىڭ قولىدىن هەر ئىش كېلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ، ئەتىسىلا نەنجىڭغا قايتىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى هېلىقى باش مۇهاپىزەتچى شېڭ شىسەينىڭ خاس كۇتۇپخانىسىدا چىرايلىق خوتەن گىلىمى سېلىنى-غان پولدا دۈۋىلىنىپ ياتقان كىتابلارنى ئىشكاپلارغا تىزىۋاتاتتى، بۇ كىتابلار هېلىراقتا چېڭ جۇڭنىڭ ياتىقىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ كەلگەن كىتابلار ئىدى. شېڭ شىسەي كىتابلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىنى بىر چەتكە ئايرىدى — دە، ئۇلارنى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يەرگە تىزىشنى جېكىلىدى. ئاندىن:

— ئۇنىڭ خاتىرە دەپتەرلىرى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

باش مۇهاپىزەتچى ئايرىم بىر خالتىدىن خاتىرە دەپتەرلەرنى

چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. شىڭ شىسەي دېپتەرلەرنى ئاندا ـ ساندا ۋاراقلاپ چىقىپ، سىيرتمىغا سېلىپ قويدى.

كىتابلار تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن شىڭ شىسەي بىر قەدەھ هاراقنى قولىغا ئېلىپ، باش مۇھاپىزەتچىگە ئۇزاتتى ۋە:

— بۈگۈن بەك چارچىدىڭ، بۇنى ئىچىۋېتىپ ئوبدان دەم ئال، — دېدى.

باش مۇھاپىزەتچى ئىخلاس بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ قەدەھنى بىر تىنىقتىلا بوشىتىۋەتتى. بىراق بىرئازدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ياتىقىدا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى. ھەربىي دوختۇر جەسەتنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، «يۈرەك سانجىقى بىلەن ئۆلگەن» دەپ خۇلاسە چىقاردى. شىڭ شىسەي بۇ سادىق خىزمەتچىسىنى دېپنە قىلىشقا ياخشى بىر گۈلچەمبەر (ئۆلۈك ساندۇقى) تەقدىم قىلدى.

شۇ ئاخشىمى شىڭ شىسەي چىراغ يورۇقىدا بايىقى خاتىرە دېپتەرلەرنى قايتىدىن ۋاراقلاشقا باشلىدى ۋە «چېڭ جۇڭ» دېگەن ئىسىم ـ فامىلىنى خىمىيۋى دورا بىلەن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قويۇپ چىقتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇ چېڭ دېلىنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن سۆزلەشكەندىن كېيىن خۇددى گەپنى خۇلاسىلىگەندەك مۇنداق دېدى:

— خۇلاسە كالام. شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن ئىتتىپاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ ياردىمىگە تايانماي مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى ئەھۋالدا بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە بەزىدە ئادەتتىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت دائىرىلىرىدىن ھالقىپ كېتىشىمۇ تەقەززا قىلىدۇ. مېنىڭچە، سىزنىڭ سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلىشىشىڭىز ئۈچۈن ھەممە شەرتلەر ھازىرلاندى. مەن ھەرقانداق يول بىلەن

بولسموٴ، ستالىننىڭ ٴىشەنچىسىگە ٴيرىششكە موھتاجمەن.

— دوٴبەن جانابىلىرىنىڭ يىراقنى كوٚرەلەيدىغان سىياسىيون-لارغا خاس دانىشمەنلىكلىرىگە قايىلمەن، — دېدى چېڭ دېلى كوٚزەينەكىنى سۈرتۈپ ٴولتۇرۇپ.

— ٴەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دەپ ٴورنىدىن تۇردى شېڭ شىسەي، ٴاندىن، — سىزنىڭ ٴۇزۇن يىللىق دېپلوماتىك تەجرىبىلىرىڭىز بىلەن رۇس تىلىغا ماھىرلىقىڭىزنى بىر سىناپ كوٚرەيلى، — دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

— كونسۇل بىلەن بۈگۈن ٴاخشاملا كوٚرۈشىمەن، — دېدى چېڭ دېلىموٴ كۈلۈمسىرەپ، ٴاندىن، — خوجىنىياز ھەققىدە سو-راپ قالسا نېمە دېسەك بولار؟ — دېدى.

— گەپنىڭ راستىنى ٴېيتىڭ، مەن خوجىنىياز بىلەن ما-جۇڭيىڭنىڭ تارىم ٴويمانلىقىدا بىر - بىرى بىلەن قان بولۇشۇپ، ھەر ٴىككىسىنىڭ ھالىدىن كېتىشىنى كۈتىمەن، خالاس! — دېدى شېڭ شىسەي جىددىي قىياپەتتە.

# ئىككىنچى باب

## «ئەمدى نەيزىلەشمەيلى»

*بىر قولۇڭ ئوتتا بولسا، بىر قولۇڭ*
*سۇدا بولسۇن.*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

زىنچۇەندىكى جەڭدىن كېيىن، خوجىنىيازھاجىلار ماجۇڭيىڭنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنىڭ تۇرپان تەرەپكە ئۆتۈش يولىنى توسۇشقا ھەرىكەت قىلماي، تاغ ئارىسى بىلەن مېڭىپ توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يىلانلىق يېزىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە يېقىندىلا سوۋېت كونسۇلىنىڭ شاھىتلىقى بىلەن ئىمزالانغان ھېلىقى بىتىمنىڭ روھى بويىچە، بۇ يەردىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توقسۇن خەلقىنىڭ ھەر ساھە ۋەكىللىرى (ئۇلارنىڭ تولىسى مويسىپىتلار ئىدى) شۇ يېزىغا ھال سوراپ كېلىپ، ھاجى باشلىق چوڭلارنى شەھەردە بىر ـ ئىككى

كۆن مېھمان بولۇپ چىقىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ھاجى كۆپ رەھمەت — ھەمشاللا بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى ۋە قېنىق دەملەنگەن چاينى خورتىلدىتىپ ئىچكەچ ئىزاھات بېرىشكە باشلىدى:

— ئاڭلىسام بۇ ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئەنسىزچىلىكتە، توقسۇن خەلقىنىڭ بېشىغا نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلار كەپتۇ. نۇرغۇن قان تۆكۈلۈپتۇ. بىزنى چىللىمىساڭلارمۇ شەھەرگە كىرىپ تىرىك-لەردىن ھال سورايدىغان، شېھىتلارنىڭ ياتقان يەرلىرىنى يوقلاي-دىغان يولىمىز بار ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ ئاغىنىلەر؟ ئەممازە، بۇ پېژغىرىم ئىسسىقتا پۇقرانى جوۋۇتمايلى دەيمەن. يىلانلىقمۇ ئاسمىنى سوزۇلۇك، ئېتىكى كەڭ، ئوت — سۇيى مول، ئادەملىرى مېھماندوست ئوبدان يەر ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماڭا ئوخشاش چورۇقى يوغان تاغچىلارغا سېپىلى بار شەھەر ئانچە قاملاشمايدى-كەن، قانداق دېدىم؟ — ئۇ شۇنداق دېگەن پېتى سەپداشلىرىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىيۇ، بىراق، قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىك ئىسگە چۈشكەندەك دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جىم بولۇپ قال-دى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پىيالە تۇتقان قولى سەل تىترەپ، دۈگىلەك كۆزلىرىگە ياش يۈگۈرۈپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كېتىۋات-قاندەك كۆرۈنەتتى. سالاپەتلىك يۈزى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇ-لۇپ كەتتى. باياتىن بېرى يوغان تېرەك ئاستىدىكى كەڭ سۇپىغا سېلىنغان كىگىز-پالاسلار ئۈستىدە خاتىرجەم كۈلۈمسىرەپ ئولتۇر-غان سۆھبەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىدا بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆز-گىرىش بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي ھاڭ — تاڭ قېلىشتى. پەقەت مەھمۇت مۇھىتىلا «بىزگە سېپىل قاملاشمايدىكەن» دېگەن گەپنىڭ بىرنەچچە ئايلار بۇرۇن لۈكچۈن سېپىلىنى بۆسۈپ چى-قىشتا يۈز بەرگەن پاجىئەگە قارىتىلغانلىقىنى چۈشىنىپ:

— شۇنداق ھاجى ئاكا، بىزدەك ئايدالادا ئات چاپتۇرۇپ ئۆگەنگەن خەققە سىپىل دىگەن بىر نىمە... — دىدى.

مەھمۇت مۇھتىسنىڭ گىپى تۈگىمەيلا ھاجى:

— شۇ لەنىتى سىپىلگە كىرىۋالمىغان بولساق، ۋاي ئىست، ۋاي ئىست، مەخسۇت بايدىن ئايرىلىپ قالمايتتۇق، — دىدى، ئاندىن توقسۇنلۇق ۋەكىللەردىن سورىدى — مەخسۇت باينىڭ قانداق شىھىت بولغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، ئاڭلىغاچ» — دىيىشتى ئۇلارمۇ غەمكىنلىك بىلەن.

— ئۆزۈمدىن ئۆتتى، ئاغىنىلەر! — داۋام قىلدى ھاجى، — ئۇ رەھمەتلىكتىن ئايرىلىپ، قانىتى سۇنغان قۇشتەك بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۇنىڭدەك كىشى بىزگە نىسىپ بولامدۇ — يوق، ئاللا بىلىدۇ!

سورۇننى جىمجىتلىق باستى. پەقەت تەگرىتاغلىرى تەرەپتىن كىلىۋاتقان مەيىن شامال ئۇلارنىڭ بىشىغا سايىۋەن بولۇۋاتقان يوغان تىرەكنىڭ زۇمرەتتەك يىشىل يوپۇرماقلىرىنى ئاستا شىلدىر-لىتىپ تۇراتتى.

قاسىم ئەپەندى بۇ سۆھبەتكە ئارىلاشماي بۇرۇتىنى ئوينىاپ مىيىقىدا كۇلۇپ ئولتۇراتتى. ھاجى ئۇنى كۆرۈپ قىلىپ:

— قانداق دىدىم ئەپەندى؟ — دەپ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— شۇنداق ھاجى ئاكا، شەھەرگە كىرگىنىمىز ياخشى، — دىدى قاسىم ئەپەندى، سورۇندا بولۇۋاتقان گەپنىڭ ئاخىرىغا ئۇب-دان قۇلاق سالمىغاچقا، سەل ھودۇقۇپ كىتىپ.

— مەن ئۇنى دىمىدىم، مەخسۇت باينى دەۋاتىمەن. قانىتى سۇنغان قۇشتەك بولۇپ قالدىم دەۋاتىمەن، سىلەر ئۇقۇغان ئادەملەر

يوچۇن بولىدىكەنسىلەر، — دېدى ھاجى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

قاسىم ئەپەندى قىزىرىپ كەتتى ۋە يەرگە قارىغان پېتى جىم بولۇپ قالدى. ئۇ، مەخسۇت مۇھىتى قازا تاپقاندا ھاجىنىڭ بوتىدىسىدىن ئايرىلغان تۆگىدەك بوزلاپ، ساقال - بۇرۇتىنى يۇلغۇدەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە خېلى چاغلارغىچە ھەسرەت چېكىپ، ئاھ ئۇرۇپ يۈرگىنىنى قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان بولسىمۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ بۇ دەرد - ئەلەملىرى سەل يېنىكلەپ كېتەر ۋە شۇنداق بولۇشقا تېگىش دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىنىڭ بايا توقسۇن شەھىرىگە كىرمەسلىك مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ قىلىۋېتىپ، بىردىنلا ماۋزۇدىن شۇنچە يىراقلاپ كەتكىنىنى ئانچە ياراتماي، باشقا خىياللار بىلەن بۇرۇتىنى ئويناپ ئولتۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئىككى يىلدىن بېرى ھاجى بىلەن كېچە - كۈندۈز بىللە يۈرۈپ، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىغا ئۆگىنىپ قالغان بولسىمۇ، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە گەپ - سۆزى قوپال بولغان بىلەن كۆڭلى بەك ئىنچىكە ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇيالماسلىقىدىن خىجىل بولدى ۋە «ھاجى راست ئېيتىدۇ، بىز ئوقۇغان ئادەملەر غەلىتىرەك بولىدىكەنمىز، كۆپ ئىشلاردا بىلەرمەنلىك قىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن ھېسابلاشمايدىكەنمىز. بولۇپمۇ، راسا ئەدىپىمنى يېدىم» دەپ ئويلاپ:

— ئۆزلىرىنى خاپا قىلىپ قويدۇم ھاجى ئاكا، مېنى كەچۈرسىلە، — دېدى.

ھاجى ھېچنېمە دېمىدى، سورۇننى يەنە جىمجىتلىق باستى.

يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلەشلىرى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئۇچ يىگىت سورۇندىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدىكى تېرەك تۈۋىدە جەڭچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان

مىرۇل پۇگەننىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا بىر نېمىلەر دېدى. مىرۇل پۇگەن ئىتتىك قەدەم تاشلاپ ھاجىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ئۇرۇمچى تەرەپتىن تاھىر بەگ دېگەن ئادەمنىڭ ھاجى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئون بىر ئاتلىق كىشى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

«تاھىر بەگ» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاش بىلەن ھاجىنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئۇلار نەدىكەن؟ — دېدى.

— بىرىنچى قاراۋۇلدا قاپتۇ.

— چاپسان ئات تەييارلاڭلار! — دېدى ھاجى مىرۇل پۇگەنگە ئاندىن سالى دورغا بىلەن مەھمۇت مۇھىتىلارغا قاراپ:

— تاھىر بەگ كۆپ ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن ئادەم، مېنىڭ جان دوستۇم، كۆرۈشمىگىنىمىزگە بەش يىلچە بوپتۇ. ئاللا بىزگە مۇشۇ يەردە دىدار كۆرۈشۇشنى نېسىپ قىلغان ئوخشايدۇ. يۈرۈشسىلە، ئالدىغا بارايلى، — دېدى. ئاندىن، ئارىدا ھېچقانداق گەپ ئۆتمىگەندەك، قاسىم ئەپەندىگە قاراپ «سىزمۇ بېرىڭ» دەپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

2

بىرەر سائەتتىن كېيىن، بايىقى سۇپىغا باشقىدىن داستىخان سېلىنىپ چاي تارتىلدى. نېرىراقتىكى ئوچاقلارغا ئېسىلغان مىس قازانلاردا يېڭى سويۇلغان پاقلان گۆشلىرى قايناپ تۇراتتى.

تاھىر بەگكە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلەردىن سەككىز ئۇيغۇر چېرىك بىلەن يول باشلىغۇچى بىر قازاق كىشى ھاجىنىڭ يىگىتلىرى ئارىسىغا جايلاشتى. پەقەت زىلۋا بويلۇق، يۇملاق يۈزلۈك،

بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر يىگىتلا تاھىر بەگنىڭ ئىشارىتى بىلەن چوڭلار بار سورۇنغا كىلىپ بىر چەتتە ئولتۇردى. ئۇ ھاياجان ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنى ھاجىدىن ئۈزمەي ئەدەپ بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

— قىنى بالام چايغا باققاچ ئولتۇر، — دىدى تاھىر بەگ، ئاندىن ھاجىغا قاراپ، — بۇ بالام ئۆزلىرىنىڭ دىدارلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغىنى ئۈچۈن ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ دەۋاتىدۇ، — دەپ كۈلدى.

— يىگىت بولۇپ قالغان ئوغۇللىرى بار ئىكەن بىگىم، — دىدى ھاجى بالىغا زوقلىنىپ قاراپ.

— ئۆز ئوغلۇم دىسەممۇ بولىدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى تاھىر بەگ، — ئاز كەم بەش يىل بۇرۇن، يەنى پەن ياۋنەن ۋەقەسىدىن كىيىن شامەخسۇت ۋاڭ يۇسۇپ تەيجىنى ياڭ جاڭجۇڭنىڭ ئۆلۈمىگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىقارغاندا، ئۆزلىرى شۇ يۇسۇپ تەيجىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلىرى يادىلىرىدا بولسا كىرەك. ھە، شۇ قىتىم خاڭچىڭدىكى قەبرىستانلىقتا، يەنى رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپەمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ھە شۇنداق، شۇ كۈنى بىر مىيىتمۇ يەرلىككە قويۇلغان، — دەپ تەستىقلىدى ھاجى غەمكىنلىك بىلەن.

— بۇ بالا ئەنە شۇ كۈنى يەرلىككە قويۇلغان ھەسەن دولان دىگەن ئادەمنىڭ ئوغلى تۇرسۇن بولىدۇ، — دىدى تاھىر بەگ، ئاندىن ھەسەن دولاننىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى، بۇ بالىنىڭ بولسا، كىچىكىدىنلا ھەيدەر ئەپەندىدە ئوقۇغانلىقىنى، دادىسىدىن كىيىن ئانىسىدىنمۇ يىتىم قىلىپ، باشتا ھەيدەر ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە، كىيىن ئۆزىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەنلىكىنى،

ئەمدىلىكتە رۇس ۋە جەنزۇ تىللىرىدىن بىرقەدەر ساۋاتى بار يارام-لىق يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ بالىنىڭ قەلبىدە قىساس ئوتىنىڭ يېلىنجاپ تۇرغىنى ماڭا كۈندەك روشەن ئىدى. بۇ قېتىم ھۇزۇرلىرىغا كېلىدىغانلىقىم-نى ئاڭلاپ، دادامنىڭ قىساسى ئۈچۈن بولسىمۇ ھاجى ئاتاملارنىڭ سېپىگە قوشۇلىمەن، مېنى بىللە ئالغاچ بارسىلا، ھېچبولمىسا ئېتى-نى يېتىلەشكە يارارمەن دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. جەڭچى يىگىتلەر ئارىسىدا يۈرۈپ، بوران — چاپقۇندا چېنىقسۇن دەپ خىزمەتلىرىگە ئېلىپ كەلدىم. جەڭگە يارىمىسا پۇتۇكچىلىككە ياراپ قالار، قانداق بوپتۇ ھاجىم؟

— ئوبدان بوپتۇ بېگىم. ئەر يىگىت شۇنداق بولغۇلۇق، قەلەم تۇتقان قوللىرىڭ ئەمدى مىلتىق تۇتۇشنىمۇ ئۆگەنسۇن ئوغلۇم. قانچە ياشقا كىردىڭ؟ — دېدى ھاجى يىگىتكە قىزىقىپ قاراپ.

بالا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— يىگىرمىگە، — دېدى.

— بۆرىدەك ئالغۇر چاغلىرىڭ ئىكەن. مەنمۇ يىگىرمە ياشلى-رىمدا تۆمۈر ئاكاملارنىڭ سېپىگە قېتىلغان، — دېدى ھاجى، ئاندىن، — ئېتىڭ نېمە ئىدى، بىردەمدىلا ئېسىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى، — دەپ كۈلدى.

يىگىتنىڭ ئورنىدا تاھىر بەگ جاۋاب بېرىپ:

— ئېتى تۇرسۇن، تەڭتۇشلىرى دادىسىنىڭ لەقىمى بىلەن ئۇنى تۇرسۇن دولان دېيىشىدىكەن، — دېدى.

— دولان دېگەن لەقىمىڭ ئاتاڭدىن قالغان بولسا ئوبدان بوپتۇ. ئوغۇل بالا دېگەن ئاتىنىڭ ئىزىنى باسىدىغان نېمە. بىزنىڭ يۇرتلاردا ئالتىشەھەرلىكنىڭ ھەممىسىنى دولان دېيىشىدۇ، مانا بىز

ئالتشەھەرگە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا سىپىمىزگە بىر دولان قوشۇلـ
دى، يولىمىز ئاق بولغۇدەك بىزنىڭ، — دېدى ھاجى، ئاندىن
مىرۇل پۇگەنگە قاراپ، — بۇگۈندىن باشلاپ بۇ بالا دولانغا
مەرگەنلىكنى ئۆگەت، — دەپ كۈلۈپ قويدى.
— رەھمەت ھاجى ئاتا، — دېدى تۇرسۇن خۇددى كومانـ
دىرنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاۋاتقان جەڭچىدەك قەددىنى رۇسلاپ.
ئۆتەر ـ كېتەر گەپلەر بىلەن غىزا يېيىلىپ بولۇپ داستىخان
يىغىلغاندا، تاھىر بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاجىنىڭ قوماندانلىقىدىـ
كى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ جىمساردىكى بىتىم بويىچە يېڭى
ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى 6 ـ شى (دىۋىزىيە) قىلىپ رەسمىي
بېكىتىلگەنلىكىنى جاكارلاپ ھەممەيلەننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە
سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بۇ قوشۇننىڭ بىر قىسىم راسخوتى بىلەن
جەڭچىلەرنىڭ ئىككى ئايلىق مائاشىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى
ئېيتتى. سورۇندىكىلەر خۇشال ـ خۇرام تارقىلىشتى. توقسۇنلۇق
ۋەكىللەر خوش ئېيتىپ، شۇ ئەتراپتىكى بىر مەھەللىگە كېتىشتى.
تاھىر بەگ ھاجىنىڭ قۇلىقىغا:
— خاسراق ئولتۇرۇپ گەپلىشۋالايلۇقمىكىن، مەن مۇھىم
ئىش بىلەن كەلدىم، — دەپ پىچىرلىدى.
— خوپ، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېدى ھاجىم
كەسكىن قىلىپ.
نامازشامدىن كېيىن موم شاملار بىلەن يورۇتۇلغان كەڭ
سۇپىلىق ئۆيدە ھاجى ئۆز يېقىنلىرىدىن ئوندەك كىشى بىلەن
بىللە تاھىر بەگنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. تۇرسۇنمۇ
سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە سېرىق تېرە سومكىنى تىزىغا قويۇپ گەپكە
قۇلاق سالماقتا ئىدى. تاھىر بەگ ئەگرى ساپلىق غاڭزىسىغا تاماكا
بېسىۋېلىپ، بىرئاز خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن داۋام قىلدى:

— دېمەك، شىڭ دۇبەن مىنى ھاجىمنىڭ قەدىناس دوستى، ھاجىم سىزنىڭ گېپىڭىزنى يېرالمايدۇ دەپ بۇ ئەلچىلىككە ئەۋەتمەكچى بولدى. مەن ھاجىمغا يەتكۈزىدىغان گەپنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ رازى بولدۇم. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇستا ھاجىمغا يازغان مەخسۇس مەكتۇپى بار.

تاھىر بەگ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ تۇرسۇنغا قارىدى. تۇرسۇن سومكىدىن ئاغزى چاپلانمىغان يوغان بىر سېرىق لىپاپنى چىقىرىپ ھاجىغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. ھاجىم بىر ۋاراق سۇت قەغەزگە قۇمۇش قـەلـەم بىـلەن دانە ــ دانە قىلىپ ناھايىتى چىرايلىق يېزىلغان خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ، مەھمۇت مۇھىتىغا بەردى ۋە:

— ئۇنلۇك ئوقۇسلا، ھەممەيلەن ئاڭلىسۇن، — دېدى.

بۇ خەت باشتىن ــ ئاخىر دېگۈدەك چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بەكمۇ پاساھەتلىك يېزىلغان بولۇپ، قىسقىچە مەزمۇنى: زىنجۇەن جېڭىدە ماجۇڭيىڭ قاتتىق ھالسىزلاندى. مۇشۇنداق پەيتتە مەن داۋانچىڭ تەرەپتىن، ھاجىم توقسۇن تەرەپتىن تۇرپانغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم باشلىساق، ماجۇڭيىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ئاپەتتىن ئۇزۇل ــ كېسىل قۇتۇلۇش مۇمكىن. ئەگەر ھاجىم بۇ تەكلىپكە قوشۇلسا، يېتەرلىك قورال ــ ياراغمۇ ئەۋەتىپ بېرىمەن، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. خەتنىڭ ئاخىرىغا «دۇبەن شىڭ شىسەي» دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇرچە يېزىلغانلىقى تاشقىرى، ئۇنىڭ ئۆز ئىمزاسى قويۇلۇپ، شەخسىي تامغىسى بېسىلغانىدى.

خەت ئوقۇلۇۋاتقاندا، ھاجى ئۇڭ تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە ئېغىرلىقىنى سول پۇتىغا سېلىپ، يانتۇلۇقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسمان پارچىسىغا قارىغان پېتى خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

خەت ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەن كىمدۇر بىرى «پاھ، تازا پەيتى كەپتۇ» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى. ھاجى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە «يالت» قىلىپ قارىدى. كۆتەككە ئوخشاش چوقچىيىپ ئولتۇرغان دىقماق بىر ئادەم ھاجىمغا ھىجايدى.

— قايسى پەيتنى دەۋاتىسىز؟ — دېدى ھاجى ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

— ماجۇڭيىڭدىن ئۆچ ئالىدىغان پەيتنى دەۋاتىمەن. ئۇ خۇنپەرنىڭ جىمسارىدا بىزگە قىلغىنى ئازمۇ؟ — دېدى ھىلىقى ھىجايغان كىشى.

— توغرا، — دەپ ئۇنى ياقىلىدى كوسا ساقال بىر ئادەم، — ھېچبولمىغاندا ئاشۇ مىلتىقلارنى ياندۇرۇپ بەرگەي.

شۇنداق قىلىپ، ھاجى پۈتۈن بىر قوشۇننىڭ بېشى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلىك، سورۇندا ئۆز ـ ئۆزىدىن گەپ باشلىنىپ كەتتى. جىۋەككىنە كەلگەن پازىل دورغا يۇقىرىدىكى ئىككى كىشىنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىپ:

— ئوييناپ گەپ قىلساڭمۇ ئويلاپ گەپ قىل دەپتىكەن، ئەمدىزە شىيىڭ دۇبەن دېگەن كاپىر بىلەن بىر بولۇپ مۇسۇلمان بىلەن سوقۇشىمىزمۇ؟ — دېدى.

— قىزىق گەپ قىلدىلا دورغام، — دېدى نەمەت خەلپەت، — ياتنىڭ ياندىن، ئۆزنىڭ جاندىن ئۆتەر دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ بىزگە نېمىلەرنى قىلمىدى؟

— راست، ئۇ بىزگە نېمىلەرنى قىلمىدى؟ — دەپ غەزەپ بىلەن سۆزگە ئارىلاشتى سالى دورغا سېرىق ساقىلىنى سىقىمداپ، — مانا مەن جەڭگە تەييار، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيلى!

يەنە كىمدۇر بىرى سالى دورغىنى ياقلاپ چىقتى. مەھمۇت

مۇھىتى بىلەن قاسىم ئەپەندى جىم ئولتۇراتتى. ھاجى قاسىم ئەپەندىگە «سىز نېمە دەيسىز» دېگەندەك قىلىپ تىكىلىپ قارىدى. قاسىم ئەپەندى ھاجىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىر قارىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— ماجۇڭيىڭنىڭ كىملىكى بىزگە مەلۇم. بۈگۈن بولمىسا ئەتە بىزگە ئوق ئېتىشى تۇرغان گەپ. بىز شىڭ دۇبەن بىلەن ھامان بىرلەشكەن بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ...

— ھە... سىزمۇ شۇنداق دېمەكچىمۇ، — دېدى ھاجى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ئاندىن زەردە بىلەن مۇنداق دېدى، — مەن سىزنى ئوقۇغان — بىلگەن بولغاندىن كېيىن ئوبدانىراق مەسلىھەت بېرەرمىكىن دەپتىمەن. ھەي مەخسۇت، سېنىڭدىن ئايرىلىپ راستتىنلا قانىتى سۇنغان قۇشتەك بولۇپ قالدىم. شۇنداق، قانىتى سۇنغان قۇشتەك... سىز ئويلىدىڭىزمۇ ئەپەندىم، ماجۇڭيىڭ ھەرقانچە ئەسكى بولغىنى بىلەن ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمان. بىز مۇسۇلمان تۇرۇپ، مۇسۇلمانغا بىرىنچى ئوق ئاتساق ئاللا راۋا كۆرەمدۇ؟ قىيامەتتە نېمە دەيمەن؟

ئۆينىڭ ئىچى گۆرستان جىملىقىغا چۆمدى، ھەممەيلەن قىمىرلىماي شۈك ئولتۇراتتى. پەقەت تاھىر بەگلا سېپى ئەگرى غاڭزىسىغا يەنە تاماكا بېسىپ سەرەڭگە چاقتى.

— سىلەر، ئاغىنىلەر ئويلىدىڭلارمۇ، — دەپ داۋام قىلدى ھاجى، — مۇبادا ماجۇڭيىڭ بىزگە تەڭ كېلەلمەي قۇمۇل تەرەپكە قاچسا، قۇمۇللۇقنىڭ ھالى نېمە بولغاي؟ ئۇ بىزدىن ئالالمىغان ئۆچىنى پۇقرادىن ئالغايمۇ؟ خەير، ئارقىدىن قوغلاپمۇ بارارمىز، «قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ» دەپتىكەن بۇرۇنقىلار، قۇمۇلنى يەنە قانغا بويايلىمۇ؟ مۇبادا تۇرپاندا ئۇرۇشساقچۇ؟

تۇرپانمۇ قانغا بويالغايمۇ؟ ياق، شىلىڭ دۈبەن ماڭا قورال بەرگەن تەقدىردىمۇ، مەن ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشمايمەن، مىنى ماجۇڭ-يىڭدىن قورقتى دىيسەڭلارمۇ دەڭلار. ئەمما مىنىڭ مىجەزىمنى بىلىسلەر، خۇدادىن باشقا ھىچكىمدىن قورقمايمەن. قۇمۇل تاغلى-رىدا شىلىڭ دۈبەندىنمۇ قورقمىغان. قىسقىسى، مەن ئەمدى قان تۆكۈشنى خالىمايمەن. ئەمدىچۇ دورغام، — دىدى ئۇ سالى دورغىغا قاراپ، — بولدى قىلساق بولارمىكىن!

— كىيىنچۇ، — دىدى سالى دورغا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — كىيىن قانداق قىلىمىز؟ بۇ مۇرتەت تۇرپاندا تىنچ ياتارمۇ؟

— كىيىنلىكىنى خۇداغا قويدۇم. خۇدا نىيمىنى بۇيرۇغان بولسا شۇنى كۆرەرمىز.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى مەھمۇت مۇھىتى، — شىلىڭ دۈبەننىڭ بىزنى دەيدەيگە سىلىشىدا بىر ئويۇن بار دەپ ئويلايمەن. بولمىسىزە، زىنچۇەن ئۇرۇشىدا ماجۇڭيىڭنى ھالىدىن كەتكۈزگەن كىشىنى ئۇنى نىيمىشقا مورىغىچە قوغلاپ كىلىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتمەي، گۇچۇڭدا توختاپ قالىدۇ؟ ھەممىدىن مۇھىمى، ھىلىقى توختام بويىچە بىزگە بىرىدىغان قوراللارنى ۋاقتىدا بەرمەي، سىلەر ماجۇڭيىڭ بىلەن سوقۇشىدىغان بولغاندا بىرىمەن دىگىنىنى قارىمامدىغان! بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئويۇن بار.

— ھە بەللى، مانا بۇ گەپنى ئوبدان دىدىلە. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەلچىلىككە ئۆز رازىمەنلىكىم بىلەن كەلدىم، — دەپ گەپ باشلىدى تاھىر بەگ، — ئۇنىڭ نىيىتى ياخشى بولسا، ۋەدە قىلىنغان نەرسىنى نىيمىشقا ۋاقتىدا بەرمەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، ماجۇڭيىڭ زىنچۇەندىن قاچقاندا شىلىڭ دۈبەننىڭ ئۇنى ئۇزۇل — كىسىل يوقىتىشقا كۈچى يىتەتتى. ئەمدى بولغاندا باشقىچە بىر

ئويۇن ئوينىماقچى. خەنزۇچە كىتابلاردا «باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرمەك» دېگەن گەپ بار، شىڭ دۇبەن خۇددى شۇنداق قىلماقچى. يەنى بىزنى ماجۇڭيىڭ بىلەن سوقۇشتۇرۇپ قويۇپ ئارىدىن ئۆزىگە نەپ تاپماقچى، يەنى مەسىلەن، ئۇرۇش داۋامىدا ھەر ئىككى تەرەپ ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، مەسىلەن، بىزمۇ چىقىمدار بولغاندىن كېيىن...

— ھە، ئاندىن كېيىن مېنى يوقاتماقچى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھاجى تاھىر بەگنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— دەل شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىمنىڭ باياتىن بېرى ئېيتقان گەپلىرىگە تامامەن قوشۇلىمەن. ھاجىممۇ شىڭ دۇبەننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ بىھۇدە قان تۆكمەيلى دېمەكچى. شۇنداق ئەمەسمۇ ھاجىم؟

— شۇنداق. مەن تاغچى، تاغچىنىڭ چورۇقى يوغان. يوغان چورۇق بىلەن شىڭ دۇبەننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىيالمايمەن، ئاغىنىلەر، — دېدى ھاجى بىردىنلا كۈلۈپ تاشلاپ.

بۇ كۈلكە سورۇندىكىلەرنىڭ كەيپىياتىنى يېنىكلەتتى. باياتىن قىزىشىپ كەتكەن كىشىلەر ئەمدى يېنىك - يېنىك كۈلۈپ شىۋىرلىششقا باشلىدى. پەقەت قاسىم ئەپەندى چىرايىدىكى خاپىلىقنى يوشۇرماقچى بولغاندەك ئۆتتۈكىنىڭ قونچىنى تارتقان بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، يىلانلىقتىمۇ ئۇزۇن تۇرماي، ئالتىشەھەر تەرەپكە چاققانراق مېڭىپ كېتەيلى، — دېدى ھاجى، ئاندىن تاھىر بەگكە قاراپ، — ئۆزلەمۇ بىز بىلەن بىللىلا ماڭسىلا بېگىم، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، ئاللىقاچانلا قاشلىرىغا كېلىپ خىزمەتلىرىدە بولاتتىم، — دېدى تاھىر بەگ تېتىكلىشىپ، —

هازىرقى ئەھۋالدا مېنىڭ ئورۇمچىدە، يەنى شىڭ دۇبەننىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنىم ياخشى. ھەيدەر ئەپەندىلەرمۇ شۇنداق پىكىردە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىم ئالدىلىرىغا ئەلچىلىككە كەلگەن ئادەم تۇرۇپ، جىمجىملا قېپقالسام شىڭ دۇبەن نېمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇ بەكلا گۇمانخور ئادەم ئىكەن. مەن ئۆزلىرىنىڭ جاۋاب مەكتۇپ-لىرىنى يەتكۈزمىسەم بولامدۇ؟ مۇمكىن بولسا مەن ئەتە ـ ئۆگۈنلا يولغا چىقاي.

— بۇ گەپلىرىمۇ راست، — دېدى ھاجى سادىدىلىق بىلەن كۈلۈپ، ئاندىن نەمەت خەلپەتكە قاراپ، — ئەمىسە خەلپىتىم بۈگۈن كېچە قەلىمىنى تازا بىر يورغىلاتقايچۇ! — دېدى.

— نېمىدەپ يازساق بولىدۇركىن؟ — سورىدى نەمەت خەلپەت.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ھاجى قاپىقىنى سىلىپ، — مەن مۇسۇلمان، مۇسۇلمان تۇرۇپ يەنە بىر مۇسۇلمان-غا بېرىنچى بولۇپ ئوق ئاتالمايمەن. مۇبادا ئۇ ماڭا ئوق ئاتسا شۇ گاختا كۆرۈرمىز. مانا شۇنداق دەپ يازمامسىز.

نەمەت خەلپەت چېكىسىنى تاتىلاپ قويدى.

## 3

ئەتىسى كۈن سەل يانغاندا، تاھىر بەگ ھاجىلار بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقماقچى بولۇۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمە-گەن بىر ۋەقە يۈز بەردى: تۇرپان يولىغا قويۇلغان قاراۋۇللاردىن ئىككى يىگىت ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئەلچىلىرى كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشقان پېتى جىم تۇرۇپ قالدى.

نەمەت خەلپەتىنىڭ بوم ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ئالدىرىمايراق ماڭسىلا دېمىدىممۇ بېگىم، مېڭىپ كەتكەن بولسىلا بۇ قىزىقچىلىقنى كۆرمەي كېتۈركەنلا.

— راست ئېيتتىڭىز خەلپىتىم. گا سىلىڭنىڭ يېڭى ئويۇننى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغىلى تاس قاپتىمەن، — دەپ خىرقىراپ كۈلدى تاھىر بەگ، ئاندىن، — مانا ھاجىم، يەنە بىر پېرىخۇن مەيدانغا چۈشتى. ئۇنىڭ دېپى قايسى مۇقامغا چېلىنىدىكىن، — دېدى.

— قايسىلا مۇقامغا چالغان بىلەن، — دېدى ھاجى قاپىقى سېلىنغان ھالدا، — مېنىڭ چورۇقۇم يوغان، يوغان چورۇق بىلەن ئۇسسۇل ئوينىيالمايمەن دېدىمغۇ، گەپ شۇ بېگىم.

دەرۋەقە ماجۇگىيىڭنىڭ يېڭى سېھىر - ئەپسۇنلىرى ھاجىغا كار قىلمىدى.

بۇ قېتىم ماجۇگىيىڭ يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن بىرنەچچە كىشى-نى مەخسۇس خەت بىلەن ھاجىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ خېتى ئاللاغا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبەرگە نەئەت ۋە دۇرۇت بىلەن باشلىنىپ، ئاساسىي قىسمى كەچۈرۈم سوراش ماھىيىتىدە ناھايىتى پاساھەتلىك يېزىلغان ۋە «سىز قاچانلا بولسىڭىز ئاتا، مەن كەمىنىڭىز بالا. ئاتا ئۆزىنىڭ بالىسىدىن ئۆتكەن ھەرنە سەۋەنلىكنى ئەپۇ ئېتىكى بىلەن يېپىپ، لۇتفى كەرەمى بىلەن ئەپۇ قىلىشنى دەرىخ تۇتمايدۇ. ئىلتىماسىم شۇكى، سىز يەنىلا نەيزىنىڭ سېپى، مەن نەيزىنىڭ ئۇچى بولسام، قايسى h تەرەپكە شىلتىسىڭىز شۇ تەرەپكە سانجىلسام، بىز باشلىغان بۇ مۇقەددەس غازات ئەنجا-مىغا يەتسە دەيمەن» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن ئاياغلاشقانىدى.

ئەلچىلەر ئىچىدىن چىرايلىقى سەللە يۆگىۋالغان چار ساقال

كىشى بۇ خەتنى ھېلىقى تېرەكنىڭ سايىسىدىكى كەڭ سۇپىغا ھازىرلانغان داستىخان ئۈستىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاجىغا ئىككى قوللاپ تاپشۇرماقچى بولغاندا، ھاجى قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ:

— نەمەت خەلپىتىمگە بەرسىلە، — دېدى. نەمەت خەلپەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ خەتنى ئالدى ۋە ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەت ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەنلا، ھاجى ئاغزىنى بۇزۇپ:

— بۇ لومودىنىڭ شۇنداق دەيدىغىنىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرغان. ئەمدى بىرنېمىسىگە پوق قاپلاشقاندا قىلىۋاتقان گەپلىرىنى قارىماملىغان، ھوي ھارامزادە، مېنىزە كىچىك بالىنى گوللىغاندەك گوللىماقچىمىـــۇ؟ بولدى، ياغـــاچ قازاندا بىـــرلا قېـــتىم ئاش پىشىدۇ، — دەپ كايىپ كەتتى. ئاندىن، — ئاخۇنۇم، — دېدى ھېلىقى كىشىگە قاراپ، — ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇ لومودىغا ئېيتسىلا، ھە راست، يەنە بىر گەپ، بىزنىڭ قومۇللاردا:

«سۇغا سالسا، سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى»

دېگەن گەپ بار، بۇنىمۇ توگچىغا ئۆردۈرۈپئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويسىلا.

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى، جۈملىدىن ئەلچىلەرمۇ ماجۇڭ-يىڭ بىلەن ھاجىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەردار بولغاچقىمىكىن، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە ھەيران قالمىدى ۋە ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ ھاجىنى يوقلۇقىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ھېچكىم ھېچنېمە دېمەي جىم ئولتۇرۇپ غىزا يېيىشمەكتە ئىدى.

پەقەت مەھمۇت مۇھىتى بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تاھىر بەگكە مەنىلىك قارىدى. تاھىر بەگ ئۇنىڭ كۆز قارىشىدىن بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ باش ئىشارىتى بىلەن ماقۇللىدى.

— ھاجى ئاكا، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ، — ئەلچىلەرنى قۇرۇق قول ياندۇرساق بولماسمىكىن، بىرەر پارچە جاۋاب خەت يازغىنىمىز ياخشىمىكىن.

— بوپتۇ، يازساق يازايلى، — دېدى ھاجى، ئاندىن نەمەت خەلپەتكە قاراپ، — ھەممىنى يېزىڭ، مانا، بايا ئېيتتىمغۇ، شۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىڭ، مەنمۇ نەيزىنىڭ سىپپى بولماي، ئۇمۇ نەيزىنىڭ ئۇچى بولمىغەن دېمىگەي، بىز شىڭ دۇبەن بىلەن پۈتۈشتۇق. مەن شۇ پۈتۈم بويىچە ئالتىشەھەرنى زالىملاردىن قۇتقۇزۇپ ئۆزىمىز سوراشقا كىرىشتىم. گاسلىڭمۇ كىشىنىڭ يۇرتىنى پاراكەندە قىلماي ئۆز يۇرتىغا كەتكەي، دېمىسىمۇ خەقنىڭ يۇرتىدا ئۇنىڭغا نېمە بار؟ مانا شۇلارنى يېزىڭ، ئەمدى ھېچقايسىمىز نەيزىلەشمەيلى دەپ يېزىڭ. ئەل ـ يۇرتقا تىنچلىق كېرەك، مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىڭ.

— تۇۋا، بۇ راستتىنلا ئاجايىپ ئادەم ئىكەن، — دەپ پىچىرلىدى تاھىر بەگ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قۇلىقىغا، — بىر قارىسىڭىز ئۆمرى تاغدا ئۆتكەن مالچىغا ئوخشايدۇ، بىر قارىسىڭىز، ئەزىم دەريالاردا ئۈزگەن سالچىغا ئوخشايدۇ، ئوقۇمىغان ئادەم بولغان بىلەن...

شۇ ئارىدا ھاجىنىڭ ئاۋازى تاھىر بەگنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى:

— ھوي مىرۇل، قېنى سەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، ئەلچىلەرنىڭ سايىگە باغلاپ قويۇلغان ئاتلىرىغا قاراپ، — ئاۋۇ جانىگەرلەرنى كۆردۈڭمۇ، ئىسسىقتا يول يۈرۈپ ئۆپكىسى قېقىلىپ

كېتەي دەپ قاپتۇ. باللارغا ئېيت، ئوبدان سوۋۇتۇپ بوغۇزنى ئايىمىغاي، بولمىسا ئەتە بۇ ئاخۇنۇملار يولدا قالىدۇ.

تاھىر بەگ بىلەن مەھمۇت مۇھىتى بىر ـ بىرىگە قاراپ سەمىمىي كۈلۈپ قويىدى.

4

شۇ كۈنى ئاخشىمى تۇرسۇن ئۆزىنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈك تەسىراتىنى بىرلا يىغىپ، يول خاتىرىسىگە مۇنۇ پارچىلارنى يازدى:

1933 ـ يىل 22 ـ ئىيۇن.

يىلانلىققا كەلگىنىمىزگە بۈگۈن تۆت كۈن بولدى. بۇ تۆت كۈن ئىچىدە ئاجايىپ ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خۇددى تۆت ئايلىق كۇرستا ئوقۇغاندەك بولۇپ قالدىم. پىژغىرىم ئىسسىق، ئىزغىرىن سوغۇق ۋە بوران ـ چاپقۇنلاردا چىرايلىرى قارىداپ، تۈچ ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغان بۇ ئادەملەر ـ نىڭ كۆزلىرى ماڭا خۇددى تاڭ ۋاقتىدىكى چولپان يۇلتۇزنى ئەسلىتىدۇ. قاچانلا قارىسام، بۇ كۆزلەردە ئۆچمەس بىر ئۈمىد ۋە سۇنماس بىر ئىرادە شولىسىنىڭ يالتىراپ تۇرغىنىنى كۆرىمەن. ئالىيجاناب غايە ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلغان كىشىلەر شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق ئادەملەر سېپىگە قوشۇلۇش نە ـ سىپىسىگە ئېرىشكىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن، راستىنلا خۇشالمەن.

× × ×

ئوتتۇرا بوي كەلگەن، كەڭ غوللۇق، قوللىرى ئۇزۇن، قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى دۈگىلەك كۆزلىرى ئۆتكۈر قارايدىغان قارا

ساقال كىشى، يەنى شۇ ئادەملەرنىڭ سەردارى ھاجى ئاتام مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇ ئادەمنىڭ سۆز — ھەرىكەتلىرى قوپال، مىجەزى چۇس، چالا ساۋات بولغان بىلەن ئۆزى كۆڭلى يورۇق، پىكرى ئوچۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى — ئۈچ كۈندىن بېرى شىپىڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئەلچى ئەۋەتىش يولى بىلەن قۇرغان تۇزاقلىرىدىن شۇنچە ئاسان قۇتۇلغىنى مېنى ھەيران قالدۇردى. راستىنى ئېيتسام، شۇ كۈنلەردە بۇ ئادەم نېمىدەپ جاۋاب بېرەركىن دەپ بېشىم قاتقان ۋە خېلى ئەندىشە قىلغانىدىم.

× × ×

ھاجى ئاتامنىڭ ھەمراھلىرىدىن مەھمۇت مۇھىتى ئۆز بەستىگە لايىق تاغنى كۆتۈرگۈدەك تەمكىنى بار، ئېغىر — بېسىق كىشى ئىكەن. بۇ كىشىمۇ ھاجى ئاتامغا ئوخشاش ناھايىتى تەقۋا كۆرۈنىدۇ. تۈنۈگۈن كېچە ئۇخلاپ قېلىپ ناماز بامداتقا چىقالمىغىنىم ئۈچۈن «ياشلىقتىكى ئىبادەت تاشقا مۆھۈر باسقاندەك بولىدۇ ئۇكام، نامازنى تەرك قىلماڭ» دېدى. ناھايىتى ئىزا تارتىپ كەتتىم. بۇ ئادەم كېچىلىرى ئۇخلىمامدۇ نېمە؟ بۈگۈن تاڭ سەھەردە ئۆزۈمچە ھەممىدىن بۇرۇن ئويغاندىم دەپ، تەرەت ئالغىلى ئېرىق بويىغا بارسام، مەھمۇت مۇھىتى تۆۋەندىكى مەھەللىدىن ئۆزى يالغۇز ئاتلىق كېلىۋېتىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ كەلگەن ئوخشايدۇ.

× × ×

سالى دورغا — ئېگىز بويلۇق، كەڭ غوللۇق، ياپىلاق يۈز-

لۇك، قاتاڭغۇر كەلگەن بۇ سىرىق كىشى ماڭا خۇددى بىر پارچە ئۇتتەك كۆرۈندۇ. ئۇ، شىكار ئىزدەپ يۈرگەن بۆركۈتتەك كۆزلىرى-نى دائىم يىراق – يىراقلارغا تاشلاپ تۇرىدىكەن. تۆت كۈندىن بۇيان، مەن بۇ ئادەمنىڭ بىرەر قېتىم كۈلگىنىنى كۆرمىدىم. پەقەت تۈنۈگۈن ماڭا «رەھمەتلىك مەڭلىك بالا ھايات بولغان بولسا بىر جۈپ بولۇر ئىكەنسىلەر» دەپ غەمكىن كۈلۈمسىرەپ قويدى. «دورغا ئاتا، مەڭلىك بالا دېگەنلىرى كىم؟ دېۋىدىم، «مېرۇل مەرگەندىن سورا» دەپ يەنە قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالدى. مېرۇل ئاكام ماڭا مەڭلىك بالىنىڭ خائىنلار قولىدا شېھىت بولغىنىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ، يوغان مۇشتۇمى بىلەن يەرنى بىر مۇشتلىدى – دە، مۇنداق دېدى: «كۆردۈڭمۇ ئۇكام، بۇ مۇناپىقلارنى، ئۆز ئىچىمىز-دىن مۇناپىق چىقسا، ھەممىدىن يامان بولىدىغىنى شۇ ئىكەن. دۈشمەننىڭ يامغۇردەك ياغدۇرغان ئوقلىرىنىڭ ئاستىدىن ئامان چىققان مەڭلىك بالا ئاخىر شۇ مۇناپىقلارنىڭ قولىدا شېھىت بولدى. شۇڭىزە، بىزنى پەيغەمبىرىمىز مۇناپىقلار كاپىردىنمۇ يامان دەپتىكەندۇق. بۇ گەپنى مەن موللاملاردىن ئاڭلىغان» ، «مەڭلىك بالىنىڭ مەشۇقى ئاينىسا قىز ھېلىمۇ قۇمۇلدىمۇ؟» دېدىم مەن، ئۆزۈمنى ئاران بېسىۋېلىپ، «قۇمۇلدا ئۇكام، قۇمۇلدا. ھەي بۇ دورغامنى، نېمە دېسەم بولار، شۇ گاختا ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويغان بولسا، بىچارە مەڭلىك مۇرادىغا يېتىپ ئاندىن پېشانىسگە يېزىلغاننى كۆرگەن بولسىمۇ كاشكى» دېدى مېرۇل ئاكام كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. شۇ ئارىدا خىيال قۇشلىرىم بىردىنلا ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا غەمكىن پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئاھ... ئۈرۈمچى، ئاھ... مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيار، ئاھ... ھېلىقى كوچىدىكى سېھىر-لىك دەرۋازا. شۇ دەرۋازا ئالدىدىن يەنە ئۆتىدىغان كۈنلەر بولارمۇ؟

شۇ دەرۋازىنىڭ قىيا ئېچىلىشىغا تەلمۈرۈپ، كۆزۈمنىڭ نۇرلىرى ئاققان چاغلار، شۇ دەرۋازا ھەر قېتىم «غىچ» قىلىپ ئېچىلغاندا يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشلىرى... دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى قېتىم كۆڭلۈم قۇشىنى ئۇۋۇلىغان شۇ جانان قىزنى يەنە كۆرىدىغان كۈنلەر نېسىپ بولارمۇ؟ ياكى مەڭگۈلۈك بالىغا ئوخشاش... ياق، ياق، بۇ گەپلەرنى مۇشۇ يەردە بەس قىلايلى.

× × ×

قىزىق ئىش، قاسىم ئەپەندى مېنى كىچىك دېمەي، قىسقىغىنا نەچچە كۈن ئىچىدە مەن بىلەن خېلى پاراڭلاشتى. رۇس تىلىدىن ماڭا ياردەم بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۆزى كۆپ ئوقۇغان ئادەم ئىكەن. ئۇ نامىنى ئاتىغان كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى مەن تېخى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. بىراق، بۇ ئادەمنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قانداقتۇر بىر سىر يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۈلۈشكۈن مەن ئۇنىڭدىن بۇ قوشۇننىڭ نېمىشقا بايرىقى يوق دەپ سورىسام، ئۇ چىرايلىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، «ھاجىنىڭ ئۆزى بايراق ئەمەسمۇ؟» دېدى. «ئۇغۇ شۇن-
داق، بىراق قوشۇن دېگەننىڭ لاتىدىن قىلىنغان بايرىقى بولىدى-
كەنغۇ» دېسەم، «سېنىڭچە قانداق بايراق بولسا بولار؟» دېدى. مەن دەرھاللا «ھەيدەر ئەپەندىم بىلەن تاھىر بەگ دادامنىڭ ئېيتىشىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق بايرىقى بولىدىكەن-
غۇ» دېدىم. قاسىم ئەپەندى كۈلۈپ تاشلاپ، «سەن تېخى ياش، بۇنداق خىياللاردا بولما» دېدى، «ئۇنداق بولسا ھەيدەر ئەپەندىم بىلەن بەگ دادىلارنىڭ گېپى خاتامۇ؟» دېدىم. «خاتا دېگىلى بولمايدۇ، بىراق، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق بايراق بىزگە توغرا كەلمەيدۇ»

دېدى قاسىم ئەپەندى يەنە كۈلۈپ، «نېمىشقا توغرا كەلمەيدۇ؟ بىزنىڭ قوشۇنمۇ مۇسۇلمان قوشــۇنــىغۇ؟» دېسەم، ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، «قوي بۇ گەپلەرنى، كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. مەن ھەيران بولۇپ قالدىم.

× × ×

تۈنۈگۈن قىزىق بىر ئىشنى كۆردۈم. ھوشۇر پەيجاڭ دېگەن شادا پاچاق بىر ئادەم (بەزىلەر ئۇنى ھوشۇر كانتۇ دېيىشىدىكەن) ئۈچ ھەمراھى بىلەن تۆۋەنكى مەھەللىگە يەم — بوغۇز ئۈچۈن دېھقانلارغا پۇل تارقىتىشقا ماڭغاندا مەنمۇ بىللە باردىم. بەزى دېھقانلار پۇلنى ئالدى، بەزىلىرى «ھاجىمنىڭ پىدائىيلىرى بىز ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتسا، يەم — بوغۇزغا نېمىشقا پۇل ئالغۇدەكمىز» دەپ ئالمىدى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يېرىم يولدا ھوشۇر پەيجاڭنىڭ بېلى قاتلانمىغان بىر باغلام قەغەز پۇلنى يوشۇرۇپ قوينىغا تىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ماڭا قاراپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. «ھەي ئۇكام، سەندىن گەپ يوشۇرمايمەن، يېشىم قىرىقتىن ئاشتى، تېخى ئۆيلەنمىدىم. ئانچە — مۇنچە تويلۇققا پۇل يىغمىسام بولامدۇ» دېدى ئۇ بىپەرۋا- لىق بىلەن. «بۇ بىز ئەكەلگەن ھېلىقى پۇلدىنكەنغۇ، قوشۇننىڭ پۇلىنى بۇنداق قىلىسىڭىز بولامدۇ» دېدىم ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كې- لىپ. «خاپا بولما ئۇكام، بىزگە دائىم ئايلىق يوق. بۇ دورەم بىر پۇرسەت كېلىپ قالدى دېگىنە، ئۆزۈڭ كۆردۈڭغۇ، بىرمۇنچىسىنى دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردىم. دېھقانلارنىڭ ئالمىغىنى ماڭا قالدى شۇ» دېدى ئۇ. ئاندىن «بۇ گەپنى باشقا بىرىگە ئېيتىپ يۈرمە» دەپ ماڭا يالۋۇردى. مەن «قىزىق ئادەم ئىكەن بۇ» دەپ ئىچىمدە

كۆلۈپ قويدۇم.

ئەسلىدە جەك ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچراپ چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى بىلەن قىلىچلارنىڭ قۇياش نۇرىدا ۋال — ۋۇل قىلىپ پارقىراشلىرىنى كۆرەرمەن، تاراسلاپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋاز- لىرىنى ئاڭلارمەن دېگەنىدىم. نەچچە كۈندىن بېرى توقسۇن خەل- قى ئىچىدىن يۈزلەپ ئەزىمەتلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن سەپكە قوشۇلۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، بۇ ئارزۇلىرىم پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشى- دىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ھاجى ئاتام ماجۇڭيىڭغا ئەۋەتىدىغان خەتكە «ئەمدى ھېچقايسىمىز نەيزىلەشمەيلى، ئەل — يۇرتقا تىنچلىق كېرەك» دېگەن گەپلەرنى يازدۇردى. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈرۈشلىرىمىز تىنچ شارائىتتا بولىدى- غان ئوخشايدۇ. بوپتۇ، ئىشقىلىپ يۇرتتا تىنچلىق بولغىنى ياخشى!

× × ×

بىراق، تۇرسۇننىڭ شۇ خاتىرىسى يېزىلىپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتەر — ئۆتمەي، تارىم ۋادىسىنى دەھشەتلىك ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلاشقا باشلىدى.

## ئۈچىنچى باب

# پاجىئە مۇشۇ يەردىن باشلاندى

*خەق ماڭا چېقىلمىسا مەنمۇ ئۇنىڭغا چېقىلمايمەن؛*
*ئەگەر ماڭا چېقىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا چوقۇم بوش*
*كەلمەيمەن.*

— خەنزۇ ئىدىئومى

1

خوجىنىياز ھاجى قوماندانلىقىدىكى پىدائىيلار قوشۇنى ئەل ـ جامائەتنىڭ نۇسرەت تىلەپ ئاسمان ـ پەلەككە ياڭراتقان دۇئا ـ تەكبىرلىرى ساداسى ئىچىدە يىلانلىقتىن چىقىپ ئارغىبۇلاق①تاغلىرى بىلەن كۆمۈش، قارا قىزىل دېگەن ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، ئىككى يېرىم كۈندە ئۇششاقتالغا يېقىنلاشقاندا، ئالدى

---

① ئەسلىسى «ئارغۇ بۇلاق»، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىزاھلىشىچە، «ئارغۇ — ئىككى تاغنىڭ ئارىسى دېمەكتۇر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، تىراز (تالاس) بىلەن بالا ساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ (ئارغۇ) دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەر ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ جىلد، 172 ـ بەت.

تەرەپتىن ئالدىراش كېلىۋاتقان بىر يالغۇز ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈ-
نۈپ قالدى. ئۇنىڭ ھەدەپ ئېتىنى دېۋىتىپ، پات ـ پات قامچا
ئۇرۇشلىرىدىن مۇھىم بىر ئىش بىلەن كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ
تۇراتتى. چۈنكى مۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا قاقاس چۆللۈك بىلەن
يول ماڭغان كىشى ئادەتتە ئاتنى بۇ خىلدا چاپتۇرۇپ ماڭمايتتى.
شۇڭا چارلىغۇچىلار قىسمىنىڭ باشلىقى ھېيتەم ئەھۋال ئۇقۇپ
كېلىش ئۈچۈن يالغۇز ئاتلىقنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كەتتى
ۋە بىرئازدىن كېيىن، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى سېرىق
ساقال، ئورا كۆز، ياپىلاق يۈزلۈك بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى.
ئۇمۇ ھېيتەم بىلەن تەڭلا ئاتتىن چۈشۈپ ھاجىلارغا سالام بەردى،
ھېيتەم ئۇنىڭ مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغاندىن
كېيىن، ھاجى ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا گەپ سوراشقا باشلىدى.
مەلۇم بولدىكى، تۇنۇگۈن قاراشەھەر تەرەپتىن ئاتلىق، پىيادە
بولۇپ مىڭدەك چېرىك ئۇششاقتالغا كەلگەن ۋە دەرھال يۇرتنى
ھاشارغا ھەيدەپ، شىمالدىن جەنۇبقا يىلان ئىزىدەك سوزۇلغان
ئۇزۇن ئاكوپ قازدۇرۇشقا كىرىشكەن؛ يۇرت خەلقىنى خۇرجۇن،
تاغارلارغا قۇم توشقۇزۇپ كېلىپ يول ئېغىزلىرىنى توسۇشقا زورلى-
غان. يۇرت خەلقى تىنىڭ ـ تىڭلاپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ قارا شەھەردى-
كى تۇڭگان چېرىكلىرى ئىكەنلىكىنى، ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇقى
بويىچە خوجىنىياز ھاجىلارنى قارا شەھەرگە ئۆتكۈزمەسلىك ئۈ-
چۈن مۇشۇ يەردە توسۇپ ئۇرۇشماقچى بولغانلىقىنى ئۇققان ۋە
بۇ ئىشتىن ھاجىنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن بۇ كىشىنى
ئەۋەتكەن.

— سىزنى چېرىكلەر كۆرمىدىمۇ؟ — سورىدى ھاجى.

— كۆرمىدى. مەن ئارقا تەرەپتىن ئايلىنىپ تاغ ئارىسى
بىلەن ماڭدىم. چېرىكلەردىن ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن چوڭ يولغا

چۈشتۇم.

— بىزنىڭ كېلىشىۋاتقانلىقىمىزنى كىمدىن ئۇقتۇڭلار؟

— چېرىكلەر ئېيتىپتۇ.

— رەھمەت ئاغىنە، تازىمۇ يوجۇك①خەۋەر ئەكەپسىز بولمىسا، بىز غەپلەتتە قالۇركەنمىز. بۇ خىزمىتىڭىز ئۈچۈن سىزنى نېمە بىلەن رازى قىلساق بولاركىن، — دېدى ھاجى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ.

— غوجام، ماڭا ھېچنېمىنىڭ كېرىكى يوق. مېنى رازى بولسۇن دېسىلە، غازى خوجىنىياز ئاتىمىزنىڭ يۈزىنى بىر كۆرۈۋالسام بولدى، — دېدى سېرىق ساقال كىشى ھەممىگە تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ. ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار كۈلۈپ تاشلىدى. ھېيتەم دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ پىچىرلىدى. سېرىق ساقال كىشى چۆچۈپ كەتكەندەك، بىر قەدەم ئارقىغا داجىپ ھاجىغا باشقىدىن سالام بەردى ۋە كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئىككى قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىدە ياش ئەگىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھاجىمۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. سېرىق ساقال كىشى ھاجىنىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ سۆيمەكچى بولغاندا، ھاجى:

— ئۇنداق قىلماڭ بۇرادەر، يامان بولىدۇ، — دەپ قولىنى تارتىۋالدى. سېرىق ساقال كىشى ئىزاتارتىپ كەتكەندەك خورسىنىپ مۇنداق دېدى:

— مېنى خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ دەمدىلا، ئەزبىرايى خۇدا، مەن ئۆمرۈمدە ھېچكىمنىڭ قولىنى سۆيگەن ئەمەس. قاچانلاردۇر بىر زامانلاردا ئاپاق غوجامنىڭ ئەۋلادى دەپ بىر غوجا ئىشان

---

① مۇھىم دېمەكچى (خەنزۇچە).

بىزنىڭ يۇرتقا كەلگەندە، خەقلەر ئۇنىڭ ئىتىكىنى سۆيۈپ كۆزىگە سۈرتۈپ، كىمخاپ تونىنى يىرتىۋېتىكىلى تاس قالغان. مەن شۇ چاغدىمۇ ئۇ غوجامنىڭ ئىتىكىنى تۇتمىغان. سىلىنىڭ قوللىرىنى تاۋاپ قىلاي دېگىنىم، ئاڭلىساق سىلى ئۆزلىرى پۇقرانى دەپ غازات قىلغان غازى ئىكەنلا، ئاشۇ قوللىرى بىلەن يۇرت ــ يۇرتتا پۇقرانى جەبرۇ زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇپ كېلىۋېتىپلا. مەن بۇگۇرلۇك توختى كارۋاننىڭ ئات ــ ئۇلغىنى ھەيدەپ نۇرغۇن يۇرتلارغا بارغان. ئالتىشەھەر تەۋەسىدە مېنىڭ تاپىنىم تەگمىگەن يەر يوق. ھەممە يۇرتتا پۇقرانىڭ كۆنى ئېغىر. يامۇللارنىڭ ئالۋان ــ ياسىقى بىلەن بەگلەرنىڭ زورلۇق ــ زومبۇلۇقى دەستىدىن ئەلنىڭ يىلىكى قۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ دۇنيالىقتا بار ــ يوقۇم بولغان بەش ئېشىكىمدىن ئايرىلىپ قانات ــ قۇيرۇقى قىرقىۋېتىلگەن قۇشقا ئوخشاپ قالدىم. بالا ــ چاقامدىنمۇ ئايرىلىپ، دوم يېتىپ داڭگال قوپۇپ، بېشىمدىن ئەمگەك ئۆكسۈمەيدىغان بەندە بولۇپ يۈرىمەن. ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇششاقتالدا ئۇنىڭ ــ بۇنىڭ يۈگۈر ــ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ جان بېقىۋاتىمەن. سىلىنى كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاپ، يۇرت خەلقى ئاۋۇ ئاتنى ھەسەن شاگىيودىن جەيلىگە ئېلىپ مېنى قاشلىرىغا ئەۋەتتى. غازى ئاتىمىزنىڭ يۈزىنى ھەممىدىن بۇرۇن مەن كۆرىدىغان بولدۇم دەپ تولىمۇ خۇشال بولغانىدىم.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ خۇددى ئېيتىدىغان سۆزىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك شۈك تۇرۇپ قالدى. ھاجى غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ:

— خاپا بولماڭ ئاغىنە، كېلىڭ، باشقىدىن كۆرۈشەيلى، — دەپ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ئىسمىنى سورىدى. سېرىق ساقال كىشى ئىسمىنىڭ روزى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— قېنى ئېيتىڭا روزاخۇن، — دېدى ھاجى، ئاندىن، —

هە... ياق، سىزنى روزى كارۋان دېسەك بولغۇدەك، بۇ يەر بىلەن ئۇششاقتالىنىڭ ئارىسى قانچىلىك كېلەر؟ — دېدى.

— بىر يېرىم پوتەي① كېلەر.

— يېقىنلا كېلىپ قاپتىمىز. ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى ھاجى ئۆز سەپداشلىرىغا قاراپ.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى مەھمۇت مۇھتى، شالاڭ ۋە قىسقا ساقىلىنى سىلاپ، — دەرەخ لىڭشىمايمەن دېگەن بىلەن شامال ئۇنى تىنچ قويمىسا، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىشتىن باشقا نېمە ئىلاج بار؟

— سىجاڭ راست ئېيتتى، — دېدى سالى دورغا، — ئاتسا ئاتۇرمىز، چاپسا چاپۇرمىز. نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك دېمەپتىكەن. ئۆزىنىڭ نىيىتى ئۆزىگە ھەمراھ بولمامدۇ.

ھەممەيلەن يۇقىرىدىكى پىكىرلەرگە قوشۇلۇپ ھۇجۇمغا قارشى تەييارلىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. بولۇپمۇ قاسىم ئەپەندى «سۇشۇ پەيتتە تۇڭگانلارغا ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇشىمىز لازىم» دەپ قاتتىق تۇردى.

— بۇغۇ شۇنداق، ئەمما ئۇلار نېمىلا دېگەنبىلەن مۇسۇلمان. مەن ئۆزۈم مۇسۇلمان تۇرۇپ مۇسۇلمانغا بىرىنچى بولۇپ ئوق ئاتمايمەن. بۇ ئۇلاردىن قورققانلىقىم ئەمەس، خۇدادىن قورققانلىقىم. تاڭنا مەھشەردە نېمە دەيمەن؟ — دېدى ھاجى، ئاندىن نەمەت خەلپەتكە قاراپ مۇنداق دېدى، — ئارىمىزدا سىزدىن موللىراق كىشى يوق خەلپىتىم. قېنى ئېيتىڭچۇ، بىزنىڭ دىنىي ئىسلامىمىزدا بۇ مۈشكۈلگە يول بارمۇ؟

— يول بار. ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ كالامىدا مۇنداق

① بىر پوتەي ئون چاقىرىمغا تەڭ.

دېگەن، — دېدى نەمەت خەلپەت بوم ناغرىدەك ئاۋازى بىلەن «قۇرئان» ئايەتلىرىدىن بىر - ئىككىنى ئوقۇپ، ئاندىن، — بۇنىڭ مەنىسى: سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللا يولىدا جەڭ قىلىڭلار، (ئۆزۈڭلار) تاجاۋۇز قىلماڭلار، ئاللا تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ... ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار، دېمەكتۇر، — دېدى.

— ماجۇڭيىڭ ھەر نېمە دېگەنبىلەن مۇسۇلمان تۇرسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ — سورىدى ھاجى جىددىي قىياپەتتە.

— توغرا، ئۇ مۇسۇلمان. ئەمما ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ مۇسۇلمانغا تاجاۋۇز قىلماقچى. ئاللا سۇبھانە ۋە تائالا ئۆز كالامىدا يەنە «پىتنە - ئىغۋا چىقارماق ئادەم ئۆلتۈرگەندىنمۇ يامانىدۇر» دەيدۇ. ماجۇڭيىڭ ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىكى قىلغانىكەن، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك!

— بۇ ئايەتلەر قايسى سۈرىدە؟

— «سۈرە بەقەر» دە.

— مانا ئىلىمنىڭ خاسىيىتى، — دېدى ھاجى سەل ئىچەـ لىپ، — بىزدەك قارا تۇرۇكلەر «قۇرئان» ئوقۇشنى بىلگەن بىلەن مەنىسىنى ئۇقمايمىز، دەريا بويىدا يۈرۈپ سۇ ئىچەلمىگەنگە ئوخشاش. خەلپىتىمغۇ بىزگە ياخشى پەتىۋا چىقىرىپ بەردى. شۇنداقتىمۇ ئىلاج بولسا ئۇرۇشماسلىق ئۈچۈن ئاۋۋال ئەلچى ئەۋەتىپ كۆرەيلى، ئۇنىمسا ئاللانىڭ بۇيرۇغىنىنى كۆرەرمىز. قانـ داق دەيسىلەر؟

## 2

شۇنداق قىلىپ، ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قاسىم ئەپەندى ئەلچىلىككە بارىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئىككى يىگىت قوشۇپ

بېرىلدى. بىرى تۇرسۇن دولان بولۇپ، ئۇ تىلماچلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكچى؛ يەنە بىرى، تۇرپان يەمشىلىك سەيدۇل دېگەن يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئەلچىلىك بەلگىسى بولغان ئاق بايراقنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئىدى.

— شۇنداق بولسۇن ئەپەندى. سىز ئوقۇغان ئادەم، گەپنى قانداق قىلىشنى ئوبدان بىلىسىز. قىسقىسى، بىز ئۇلارغا يول بېرەيلى، گا سىلىڭنىڭ قېشىغا تىنچ ـ ئامان بېرىۋالسۇن؛ ئۇلارمۇ بىزگە يول بەرسۇن، قارا شەھەرگە ئۆتۈۋالايلى، ئەل ـ يۇرتقا تىنچلىق كېرەك. ئەمدى بىر ـ بىرىمىزگە ئوق ئېتىشمايلى، — دېدى ھاجى قاسىم ئەپەندىلەرنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ. ئاندىن تۇرسۇن- غا قاراپ، — ئەپەندى ئاكاڭنىڭ گېپىنى ئوبدان ئۆرۈپ بەر، ئۆزۈڭ تۇرگۇن بول بالام، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

— خوپ، ھاجى ئاتا، — دېدى تۇرسۇن تۇنجى قېتىم ۋەزىپىگە بۇيرۇلغىنىغا پەخىرلەنگەندەك قەددىنى رۇسلاپ.

× × ×

ئەلچىلەردىن كېيىن قوشۇنمۇ ئۇلارنىڭ قارىسىنى يوقاتماي ئاستا تەۋرىدى...

قاسىم ئەپەندى قارشى تەرەپتىكى چېرىكلەرنىڭ قارىسى ئې- نىق كۆرۈنگەن ھامان، سەيپۇلغا بايراقنى پۇلاڭلىتىپ مېڭىشنى بۇيرۇدى. بىراق، قارشى تەرەپتىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئارىلىق ئۈچ ـ تۆت يۈز قەدەمچە قالغاندا، بىردىنلا ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ بايراقچى يىگىت ئاتتىن غۇلاپ كەتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى بايراقمۇ قانغا بويالدى. ئارقىدىنلا قاسىم ئەپەندى ئاتنىڭ يايلىنى تۇتقان پېتى ئېگەرگە ئېگىشىپ قالدى. تۇرسۇن ھودۇقۇپ كېتىپ

ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى ــ دە، كەلگەن ئويۇۋەتكەن ئازگالغا يىتىۋالدى.

ئەھۋالنى ئات ئۈستىدە دۈربۈن بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان ھاجى تېخى بىرنېمە دېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا قارشى تەرەپتىن چىرقىراق كاناي ئاۋازلىرى ياڭراپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان چېرىكلەر «شا ــ شا»①دەپ ۋارقىراشقان پېتى ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— ئات، بۇ لومودىلارنى! — دەپ ۋارقىرىدى ھاجى، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ.

بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا بۇياقتىنمۇ ئوق يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى. مەھمۇت مۇھىتى چاپچىپ تۇرالمايۋاتقان قارىگىر ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزۈن قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا «ئالغا» دەپ، بىر توپ ئاتلىقلار بىلەن يان تەرەپتىن چېرىكلەرگە ئېتىلدى.

بۇ جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى، ئۇياقتا «شا ــ شا»، بۇياقتا «ئاللاھۇ ئەكبەر» سادالىرى بوراندەك گۈركىرەپ بىپايان دالانى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە؛ مىلتىق دورىسىنىڭ ئاچچىق ئىسلىرى بىلەن ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ــ توزانلار قوشۇلۇپ قۇياش يۈزىنى خۇددى قارا بۇلۇتتەك توسىۋالماقتا؛ ئونلاپ ــ ئونلاپ باشلار كېسىلىپ، ئونلاپ ــ ئونلاپ تەنلەر يانجىلىپ، كەلگەن يالاپ كەتكەن يەرلەردە ئەمدى قىزىل قانلار ئاقماقتا؛ كەڭ دالانىڭ چەت-ياقلىرىدا ئوتلاپ يۈرگەن جەرەن ــ كېيىكلەرمۇ بۇ دەھشەتتىن ئۈركۈپ باغراش كۆلى تەرەپكە قاچماقتا ئىدى.

باياراقتا ئەلچىلىك بەلگىسى ئاق بايراقنى پۇلاڭلىتىپ كېلى-

---

① «شا ــ شا» (خەنزۇچە)قىر ــ چاپ.

ۋاتقان سەيپۇلنى بىر تال ئوق بىلەن ئاتتىن غۇلىتىۋەتكەن سونۇر دېگەن خۇيزۇ يىگىتمۇ تۇرپانلىق بولۇپ، بۇلتۇر مۇشۇ كۈنلەردە ماشىمىلىك قوماندانلىقىدىكى پىدائىيلار توپىغا قوشۇلغان ۋە ئەسلىدە سەيپۇلنىڭ دوستى ئىدى. سەيپۇل ھەر قېتىم بازار ــ ۋىلىققا كىرگەندە سونۇر ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاش ــ لەڭپۇڭ دۇكىنىدا مېھمان قىلاتتى. ئۇ بايا سەيپۇلنى تونۇدىمۇ يوق، ئىشقىلىپ،بىر تال ئوق بىلەن ئۆز دوستىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. ھايت ــ ھۇيت دېگۈچە تۇرپانلىق نەمتۇل بۇرۇت دېگەن كىشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋېتىپ، سونۇرنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرۇۋەتتى. ئەسلىدە نەمتۇل بۇرۇت سونۇرنىڭ ئاكىسى بىــــلەن باردى ــ كەلدىسى ناھايىتى قويۇق دوست ئىدى. ئۇ، بايا سونۇرنى تونۇدىمۇ يوقمۇ بۇنىسى ئاللاغا مەلۇم، ئىشقىلىپ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن بولسا كېرەك، ئۆز دوستىنىڭ ئىنىسى سونۇرنىڭ ياش جېنىغا زامىن بولدى.

يارەببىم، بۇ نېمىدېگەن دەھشەت، نېمىدېگەن شۇملۇق، ياۋۇزلۇق! ئۇرۇش دېگەن شۇنداق نېمىمۇ؟ ئۇرۇش ئەسەبىيلىكى ئادەملەرنى شۇنداق تەلۋە، شۇنداق ياۋۇز، قارا كۆڭۈل قىلىپ تاشلامدىغاندۇ؟ كاشكى بۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئەزەلى ۋە ئەبەدىي دۈشمەنلىك بولسا؛ كاشكى، ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ بىرى يات ئەلدىن ئىككىنچى بىر تەرەپنىڭ ۋەتىنىگە باستۇرۇپ كىرگەن تاجاۋۇزچىلار بولسا نېمە دەي! ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەلدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەتتا بىر كارىزنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ۋەتەنداشلار، يۇرتداشلار، ھەتتا قىبلىسى بىر، پەيغەمـ بىرى بىر دىنداشلار ئىدى.

1931 ــ يىلى ئەتىيازدا پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىـ ڭىدىن بۇيان، ئىككى يىل مابەينىدە گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق

كۆكۆل قىلىشىشلاردىن قەتئىينەزەر، قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، پىچان دىيارلىرىدا زۇلۇم ئىستىبدات ۋە تەڭسىزلىككە قارشى كۆ-رەش قىلىپ كەلگەن بۇ ئىتتىپاقداش قوشۇن ئەنە شۇ جەڭدىن كېيىن، بىر ـ بىرى بىلەن غانجۇغا بېشىدا كۆرۈشىدىغان ئەشەد-دىي رەقىبلەرگە ئايلاندى. پەقەت بىرەر سائەتلا داۋام قىلغان بۇ جەڭ، ماھىيەتتە، شىنجاڭ تارىخىنىڭ 30 ـ يىللار سەھىپىسىدىكى ئۆچمەس قارا داغ — مىللەتلەر ئارا قىرغىنچىلىقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، گۈزەل تارىم ۋادىسى خېلى كۈنلەر بەلكى خېلى ئايلارغىچە دەھشەتلىك ئەجەل تۇمانلى-رى ئىچىدە قالدى.

بۇ پاجىئەنىڭ باش رېژىسسورى زادى كىمكىن ـ ھە؟!

3

بۇ جەڭدە پىدائىيلار قوشۇنى ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنى ئېغىر چىقىمدار قىلىپ، قارا شەھەر تەرەپكە چېكىندۈرگەن ۋە يۈز نەچچە تال مىلتىق غەنىيمەت ئالغان بولسىمۇ، بۇ غەلىبىدىن ھېچكىم خۇشال بولغاندەك ئەمەس. ئەكسىچە ھەممە كىشى ئۆزىنى چۈشۈن يەۋالغاندەك ھېس قىلاتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۆز سەپداشلىرىدىن يىگىرمە بىر كىشىنىڭ قازاغا ئۇچراپ، قاسىم ئەپەندى باشلىق يەتتەيلەننىڭ ياربدار بولغانلىقىمۇ ياكى باشقا ئىشمۇ، بۇ توغرۇلۇق ھېچكىم ھېچنېمە دېمەيتتى. گويا بۈگۈن ھەممىيلەن گەپ ـ سۆز قىلىشماسلىققا ئەھدىلىشىۋالغاندەك بىر ـ بىرى بىلەنمۇ سۆزلەش-مەي، گاھىلىرى يەرلىك كولاش، گاھىلىرى ياربدارلارنىڭ يارىسى-نى تېڭىش بىلەن بەند ئىدى. ھاجىنىڭ ئۆزىمۇ قاسىم ئەپەندىنىڭ يارىسىنى تېڭىشقا ياردەملىشىپ يۈرەتتى. قاسىم ئەپەندى سول

بېقىنىدىن يارىلانغان بولۇپ، ئوق تەگكەن يېرى پىچاق تىلىۋەت- كەندەك ئېچىلىپ قالغانىدى. باياتىن قىقاس ــ چۇقان ھۆكۈم سۈرگەن كەڭ دالامۇ گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن، پەقەت ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن يارىدارلارنىڭ ئاندا ــ ساندا ئىڭ- راپ قويۇشلىرى بىلەن قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلارنىڭ بەزى ــ بەزى پۇشقۇرۇپ قويۇشلىرىلا ئاڭلىنىپ قالاتتى.

يىگىرمە بىر يەرلىك كولىنىپ تەييار بولغاندا، نەممەت خەل- پەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ كۆپچىلىك دىققەت! ھازىر شېھىتلارغا ناماز چۈشۈرىمىز. تەرەت ئېلىشقا سۇ يوق يەردە تەيەممۇم دۇرۇس. تەيەممۇم قىلىشنى بىلمەيدىغانلار مۇنداق قىلسۇن...

ئۇ، شۇنداق دەپ، يوغان ئالىقانلىرىنى ئىككى تىزىغا تەگ‌لا ئۇرۇپ، ئاۋۋال يۈزىنى، ئاندىن قوللىرىنى جەينەكلىرىگىچە يۇيغان- دەك قىلىپ كۆرسەتتى. شۇ ئارىدا يىگىتلەر يىگىرمە بىر جەسەتنى ئۈچ قاتار قىلىپ تىزىپ قويدى. ھەممەيلەن سەپكە تىزىلدى. نەممەت خەلپەت ئىمامەتچىلىككە ئۆتتى. ھاجىمۇ ئۇن ــ تىنسىز كېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلى- رىدە غەزەپ ئارىلاش غەم ــ ئەندىـــشـــە ئۇچقـــۇنلـــىرى چـــاچراپ تۇراتتى.

نامازدىن كېيىن يىگىتلەر شېھىتلەرنى قانلىق كىيىملىرى بىلەنلا يەرلىككە قويۇشقا باشلىدى. ھاجى قىرىپ قالغان كىشىدەك ئىككى قولى بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىسىگە تايىنىپ، يىگىتلەرنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى ــ دە، نۆۋەت سەيپۇلغا كەلگەندە، «تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان ياش بالا ئىكەندۇق، ئىست!» دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

شېھىتلەرنىڭ روھىغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولۇپ ھەم-

مەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندىمۇ ھاجى قىمىرلىماي جىم ئولتۇ-
راتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى سىلىنىپ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.
مەھمۇت مۇھىتى ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشىپ:

— بولار ئىش بولدى، ئەمدى ماڭساق بولارمىكىن، ھاجى
ئاكا، — دېدى.

— ھەي بۇ دۆيۈزلەرنى قارىمامدىغان، — دېدى ھاجى
ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بىزنىمۇ، ئۆزىنىمۇ نېمە كويلارغا سېلىپ
قويدى ـ ھە! ئەمدىزە، بىر ـ بىرىمىزنى قىرىپ، ئۆلۈكلىرىمىزنى
چۆلدە قويۇپ، شىۋىڭ دۆبەنگە تاماشا بولۇپ بېرىدىغان
ئوخشايمىز...

— ھاجىم، بىز نېمىشقا قوزغالغان؟ — تۇيۇقسىز سوئال
قويدى قاتمال كەلگەن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم.

بۇ ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى،
ھەتتا سالى دورغىمۇ ئەندىكىپ كەتتى. چۈنكى سوئال قويۇۋاتقان
كىشى ئۆزىنىڭ قورقۇمسىزلىقى، سۆزگە سۆز كەلگەندە ھېچكىمنى
ئاياپ تۇرمايدىغان توغرا كېسەرلىكى بىلەن تونۇلغان توخنىياز زور
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھاجىنىڭ كەيپى بۇزۇلغان مۇشۇنداق
پەيتتە، توخنىياز زور بىرەر قاتتىق گەپ قىلىپ قويمىغىدى دەپ
ئەنسىرەپ كېتىشتى.

— ئېيتسىلاچۇ، بىز زادى نېمىشقا قوزغالغان؟ —
تەكرارلىدى توخنىياز زور ھاجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بىزنى ئادەم
قاتارىدا كۆرمىگەن زالىم ھۆكۈمەتنى يوقىتىپ، بىزمۇ باشقىلارغا
ئوخشاش ئەركىن ياشايلى، ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىغا ئۆزىمىز ئىگىدار-
چىلىق قىلايلى دەپ قوزغالغان ئەمەسمىدۇق! شۇنى دەپ باشتا
شىڭ شىسەي دېگەن مەلئۇن بىلەن سوقۇشتۇق، كېيىن يارىشىمىز
دېدۇق، ياراشتۇق. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ، ئۆز دىنداشلى-

رىمىز بىلەن بولۇشۇۋاتىمىز. بۇ نېمە بولغىنى؟ بىز شۇنى دەپ قوزغىلاڭ قىلغانمۇ؟ ئەمدى نەگە بېرىپ، نەدە توختىماقچىمىز؟

بۇ سوئاللار، بولۇپمۇ «ئەمدى نەگە بېرىپ، نەدە توختايمىز» دېگەن مەسىلە كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدە يېشىلمەي تۇرغان مۇھىم بىر تۈگۈن بولغاچقا، توخنىياز زورنىڭ گەپلىرى ھەممىنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋەتتى. نەچچە يۈزلىگەن كۆزلەر «ھاجىم نېمىدەپ جاۋاب بېرەركىن» دەپ دەرھال ئۇنىڭغا قادىلىپ قالدى. كىمدۇر بىرى يېنىدىكى ھەمراھىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ مۇنداق دېدى: «ئاپلا، ئاغرىمىغان باشقا ئالتە تاياق دەپ، توخنىياز زور ئۆزىگە ئىش تېپىۋالدىغان بولدى، جۇمۇ! ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا دېگەن گەپنى ئاڭلىماپتىمىكىن بۇ ئاداش».

ھاجىم بولسا، خۇددى ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇيۇقسىز قىيىن سوئالىغا جاۋاب تاپالماي قالغان ئوقۇغۇچىدەك بىردەم جىم تۇردى ــ دە، بىردىنلا ئوڭ قولىنى توخنىياز زورنىڭ مۈرىسىگە تاشلاپ:

ــ سەن جىڭ گەپنى قىلدىڭ ئاغىنە، گېپىڭ ھەق بولسا خانغا ئېيتىشتىن قورقما دەپتىكەن، مەرد ئادەملەر شۇنداق بولىدۇ، مەن سەندىن رازى، ــ دېدى. ئاندىن ھەممەيلەن ئېنىق ئاڭلىسۇن دېگەن مەقسەتتە بولسا كېرەك، بىر قىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزۈن قوللىرىنى پۇلاڭلاتقان پېتى سۆزلەپ كەتتى، ــ توخنىياز توغرا ئېيتتى، بىز زادى نېمىشقا قوزغالغان؟ ئەمدى نەگە بېرىپ، نەدە توختىماقچى؟ مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن. مەن ئاۋۋال سىلەرگە بورتالادىكى موڭغۇل دوستۇم ئېردىنباتتىن ئاڭلىغان بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بېرەي: بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئاۋات يۇرت بوپتىكەن، ئۇ يۇرتنىڭ تەسكەي تەرىپىدە ئېگىز بىر تاغ بولۇپ، ئۇ تاغنىڭ ئىچىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ چىقىدىكەن. يۇرت خەلقى شۇ سۇ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. كۈنلەردە بىر كۈن

بۇ سۇ تۈيۈقسىزلا سوغۇلۇشقا باشلاپتۇ. بېرىپ قارىسا، سۇ چىقى-دىغان غارنىڭ ئاغزىنى يوغان بىر ئەجدىھا توسۇپ ياتقۇدەك. يۇرت خەلقى نېمە قىلىشىنى بىلمەي غەم – قايغۇغا پېتىپتۇ. شۇ ئارىدا يۇرت چوڭلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئەجدىھانىڭ ھەققىگە نەزىر – چىراغ ئۆتكۈزسەك، بىزگە رەھىم قىلار دېگەن ئۈمىد بىلەن نۇرغۇن قوي – كالىلارنى ھەيدەپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىپتۇ. ئەجدىھا زۇۋانغا كېلىپ، «مۇنداق قىلغىنىڭلار بىكار، سىلەرگە سۇ كېرەك بولسا، ماڭا ھەر كۈنى بىر قىز ئەكېلىپ بېرىسلەر، مەن ئۇنى تىرىك يۇتۇپ ھوزۇرلىنىمەن، بولمىسا سى-لەرگە سۇ يوق» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەل – يۇرت يىغلاپ – قاقشاپ ھەر كۈنى بىر قىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بوپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ يۇرتتا قىز تۈگەشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا بىر باتۇر يىگىت ئوتتۇرىغا چىقىپ، «ئەجدىھادىن قۇتۇلۇش-نىڭ يولى بۇ ئەمەس، ھەممىمىز قولىمىزغا قورال ئېلىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئەجدىھانى يوقىتايلى» دەپتۇ. دەرد – ئەلەمنىڭ دەستىدىن ئوغىسى قايناپ تۇرغان خەلق ھېلىقى باتۇرنى ئۆزىگە باش قىلىپ شۇ ھامان جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئەمما، ئەجدىھاغا تەڭ كېلەلمەپتۇ. يەنە جەڭ قىپتۇ، يەنە تەڭ كېلەلمەپتۇ. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى قوشنا ئەلدىن ياردەم سورىساق بولمامدۇ دەپتۇ. بۇ گەپ ھەممىسىگە پەسەنت كېلىپ قوشنا ئەلگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ھېلىقى غاردا نۇرغۇن دۇنيا – دەپىنە بارلىقىنى ئاڭلاپ يۈرگەنىكەندۇق، مانا ئەمدى شۇ دۇنيادەپىنىنى قولغا چۈ-شۈرۈشكە پۇرسەت كەلدى دەپ، شۇ زامات خالىس ياردەم بېرىشكە رازى بولۇپ لەشكەر تارتىپ كەپتۇ. ئىككى يۇرت خەلقى بىر بولۇپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەمما قوشنا ئەلنىڭ پادىشاھى يامان نىيىتىنى ئاشكارىلاپ غاردىكى دۇنيا-دەپىنىنى يۆتكەپ كەتمەكچى

بوپتۇ. يۇرتىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى «بۇنداق قىلساڭ بولماس، ئالساڭمۇ يېرىمىنى ئال، قالغىنى ئۆزىمىزگە قالسۇن» دېسىمۇ، ھىلىقى پادىشاھ كۆكەرمىلىك قىلىپ نىيىتىدىن يانماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئارىدا جاڭجال تۇغۇلۇپ تىغ تەڭلىشىپتۇ، قانمۇ تۆكۈلۈپتۇ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاتائالا بۇنداق ناھەقلىقنى راۋا كۆرمەي ھىلىقى دۇنيادەپىنىنى كۆزدىن غايىب قىلىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندە، ھاجى يانچۇقىدىن ئازراق يېرى قانغا مىلەنگەن بىر پارچە خەنزۇچە خەتنى چىقىرىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى ۋە:

— مانا قاراڭلار، بۇ خەت ئاۋۇ ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ياتقان خەن تۇەنجاڭنىڭ يانچۇقىدىن تېپىلغان. بۇنى گا سىلىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان. ھەي، تۇرسۇن، قېنى سەن بالا. بۇنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەر! — دېدى.

تۇرسۇن دولان يۇگۇرۇپ كېلىپ ھاجىنىڭ قولىدىن خەتنى ئالدى — دە، ئۈيغۇرچىلاشتۇرۇپ، ئەمما سەل دۇدۇقلاپ ئوقۇشقا باشلىدى:

36 — دېۋىزىيە شتابىدىن

071 — نومۇرلۇق بۇيرۇق

تېلېگرامما ئورنىدا جىددىي بۇيرۇق شۇلكى، خوجىنىياز باشلىق چەنتۇلار ئالتىشەھەر تەرەپكە بارماقچىدۇر، بۇ بۇيرۇق خەت تەگكەن ھامان تاغ ئارقىلىق كىچىك يول بىلەن كېچە — كۈندۈزلەپ يۈرۈپ، قارا شەھەردىكى ما تۇەنجاڭ بىلەن بىرلىشىپ، خوجىنىياز باشلىق چەنتۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قورالىرىنى ئېلىپ، دەرھال ئۈچۈر بېرىڭلەر، ئەگەر سۇسلۇق قىلىپ، خوجىنىياز باشلىق بىرەر چەنتۇ ئەسكىرىنى ئالتىشەھەر تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋەت-

سەگلار، ئېغىر جازا بېرىمەن.

خەت ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەن ئالامان ئىچىدە ۋاراڭ — چۇرۇڭ باشلىنىپ كەتتى. گاھىلار مۇشتۇملىرىنى، گاھىلار مىلتىق — قىلىچلىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، بىرنېمىلەر دەيتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ھاجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن يەنە جىمجىتلىق باشلاندى:

— گەپ شۇ ئاغىنىلەر، بىز زۇلۇمغا قارشى، مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى، تەڭسىزلىككە قارشى، مىللىي ئازادلىق ۋە باراۋەرلىك ئۈچۈن، ھەق ئادالەت ئۈچۈن قوزغىلاڭ قىلدۇق. قان كەچتۇق، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنى يوقاتتۇق. شېڭ دۇبەن مىللەت-لەرنى باراۋەر كۆرىدىغان، پارىخورلۇق قىلمايدىغان، ئادىل — ئادالەتلىك سىياسەت يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمەت قۇرىمىز، يۇرتنى تەڭ سورايمىز دېدى. بۇنىڭغا شورالار ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلى كېپىل بولدى. بىز ماقۇل دېدۇق، بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن ياراشمايت-تىم. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قېنى قاسىم ئەپەندى گەپ قىلىڭ!

نەچچە يۈزلىگەن كۆزلەر ئىككى تال چېدىر ياغىچىدىن ياسالغان جىرغىدا ئولتۇرغان قاسىم ئەپەندىگە قارىدى، قاسىم ئەپەندى بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ:

— شۇنداق، بۇ توغرىدا تۈزۈلگەن بىتىمگە سوۋېت كونسۇ-لى كېپىل بولۇپ قول قويغان، — دەپ گۇۋاھلىق بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازى تۈزۈلۈپ — تۈزۈلۈپ تىترەپ چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى.

— شۇنداق ئاغىنىلەر، — دەپ داۋام قىلدى ھاجىم، — شۇ پۈتۈم بويىچە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭنى، ھە راست، قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن، پىچاننىمۇ ئۆزىمىز سورايمىز، ئەمەلدارلارنى ئۆزىمىز قويىمىز، ئالۋان — ياساقنى ئازايتىمىز، جەبىر — زۇلۇمنى تۈگىتىمىز، ئۆزىمىز قوشۇن قۇرۇپ يۇرتنىڭ تىنچ — ئامانلى-

قىنى ساقلايمىز. بۇ گەپلەرنى بىز فۇكاگدىكى چاغدىلا ھەممەيلەنگە ئېيتقان. بۇ پۈتۈم ئۈچ نۇسخا پۈتۈلگەن. بىرى مەندە، بىرى شىپاڭ دۇبەندە، بىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتتە. مەن مەركەزدىن ئايرىلمايمەن. ئايرىلىپ نېمە قىلىمەن؟ پۈقراغا تەگلىك، ئەركىنلىك بەرسىلا، بىزنى ئەزمىسىلا بولدى. مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا پادىشاھ بولىدىغان نىيىتىم يوق، پادىشاھلىقنىمۇ قاملاشتۇرالمايمەن. ماجۇڭيىڭ جىمساردا بىزنىڭ ھەققىمىزنى يەۋالغىنى يەتمىگەندەك، پادىشاھ بولىمەن، ھەممىنى ئاغزىمغا قارىتىپ ئۆزۈمنىڭ جورۇقىغا كىرگۈزىمەن دەپ ئىشنى بۇزدى. ئۇ پۈتۈن جۇڭگونى ئالماقچى، رۇسىيىنىمۇ ئالماقچى، چېگرامنى ھەرەمگە تۇتاشتۇرىمەن دەيدۇ ئۇ تېخى! ئورۇق ئۆيگە يوغان مۆڭگۈز دەپ، ئۇنىڭ يوغانچىلىقىنى قاراڭلار. بىززە كەربالانىڭ ئىتىدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ تېجىمەللىكىنى قىلغۇدەكمىز، ئۇنىڭغا قان تۆكۈشۈپ بەرگۈدەكمىز! بۇنى خۇدا راۋا كۆرەمدۇ، ئەل — يۇرت راۋا كۆرەمدۇ؟ مانا شۇ ۋەجىدىن مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ خاتا قىلدۇقمۇ يە؟

— ياق، ياق، توغرا قىلدۇق، — دەپ ۋارقىراشتى توپ ئىچىدىن بىرمۇنچىلار.

— ھە، توغرا قىلدۇق ئاغىنىلەر، توغرا قىلدۇق، — دەپ داۋام قىلدى ھاجىم، — مانا كۆردۈڭلارمۇ ئۇنىڭ نىيىتىنى! نىيىتى يامان ھەمراھ باشقا بالا. دېمىسىمۇ مانا بۈگۈن بىرمۇنچە ناھەق قان تۆكۈلدى. بۇنىڭ ھەممىسىگە تاڭنا مەھشەر كۈنى ماجۇڭيىڭ دېگەن لومودى ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ. بىز جانابىي ئاللانىڭ كالامى بويىچە ئىش قىلدۇق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاللا نېمىنى بۇيرۇغان بولسا شۇنى كۆرىمىز، قانداق دېدىم؟

— توغرا، توغرا، — دەپ تەستىقلاشتى كۆپچىلىك.

— سىنىڭچۇ، يەنە گېپىڭ بارمۇ ئاغىنە؟ — دېدى ھاجىم توخنىياز زورغا قاراپ.

— باشقا گېپىم يوق ھاجىم، — دېدى توخنىياز زور ئۆزىنى تېتىك تۇتۇپ، — گەپنى كولىساڭ گەپ چىقىدۇ، يەرنى كولىساڭ سۇ چىقىدۇ دەپ، مەن گەپ كولاپ قويۇۋىدىم، بىرمۇنچە ئوبدان گەپلەر چىقتى. ئىچ ـ قارنىمىز يورۇپ قالدى. سەركە سەگەك بولسا پادا ئاداشمايدۇ، ئۆزلەگە ئەگەشكىنىمىز ئەگەشكەن، نەگە باشلىسىلا مېڭىۋېرىمىز.

— سەنمۇ بىر سەركە، ئاغىنە! لەنجاڭ دېگەن يۈز ئەسكەرنىڭ بېشى، ھەممىمىز سەگەك بولايلى!

ھاجى بىلەن بىللە يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ئۇزاق سۆزلىگىنىنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا گەپنى نېمە بىلەن ئاياغلاشتۇرۇشنى ئۇقالمىغاندەك جىم تۇرۇپ قالدى.

مەيداننى يەنە جىمجىتلىق باستى. پەقەت تەرلىرى قۇرۇمىغان جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئاندا ـ ساندا پۇشقۇرۇپ قويۇشلىرى، قان پۇرىقىنى ھىدلاپ، ئالىقاياقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن قاغا ـ قۇزغۇنلارنىڭ ئېغىر قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ ئەنسىزلىك بىلەن قاقىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باياراقتا جەڭ بولغان كەڭ دالادا بولسا، چېرىكلەرنىڭ كۆمۈكسىز قالغان ئۆلۈكلىرى خۇددى تاشلانغان كونا چاپان ـ چارىلاردەك يېيىلىپ ياتاتتى. ھاجىم شۇ تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ توخنىياز زورغا بۇيرۇق قىلدى:

— سەن ئادەملىرىڭنى باشلاپ بېرىپ، ئاۋۇ ئۆلۈكلەرنى كۆمدۈرۈۋەت. قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولمىسۇن. دۈشمەن بولسىمۇ ئادەم ئەمەسمۇ!

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ھاجىم ئاندىن توپقا

قاراپ، — بۈگۈن ئاخشام ئۇششاقتالدا قونۇپ، ئەتە تاڭ سەھەر بىلەن قارا شەھەرگە ماڭىمىز.

— مېنىمۇ توپقا قېتىۋالسىلا ھاجى ئاكا، — دېدى بايارقتا ئۇششاقتالدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى سېرىق ساقال كىشى.

— خوپ بۇرادەر، بىزگىمۇ ساڭا ئوخشاش يول باشلىغۇچى كېرەك، ئېتىڭمۇ بـــار ئىكـــەن، مىلتىقنـــى چېرىكلەردىن ئۈزۈك ئېلىۋال، — دەپ كۈلۈپ قويدى ھاجى.

× × ×

شۇ ئاخشىمى تۇرسۇن دولان چىراغ يورۇقىدا خاتىرە يېزىشقا كىرىشتى. بۈگۈنكى پاجىئەلەر تەسىۋىرلەنگەن بىرنەچچە بەتلىك خاتىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقىپ، تۆۋەندىكى قۇرلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويدى: «نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان، قاينام ـ تاشقىنلىق جەڭ مەيدانلىرىنى بىر كۆرسەمدىم دېگەنلىرىم ياش يىگىتلەرگە خاس ماختانچاقلىق ئىكەن، بۈگۈن بىرىنچى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىشىم ۋە رەھىمسىزلىك سەيپۇلنىڭ ئاتتىـــن غۇلاپ چۈشكىنىنـــــى كۆرۈشۈم بىلەنلا كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ كەتتى. ئۆزۈمنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن بىر ئازگالغا تاشلىدىم، نومۇس، نومۇس!»

## تۆتىنچى باب

# كاگدىن چىققان «پەرىزات»

*كىشىلەرگە ئەتىرگۈل سۇنغان قولدىن*
*ھەمىشە خۇش پۇراق پۇراپ تۇرىدۇ.*

— خەنزۇ خەلق تەمسىلى

1

ئۇرۇش بورانلىرى ئۇششاقتالدا باشلانغان ئاشۇ پاجىئەنىڭ ۋەھىمىسىنى ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە قارا شەھەر دىيارىغا ئۇچۇرۇپ كەلدى. قارا شەھەر دەرياسى بىلەن ئۇلاستاي دەرياسىنىڭ قوشۇـ لۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇنبەت بوستانلىقتا ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆز ئارامى بىلەن تىنچ ئۆمۈر سۈرۈۋاتقان كۆپ مىللەتلىك بۇ قەدىمي شەھەر بىردىنلا دەھشەتلىك يانغىندا قالغان جاڭگالغا ئوخشاپ قالماقتا، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۆيلەر، دۇكانلار ۋە ساراي ـ ئايۋانلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەكلەر خۇددى قارا بۇلۇت پارچىلىرىدەك ئاسماننى قاپلىۋالماقتا ئىدى. قۇيرۇقلىرى كېسىلگەن چاپقۇر ئاتلارنىڭ ئۈستىدە كەڭ يۈزلۈك قىسقا قىلىچلىـ

رىنى ئۆينىتىپ، ئۇر ــ چاپ بىلەن شەھەرنى ئۆگىتەي ــ توگىتەي
قىلىۋاتقان چېرىكلەردىن قېچىپ يۈرگەن خوتۇن ــ بالىلار-
نىڭ قىيا ــ چىيالىرى، بوۋاي ــ مومايلارنىڭ داد ــ پەريادلىرى،
ئۇ يەر ــ بۇ يەردە ياتقان جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى چالا ئۆلۈك-
لەرنىڭ ۋاي ــ دادلىرى قوشۇلۇپ، پۈتۈن شەھەرنى خۇددى
مۇقەددەس كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن قىيامەت دەھشىتى باسقانىدى.

سېپىل ئىچىدىكى ھەربىي گېزەرمىنىڭ مەشق مەيدانىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان بىر توپ ئاتلىق چېرىك يوغان قارا ئاتقا مىنگەن باشلىقنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. كۆرۈنۈشىدىن بۇ چېرىكلەر ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار بولۇپ، ھەممىسى يەڭلىرىنى جەينەكلىرىگىچە تۈرۈۋېلىشقانىدى. سۆزلەۋاتقان باشلىق بولسا ئۇششاقتالدىكى ھېلىقى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، قارا شەھەر تەرەپكە قاچقان چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ۋە بۈگۈنكى قىيامەت دەھشىتىنىڭ باش جىنايەتچىسى چى لۇيجاڭ ئىدى.

شۇ ئارىدا، تولىسى ئاق بۆك كىيگەن بىر توپ جامائەت مەيدانغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى نەنگۇەندىكى تۇڭگان مەسچىتىنىڭ ئىمامى شالاڭ ساقاللىق كەلگەن قىزىل يۈزلۈك ما ئاخۇن باشلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ يىراقتىنلا، «چى لۇيجاڭ، چى لۇيجاڭ!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. چى لۇيجاڭ ئۇنى كۆرۈش بىلەن دەرھال گېپىنى توختىتىپ ئاتتىن چۈشتى. ما ئاخۇن ئۇنىڭ قېشىغا ئىتتىك كېلىپ مۇنداق دېدى:

— چى لۇيجاڭ، سىز مېنىڭ بالامغا ئوخشاش، مەن سىزگە ئاتا يوللۇق كىشى، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، بۈگۈنكى ئىشلار دۇرۇس بولمىدى، زادى دۇرۇس بولمىدى. تىنچ ياتقان بىگۇناھ پۇقرانى قىرىپ نېمە قىلماقچىسىلەر؟ خۇدادىن قورقمامسىلەر؟ «ئەلقىساسۇل مىنەلھەق» دېگەن گەپنى بىلمەمسىلەر؟ چېرىكلىرىڭىزغا ئېيتىڭ، بۇ ئىشلارنى دەرھال توختاتسۇن.

— سىز ئاقساقال، ھازىرقى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئەمەس. خوجىنىيازنىڭ ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ، شىڭ شىسەي دېگەن كاپىر بىلەن ئاپاق – چاپاق بولۇۋېلىپ بىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتـ قىنىنى بىلىسىزغۇ؟ ئۇششاقتالدا جىق ئادىمىمىزنى ئۆلتۈردى. ئەمدى چەنتۇلارغا رەھىم قىلىنمايدۇ. خەنزۇلاردىنمۇ، چەنتۇلاردىنـ مۇ ئۆچ ئالىمىز.

— ھەي بالام، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ بىزگە دۈشمەن بولسا شىڭ شىسەي بىلەن خوجىنىياز دۈشمەن. شىڭ شىسەينى دەپ ھەممە خەنزۇلارنى، خوجىنىيازنى دەپ ھەممە چەنتۇلارنى قىرىپ، ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ – تالاپ ئۆيلىرىگە ئوت قويساڭلار قانداق بولىدۇ؟ بازارلىق ئۈچۈن تاغدىن كەلگەن موڭغۇللارنىمۇ ئامان قويمىدىڭلار.

— موڭغۇللارنىڭ بەيسى نويىن دېگەن باشلىقى شىڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ نۇرغۇن گۇناھلارنى قىلدى. ئەمدى قانغا قان ئالىمىز!

— ھەي بالام، ياشلىق قىلماڭ! سىلەر قانغا قان ئالىمىز دەپ، بۇگۇن موڭغۇل، خەنزۇ، چەنتۇ پۇقرالارنى ئۆلتۈرسەڭلار، ئەتە ئۇلارنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بىز خۇيزۇلارنى ئۆلتۈرمەمدۇ؟ ۋاقتانئۇاق كەلگەندە سىلەرغۇ قويرۇقىڭلارنى خادا قىلارسىلەر، بىزچۇ، بىز قانداق قىلىمىز؟ بىز پۇقرالارغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، خۇدادىن قورقۇڭلار!

— سىزچۇ ئاقساقال، بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماي ئىمامەتچىلىكـ ڭىزنى قىلىڭ، — دېدى چى لۇيجاڭ سەل ئۆكۈپ.

— ئىمام توغرا ئېيتتى، — دېدى ھاسىسىغا تايانغان بىر مويسىپىت كىشى بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ، — بىز پۈتكۈل جامائەتكە ۋەكىل بولۇپ كەلدۇق. نوچى بولساڭلار جەڭ مەيدانىغا بېرىپ سوقۇشۇڭلار، بىزگە جودا تېپىپ بەرمەڭلار، سىلەرگە

ئوغۇللىرىمىزنى ئەسكەرلىككە بەرگىنىمىزمۇ يېتەر؟
— سەن نېمە ئادەم؟ زادى سىلەر نېمە قىلماقچى؟ سىلەرمۇ بۇزۇلماقچىمۇ؟ — دېدى چى لۇيجاڭ ئەلپازىنى بۇزۇپ.
توپ ئىچىدىن «بىزگە تىنچلىق كېرەك!» ، «پۇقرادا گۇناھ يوق!» ، «خۇدادىن قورقۇڭلار!» دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ كەتتى.
چى لۇيجاڭ:
— چاپسان كېتىڭلار، ما ئاخۇننىڭ يۈزىنى قىلمايدىغان بولسام... — دەپ تاپانچىسىنى ئوقلىدى.
— ئات ئەمسە! ئاۋۋال مېنى ئات! ئاندىن ھەممىمىزنى ئات! تەلپىمىز ئورۇندالمىسا بۇ يەردىن ئۆلۈكىمىز چىقسا چىقىدىكى تىرىكىمىز چىقمايدۇ! — دېدى ما ئاخۇن، ئاندىن داق يەرگە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالدى. جامائەتمۇ خۇددى مەسچىتتە ئۇ-نىڭغا ئىقتىدا قىلغاندەك ھەممىسى تەڭلا يەرگە ئولتۇرۇۋالدى.
چى لۇيجاڭ ئالا سېرىق بولۇپ، تاپانچىسىنى پۇلاڭلاتقان پېتى ئۇيان — بۇيان مېڭىشقا باشلىدى.
شۇئاردا ئۈچ ئاتلىق چېرىك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، خوجە-نىياز قوشۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ شەھەرگە يېقىن-لىشىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ما ئاخۇن باشلىق جامائەت ئۆرە — تۆپە بولۇشۇپ كەتتى.
— بۇيرۇق: پۈتۈن قوشۇن جەڭگە ئاتلانسۇن! مەن چەنتۇ-لارنى شەھەر بوسۇغىسىدا ئوجۇقتۇرۇپ تاشلايمەن، — دەپ ۋارقىرىدى چى لۇيجاڭ ئەسەبىيلىك بىلەن.

2

بىراق، چى لۇيجاڭ بىر سائەتمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، پۈتۈن قوشۇنى بىلەن باغراش تەرەپكە قاچتى. شەھەر ھاجىنىڭ قولىغا

ئۆتتى. ھاجىنىڭ قولىغا ئۆتتىيۇ، بۈگۈن ئەتىگەن تاڭ سەھەردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان بايىقى قىيامەت دەھشىتىگە ئۇلاپلا يېڭى بىر دەھشەت باشلاندى. باياراقتا تۆككان مەسچىتنىڭ ئىمامى ما ئاخۇن توغرا ئېيتقانىكەن.

دەل شۇنداق بولدى. كوچا ـ كويلاردا قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتلەرنى، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى، ئۆي ـ ماكانسىز قېلىپ تېنەپ يۈرگەن خوتۇن ـ بالىلار ۋە قېرى ـ چۆرىلەرنى كۆرۈپ، غەزىپىنى باسالماي قالغان بەزى پىدائىيلار خۇددى بۆغرىسىغا كىرگەن تۆگىدەك غالجىرلىشىپ، يوشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان خۇيزۇ پۇقرالارنىڭ بېشىدا قىلىچ ئوينىتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى چېغىدا ئىگىلىرىنىڭ قولىدىكى قانلىق قىلىچلار ھەر قېتىم ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ھامان، خۇددى بۇ ناھەقچىلىككە چىدىيالمايۋاتقاندەك، ئالدىنقى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاتتىق كىشنەپ تاشلايتتى. قوماندانلىق شتابى مۇشۇ خىلدىكى ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قەتئىي توسۇش توغرۇلۇق جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولغۇچە، بىر قانچە كىشىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنىپ بولدى. توخنىياز زورغا قاراشلىق ئۈچ پەيجاڭنىڭ بىرى بولغان ھوشۇر كانتۇمۇ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئىشتىراكچىسى ئىدى. ئۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— توختىسىلا غوجام، سىلىگە گېپىم بار.

شاپاق دوپپىسىنى قىرلاپ، قارا پوتىسىغا گۈل چېكىلگەن چەندازا ئېسىۋالغان بىر كۆزى ئالىغاي ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— نېمە دەيسەن؟ — دېدى ھوشۇر كانتو ئېتىنىڭ تىزگىنى-

نى تارتىپ.

— ماڭا قايلىسلا غوجام، — دېدى ھېلىقى ئالغاي كىشى سول قولىدىكى بىر ھويلىنى كۆرسىتىپ، — ماۋۇ ھويلىدىچۇ، سىلى ئىزدەپ يۈرگەنلەردىن ئۈچ - تۆتى بار دېيمەن. تۈنۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە قىمار ئوينىغان، ئۇلارنىڭ ئامىتى كېلىپ جىق ئۇتتۇۋالدى، ھەممىسى ئاق تەڭگە دېيمەن.

— راستىمۇ؟

— ئەزبىرايى خۇدا، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ھەممىسى ئاق تەڭگە دېيمەن.

— يۈر ئەمىسە، بىللە كىرىمىز، — دېدى ھوشۇر مىلتىقىنى بەتلەپ.

ھېلىقى ئادەم كۆرسەتكەن ھويلىنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم تاقاقلىق ئىدى. ھوشۇر ئاتتىن چۈشۈپ مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن دەرۋازىنى بىر نەچچە قېتىم تاقىلداتتى. دەرۋازا ئېچىلمىغاچ، ئىچىدىكى ئىلگەككە توغرىلاپ بىر پاي ئوق ئاتتى. دەرۋازا يەنە ئېچىلمىدى. ھوشۇر ھۇ... ئاناڭنى... دەپ تىللاپ تۇرۇپ يەنە بىر پاي ئاتتى. دەل شۇ چاغدا، توخنىياز زور بەش يىگىت بىلەن ئات چاپتۇرغان پېتى يان كوچىدىن چىقىپ قالدى (ئېھتىمال مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەلگەن بولسا كېرەك).

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — ۋارقىراپ سورىدى ئۇ.

— ماۋۇ ھويلىدا ئاق بۆكلەر بار ئىكەن، تازا بىر ئەدىپىنى بېرەي دېۋىدىم.

— بۇيرۇقنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، كىمدە كىم تىنچ تۇرغان پۇقراغا تەگسە بېشى كېتىدۇ. سەنمۇ ياسىن خورەككە ئوخشاش بېشىڭدىن ئايرىلاي دەمسەن!

ھوشۇر ئېگىكىنى سىلاپ «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ

ھەققى بارمۇ، دېگەن راست گەپ ئىكەن» دەپ غودۇڭشىدى.

— ئادەملىرىڭ قېنى؟

— شەھەرگە كىرىپلا تارقىلىپ كەتكەن، خاتىرجەم بول، ئۇلارنى ھېچكىم كانتۇلاپ كەتمەيدۇ، — دەپ ھىجىيىپ قويىدى ھوشۇر.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئۆزۈڭ بىر پەيجاڭ تۇرۇپ ئادەملىرىڭ-نىڭ نەدىلىكىنى بىلمىسەڭ قانداق بولغىنى. ھەي كانتۇ، سېنى نېمە قىلسام بولۇر، خەير... بوپتۇ، چاققان بېرىپ ھەممىسىنى تېپىپ كەل، ئاخشاملىققا يوقلىما قىلىمەن.

ھوشۇر ھېلىقى ئالغاي ئادەمگە قاراپ قويۇپ ئاستا ئىتتىغا مىندى. ئالغاي ئادەم غەلىتە بىر قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ، «بىتە-لەيگە سۇ كەلسە ئاللا كۆدىن يا كەتتى، دېگەن شۇ» دەپ پىچىرلاپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

3

قالايمىقانچىلىق بېسىلىپ، جاھان تىنچىغاندىن كېيىن قاش قارىيىشقا باشلىغاندا، پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى شەھەر سىرتىغا تىكىلگەن چېدىرلىرىغا، بىر قىسمى ھەربىي گېزەرمە، كارۋان سارايـ-لىرى ۋە بەزى ئىگىسىز قالغان ھويلىلارغا جايلاشتى. شۇنداق ھويلىلارنىڭ بىرى سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى — ئادەتتە ئىتنى ئاتمايلا قاملىسى بىلەن قوشۇپ بەي شاڭزۇڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر باي خەنزۇنىڭ ھويلىسى بولۇپ، بۇ ئەسلىدە ناھايىتى ھەشە-مەتلىك جاي ئىدى. چى لۇيجاڭنىڭ چېرىكلىرى قىرغىن باشلىغان-دا، بىرىنچى بولۇپ شۇ ھويلىغا تېگىش قىلىپ قاتتىق بۇلاڭ — تالاڭ يۈرگۈزگەننىڭ ئۈستىگە، بەزىسى بەي شاڭزۇڭنىڭ

بويىغا يەتكەن قىزنىغا، بەزىسى كېلىنگە زورلۇق قىلىشقا باشلىدى. بەي شاگىرۇگىنىڭ ئوغلى بۇنىڭغا قارشىلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى شۇ يەردىلا ئېتىۋەتتى. ئاياغ ئاستى قىلىنغان قىز بۇ نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. قىزنىڭ ئانىسى يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى. چېرىكلەر بەي شاگىرۇگىنى كۆمۈكتىكى ئالتۇن-كۈمۈشلىرىگىنى تاپ دەپ قىيناشقا باشلىغاندا، ئۇ پېشايۋان تۈۋرۈ-كىگە ئۇسۇپ ئۆلۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن بىر ئائىلىدە يالغۇز بىرلا جان، يەنى بەي شاگىرۇگىنىڭ كېلىنى تىرىك قالدى. چېرىكلەر ئالدىغىنىنى ئېلىپ، كېتىش ئالدىدا ھويلىغا ئوت قويۇ-ۋەتتى. ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ياغاچ ئۆيلەرنىڭ قەغەز چاپلان-غان ئىشىك — دېرىزە ۋە تورۇسلىرى چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلى-غاندا، ھېلىقى كېلىنمۇ كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ ھويلىدا تۆر تەرەپتىكى ئاشۇ كۆتەمىلىك ياغاچ ئۆيلەردىن مەلۇم بوشلۇق بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بىر نەچچە ئېغىزلىق ئاددىي تام ئۆيلا ساق قالغانىدى.

ھوشۇر كانتۇ ئەنە شۇ تام ئۆيلەرنىڭ بىرىدىكى بورا سېلىق-لىق كاڭدا ئۈچ ھەمراھى بىلەن سوزۇلۇپ ياتاتتى. باش توخۇ چىللىغان چاغدا، قارا باستىمۇ ياكى ياستۇق قىلىپ قويۇۋالغان كىچىككىنە ئالا خۇرجۇندىكى قاتتىق — قۇرۇقلىرى بېشىغا پېتىپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتى ۋە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاغزىغا بىر چېكىم ناس تاشلىدى — دە، ئوچۇق تۇرغان پەنجىرىدىن سىرتقا قاراشقا باشلىدى.

شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي ئەتراپنى تەكشى يورۇتماقتا. پۈتۈن ئەتراپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن، پەقەت مەھەللە ئىتلىرىنىڭ ئاندا — ساندا قاۋاپ قويۇشلىرى، يىراقتىن قارا شەھەر دەرياسىنىڭ يېنىك شارقىراشلىرى، ھويلىدىكى جەك

ئاتلىرىنىڭ تۇۋۇرلىرىنى سىلىكتىپ، قارسىلدىتىپ بوغۇز چاينىشلىرى بىلەن بەزى يىگىتلەرنىڭ قاتتىق خورەكلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھوشۇر كانتۇ ئوچۇق پەنجىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تولۇن ئايغا قارىغان پېتى خىيالغا كەتتى:

مانا ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى — ئېگىز قارلىق تاغلار بىلەن ئورالغان گۈزەل تال تېغى، بىپايان كەتكەن چىمەنزار يايلاقلار، شۇ يايلاقلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان جىلغىلاردا تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى، سۇ بويىدا قاتار ئۆسكەن قىرچىنتاللار، بۇك ـ باراقسان تاغ تېرەكلىرىنىڭ شاخلىرىدا سايراۋاتقان تاغ قۇشلىرىنىڭ جانغا ئارام بېرىدىغان شوخ ئاۋازلىرى... قاچاندۇر بىر چاغلاردا، دەل ئۇنىڭ خەتنە تويى بولغان كۈنلەردە شەھەردىن چىققان سۆرۈن چىراي ياساۋۇللارنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا ھاشارغا ئىشلەشكە تال تېغىدىن بىر توپ ئادەم بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ ھەيدەپ كەتكىنى ۋە دادىسىنىڭ شۇ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىگىنى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسىنىڭمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ تىكەندەك يالغۇز قالغىنى... شۇنىڭدىن بۇيان، «تېرىق تولۇمدا، يېتىم بولۇڭدا» ، «ھۆپۈپ دۆڭگە چىقسا قۇش يەيدۇ، يېتىم دۆڭگە چىقسا مۇشت يەيدۇ» دەپ، ئۇيانغا ئىتتىرىلىپ، بۇيانغا ئىتتىرىلىپ ئىشقا يارىغۇدەك بولغاندا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ «تۆمۈر چارۋىلىرى» نى بېقىشقا تۇتتۇلۇپ، ئون نەچچە يىللىق ئۆمرىنىڭ قاتمۇ قات قېلىن تاغلار ئارىسىدا ئۆتۈپ كەتكىنى ۋە تېخى بەش يىل بۇرۇنلا پېشانىسىنى قورۇق، ئېڭىكىنى ساقال باسقان قېرى يىگىت بولۇپ، يۇرت ئىچىگە قايتقىنى بويى ئۇزۇن بولغان بىلەن قولى قىسقا بۇ قېرى يىگىتكە ھېچكىم قىز بەرمەي يۈرگەندە، ئىككى قېتىم قوي ئوغرىلاپ يېگىنى ئۈچۈن كانتۇ ئاتىلىپ قالغىنى، ئەنە

شۇنداق كۆنلەرنىڭ بىرىدە،سالى دورغىنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ باشلىنىپ كېتىپ، شۇنىڭدىن بۇيان پىداﺋىيلار سېپىدە جەڭ قىلىپ يۈرۈپ- تۇنۇگۇنكى «هوشۇر كانتۇ» نىڭ بۈگۈن «هوشۇر پەيجاڭ» بولۇپ قالغىنى — مانا شۇ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىرىقتىن ئاشقۇچە ئۆيلەنمىگەنلىكى بىردىنلا يادىغا كېلىپ، «هۇ ئاناڭنى... تىرىك دېسە ئۆيى يوق، ئۆلۈك دېسە گۆرى يوق بولۇپ، قاچانغىچە بويتاق ئۆتمەن» دېدى - دە تالاغا چىقىپ سەگىدەپ كىرىش نىيىتىدە ئورنىدىن چاچراپ تۇرماقچى بولۇپ كاڭنى ئويۇۋەتتى ۋە پۇتى بىلەن يۇمشاق بىر نېمىنى دەسسىۋەتتى. كاڭنىڭ ئىچىدىن بىر خوتۇن كىشىنىڭ خەنزۇ تىلىدا «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

هوشۇر كاڭدىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ «كىم سەن؟» دەپ ۋارقىرىغان پېتى مىلتىقنى بەتلىدى. كاڭنىڭ ئىچىدىن سادا چىقمىغاچ، «ئادەم بولساڭ چىق بېرى، بولمىسا...» دەپ تامغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. ئۇنىڭ هەمراهلىرى ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. باشقا ئۆيلەردە ۋە هويلىدا ياتقان يىگىتلەرمۇ ئويغىنىپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— قۇلىقىڭغا شۇنداق ئاڭلانغاندۇ! — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر جەڭچى، هوشۇرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي.

— قەسەم ئىچىپ بېرىمەن، ئېنىق ئاڭلىدىم. بىر خوتۇن كىشىنىڭ ئۈنى، — دېدى هوشۇر قەتئىيلىك بىلەن.

— خوتۇن كىشى بولسا، خۇدايىم بېرىپتىغۇ ساڭا هوشۇر ئاكا، — دېدى ئاق سېرىق كەلگەن بىر يىگىت چاقچاق قىلىپ.

— تولا گەپ قىلما، لالما، — دېدى ھوشۇر، ئاندىن، — كاڭنى بۇزۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

شۇ ئارىدا، كاڭنىڭ پەۋەز تەرمپتىكى ئاغزىدىن بىرنەچچە پارچە كېسەك ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئارقىدىنلا كاڭنىڭ ئىچىدىن بىر گەۋدە ئۆمىلەپ چىقىپ ھەدەپ باش قويۇشقا باشلىدى. ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغان پەنجىرىدىن كىرىۋاتقان ئاي نۇرى ئۇنىڭ يۈز - كۆزى ۋە ھەممە ئۇستىۋاشلىرى قۇرۇم بىلەن قارىداپ كەتكەن، چاچلىرى چۇۋۇق بىر ئايال ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ھەدەپ يەرگە باش قويۇۋېتىپ، يېرىم - يارتا ئۇيغۇرچە بىلەن «مېنى ئۆلتۇرمە، مېنى ئۆلتۇرمە» دەپ يالۋۇراتتى. ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى. بىر ھازادىن كېيىن:

— سەن نېمە خوتۇن، كاڭنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىپ يۈردىسەن؟ — سورىدى ھوشۇر ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ.

ئايال يوپۇرماقتەك تىترەپ ئولتۇرۇپ، يېرىم - يارتا ئۇيغۇرچە بىلەن بىر نېمىلەر قىلىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. مەلۇم بولدىكى، بۇ ئايال بەي شاڭزۇڭنىڭ ھېلىقى كېلىنى بولۇپ، تۈنۈگۈنكى قىرغىندا مۇشۇ كاڭنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن.

ئۇ قان يىغلاپ ئولتۇرۇپ، تۈنۈگۈن بۇ ھويلىدا يۈز بەرگەن پاجىئەنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ، «مېنى ئۆلتۇرمەڭلار» دەپ يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— ۋاي گوۋال، سەنمۇ جېنىڭدىن ئايرىلغىلى تاسلا قاپسەن - دە، بولدى ئەمدى قورقما. بىز سېنى ئۆلتۇرمەيمىز، بىز خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى، — دېدى ھوشۇر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— خوجىنىياز؟! — دېدى ئايال، ھوشۇرغا سوئال نەزەرى

بىلەن قاراپ.

— ھەئە، بىز خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكىرى، بىز شىڭ دۇبەن بىلەن بىر، — دېدى ھوشۇر ئىككى قولىنىڭ بېگىز بارماقلىرىنى جۇپلەپ.

ئايال بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنى ھايات قويىدىغانلىقىغا ئەمدى ئىشەنگەندەك «ھەئە، خوجىنىياز — شىڭ دۇبەن» دەپ تەكرارلىدى. ھوشۇر «ھە شۇنداق، ئەمدى سەن قورقما، سۇ ئەكىرىپ يۈز – كۆزۈڭنى يۇۋال» دېدى. ئاندىن ئادەملىرىگە قاراپ: «يۇرۇڭلار، بۇ ئۆينى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بېرەيلى» دەپ ئۆيدىن چىقتى.

4

ئەتىسى يىگىتلەر ئەتىگەنلىك چايغا تەييارلىنىۋاتقاندا، ھوشۇر ھېلىقى ئايال ياتقان ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن قاراپ «سەنمۇ چاي ئىچىۋال» دېدىيۇ، ھاڭ – تاڭ بولۇپ قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالدى. چۈنكى، تۈنۈگۈن كىچە يۈز – كۆزى قارا، چاچلىرى چۇۋۇق، ئۆزى دومچەك ئالۋاستىدەك كۆرۈنگەن ھېلىقى ئايالنىڭ ئورنىدا، ئەمدى ئاي يۈزلۈك بىر پەرى ئولتۇراتتى. ھوشۇر ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، قايتا – قايتا سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كېيىن، ھەتتا سەنلەشكىنمۇ پېتىنالماي:

— يۇرسلە خېنىم، چاي ئىچىۋالسىلا، — دېدى. ئايال ئۇنىڭغا جاۋابەن غەمكىن بىر تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى ۋە توپ ئىچىدىن شۇ ھامان پىچىرلاشلارمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— توۋا، پەرىزاتنىڭ ئۆزىكەنغۇ بۇ!

— قاشلىرىنى قارا، قىيغان قەلەمدەك.
— بىزنىڭ يۇرتلاردا مۇنــداق جۇۋانــلارنى بادام قاپاق، يوپقا تاماق دەيدۇ... ھى ــ ھى ــ ھى...
— ئۇنىڭ ئۇستىگە مېھرى ئىسسىق نېمىكەنغۇ تېخى، — دېدى ھېلىقى سېرىق يىگىت كالپۇكلىرىنى يالاپ.
— ھەي سېرىق، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالمىغىن يەنە، — دېدى بىرى ئۇنىڭ بېقىنىنى نوقۇپ.
— ھوشۇر ئاكامدىن ئاشمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى يىگىت، كۆزى بىلەن ھوشۇرنى كۆرسىتىپ.
دەرۋەقە، ھوشۇر كانتۇ بىردەم نان سۇندۇرۇپ، بىردەم چاي قۇيۇپ بېرىپ، بۇ ئايال بىلەن بىر چەتتە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.
— ئاتلىرى نېمە خېنىم؟
— مۇلەن.
— ئەمىسە ئۆزلەنى «مۇلەنخان» ، ياق، ياق، «مودەنخان» دېسەك بولغۇدەك، — دېدى ھوشۇر، ئاندىن، — قانداق دەيسلەر ئاغىنىلەر؟ — دەپ كۆپچىلىككە قارىدى.
— بۇ ئات خويمۇ ياراشتى، ئۆزىمىزغۇ مودەن گۇلگە ئوخشاي-دىكەن، — دېدى ھېلىقى يىگىت مەنىلىك كۇلۇپ.
ئايالمۇ رازىلىق بىلدۇرۇپ كۇلۇپ قويدى.
شۇنداق قىلىپ بۇ ئايالنىڭ ئېتى مودەنخان بولۇپ قالدى. ھوشۇر بىلەن مودەنخان ئارىسىدىكى پاراڭلاردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ ئايال ئەسلىدە بەي شاڭزۇڭنىڭ شەھەر سىرتىدىكى يەرلىرىدە ئىشلەيدىغان، تېگى گەنسۇلۇق بىر ئوتاقچىنىڭ يالغۇز قىزى بو-لۇپ، ئاتا ــ ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قالغان ۋە ئۇنى قوشنىسى قاسىم دېھقان دېگەن كىشى بېقىۋالغان، ئۇيغۇر تىلىنىمۇ شۇ ئۆيدە تۇرۇپ خېلى ئۆگىنىۋالغان. ئون ئىككى ياشلارغا يەتكەندە، قاسىم

دېھقاندىن بەي شاگىرتلىك سورىۋېلىپ ئۆي خىزمىتىگە سالغان. ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، بەي شاگىرتلىك بۇ قىزغا ئوغلىنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، تويلۇق تەلەپ قىلمايدىغان تەييار كېلىننى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىنى بىر قىلىپ قويغان.

— ئۆزلىرىمۇ ماڭا ئوخشاشلا كىچىك يېتىم قىلىپ، جەبىر - جاپانى كۆپ تارتىپتىكەنلا، ئەمدى بەي شاگىرتىمۇ يوق، قاسىم دېھقانمۇ يوق، نەگە بېرىپ، نەدە تۇراي دەيدىلا؟ — دېدى ھوشۇر ئۇنىڭغا غەمكىن قاراپ.

— مەن بىلمەيدۇ، — دېدى مودەنخان كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— غەم يېمىسىلە، بىزدە «يالغۇزنىڭ يارى خۇدا» دېگەن گەپ بار، نېمە بولساق بىللە بولايلى، ماقۇلمۇ؟

مودەنخان بىر نېمىنى سەزگەندەك ۋىللىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

ھېلىقى ئاق سېرىق يىگىت يېنىدىكى ھەمراھىغا پىچىرلىدى:

— ئىش پۈتتىمۇ نېمە؟ بۇ كانتۇغا دادىسى ئوبدان دوئا قىپتىكەنمۇ دەيمەن.

— قورسىقىڭنى كەڭ تۇت ئاداش، سەن بىلەن مەن ياش تۇرۇپلا بىرەردىن بالىلىقمۇ بولۇپ قالدۇق. ئۇ گوۋالغا قارىمامسەن، يېشى قىرىقتىن ئاشقۇچە قېرى يىگىت بولۇپ يۈرگىنىنى.

قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، قوشۇن قارا شەھەردە ئىككى كۈن تەييارلىق كۆرۈۋېلىپ يەنە جەڭگە ئاتلانماقچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوشۇرنىڭ يىگىتلىرىمۇ چايدىن كېيىنلا ئات تاقىلىتىش، ئېگەر - توقۇملىرىنى تۈزەشتۈرۈش، مىلتىق ياغلاش، قىلىچ - نەيزىلىرىنى بىلەش قاتارلىق ئىشلارغا كىرىشىپ كەتتى.

ھوشۇر كانتۇ توختىنىياز زورنى تېپىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىش-

لارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى ۋە ئاخىردا مودەنخاننى ئۆزىگە نىكاھـ لىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. توختىياز زور بۇ تەلەپنى قەتئىي رەت قىلىپ، ھەتتا ئۇنى «ھەممىمىز قان كېچىپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە مۇشۇنداق بولمىغۇر خىياللاردا يۈرگىنىڭنى ھاجىمغا ئېيتىپ، تېرەڭنى تەتۈر سويغۇزۇۋېتىمەن» دەپ قورقۇتتى.

بىراق، ھوشۇر ئۆز نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ مەھەللە مەسچىـ تىنىڭ مەزىنىنى تېپىپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى ۋە بىرلار ئۆي ھەم بىرەر قۇر ئايالچە كىيىم ــ كېچەك تېپىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئۈچ سەر تەڭگە بىلەن بىر تۇتام قەغەز پۇلنى مەزىنئاخۇنـ نىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن «يەتمىسە مەن بار، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقۇزۇپ، نىكاھنى ئۆزلىرى ئوقۇيدىلا. غىدىك ــ پىدىك قىلسا ياش جېنىڭغا ئۆزۈڭ زامىن بولما، دەپ قورقۇتۇپ قويسىلا» دېدى.

ھوشۇرنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، شۇ كۈنى كەچكىچە ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئورۇندىلىپ بولدى. ئۇمۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم «سۇلتان يىگىت» بولۇپ ھۇجرىغا كىردى.

بىراق، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ئەتىسى چاي ۋاقتىغا قالماي پۈتۈن قوشۇنغا پۇر كېتىپ چوڭلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى. ھاجى ناھايىتى خاپا بولدى. بولۇپمۇ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن سالى دورغا بەكلا خاپا بولۇپ كەتتى.

— بۇ قانداق گەپ؟ ئۇنىڭ ئۆزى بىر پەي ئادەمنىڭ بېشى تۇرۇپ شۇنداق قىلسا، قالغانلار نېمە قىلماقچى! ھېلىتىنلا بۇنداق ئىشلار بولغىلى تۇرسا، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر دېگەن ئاۋات شەھەرـ لەرگە بارغاندا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟ ئەستەغپۇرۇللا! — دېدى مەھمۇت مۇھىتى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

— بۇ كانتۇ زادى تۇزەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى سالى

دورغا ئاچچىق بىلەن، — ئۇ قوزغىلاڭنىڭ بىرىنچى كۈنىلا ھېلىقى جاڭ جىسانىڭ دۈكىنىنى ئاچىدىغان قېرىنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋال- ماقچى بولغان. توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغان بۇنداق مۈرتەت- لەرنى قاتتىق ئۇچۇقداپ قويمىساق بولمايدۇ.

ھاجىم ساقىلىنى تىترىتىپ توختىنىياز زورغا ۋارقىرىدى:

— ماڭ، ئۆزۈڭ بېرىپ، ئۇ خوتۇن تالاقنى پۈت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئەكەل! تېــرىــســنــى تەتــۈر سويغۇزمىسام ئۈنىڭ...

توختىنىياز زور يوغان دالان ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كېتىۋې- تىپ بوسۇغا تۈۋىدە ھوشۇر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى ۋە دەرھاللا:

— ھە، ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەنغۇ كانتو! مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي ئەمدى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىدىغان بولدۇڭ، — دېدى.

ھوشۇر ئۈنىڭغا بىپەرۋالىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئۆيگە كىردى ۋە ئالدىراش سالام بېرىپ:

— مەن بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم ھاجى ئاكا، — دېدى.

ئۈنىڭ چوڭلاردىن بىسوراق شۇنچە ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، يەنە غەم تارتماستىن ئۆز ئايىغى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ «خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم» دېيىشى بەكلا تاسادىپىي تۇيۇلغان بولسا كېرەك، ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ھە ئېيتە، قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — سورىدى ھاجىم ئۈنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— جىقلا دۇنيا ـ دەپىنە تېپىۋالدىم.

— نېمە دەيسەن، نەدىن تېپىۋالدىڭ؟

— خوش ھاجى ئاكا، رۇخسەت قىلسىلا مەن ئاستا سۆزلەپ

بېرەي.

— ھە، سۆزلە.

ھوشۇر تونۇگۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ مودەن خېنىم ئاخشام گەپ ئارىسىدا، ئەستاغپۇرۇللا، گۇناھىمدىن ئۆتسلە ھاجى ئاكا.

— ھە، ئېيتىۋەر.

— ھە شۇنداق، گەپ ئارىسىدا بەي شاگىرۇتىنىڭ كۆمۈپ قويغان نۇرغۇن ئالتۇن — كۆمۈشى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئالدىراقسانلىق قىلىپ «ئەمىسە، شۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ ئەتىلا بۇ يەردىن قېچىپ كېتەيلى، جاھان تىنچىغاندىن كېيىن ھەممىسنى ئېلىپ، قومۇل تەرەپكە كېتىپ تىنچ كۈن كەچۈرەيلى دېيىشىم بىلەن كاچىتىمغا بىرنى سېلىپ، «سەن شۇنداق ئادەممىدىڭ؟ مەن سېنى زوگسلىك خوجىنيازنىڭ پەيجاگى دېسە، خېلى ئەرمىكىن دەپتىكەنمەن. بۇنى بىلگەن بولسام ئۆلتۈرۈۋەتسەمۇ ساڭا تەگمەيتتىم، ماڭا چى لويجاڭنىڭ چېرىكلىرىدىن ئۆچۈمنى ئېلىپ بېرىدىغان ئوغۇل بالا كېرەك. ئىست، سەن بىر لالما ئىت ئىكەنسەن» دېگەن مەندە گەپ قىلىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ تىل — ھاقارىتىگە چىدىماي تازا بىر سالاي دېۋىدىم، تۇرۇپلا ئىچىمدە ئىسسىق بىرنېمە ماڭغاندەك بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ گېپى راست، ئىزا تارتقىنىمدىن ماڭا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كېلىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم.

— ھە، ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئاندىن كېيىن ئۇ، مەن ئالتۇن — كۆمۈشنى زوگسلىك خوجىنيازغا بېرىمەن. ئۇ، چى لويجاڭنىڭ چېرىكلىرىنى يوقىتىپ يۇرتقا تىنچلىق ئەكېلىدۇ، دېدى.

— يالغان ئېيتمايۋاتقانسەن؟
— يالغان ئېيتقىلى بېشىم ئون ئەمەس، ھاجى ئاكا!
— ئۇ ئالتۇن كۇمۇشلەر نەدىكەن؟
— بار يېرىنى ماڭا ئېيتمىدى.
— خوتۇنۇڭ ھازىر نەدە؟
— تالادا قالدى، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ.
— چاپسان قىچقىرىپ كىر.
بۇ ئاي، بۇ كۇنلەردە پۈتۈن قوشۇن خىراجەتتىن قىسىلىۋا-
تاتتى، ئەل — يۇرتنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرگەن ئوزۇق —
تۈلۈك، يەم — خەشەكلىرى يېتىشمەي شۇنچە ئالۋان سېلىنغانىنىڭ
ئۈستىگە، ئەمدى ئەلگە يەنە بىر نېمە دېمەكنىڭ ئورنى يوق ئىدى.
بولۇپمۇ يىگىتلەرنىڭ يازلىق كىيىم — كېچەكلىرى ۋە ئاقساق — چولاق
ئاتلارنى يەڭگۈشلۈۋېلىشقا كۆپ پۇل لازىم ئىدى. ئورۇش قالايمى-
قانچىلىقى بىلەن مال باھاسى ئۆسۈپ پۇل پاخاللاشقانلىقتىن،
ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قەغەز پۇللارغا ھېچنې-
مە كەلمەيدىغان بولۇپ قالماقتا ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھوشۇر
بىلەن مودەنخاننىڭ ئارىسىدىكى تاسادىپىيلىق باھانىسىدە مۇنداق
بىر «غايىب خەزىنە» نىڭ تېپىلىپ قالغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئالەمچە
چوڭ ئىش بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىمۇ، باشقا چوڭلارمۇ
ھوشۇرغا جازا بېرىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ، مودەنخاننىڭ ئۆز
ئاغزىدىن گەپ ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇشۇپ ئولتۇراتتى.
ئۈستىدىكى خانئەتلەس كۆڭلىكى، بېشىدىكى ھاۋارەڭ شايى
رومىلى بىلەن ئۇيغۇر قىزىغا ئوخشاپ قالغان مۇلەن، يەنى مودەن-
خان ئىشىكتىن كىرىپلا تەزىم بەجا كەلتۈردى. ھاجىم ئۇنى
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، بىر — ئىككى ئېغىز ئەھۋال
سورىغاندىن كېيىن:

— چى لۇيجاڭ دېگەن مۇرتەت، يۇرتقىمۇ، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغىمۇ جىق كۈلپەتلەرنى ساپتۇ، بىز كېچىكىپتىمىز، — دېدى.

مودەنخان بۇ سالاپەتلىك كىشىنىڭ خوجىنىياز ھاجى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن چېغى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ:

— زۇڭسىلىڭ مېنىڭ دادام ئوخشاش، چى لۇيجاڭدىن ئۆچ ئالمىسا بولمايدۇ، — دەپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— چى لۇيجاڭ دېگەن لومودىدىن چوقۇم ئۆچ ئالىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ھاجى، ئاندىن، — «مالچى تايىقىدىن، كېلىن ئايىغىدىن» دەپ، سىزنىڭ ئايىغىڭىز ياراشتى قىزىم. سىزگە كۆپ رەھمەت. قېنى ئېيتىڭا، سىز دېگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر نەدە؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ ئۆيدە، مەن باشلاپ بارىدۇ، — دېدى مودەنخان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ سەنمۇجاڭ سىز بىلەن بىللە بارسۇن، — دېدى ھاجى نەمەت خەلپەتكە قاراپ.

تەخمىنەن ئىككى سائەتتىن كېيىن نەمەت خەلپەت بىر توپ يىگىت بىلەن بەي شاڭزۇڭنىڭ ھويلىسىدىكى تاشلاندۇق قۇرۇق قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان ئىككى يۈز يامبۇ ۋە كىچىككىنە بىر تۆمۈر ساندۇقنى ھارۋىلارغا بېسىپ شتابقا كەلتۈردى. ھېلىقى ساندۇقچاقتىن يىگىرمە تال زىخچە ئالتۇن چىقتى.

ھاجى قارا مەخمەل جىلتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك چىقىرىپ، «بۇ كېلىن ئايىغا كۆرۈملۈك بولغاي» دەپ، مودەنخاننىڭ قولىغا سېلىپ قويدى ۋە ئېگەر ـ توقۇملۇق چىرايلىق بىر تورۇق ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ:

— بۇ بىزنىڭ سىزگە ھەدىيىمىز قىزىم، — دېدى، ئاندىن، — ئات مىنىشنى بىلەمسىز؟ بىلمىسىڭىز ھوشۇر پەيجاڭ سىزگە ئۆگەتسۇن، — دەپ ھوشۇرغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

بۇ كۈنلەردە ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئاتلىق سەركەردىلىرىدىن ماشىمىڭ توقسۇندا بىرنەچچە مىڭ چېرىك بىلەن ھاجىغا قارشى جەڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ھېلىقى چى لۈيجاڭمۇ قارا شەھەردىن باغراش ئارقىلىق توقسۇنغا قېچىپ كېلىپ ماشىمىڭنىڭ سېپىگە قوشۇلغانىدى. ھاجى قارا شەھەردە ئۆز قىسىملىرىنى ئانچە ـ مۇنچە تەرتىپكە سېلىۋېتىپ، ئالدىراش ـ تېنەش توقسۇنغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ھاپىز لۈيجاڭ دېگەن كىشىنىڭ بۇگۇر تەرەپتىن باشلاپ كەلگەن بىرنەچچە يۈز كىشىسىمۇ ھاجىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلغانىدى.

ھاجى يۈرۈش ئالدىدا ھوشۇرنى ياردىلاردىن خەۋەر ئالغاچ قارا شەھەردە قېلىشقا بۇيرۇدى؛ مودەنخانىنىڭ «ئۇ جەڭگە كېتىۋەرسۇن، ياردىلاردىن خەۋەر ئېلىشقا مەن قارىشىپ تۇراي» دېگەن مەزمۇندىكى تەكلىپىگىمۇ قۇلاق سالمىدى. مەھمۇت مۇھىتى باشلىق چوڭلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھوشۇرنى ئىنتىزامسىزلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ جازالاپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش لازىم دېگەن پىكىردە ئىدى، ئۇلار بۇ پىكىرنى ھاجىغا ئېيتقاندا، ئۇ بىپەرۋالىق بىلەن كۈلۈپ:

— ھوشۇرنىڭ باھانىسىدە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىگە بولغىنىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىشمىسىلا، — دېدى.

— ھاجى ئاكا، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما ئالتۇن ـ كۈمۈشتىنمۇ قوشۇننىڭ ئىنتىزامى مۇھىم ئىدى. مۇبادا ھەممەيلەن ھوشۇرنى

دوراپ، بارغانلا يپرىدە خوتۇن ئالغىلى تۇرسا، بىزنىڭ بېشىمىزنى دۇشمەن ئەكېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

هاجى قاپىقىنى سىلىپ جىم ئولتۇردى. ئۇنىڭ يا خاپا بولۇۋاتقىنىنى، ياكى قىلىپ قويغان ئىشىغا پۇشايمان يەۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

## بەشىنچى باب

# قەشقەردىن خەت

*پىكىر (ئىدىيە) دېگەن تېگىپ بېرىش-*
*كە بولىدىغان خوتۇن ئەمەس.*

— مىرزا ئىبراھىم (ئىران)

يېرىم كېچە... شالاڭ بۇلۇت پارچىلىرى ئارىسىدىن ئېرىند-
چەكلىك بىلەن ئۆزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي جىمى ئەتراپنى كۈن-
دۈزدىكىدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. قارا شەھەر دەرياسىنىڭ شەھەرگە
قارشى قىرغىقىدىكى كېمىچىلەر مەھەللىسىنىڭ چەت - ياقىسىدا
قاراۋۇللۇقتا تۇرغان يىگىتلەر غەرب تەرەپتىن ئالدىراش كېلىۋاتقان
بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇ ياچۇەكنىڭكىدەك
ئىنچىكە ئۇزۇن پۇتلىرى بىلەن شۇنچىلىك تېز قەدەم تاشلايتتىكى،
بىر قاراشتا ئۇنىڭ تاپىنى يەرگە تەگمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
يىگىتلەر يېرىم كېچىدە مۇنداق ئالدىراش كېلىۋاتقان ئادەمدىن
گۇمانسىراپ، يېقىن كەلگەن ھامان ئۇنى توسۇۋالدى - دە، گەپ
سوراشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ قەشقەر دوتەيىدىن①خوجىند-

---

① ئۇ چاغلاردا ۋىلايەت ۋالىيسى «دوتەي» دېيىلەتتى.

ياز ھاجىغا مۇھىم خەت ئېلىپ كېلىۋاتقان كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاچقا، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى جايلاشقان كۆرۈمسىز بىر ھويلىغا باشلاپ ئېلىپ كېلىشتى.

ئۇلارنىڭ باشلىقى بولتۇر بىلش ئەتىياز كۇنلىرى تۇرپان ئاستانىدىكى قوزغىلاڭنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئاتقان ھېلىقى ئېگىز بويلۇق قورقۇمسىز يىگىت ئوغلاقچى مەنسۇر ئىدى. ئۇنى ھازىر كىشىلەر مەنسۇر پەيجاڭ دېيىشەتتى. مەنسۇر پەيجاڭ مەھەللە ئىتلىرىنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى بىلەن ئاللىقاچان ئويغىنىپ كېتىپ، قاشا بىلەن توسۇپ قويۇلغان ھويلا دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى. ھېلىقى كىشى مەنسۇرنىڭ باشلىق ئىكەنلىكىنى ئۇققاچ، لىپپاپ شەكلىدە ئاغزى مەھكەم تىكىلگەن كىچىككىنە بىر تېرە خالتىنى قوينىدىن چىقىرىپ:

— بۇ قەشقەر دوتەيى يۇنۇس بەگنىڭ①ھاجى ئاتىمىزغا يازغان مۇھىم خېتى ئىكەن، بۇنى ھاجى ئاتامنىڭ قولىغا دەرھال تەگكۈزمىسەك بولمايدۇ، غوجام، — دەپ ئۇنىڭغا بەردى. مەنسۇر ئۇنىڭدىن گەپ سوراۋېتىپ، ئاياغلىرى بىلەن خۇددى رېزىنكە توپقا ئوخشاش لىكىلداپ بىر خىلدا سەكرەپ تۇرغان بۇ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق ئادەمگە ھەيران قالغان چېغى:

— نېمانداق تىنچ تۇرالمايدىغان نېمە سەن، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ! — دېدى.

— ئادىتىم شۇنداق، غوجام خاپا بولمىسىلا.

— ئات ــ ئۇلىغىڭ يوققۇ، ياياق كەلدىڭمۇ نېمە؟

— شۇنداق غوجام، بىز ئات ــ ئۇلاغ مىنمەيمىز، ياياق

---

① كىتابىمىزنىڭ 1 ــ قىسىم، بىرىنچى بابىدا نامى زىكرى قىلىنغان بۇ كىشى 1933 ــ يىلى 2 ــ ئايدا مەھمۇت مۇھىتلار تەرىپىدىن تۆمۈر ئېلى يەنى كېيىنكى چاغلاردا تۆمۈر سىجاڭ دەپ ئاتالغان سەركەردىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتىلگەن، كېيىن قەشقەرگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن.

ماڭمىز.

— نەچچە كۈندە كەلدىڭ؟

— يەتتە كۈندە.

— نېمە، يەتتە كۈندە؟ ئۇچۇپ كەلدىڭمۇ، مېڭىپمۇ؟

— مېڭىپ كەلدىم غوجام، مېڭىپ. مەن دېگەن شاتۇر[①]، شاتۇرلۇق مېنىڭ ئاتا كەسپىم، — دەپ ئىزاھات بېرىشكە باشلىدى ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن.

مەلۇم بولدىكى، بۇ ئادەم «بە دۆلەت» زامانىدا نام چىقارغان نىزام شاتۇرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ئاكا ــ ئۇكا ئىكەن. چوڭ ئاكىسى قەشقەردە، ئوتتۇرانچى ئاكىسى ئاقسۇدا، ئۇنىڭ ئۆزى كۈچادا ياشايدىكەن. بۇ ئاكا ــ ئۇكا ئۈچەيلەن ھېلىقى خەتنى قولدىن ــ قولغا يۆتكەپ، بىر كۈنمۇ توختىماي يەتتە كۈندە بۇ يەرگە يەتكۈزۈپتۇ.

— يارايسەن ئاغىنە، — دېدى مەنسۇر، ئۇنىڭ ئىزاھاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئەمما ئۆزى تاقەتسىزلىنىپ ئۇيان ــ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى. چۈنكى خوجىنىياز ھاجىلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، يەنى شەھەردە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن تاڭ ئېتىش بىلەنلا قاراشەھەردىن توقسۇنغا ئاتلانماقچى، دەريانىڭ بۇ قېتىدا بولسا بىرمۇ ساق كېمە يوق ئىدى. بولغان تەقدىردىمۇ بۇ كۈنلەردە كېچىسى دەرياغا كېمە سېلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. تاڭ ئېتىپ ئۇ قاتتىن كېمە كەلگۈچە، ھاجىلار يولغا چىقىپ خېلى ئۇزاپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردەك يەردىن ھېچنەدە توختاپ قالمىغان

① قەدىمكى زامانلاردا، خان ياكى بەگلەرنىڭ ئاتلىرىنى يېتىلەپ ماڭىدىغان يولۇچىلار «شاتۇر» دېيىلەتتى. كېيىنچە يۈرتتىن ــ يۈرتقا پىيادە يۈرۈپ خەت ــ ئالاقە توشۇيدىغان يەلتاپانلار «شاتۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

خەت بۇ يەردە بىر كىچە توختاپ قالسا قانداق بولغىنى؟ ناتونۇش شاتۇر چىغىدا «بۇ خەتنى ھاجى ئاتامنىڭ قولىغا دەرھال تەگكۈزمىسەك بولمايدۇ» دەۋاتسا، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ راستىنلا بەك مۇھىم خەت بولسا كېرەك. ئەستاغپۇرۇللا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق!

مەنسۇر ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئىچى تىتىلداپ، بىرەر مەسلىھەت چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بولسا كېرەك، ھەمراھلىرىغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن زۇۋان چىقمىدى. ھېلىقى شاتۇر بولسا «ئامانەتنى ساڭا بەردىم نىمە قىلساڭ قىل، جايىغا يەتكۈز» دېگەندەك قىلىپ مەنسۇرنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇراتتى. مەنسۇر بىردىنلا «يۈرۈڭلار، دەريا سۈيىنى كۆرۈپ كېلەيلى» دەپ ماڭدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

بۇ يىل ھۆل — يېغىن كۆپ بولغاچقا، دەريا سۈيى ئادەتتىكى يىللاردىن نەچچە ھەسسە دېگۈدەك ئۇلغىيىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا گويا يەنە بىر توپان بالاسى بولۇپ، يەر — زېمىننىڭ ھەممىسى سۇ ئاستىدا قېلىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. بولۇپمۇ ئاي شولىسىدا پارقىراپ تۇرغان يوغان — يوغان قايناملار، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاپئاق كۆپۈكلەر چاچرىتىپ كېلىۋاتقان دولقۇن ئۆركەشلىرى تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى چوقۇم سۈر باساتتى.

مەنسۇر بىردەم قاراپ تۇردى — دە:

— ماڭ، چاپسان بىرىپ ئاتنى ئېگەرلەپ كەل، — دەپ يېنىدىكى يىگىتكە جىددىي بۇيرۇق قىلدى.

— ئۆزلىرى نىمە قىلماقچى ئۇكام، دەرياغا ئات سالاي دەمدىلا؟ — دېدى يېشى چوڭراق بىر جەگچى خاۋاتىرلىنىپ.

— باشقا ئىلاج يوق.

— ھەي، بۇ بەك خەتەرلىك ئىشقۇ.
— خۇدايىم بار.
— ماڭا قارىسىلا ئۇكام، ئۆزلىرى دېگەن مۇشۇ بىر توپ يىگىتنىڭ بېشى. يەلكىلىرىدىكى يۇك ئېغىر، خەتنى ماڭا بەرسىلە، مەن يەتكۈزەي.
— راست ئېيتتىلا، مەن ھەممىلىرىنىڭ باشلىقى بولغىنىم ئۈچۈن، ھە شۇنداق، سەركىمۇ سۇغا ئاۋۋال سەكرەيدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى مەنسۇر، ئاندىن، — خاتىرجەم بولسىلا، مەن ئات ئۈستىدە چوڭ بولغان، — دەپ كۈلۈپ قويدى.
شۇ ئارىدا بىر يىگىت پۇتلىرى ئىنچىكە، بويىنى ئۇزۇن، قۇلاقلىرى قىيغان قەلەمدەك، كۆكرىكى كەڭ، بويى ئېگىز، كېيىك قورساق بىر قارىگىر ئاتنى يېتىلەپ كەلدى. كۈچا ئۈستىلىرىنىڭ قولىدىن چىققان قۇشباش ئېگەر بىلەن پېشانىسىدىكى قاشقىسى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئات مەنسۇرنى كۆرۈپ ئەركىلىگەندەك ئۇنى پۇراشقا باشلىدى. مەنسۇر ئاتنىڭ كۆز — قۇلاقلىرىنى سىلاپ قاشقىسىغا بىرنى سۆيگەچ، ئېگەرنىڭ تاسما ئۇلاڭلىرىنى باشقىدىن چىڭىتىۋېلىپ، «خۇدا بەرگەن قانىتىم، بۈگۈن ئۆزۈڭنى بىر كۆرسەت، ئىرادە خۇدادىن، مەدەت سەندىن» دەپ ئۈزەڭگىگە پۇتىنى قويدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئاقيول تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.
مەنسۇر سول قولىنى بويلاپ، قىرغاق بىلەن دەريا ئېقىنىغا قارشى ئىككى يۈز قەدەمچە يۇقىرى ئۆرلىگەندىن كېيىن، «ياپىرىم غەۋس!» دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى سۇغا بۇرىدى. قارىگىر قاشقا خۇددى سۇغا ئۆگەنگەن ئۆكۈزگە ئوخشاش، دەريانى قىيپاش كېسىپ ئالغا ئۈزۈپ كەتتى. گاھىدا ئۇنىڭ بېشى بىلەن مەنسۇر-نىڭ كىگىز قالپىقىلا كۆرۈنۈپ قالاتتى، گاھىدا قارىگىر قاشقا

دولقۇن ئۆركەشلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلغىنىدەك قاچاندۇر بىر زامانلاردا، تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى تارىخىي يىللارنى ئېنىقلاشتا خاتالىشىپ قال- ماسلىق ئۈچۈن ، ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەربىر يىلغا بىر ئات قويۇشنى ۋە يىل ھېسابىنى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلاشنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە شۇ مەقسەتتە ئوۋغا چىقىپ، ھەممە ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان. نەتىجىدە، نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆزىنى سۇغا ئاتقان ۋە ئۇلاردىن چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، لەھەڭ، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتكەن ۋە بۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ نامى ئون ئىككى مۆچەلگە نام بولۇپ قالغان، چاشقان كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئېسىلى- ۋېلىپ گىرۋەككە ئاز قالغاندا، بىرلا سەكرەپ قۇرۇقلۇققا چىقىۋال- غاچقا، مۆچەل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. قارا شەھەر دەرياسىدىكى بايىقى مەنزىرىنى كۆرگەندە، ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكەن ئاشۇ ئاتمۇ مەنسۇرنىڭ قارىغىر قاشقىسىدەك ئۈزگەن بولغىيمىدى دەپ ئويلاپ قالاتتى كىشى.

## 2

قوشۇن تومۇز ئاپتىپى يەر ـــ جاھاننى قىزىتىۋەتكۈچە بىرەر مەنزىلگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن، تاڭ سۈزۈلە ـــ سۈزۈلمەيلا جەڭگىۋار يۈرۈشكە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغاندا، مەنسۇر پەيجاڭ يۇنۇس بەگ- نىڭ خېتىنى ھاجىنىڭ ئۆز قولىغا تەگكۈزدى. بۇ ئۇزۇن خەتنىڭ ئاساسىي قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن:

قۇمۇل دىيارىدىن باشلانغان ئۇلۇغ ئىنقىلابنىڭ شاراپىتىدىن

جاهان تەۋرەپ، قەشقەر ىيڭىشەھەرنى ھىسابقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل ئالتىنشەھەر دىيارى مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ بولدى، ئەمما لىكىن، ئىچكى ئەھۋالىمىز پەۋقۇلئاددە مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللار ۋەتەن ــ مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ئەندىشىسىدە جىگەر ــ باغرى خۇن بولۇپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ دىلىنى غەش، تىلىنى كېكەچ قىلىپ، غەم ــ قايغۇمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

كەمىنىلىرى يۈنىڭدىن ئالتە ئاي مۇقەددەم بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن، تۆمۈر تۇمنجاڭغا (يەنى، ئەلھال بۇ كۈنلەردىكى تۆمۈر سىجاڭغا) مەسلىھەتچى بولماق ئۈچۈن ئاقسۇغا كەلگىنىمدە، ئارقىمىزدىن ماجۇڭيىڭنىڭ سەركەردىلىرىدىن ماشىمىڭ ئەۋەتكەن ماجەنساڭ (يەنى ئەلھال بۇ كۈنلەردە «چولاق زىخۇي» دەپ نام چىقارغان كىشى)مۇ، ئۈچ يۈزدەك چېرىكى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. بىز كەلگۈچە تۆمۈر سىجاڭ كورلىدىن ئاقسۇغىچە بولغان يۇرتلاردا ھۆكۈمەت چېرىكلىرىگە غالىب كېلىپ، بىرمۇنچە قورال ــ ياراغ ئولجا ئېلىپ، بىرەر مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ سەردارى بولۇپ قالغانىكەن. بىز كەلگەندىن كېيىن دەرھال قەشقەرگە يۈرۈش قىلىنماقچى بولدى. بۈنىڭدىن خەۋەر تاپقان قەشقەردىكى ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ قوماندانى جىڭ شۇجى (يەنى جىڭ شۇرىننىڭ تۆتىنچى ئىنىسى) قورقۇپ كەتكىنىدىن دورا يەپ ئۆلۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا سابىق قەشقەر دوتىيى ماشاۋۇ ھەربىي قوماندانلىقنىمۇ قوشۇمچە ئۆتەپ، خىتاي، تۇڭگان ۋە بىز خەقتىن تەركىب تاپقان مىڭدىن ئارتۇق چېرىكنى بىزگە قارشى مارالۋېشىغا ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مارالۋېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىدە قىرىق نەچچە كۈن قاتتىق جەڭ بولۇپ، ئاخىر ھۆكۈمەت چېرىكلىرى قەشقەر تەرەپكە قاچتى.

بۇ جەڭ بولۇۋاتقان كۈنلەردە ما دوتەي (يەنى ماشاۋۇ) ئۈچتۇرپان تەرەپتىن كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان قوزغىلاڭچى قىسىملارنى توسۇش ئۈچۈن، سوغۇن چازىغا① خىتاي، تۇڭگان ئۇيغۇر، قىرغىزلاردىن بولۇپ بىر يىڭ ئاتلىق چېرىك ئەۋەتكەنىكەن. ئۇيغۇر — قىرغىز قىسىملىرىنىڭ لىيەنجاڭى ئوسمانبەگ (قىرغىز) ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، بىز تولىمۇ خۇش بولدۇق. كېيىن ئوسمان بەگ ئاتۇشتا يىغىلغان يەتتە — سەككىز يۈز پىدائىينى پەيزاۋاتقا باشلاپ كېلىپ بىزگە قوشۇلدى ۋە تۆمۈر سىجاڭدىن قەشقەر شەھىرىگە دەرھال تېگىش قىلىشقا ئىجازەت سورىدى. تۆمۈر سىجاڭ شەھەردە ئاھالە كۆپلۈكىنى، ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئادەم كۆپ قىرىلىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چولاق زىخۇي بىلەن مەسلىھەتلەشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى توستى. ئەمما ئوسمان بەگ ئەتىسىلا قەشقەر شەھىرىگە تېگىپ، دوتەي يامۇلىدىن باشقا ھەممە يەرنى ئىگىلەپ بولۇپ، دوتەي يامۇلىغىمۇ تېگىش قىلىدىغان چاغدا، تۆمۈر سىجاڭ ئۇنى باشباشتاقلىقتا ئەيىبلەپ قاتتىق كايىدى ۋە دوتەي يامۇل مەسىلىسىنى چولاق زىخۇي بىلەن بار مەسلىھەت تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى. ئۇ چاغدا مەنمۇ شۇ پىكىردە ئىدىم.

چۈنكى، بۇ كۈنلەردە ھاجىم بىلەن ماجۇڭيىڭ ئىتتىپاقداش بولغانلىقى ۋەجىدىن چولاق زىخۇينىڭ رايىغا باقمىسا بولماس ئىدى. ئۇ كۈنلەردە چولاق زىخۇينىڭ ما دوتەي بىلەن تىلى بىر ئىكەنلىكى ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرمەپتۇ. شۇ ۋەجىدىن نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل دەپتىمىز. ئوسمان لۈكچەك مىجەز بولسىمۇ

① سوغۇن — ئاتۇشتىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان يول ئاغزىدىكى تار جىلغىغا جايلاشقان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن.

بىزدىن ھوشىيارراق ئىكەن، ئۇ بىر نېمىنى سەزگەندەك بىزنىڭ قارارىمىزغا قارشى چىقتى. ئەمما تۆمۈر سىجاڭ چولاق زىخۇيغا بولغان ئەقىدىسىدىن يانمىدى. نەتىجىدە ھەممە ئىشلار چولاق زىخۇينىڭ رايى بويىچە بولدى. يەنى ما دوتەي ھەممە چېرىكلىرىنى چولاق زىخۇيغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېڭىشەھەرگە چىقىپ كەتتى. يېڭىشەھەردىكى ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنى چولاق زىخۇي ئۆز سېپىگە قوشۇۋالدى. پەقەت يېڭىشەھەر ئامبىرىدىكى قورال ــ ياراغ ۋە ھەربىي مەنقۇلاتنى ئىككى تەرەپ تەڭ بۆلۈشۇۋالىدىغان بولدۇق. ئەمما، بۇمۇ كېيىن قۇرۇق گەپ بولۇپ قالدى. توقسۇندىن ئۈچ يۈز چېرىك بىلەن كەلگەن چولاق زىخۇي ئەمدى بىر مىڭ بەش يۈز كىشىلىك، قورالLىرى خىل مۇنتىزىم قوشۇنغا ئىگە بولۇپ قالدى. مانا شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن ئوسمان بىلەن تۆمۈر سىجاڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشتى. تۆمۈر سىجاڭ ئوسماننى گەدەنكەش، قارام، ھەتتا مېنىڭدىن سىجاڭلىقنى تالىشىدىغان يامان نىيىتى بار دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئوسمان بولسا تۆمۈر سىجاڭنى دوست ــ دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەيدىغان سامان قورساق، قورقۇنچاق، مەنسەپپەرەس دەپ يامانلايدۇ. ئەلھال بۇ كۈنلەردە ئوسماننىڭ مىڭدىن ئوشۇق ئادىمى بار. ئۇ تۆمۈر سىجاڭغا قاراشلىق بىر مىڭ بەش يۈز ئادەم بىلەن بىرلىكتە يېڭىشەھەرگە تېگىش قىلىشنى نەچچە قېتىم ئېيتتى. ئەمما تۆمۈر سىجاڭ ئۇنداق قىلساق، ھاجىم بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا دەخلى يېتىدۇ دەپ ئۇنىمىدى. شۇ ئارىدا ھاجى ئاكامنىڭ ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن پۈتۈم تۈزگەنلىكى ۋە بۇ پۈتۈمنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە شۇرالار ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدىن ئېنىق ئاگلىغانلىرىمنى تۆمۈر سىجاڭغا ئېيتىپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردۇم. ئەمما، ئۇ:«بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ

ئورۇسلارنىڭ تاپقان گېپى» دەپ بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئەكسىچە، «يېڭىشەھەر مەسىلىسىنى باقىي قالدۇرۇپ، ھاجىملارغا ياردەم كۆچ ئەۋەتىش لازىم» دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئوسمان بولسا «بىقىنىمىزدىكى دۈشمەننى يوقاتماي تۇرۇپ، بىر قىسىم كۈچنى ھاجىم تەرەپكە ياردەمگە ئەۋەتىۋەتسەك، قەشقەرنى ساقلاپ قېلىش تەس» دەپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. شۇنداق ۋەج ـ سەۋەبلەر تۈپەيلى، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسماننىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت بارغانسىرى كۈچىيىپ كەتتى، خۇسۇسەن تۆمۈر سىجاڭ بىر تۈركۈم موللا ـ ئىشان ۋە بايلارنىڭ بەزمە ـ سۆھبەتلىرىدىكى شېرىن سۆز ۋە نازۇ نېمەتلەرگە غەرق بولۇپ كېتىپ، ئەسكىرىي تەلىم ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي يۈرگەننىڭ ئۈستىگە، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە بىلەن ئابدۇللا بايۋەچچىگە ئوخشاش بايلارغا تۇمنجاڭلىق مەنسىپىنى بېرىپ، ئۇلارنى ئەسكەر تۇتۇش ئىمتىيازىغا ئىگە قىلدى. ئۇلار ئەسكەر ئېلىش باھانىسى بىلەن ئۆز يانچۇقىنى توشقۇزۇش بىلەنلا قالماي قوشۇننىڭ ساپاسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. باج، ئالۋان ـ ياساق، غەللە ـ پاراق ئىشلىرى بۇرۇنقى قائىدە بويىچە مەلۇم ئادەملەرگە كۆتۈرە بېرىلدى. بۇ ھەقتە ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلار ئەمەس.

ئوسمانغا كەلسەك، ئۇ غەيرەت ـ جاسارەتلىك، سەزگۈر ۋە جەڭ مەيدانىدا قورقۇمسىز بولسىمۇ، ئۆزى تەرسا، ناھايىتى قارام ۋە مەنمەنچى، ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ تولىسى رۇسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن ئەنجان تەرەپتىن قېچىپ ئۆتكەن كاللا كېسەر باسمىچىلار ئىكەن. ھە دېسىلا قونچىدىن پىچاق چىقىرىشىدۇ.

چولاق زىخۇينىڭ كىملىكى ھەر بىرلىرىگە ئايدەك روشەن. ئۇ ماجۇڭيىڭنىڭ بىزگە ئەگىشىۋالغان كۆلەڭگىسى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۆزىنى ئاشكارىلاش ئالدىدا تۇرغان يالماۋۇز ئالۋاستى. ئۇنىڭ

قولىدىن ھەرقانداق يامانلىق كېلىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ.

بۇغداي، قوناق ئىككى تاش ئارىسىدا يانجىلىپ ئۇن بولىدۇ. مەن بولسام مۇشۇنداق ئۈچ تاش ئارىسىدا خۇن بولۇپ كېتىۋاتىمەن. قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ، گېپىم ھېچكىمگە ئۆتمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ دەپ، مادارا يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم. ئاقىۋەتنىڭ نېمە بولۇشى ئاللانىڭ ئۆزىگە مەلۇم.

ئىككىنچى ئەھۋال: بىزنىڭ ۋاقىپ بولۇشىمىزچە، بۇ يىل (يەنى 1933 ــ يىل) 2 ــ ئاينىڭ 24 ــ كۈنى مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا خوتەن قارىقاشتا مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ باشلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي خوتەن دىيارىنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلىپتۇ. 4 ــ ئاينىڭ 5 ــ كۈنى خوتەنلىكلەر ئۆز ئالدىغا بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپتۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ نامى «ھۆكۈمىتى ئىسلامىيە خوتەن»، بايرىقى «ياردەم ئاللادىن ۋە غەلىبە پات يېقىندا بولىدۇ» دېگەن ئايەت كەرىمە يېزىلغان ئاي ــ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئىكەن. مۇھەممەت نىياز ئەئلەم دېگەن كىشى ھۆكۈمەت باشلىقلىقىغا، سابىت داموللا دېگەن كىشى باش مەسلىھەتچى ۋە شەيخۇلئىسلاملىققا، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت باش قوماندانلىققا سايلىنىپتۇ. سابىت داموللام ئەسلى ئاتۇشلۇق كىشى بولۇپ، تۈركىيە، ئەرەبىستان، مىسىر ۋە ھىندىستان تەرەپلەرنى كۆرگەن، شۇنداقلا بىرقانچە كىتابلارنى تەلىف قىلغان زور ئالىم ئىكەن. مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت خوتەننىڭ ئەڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن بولۇپ، ئۆزى چوڭ ئۆلىما ھەم ئەل ــ يۇرت ئىچىدە زور ئابرۇي ساھىبى ئىكەن. بۇ ئادەم قوزغىلاڭدىن ئىككى يىل مۇقەددەم ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئالتىشەھەر، تۇرپان،

ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك تەرەپلەرگە ساياھەتكە بېرىپ غۇلجىدا
سابىت داموللام بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە مەلۇم پىكىر بىرلىككە
كەلگەن. شۇ سەۋەبلىك سابىت داموللا ھەرەمدىن ھىندىستان
ئارقىلىق ئۇدۇل خوتەنگە كېلىپ، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت قۇر-
غان يوشۇرۇن تەشكىلاتقا كىرىپ قوزغىلاڭغا بىۋاستە ئىشتىراك
ئەتكەن. ئەلھال بۇ كۈنلەردە پۈتكۈل خوتەن دىيارى شۇ ئىسلام
ھۆكۈمىتىنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا ئۆتۈپ بوپتۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ
ئازراقى مىلتىق ۋە مۇتلەق كۆپ قىسمى قىلىچ — نەيزە،
تاياق — توقماق بىلەن قوراللانغان ئىككى تۈمەنگە يېقىن ئەسكىرى
بار ئىكەن. بۇ ئەسكەرلەر ھۈنەرۋەن، كاسىپ، دېھقان، مەدىكار
ۋە مەدرىسە تالىپلىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بېشىغا قىزىل
ياكى يېشىل سەللە ئوراپ، ئۇزۇن چاچ قويىدىكەن. ئۇلارمۇ ھەممە
پىدائىيلىرىمىزغا ئوخشاش «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دېگەن
ئەقىدىدە بولغانلىقى ئۈچۈن جەڭدە ناھايىتى پىداكار ئىكەن،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆتمەي قاغىلىق بىلەن يەكەننىمۇ قولغا
كىرگۈزۈپ پوسكامغىچە يېتىپ كەلدى. ئەز جۈملە خوتەن سەردار-
لىرى قەشقەر يېڭىشەھەرنى تۇڭگانلاردىن ئازاد قىلماق نىيىتىدە،
قەشقەرگە قوشۇن ئەۋەتىش قارارىغا كېلىپ، بۇ خۇسۇستا تۆمۈر
سىجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتكەنىدى. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ مەزكۇر
قارارغا كېلىشىگە سابىت داموللىنىڭ قەشقەر دىيارىنى خوتەن
ھۆكۈمىتى ئىدارىسىگە كىرگۈزۈش مۇددىئاسى ھەمدە تۆمۈر سى-
جاڭدىن رەنجىگەن قەشقەر ئەربابلىرىنىڭ ئۇ كىشىنى قەشقەرگە
كېلىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشقا قىلغان دەۋىتى سەۋەب بولغان-
مىش. تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ، سابىت داموللىنىڭ
قەشقەرگە كېلىشىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، سابىت داموللا
بىلەن شامەنسۇر (يەنى مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەتنىڭ ئىنىسى)

ئىككى مىڭچە ئادىمى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ كەلدى ۋە شەھەر ئاھالىسى تەرىپىدىن قىزغىن ئىستىقبال قىلىندى. بۇ هال تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلارنى نەزەربەند قىلىپ، ئادەملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئەلەلئاخىر، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن خوتەن هۆكۈمىتى ئارىسىدا قاتتىق زىددىيەت پەيدا بولۇپ، قان تۆكۈشمەك خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا تۇرماقتا. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئاللانىڭ ئۆزىگە مەلۇم.

ئۈچىنچى ئەھۋال: سابىت داموللا مەسىلىسى. ئۇ نەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن، مەن تەسەللى بېرىش ۋە ئۇنى قەشقەر دىيارىنى خوتەن هۆكۈمىتى ئىدارىسى ئاستىغا كىرگۈزۈش پىكرىدىن ياندۇرۇش نىيىتىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتىم. سۆھبەت ئەسناسىدا، ئۇ ئۆز پىكرىدىن يېنىش ئورنىغا ئۆزىنىڭ تارىخ ۋە هازىرقى ئەھۋالىدىن خەۋەردار، ۋەتەن – مىللەت ئىستىقبالىغا غەمخۇۋار ھەمدە ئۆزى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلغان مەسلىكىدە بەر قارار ئىكەنلىكىنى بايان ئەيلەپ، ئاخىرقى غايىسى «هۆكۈمىتى ئىسلامىيە خوتەن» بىلەن ئىتتىپاقەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرماق ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىدى. ئەز جۇملە، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئىككىمىزنى بۇ ئىشتا ھەمكار بولۇشقا دەۋەت ئەتتى. مەن بۇ غايىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىم بىلەن داموللام بۇنىڭغا دەلىل – ئىسپات تەلەپ قىلدى. مەن بىرىنچىدىن، مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭغا يول قويمايدىغانلىقىنى، هازىرلا ئەمەس، تارىختا (مەسىلەن «بەدۆلەت» دەۋرىدىمۇ) يول قويمىغانلىقىنى، مۇبادا مەركەزنىڭ رايىغا باقمىغاندا، زور كۆلەملىك قانلىق پاجىئە سادىر بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم؛ ئىككىنچىدىن، قوشنىمىز شۇرالار ئىتتىپاقىمۇ يول قويمايدۇ دېدىم.

چۈنكى، بىز مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قالساق، شۇرالار ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوشما جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىپ قوپىدۇ. بۇ ھال شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ بېشىغا ئېغىر سىياسىي بوھران كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم خارجى ئەلنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھىمايىسىگە موھتاج بولىمىز. شۇرالار ھۆكۈمىتى بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزنى خالىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ياردەمنى باشقا بىر ئەلدىن، مەسىلەن، ھىندىستان ئارقىلىق ئەنگلىيىدىن ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنگلىزلار ھېچقاچان بىكارغا ياردەم بەرمەيدۇ. شۇ باھانىدە بىزنىڭ يۇرتىمىزغا پۇتىنى تىقىۋالىدۇ، ئىنگلىز تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى شۇرالار ھۆكۈمىتى تېخىمۇ خالىمايدۇ. ھەتتا پادىشاھ رۇسىيىسىمۇ خارجى ئەللەر بىلەن ئالاقىسى بولغان «بەدۆلەت» نىڭ مەۋجۇدىيىتىنى خالىمىغان. شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇل ئىنقىلابىنى قوللاپ — قۇۋۋەتلىشىدىكى مەقسىتىمۇ بىزگە مۇستەقىللىق ئېلىپ بېرىش ئەمەس، ئۇلار ماجۇڭيىڭنىڭ شۇم ئايىغى ئارقىلىق ياپون تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. مانا شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىمىزغا ھەممىدىن ئاۋۋال شۇرالار ھۆكۈمىتى قارشى چىقىدۇ. مۇبادا تەقدىر يار بېرىپ، شۇنداق بىر دۆلەت دۇنياغا كېلىپ قالسا، شۇرالار ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلىشى مۇقەررەر. ئۈچىنچىدىن، بىزنىڭ ئىنقىلاب قىلىشتىكى ئەسلى مەقسىتىمىز — شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىنگودىن ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش ئەمەس. پەقەت مۇستەبىت زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، مىللىي ئازادلىق ۋە تەڭلىككە ئېرىشىش، ئەھلى پۇقرانى يەرلىك زوراۋانلارنىڭ جەبىر — زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىنسانىي ھوقۇقىغا

ئېرىشتۇرۇش ئىدى. يولباشچىمىز ھاجى ئاكام «مېنىڭ مەقسىتىم ئۆز ئالدىمغا بىر پادىشاھلىق قۇرۇش ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمايمەن» دەپ بىر نەچچە قېتىم جاكارلىغان. تۆتىنچىدىن، قۇمۇلدا باشلانغان ئىنقىلابنىڭ شاراپىتىدىن جىڭ شۇرېن ئىستىبدات ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، يېڭى بىر ھۆكۈمەت مەيدانىغا كەلدى ھەمدە بۇ ھۆكۈمەت شىنجاڭدا مىللەتلەر باراۋەرلىكى، خەلقچىللىق، ئەھلى پۇقرانىڭ ھوقۇقىنى قوغداش سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە كاپالەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ۋەكىلى ئىشتىراكىدا ھاجىم بىلەن شېڭ دۇبەن ئوتتۇرىسىدا جىمىسار پۈتۈمى ئىمزالىنىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا ئاساس بەرپا بولدى. شۇنىڭغا قارىماي، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرىمىز دېسەك، جىمىسار پۈتۈمى بىكار قىلىنىپ، شېڭ دۇبەن بۇ تەرەپلەرگە چوقۇم ئەسكەر تارتىدۇ. ھەتتا ۋەزىيەت تەقەززاسىدىن ئۆزىنىڭ رەقىبى ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىۋېلىشىمۇ ئېھتىمالدىن خارج ئەمەس. بۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولىدۇ. مانا شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشنى خام خىيال دەيمەن.

داموللام مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى ۋە مۇنداق دېدى: «سىلى بۇ گەپلىرى بىلەن تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولمايدۇ دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟ ھالبۇكى، تۇخۇمنىڭ دەردى بولمىسا تاشقا ئۇرۇلمايدۇ. سىلى ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغانلىرى بىلەن تېخى ياش ئىكەنلا، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن بېگىم، سىلى تارىختىن، خۇسۇسەن مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق يولىدىكى كۈرەش تارىخىدىن خەۋەرسىز ئوخشايلا. ھەرقانداق ھەقىقەت باشتا خام خىيال، ھەتتا ئەپسانە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بارا ـ بارا ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، «مىڭ بىر كېچە»

ھېكايىلىرىدىكى «ئۇچار گىلەم» بوگۇن بىپايان سامادا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئايروپىلانغا، «تۆمۈر بېلىق» بوگۇن تۇپسىز بەھر ــ ئوكيانلاردا ئۇزۇپ يۈرگەن كېمە ــ كاراپىلارغا ئايلاندى. مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن ــ ئازاد ۋە مۇستەقىل ياشاش ئارزۇلىرىمۇ باشتا خام خىيالدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. ئەمما، ئاخىر بەتەھقىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزغا مەركىزىي ھۆكۈمەت يول قويمايدۇ، دېدىلە. ئەجەبا، تاشقى موڭ- غۇلدا موڭغۇلىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى بەرپا بولغىنىغا يول قويغان مەركىزىي ھۆكۈمەت بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشىمىزغا نېمە ۋەجىدىن يول قويمايسۇنلەر؟ ئېھ- تىمال، مەركىزىي ھۆكۈمەت موڭغۇللارنىڭ خاقانى چىڭنىڭ① قەدىمكى چېگرا ــ ھۇدۇدى بولمىش سەددىچىن سىرتىدىكى زېمىن- دا ياشىغان ۋە تارىختا بۈيۈك سۇلالىلەر قۇرغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتمىشتۇر. ھالبۇكى، بۇ جەھەتلەردە بىزمۇ موڭغۇللارغا ناھايىتى ئوخشايمىز. شۇنداق ئىكەن، مەركىزىي ھۆ- كۈمەت بىزگىمۇ شۇنداق نەزەردە قارىشى لازىم. تارىخىي تەرەققى- ياتلار جەريانىدا، جاھان خەرىتىسىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرغانلىقى راست. ئەمما لېكىن، ھەربىر مىللەتنىڭ ئاللاتائالا ئاتا قىلغان، يەنى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى بولىدۇ. ھەر بىر مىللەت ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ ئىگىسى بولۇشقا ھەقلىق. بىز پەقەت ئۆز ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئىستىقلالىيىتىنى تەلەپ قىلىۋاتىمىز، خالاس! بۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەت چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن. سىلى شۇرالار ھۆكۈمىتى بىزنىڭ ئىستىقلال دۆلەت بولۇشىمىزنى خالى- مايدۇ دېيدىلا. تاشقى موڭغۇلنىڭ ئىستىقلال دۆلەت بولۇشىغا

① ئۆز زامانىسىدا بەزى ئىسلام ئەللىرى چىڭگىزنى «خاقانى چىن» دەپ ئاتىلىتى.

ياردەم قىلغان شۇرالار ھۆكۈمىتى ئەمەسمۇ؟ مەلۇم ئەللەرنىڭ ئازادلىقىغا ياردەم بېرىشنى شوئار قىلغان شۇرالار ھۆكۈمىتى بىزگە كەلگەندە بۇ شوئارنى مەنسۇق قىلسا، جاھان ئالدىدا ئۆز ئابرۇيىنى ئۆزى پايمال قىلىپ قويامدۇ؟ شۇرالار ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىنىڭ كوممۇنىزم بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ بىزگە ياردەم بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ئۇ ھالدا بىز ئىنگلىزلاردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولۇپ قالساق، ئۆزىمىزنىڭ تەقدىر چۇلۋۇرىمىزنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغىلى بىز ئەخمەقمىدۇق! خوجىنىياز ھاجىغا كەلسەك، ئۇ كىشى ئىككى ئىشنى خاتا قىلدى. يەنى، ئىنقىلابنىڭ دەسلىپىدىلا ماجۇڭيىڭنى چىللاپ چىقماسلىقى، كېيىن شېڭ دۇبەن بىلەن پۈتۈم تۈزمەسلىكى لازىم ئىدى. ھاجىم ماجۇڭيىڭنى چىللاپ چىقىش بىلەن بۆرىنى قوتانغا باشلىغان بولسا، شېڭ دۇبەن بىلەن پۈتۈم تۈزۈپ ئۆزىنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىۋالدى. دېمەك، ھاجىم ئالداندى. لازىم تاپسىلا مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ھاجىغا يەتكۈزۈپ قويسىلا يامان بولمايدۇ. ئەمما، شۇنى ھەم ئىزاھلاپ قويسۇنلاركى، ھاجىم يولباشچىمىز، بىز ھاجىمنىڭ قەشقەر دىيارىغا تېزرەك قەدەم تەشرىپ قىلىشىغا مۇنتەزىرمىز».

ئەھۋال شۇ. مەن ھەرقانچە ئىجتىھات قىلىپ كۆرسەممۇ، سابىت داموللىنى ئۆز پىكرىدىن قايتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالدىم. بۇ ئادەم ئۆز مەسلىكىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس.

شۇ ئارىدا مەركەزنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ①، تۆمۈر سىجاڭ قاتارلىق مەسلەكداشلىرىمىز بىلەن بار مەسلىھەت ھاجى ئاكام باشلىق ھەممە

---

① شۇ چاغدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەركانىي ھەرب (باش ھەربىي شتاب) نىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك كاتتىۋېشى خۇاڭ مۇسۇڭنى 1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن. بۇ يەردە شۇ ئىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يۇرت چوڭلىرى نامىدىن مەركىزىي ھۆكۈمەت رەئىسى لىن سىلىڭ جۇشى بىلەن ھەربىي ئىشلار باشلىقى جياڭ ۋېيپۇمنجاڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركەزدىن ئايرىلماسلىق رايىنى ئىزھار ئەيلەپ ۋە ياردەم سوراپ تېلېگراممىا يوللىدۇق. 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەركەزنىڭ بىزنى تەقدىرلىگەن ھەمدە شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىرادىسى ئىزھار قىلىنغان جاۋاب تېلېگرامما كەلدى.

كەمىنىلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى ھەر بىرلىرىگە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىشنى ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ، يۇقىرىدىكى مەلۇماتنى ياردىم ۋە بەزى مۇلاھىزىلىرىمنىمۇ ئىزھار قىلىپ ئۆتتۇم. مەمەدانلىق قىلىپ قويغان بولسام مېنى مائاف قىلۇرلا. ھەر بىرلىرىدىن ئىلتىماسىم شۇلكى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنە ئۇ تەرەپلەردە ماجۇڭيىڭ بىلەن ئاۋارە بولماي، مەزكۇر مەكتۇپ تەگكەن ھامان تېزدىن قەشقەر تەرەپكە يۈزلەنگەيلەر. سەپەرلىرى قانچە كېچىكسە، بۇ تەرەپلەردىكى ئەھۋال شۇنچە يامانلىشىدۇ، ھەتتاكى كۈتۈلمىگەن ئېغىر ئاقىۋەتلەر بەتەھقىق يۈز بېرىپ قالىدۇ، ۋاللاھۇ ئەلەم بىساۋاب.

## 4

بۇ خەت ئوقۇلۇش بىلەن سورۇننى ئېغىر سۈكۈنات باستى. ئادەملەرنىڭ ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن چىرايلىرىدا ئالاقزادىلىق چۈشىنىكسىز ئىپادە ئىزلىرى قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ھاجى ئۆزىنىڭ ئۇدۇلدا ئولتۇرغان نىمەت خەلپەتنىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاچ، بىردىنلا ئاغزىنى بۇزدى:

— نېمە قىلىپ يۈرىدۇ بۇ لومودىلار ئىشنى بۇزۇپ؟! ئورۇق ئۈيغا يوغان مۈڭگۈز دەپ، سابىت داموللا دېگىنى بۆلەكلا بېشى يوغان بىر نېمىكەنغۇ. ھېچنېمىدە ھېچنېمە يوق، بىر نېمە ئىستان قۇرىمىش تېخى. تۆمۈر دېگەن ھارۋىكەشنى خېلى ئادەم دەپتىكەن-مەن، بىر پارچە پوق ئىكەنغۇ.

— پۇلى يوق ئاشىق، تەييارغا مەشۇق دەپ، بۇ بىر نېملەر-نى قارىمامدىغان تېخى، — دېدى سالى دورغا ھاجىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — قان كېچىپ، جان بېرىپ يۈرۈپ ئىشنى بىز قىلساق، ھېلىتىنلا مەنسەپنىڭ كويىغا چۈشكىنىنى! شۇمۇ گەپ بولدىمۇ زە! مەنغۇ خەتتىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ كېتەلمىدىم. ئەممازە، يۇنۇس بەگنىڭ ھەق گەپ قىلىۋاتقىنىنى چۈشىنىۋاتىمەن. توقسۇنغا بېرىپ تۇڭگان بىلەن سوقۇشىمىز دېمەي، ئەتىلا قەش-قەرگە ئاتلىنايلى ھاجىم.

— توغرا، توغرا، ئەتىلا ئاتلىنايلى! — دەپ چۇرۇلداشتى كۆپچىلىك.

— ئۆزلە نېمە دەيدىلا؟ — دېدى ھاجى، گەپ - سۆز قىلماي قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇرغان مەھمۇت مۇھىتىغا قاراپ.

— دورغام توغرا ئېيتتى، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى، — قەشقەر شۇنچىلىك مالىماتاڭ بولۇۋاتقان يەردە توقسۇنغا بېرىپ نېمە قىلىمىز؟ يۇنۇس بەگ ئۆزىنىڭ خېتىدە ھېلىقى چولاق زىنخۇينى ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى كۆلەڭگىسى، يالماۋۇز ئالۋاس-تى دەپتۇغۇ. ئاگال شۇنى يوقاتمىساق بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەنلىكلەر بىر سۇلتان، قەشقەرلىكلەر بىر نېمە ئىستان بولىمىز دەپ ئىشنى بۇزۇۋاتقاندا، ئۆزىمىز قول قويغان جىمىسار پۈتۈمى بويىچە ئىش قىلمىساق بولامدۇ ھاجى ئاكا؟!

— توغرا، توغرا، — دېدى ھاجى، قاسىم ئەپەندىگە قاراپ.

ياربدار قاسم ئەپەندى تامغا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. هاجىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن قەددىنى رۇسلاپ مۇنداق دېدى:

— يۇنۇس بەگ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا ۋەزىيەتنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلغان. ھەر قايسىلىرىنىڭ گەپلىرىمۇ توغرا، بىراق، بىز قازاقلاردا:

«مىلتىق بېرىپ ئۆگەتتىم، مەرگەن بولۇپ مېنى ئاتتى،
كۆچۈك ئىدى ئىت ئەتتىم، ئاياغىمنى قاناتتى»

دېگەن گەپ بار. ئۆزىمىز چىللاپ چىققان ماجۇڭيىڭ جىمساردا بىزگە نېمىلەرنى قىلمىدى؟ تېخى بىر نەچچە كۈن بۇرۇنلا ئۈش-شاقتالدا بىزگە ئوق ئاتقانلار يەنە شۇ ماجۇڭيىڭنىڭ چېرىكلىرى ئەمەسمۇ؟ قەشقەر تەرەپكە ماڭغۇچە بۇ غالجىر ئىتنىڭ تۇمشۇقىنى قانىتىپ قويمىساق، ئارقىمىزدىن كېلىپ بىزنىڭ ئايغىمىزنى قانىتىدۇ.

— مانا بۇ گەپ جايىدا بولدى، ئىت ئۆرگۈچىغا ئامراق دېگەن گەپ بار، — دېدى ھاجى، — مەن توقسۇنغا بېرىپ، ئۇ لومودىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويمىغۇچە قەشقەر تەرەپكە ماڭمايمەن.

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى. ھاجى بىلەن قاسم ئەپەندى-دىن باشقىلار قاش - قاپىقى سىلىنغان ھالدا جىم - جىم تارقىلىشقا باشلىدى. مەھمۇت مۇھىتى قاسم ئەپەندىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ ھومىيىپ قويدى. ھەممىدىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان تۇرسۇن دولان تېخى ھەممە ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ياش يىگىتلەرگە خاس ساددىلىق بىلەن قاسم ئەپەندىگە

ئەجەبسىنىپ قاراپ قويدى. قاسىم ئەپەندى بولسا، كۆزلىرىدىكى مەمنۇنلۇق ئىپادىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەرھال يەرگە قارىۋالدى. ئەمما ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس بىر تەبەسسۇم ئالامىتى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. چۈنكى، ھاجى بىلەن ماجۇگىيىڭنىڭ زىددىيىتى قانچە كەسكىنلەشسە، ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىۋاسىتە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان قانلىق جەڭلەر قانچە كەڭ ۋە قانچە دەھشەتلىك بولسا، قاسىم ئەپەندى ئۆز زىممىسىدىكى پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى شۇنچە ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىغان ھېسابلىناتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى پات ئارىدا توقسۇندا بولىدىغان قانلىق جەڭ بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن سالقىن چۈشكەندە پۈتۈن قوشۇن توقسۇن تەرەپكە ئاتلاندى. پەقەت ھوشۇر كانتۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى مودىنخان بىلەن ياشىنىپ قالغان يەنە بىر جەڭچى قاسىم ئەپەندى باشلىق ياردارلارغا قاراش ئۈچۈن قارا شەھەردە قالدى.

ماجۇگىيىڭنىڭ ئەڭ ياراملىق سەركەردىلىرىدىن ماشىمىڭ بۇ يۇرۇشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقىنى ئۈچۈن، توقسۇننىڭ بۇرجاي، يىلانلىق، ئاقتاغ، سېرىقدۆڭ، قوشتېرەك ۋە سۇ بېشى دېگەن يەرلىرىنى ئىگىلەپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا تەخمىنەن قىرىق نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان بىر لىنىيە قۇرۇۋالغانىدى. بۇ يەرلەر مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە سۇ مەنبەلىرىگە يېقىن ئىدى. ئۇرۇش ئەنە شۇ يەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غىلىڭ سايدا بولدى. ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى سۇ مەنبەلىرىدىن بەك يىراق بولغاچقا، تونۇردەك قىزىپ كەتكەن غىلىڭ سايدا سۇسىز قېلىشنىڭ ئۆزىلا ئۆلۈمگە تەڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىمىڭ چېرىكلىرى سان ۋە قورال - ياراغ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن

تاشقىرى، ھاجىنىڭ قوشۇنىغا قارىغاندا ئالاھىدە مۇنتىزىم بىر قوشۇن ئىدى.

نەتىجىدە، يېرىم كۈنگە يەتمەيلا ھاجىنىڭ قوشۇنى پەرىشان ھالدا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ماشىمىڭ چېرىكلىرى ئۇلارنى ئارغىبۇلاق تاغلىرىنىڭ ئىچىگىچە قوغلاپ كەلدى. نۇرغۇنلىغان پىدائىيلارنىڭ جەسىتى سايدا قالدى. بۇ جەسەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى بوگۇر، كورلا تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلغان ۋە ئاساسەن قىلىچ، نەيزە بىلەن قوراللانغان پىيادىلەر قىسمى ئىدى.

ھاجى بىر نەچچە مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قوشۇنىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە كېتىۋېتىپ، پات ــ پاتلا ئاتتىن سەكرەپ چۈشەتتى ۋە مېرۇل پۇگەننىڭ قولىدىن پىلموتنى ئېلىپ، ئەپلىك بىر يەرگە يېتىۋالاتتى ــ دە، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى بىر چېكىندۈرۈۋېتىپ، يەنە قاچاتتى ۋە پات ــ پاتلا ساقىلىنى سىقىمداپ «ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا» دەپ پىچىرلايتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا» ـــ بۇ ئەرەبچە ئىبارە، ئادەتتە تەقۋادار كىشىلەر ئارىسىدا، ئاللاغا ئىستىغپار (تەۋۋا) ئېيتىپ گۇناھىنى تىلەش مەنىسىدە، ئاۋام خەلق ئىچىدە بولسا، ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش، ئاچچىقلىنىش، ھەسرەت ــ نادامەت چېكىش ياكى پۇشايـ ـمان قىلىش مەنىلىرىدە ئىشلىتىلەتتى. باياتىن بېرى، ھاجىنىڭ بۇ سۆزنى قايسى مەنىدە ئېيتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېيىش تەس بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇركۈتنىڭكىدەك دۈگىلەك كۆزلىرىـ ـنىڭ چوغدەك يېنىپ، نېپىز لەۋلىرىنىڭ يوپۇرماقتەك تىترەپ كېتىشلىرى شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئاچچىق ئەلەم ــ ھەسرەتنىڭ يىرىك تىكەنلىرى قاتتىق سانجىلىۋاتقىنىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتـ ـتى. ئېھتىمال، ئۇ شۇ تاپتا، شۇنچە يىللاردىن بېرى جاپا ــ مۇشەققەتنى بىللە تارتىپ، بىللە قان كېچىپ، جانغا جان، قانغا

قان ئۇلاشتۇرۇپ كەلگەن سەپداشلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي،
ھەتتا دۈشمەن تەرەپنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋەر
تاپماي، بۇ جەڭنى باشلاپ خاتا قىلغانلىقىنى، يەنى بۇ قېتىمقى
مەغلۇبىيەتنىڭ باش سەۋەبچىسى ئۆزى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەمدى
چۈشىنىپ يەتكەندۇ؟! ئېھتىمال، ئۆزىنىڭ شۇ قارام ــ قەيسەرلىكى
كاساپىتىدىن، كېسىك قۇيرۇقلۇق دىقماق ئاتلارغا مىنگەن ماجۇڭ-
يىڭ چېرىكلىرى بوراندەك باستۇرۇپ كەلگەندە، دۈشمەننى ئاتقۇ-
دەك مىلتىقى ياكى مىنىپ قاچقۇدەك ئېتى بولمىغان بىرنەچچە يۈز
«ئالتىشەھەرلىك» يىگىتلەرنىڭ سايدا قالغان قانلىق جەسەتلىرى
ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتىدىغاندۇ؟! ئېھتىمال شۇلارنىڭ ھەممىسى-
نى ئۆزىدىن ئۆتكەن گۇناھ ھېسابلاپ، توۋا ــ ئىستىغبار بىلەن
ئىچ ــ ئىچىدىن كۆيۈپ يېنىۋاتىدىغاندۇ؟! ئېھتىمال، ئۆزىنىڭ
سىياسىي كومىسسارى قاسىم ئەپەندىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەن-
لىكىگە چۈشىنەلمەي ئىچى پۇشۇۋاتىدىغاندۇ! ئەنە شۇنداق سە-
ۋەبلەردىن بولسا كېرەك، ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە ھېچكىم بىلەن
سۆزلەشمەي، ئىچىنى تىڭشاپ يۈردى.

# ئالتىنچى باب

## «بالا سەركەردە» تۇرپاندا

*مەن بوز ئاتقا قارىدىم ۋە سەپسىلىپ چىقتىم.*
*بۇ ئاتقا مىنىۋالغان كىشىنىڭ ئىسمى «ئۆلۈم»...*

— «تەۋرات» رىۋايەتلىرىدىن

شىمال تەرىپى يالقۇنتاغ، غەرب تەرىپى ئىسسىق شامال گۇرۇلدەپ تۇرىدىغان بىر پارچە غىلىك ساي، جەنۇب تەرىپى دېڭىز يۈزىدىن بىر يۈز ئەللىك تۆت مېتىر تۆۋەنلىكتىكى ئايدىڭكۆل بىلەن قورشالغان تۇرپان شەھىرى بۇ كۈنلەردە تونۇردەك قىزىپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئەللىك گرادۇسقا يېتىپ قالغانىدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى كۈندۈزلىرىنى كېمىر ئۆيلەردە ياكى ئېرىق — ئۆستەڭ بويلىرىدىكى دەل — دەرەخلەر سايىسىدە، كېچىلىرىنى بولسا ئۆگزىلەردە ئۆتكۈزمەكتە. پەقەت شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قاقاس تاغلار ئارىسىدا چوڭقۇر جىلغىغا جايلاشقان بۇيلۇق[1] يېزىسى خۇددى بىر مۆجىزە ماكانى كەبى ئۆزىنىڭ شار-

① بۇيلۇق — «ئۈزۈملۈك» دېمەكتۇر. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «بورلۇق» بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ئۈزۈم ۋە ئۈزۈمدىن ياسالغان ئىچىملىكلەر «بور» دېيىلەتتى. كېيىنچە «ر» تاۋۇشىنىڭ «ي» لىششى بىلەن «بورلۇق» بۇيلۇق بولۇپ قالغان.

قىراپ ئېقىپ تۇرغان سۇپسۇزۇك سۇلىرى، باراقسان باغلىرى ۋە سالقىن شامىلى بىلەن يۈرەكنى سەگىتىپ، كۆڭۈلگە ئارام، شائىر-لارغا ئىلھامبەخش ئېتىپ تۇراتتى. شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالارنى يازغانلىقىمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى:

بىر قەدىمكى توپا تاغ، ئۈستى قاقاس،
باغرىدا چاقنار ئىكەن گۈل — ئەتىياز.
شۇ قاقاس تاغدىن تامار چىم - چىم بۇلاق،
مەرۋايىتتەك تامچىسى زەپ پارقىراق.
ئاندا بىر كۆل، چايقىلار كۆن شولىسى،
قوينىدا ئالتۇن بېلىقلار جىلۋىسى...
ئاندا چوغلۇق، گۈلى رەيھان، مىرزىگۈل،
مۇندا ئەترە بىرلە نەركەس، سەبدىگۈل.
بۇك - باراقسان باغلىرىنى نىمە دەي،
قايسى تىل بىرلە ئۇنى تەرىپ ئېتەي.
خارقىراپ تۇرغاچ باراڭدا ساپ ئۈزۈم،
جىلۋىسىدىن ھەر نەپەس تالدى كۆزۈم.
«نىمە بۇ، ياقۇتمۇ ياكى قەھرىۋا،
ياكى زۇمرەت، قاشتېشى زەپ دىلرەبا» —
دەر ئۇنى شاخ - شاخىدا كۆرگەن كىشى،
ئاق، قىزىل سايىۋا، بىجاقى، كىشمىشى.
قىزىرىپ تۇرسا ئانارلىك غۇنچىدەك،
خۇددى تۇرپان قىزلىرىنىڭ مەڭزىدەك.
تامسا شاپتۇل، ئەنجۈرىنىڭ شەربىتى،
جانغا جان قوشسا ئۇنىڭ تىم - لەززىتى.
ئويلىدىم «جەننەت» دىگەن يەر قانچىلىك؟

بولسا باردۇر ئۈزلۈقى بىر سەنچىلىك.
ئەي گۈزەل بۈيلۈق دېگەن جەننەت ماكان،
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن هامان!

ماجۇڭيىڭ زىنچۇەن جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇرپان ئويمانلىقىغا چېكىنىپ، تۇرپان شەھىرىنى قارارگاھ قىلغان ۋە بۇ كۈنلەردە سەرەتان ئىسسىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزىنىڭ شتابىنى شەھەردىن ئەنە شۇ بۈيلۈققا ۋاقتىنچە كۆچۈرۈپ چىققاندى.

كۈن پېتىپ سالقىن چۈشۈشكە باشلىغان چاغدا، يەڭسىز ئاق كۆڭلەك كىيىپ، پۇچقاقلىرىنى تىزىغىچە تۇرۈۋالغان ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قارىغاش بىر يىگىت شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق بىر بوز ئاتنى سۇغا پىشلدۇر-ماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بىلەك مۇسكۇللىرى خۇددى ئىسپورتچىلارنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرىدەك كۆپچۈپ تۇراتتى. يىگىت بوز ئاتنى يۇيۇۋې-تىپ، ئۇنىڭ ئاھۇنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرىگە پات ــ پات سۆيۈپ قوياتتى. بوز ئات ئېگىسىگە جاۋابەن ئۇنى پۇراپ قوياتتى.

نېرىراقتىكى سۆگەت سايىسىدە ئۈچ ھەربىي كىشى بۇ مەنزى-رىنى تاماشا قىلغاچ قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ماجۇڭيىڭنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى — ئاتلىق قىسملار قوماندانى ماخۇسەن؛ ئىككىنچىسى، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى شالاڭ سا-قاللىق، يۈزلىرى قىپقىزىل كەلگەن دوغىلاق بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ماجۇڭيىڭنىڭ ئىمامى ئاخۇن تۇەنجاڭ ئىدى؛ ئۈچىنچىسى، كۆك كۆز، قاڭشارلىق ۋە سېرىق چېكە چاچلىرى بىلەن قىسقا بۇرۇتى ئاقىرىپ كەتكەن ئېگىز بويلۇق كىشى ئىدى. بۇ كىشى بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى تۈركىيە سۇلتانلىق ئارمىيە-

سىنىڭ ئوفىتسېرى كامال كازىمى بولۇپ، تۈركىيىدە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، چېگرىدىن قېچىپ چىققان ۋە 1931 ـ يىلى-نىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ماجۇڭيىڭغا مۇشاۋىرلىق قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

— ياشلىق قانداق ياخشى ـ ھە! — دېدى ئۇ ئۆز ھەمراھلىرىغا، — كىشى يىگىتلىك دەۋرىدە ئۆزىنى ئارسلاندەك بەقۇۋۋەت، قۇشتەك ئەركىن، بوراندەك ئۇچقۇر، چاقماقتەك چاققان ھېس قىلىدۇ. گاسىلىڭنى ھەربىر كۆرگىنىمدە مېنىڭمۇ يىگىتلىك چاغلىرىم يادىمغا چۈشىدۇ.

— ئەمدى ئۇنى گاسىلىك دېمىسەكمۇ بولار، — دەپ كۈلدى ماخۇسەن، — مېنىڭ ھېسابىمچە، ئۇ بۇ يىل يىگىرمە ئۈچ ياشقا تولدى. بىر ـ ئىككى بالىغا ئاتا بولىدىغان چېغى بولدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ياشلىقى جەڭ تۈلپىرىنىڭ ئۈستىدە، دەشت ـ باياۋاندا قىلىچ ئوينىتىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋا-تىدۇ. ئۇنىڭغا ھەيرانمەن. قارىمامسىلەر ئۇنىڭ بىپەرۋالىقىنى... جاھاندا شۇنچە ئىشلار بولۇۋاتسا، ياش بالىلاردەك غېمىدىمۇ يوق، ئات بىلەن ئوينىشىۋاتقىنىنى!

— خاتالاشتىڭىز گېنېرال جانابلىرى، — ئېتىراز بىلدۈردى كامال كازىمى كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز خۇددى چاتقاللار ئارىسىدا غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالغان قاپلاننى ياۋا مۈشۈك دەپ خاتا پەرەز قىلغان ئوۋچىدەك گەپ قىلىۋاتىسىز. ئۇنى بىپەرۋا دېيىشىڭىزگە قوشۇلمايمەن. شۇ تاپتا ئاتنى پىشىلدۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ قانداق مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پىكىرلەر بىلەن بەند ئىكەنلىكى بىر ئاللاغا مەلۇم. قەلبى ئۇلۇغ غايىلەر بىلەن دولقۇنلىنىپ تۇرغان كىشىلەر ئادەتتە سادда ياكى بىپەرۋا كۆرۈنىدۇ. ئون يەتتە يېشىدا پۈتۈن بىر باتالىيونغا كوماندىر، يىگىرمە ئۈچ يېشىدا بىر نەچچە مىڭ

كىشلىك قوشۇنغا سەركەردە بولۇپ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈ-
ۋاتقان كىشىنى بىپەرۋا دېيىشكە بولامدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭدىكى
بۇ ئاجايىپ قابىلىيەتنى ئاتايى ھەق دېيىش كېرەك. شۇنداق
كىشىلەر ئەرەب تىلىدا ئىستىدات ساھىبى، يۇنانچىدا تالانت دېيى-
لىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ياشلىق باھارى جەڭ تۇلپىرىنىڭ ئۇستىدە
ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ دېگەن گېپىڭىزگە قوشۇلمەن. مېنىڭ پەرىزىم-
چە، ئۇ تېخى بىرەر قىزنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ باقمىغان بولسا
كېرەك، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئەركەك بەندىغۇ! مانا بۇ جەھەتتىكە
غەمخورلۇق قىلىشنى بىزنىڭ بۇرچىمىز دەپ ھېسابلايمەن.

— مۇشاۋىر جانابلىرى، سىزمۇ خاتالاشتىڭىز، — دەپ
ئېتىراز بىلدۈردى ئاخۇن تۇمەنجاڭ، — ئۇنىڭغا خوتۇن زاتىدىن
بىرەر گەپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ، بولمىسا، ياۋسىلىڭغا① ئوخشاش
ئازار يەپ قالىسىز.

— خوش تەقسىر، يولۋاس بەگكە نېمە ئىش بولغان؟ —
سورىدى كامال كازىمى.

— يېقىندا، — دېدى ئاخۇن تۇمەنجاڭ، — ياۋ سىلىڭ
بىزنىڭ باش سەركەردىمىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق
قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇزاقتىن گەپ باشلاپ كېلىپ، «سىزگە قىز
تېپىپ قويدۇق، دادىسى تەقۋادار ئادەم، يەنى ھېلىقى كۈنى ئالدى-
ڭىزغا سالامغا كىرگەن ياك ھاجى، ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز...»
دېۋىدى. گا سىلىڭ غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، «ياۋ
سىلىڭ، ساقىلىڭىزنى دېمىسەم، يۈزىڭىزگە بىرنى تۈكۈرۈۋەتكەن
بولار ئىدىم. ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، مەن بۇ مۇقەددەس
جاھاتنى ئەنجامىغا يەتكۈزۈپ ئىسلام دۆلىتى قۇرمىغۇچە خوتۇن

① يولۋاسنى دېمەكچى، ئۇ بۇ كۈنلەردە ماجۇڭيىڭ تەرىپىدىن تۇرپان گارنىزون قوماندانلىقى (سىلىڭلىقى)غا تەيىنلەنگەنىدى.

زاتىغا قارىمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۆچۈك جېگىدە شىھت بول-
غان ئىنىمىنىڭ قارىلىقىنى تۇتۇۋاتقىنىم ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟» دەپ
كايىپ كەتتى.

— ماشائاللا، — دېدى كامال كازىمى، — ئۇنىڭغا ئەقىدە
باغلاپ خاتا قىلمىغانىكەنمەن، ئەرمىلەردە مۇنداق بىر ھېكمەت بار:
ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن، ئەمچەك، كىنى-
دىك ۋە تاناسىل ئەزالاردىن ئىبارەت ئون ئىككى تۆشۈك بولىدۇ.
ئىنسانغا كېلىدىغان پالاكەتلەرنىڭ تولىسىغا بۇ ئون ئىككى تۆ-
شۈكنىڭ ئىككىسى، يەنى ئېغىز بىلەن تاناسىل ئەزا سەۋەب بولىدۇ.
كىمەرىسكى، بۇ ئىككى تۆشۈككە ئىگە بولالىسا مۇراد ـ مەقسىتىگە
ئاسان يېتىدۇ. بۇ ھېكمەتتىن مۇراد ئالىيجاناب غايىگە ئىنتىلگۈچى
كىشى ئۆز نەپسىگە تېخىمۇ ئىگە بولالىسۇن دېمەكتۇر. ياشلىق
غۇرۇرى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان كۈنلەردىمۇ ئۆز نەپسىگە ئىگە
بولالىغان مۇشۇنداق بىر سەركەردىنىڭ نۆكىرى بولغانلىقىمدىن
پەخىرلىنىمەن، مۇنداق ئادەم...

— ئەنە ياۋ سىلىڭمۇ كېلىپ قالدى، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى
بۆلۈۋەتتى ئاخۇن تۇمەنجاك.

دەرۋەقە، يولۋاس بىر نەچچە ئاتلىق مۇھاپىزەتچىسى بىلەن
سوقما تاملىق باغنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىپ ئۇلارغا يېقىنلا كېلىپ
قالغانىدى. يولۋاس بىلەن يانداش كېلىۋاتقان يىگىرمە يەتتە ـ
سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئۆزىنىڭ خۇش پىچىملى-
قى، قويي كۆزلىرىنىڭ ئىپادىچانلىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ
تۇراتتى. ئۇ، 20 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شىمالىي مىلىتا-
رىستلارغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت تەرى-
پىدىن موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ۋە موسكۋادىن قايتقاندىن
كېيىن ماجۇڭيىڭغا قوشۇلۇپ، بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئاساسلىق

مۇشاۋىرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان جاڭ ياشاۋ ئىدى.

جاڭ ياشاۋ بىلەن يولۋاس ماجۇڭيىڭنى كۆرۈش بىلەنلا ئاتلىرىدىن دەرھال چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئالدىراش مېڭىشتى. ماجۇڭيىڭمۇ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىتتىك كىيىنىشكە باشلىدى. چۈنكى بۈگۈن جاڭ ياشاۋ ئۇنىڭغا مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كېلىشى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جىددىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم ئىدى.

— ئىشلار ئوڭۇشلۇقمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ماجۇڭيىڭ ئۆتۈكنى كىيىۋېتىپ.

— ئەكسىچە.

— نېمە؟ ماقۇلغا كەلمەپتىمۇ؟

— مانا ئۇنىڭ جاۋابى، — دېدى جاڭ ياشاۋ بىر لىپاپىنى ماجۇڭيىڭغا سۇنۇپ.

گەپ بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلغاندا ئەسىر ئالغان گېنېرال لى خەيرۇ بىلەن ياپونىيىلىك داي سىيكونى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا شىڭ شىسەيگە بېرىلگەن تەكلىپ ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. لى خەيرۇ گۇچۇڭدىكى بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭغا تەسلىم بولغان، ماجۇڭيىڭ ئۇنى قانداقتۇر بىر غەرەز بىلەن مۇشاۋىرلىققا تەيىنلەپ، ئۆز قېشىدا ساقلاپ يۈرگەنىدى. داي سىيكو بولسا (بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا) ياپونىيە باش ھەربىي شتابىدىكى گېنېرال مايۇر يىمادا (خەنزۇچە ئىسمى جىنتيەن) تەرىپىدىن 1930 ـ يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا تيەنجىن شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ياپون گېنېرالى ماسۇما توكېنجى (خەنزۇچە ئىسمى سۇڭبېن جيەنئېر) نىڭ ھۇزۇرىغا مەخپىي ئەۋەتىلگەن؛ كېيىن، ماسۇما توكېنجى ئۇنى گەنسۇغا،

يەنى ماجوڭيىگىنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتكەن. بوي ــ تۇرقى پاكارراق، ئۆزىگە قارىغاندا بېشى يوغانراق كەلگەن داي سىيكو جەڭ سەنئىتى ئىلمىگە كامىل بولغانلىقى ئۈستىگە، بىر نەچچە خىل چەت ئەل تىللىرىغا پىششىق، بولۇپمۇ مەخپىي تېلېگراف شىفىرلىرىنى يېشىشكە مۇتەخەسسىس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېڭ شىسەيگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ماجوڭيىگىنى «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قوغىرچىقى» دەپ ئىسپاتلاشقا بۇنىڭدىن ياخشى پاكىت تېپىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، داي سىيكو ئەسىر چۈشكەن كۈندىن ئېتىبارەن شېڭ شىسەي ئۇنى «مىرزا قاماق» تا ساقلاپ، ئۇنىڭدىن كەڭ ــ كۆلەمدە پايدىلانماقتا ئىدى. لى خەيرۇ ئۆز ۋاقتىدىكى جىلىڭ شۇرىن ھاكىمىيىتىدىن قالغان قوشۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالى بولسىمۇ، شېڭ شىسەينىڭ نەزەرىدە داي سىيكوغا نىسبەتەن ھېچقانچە قىممىتى يوق قۇرۇق سۆڭەك ئىدى. شېڭ شىسەي ئەنە شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ماجوڭيىگىنىڭ بۇ ئىككى ئەسىرنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلغانىدى.

— دېمەك، ئۇنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزەيلى دېگىنى يالغان، ئۇرۇشقا تەييارلانغىنى راست ئىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ماجوڭيىڭ، شېڭ شىسەينىڭ جاۋاب خېتىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن.

— شۇنداق. ئىتنى گۆشمانتا بىلەن ئۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمدى مەسىلىنى ئۇرۇش خۇداسى ھەل قىلىشى كېرەك، — دېدى جاڭ ياشاۋ، ئاندىن، — مەن ئۇنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تەكلىپىگە شۇ چاغدىلا گۇمان بىلەن قارىغانىدىم، — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، كامال كازىملارمۇ بۇ سورۇنغا جەم بولۇشقانىدى. ماجوڭيىڭ «قېنى ئۆيگە يۈرۈڭلار» دەپ باغ تەرەپكە ماڭدى. گويا باياتىن ھېچقانداق گەپ بولمىغاندەك ئۇنىڭ

چىرايىدا قىلچە جىددىيلىشىش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئەكسىچە، ئاتباقارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بوز ئاتنىڭ دۈمبىسىنى بىر ــ ئىككى سىلاپ ساغرىسىغا ئۇرۇپ قويدى ــ دە:

ــــ ئەتە تاقىسىنى يەڭگۈشلەشنى ئۇنتۇپ قالساڭ، قۇلىقىڭنى ئۈزۈپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن! ــــ دەپ كۈلۈپ قويدى.

باغنىڭ تۆر تەرىپىدىكى كۆتۈرمىلىك ئۆي بىر قاراشتا چاققانغىنا كەلگەن زالغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىدا تەڭدىن تولىسى سۇپىلىق قىلىپ سېلىنغان ئۆي بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سۇپىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، يەرگە پىششىق خىش يېيىتىلغانىدى. تەسكەي تەرەپتىكى گۈللۈك پەنجىرىدىن غۇيۇلداپ كىرىپ تۇرغان سالقىن شامال ئۆينىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاق ياغىچىدىن ياسالغان تۆت بۇرجەكلىك ئۇستەلدىن ئۇچى جۈپلەپ قويۇلغان، ئۇنىڭ چۆرىسىدە بىر نەچچە ياغاچ ئورۇندۇق، پەنجىرىگە يېقىن بۇلۇڭدا ئاددىي كۆل رەڭ رەختتىن تىكىلگەن نېپىز كۆرپە سېلىنغان ياغاچ كارىۋات، ئۇنىڭدا بىر سامان ياستۇق بىلەن ئاقۇش يىپ ئەديال يىغىقلىق تۇراتتى. ئۆينىڭ بار ــ يوق بىساتى شۇ بولۇپ، بۇ ئۆي ماجۇڭيىڭنىڭ ھەم ياتىقى ھەم مەجلىسخانىسى ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشە ــ چۈشمەيلا ئۇستەل ئۈستىگە ئىككى گازۋاي لامپا كەلتۈرۈپ قويۇلدى. بۇ گازۋاي لامپىلار تېخى يېقىندىلا ئاستانىدىكى مەخسۇت بايلارنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن، ئېھتىمال، تۇرپان بويىچە بۇنىڭدىن باشقا گازۋاي لامپىمۇ بولمىسا كېرەك. ئۇستەلگە تىزىپ قويۇلغان مېۋە ــ چېۋىلەر شۇ لامپىلارنىڭ يورۇقىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ــــ گېنېرال لى خەيرۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ــــ سورىدى ماجۇڭـ

يىلقى بوسۇغىدا تىك تۇرغان بىر كانۋايدىن.

— نېرىقى ئۆيدە، تاۋى يوق بولۇپ قاپتۇ.

— يەنە ئەپيۇن خۇمارى تۇتۇپتۇ ـ دە.

— ... ...

— بوپتۇ، بىز پاراڭلىشىۋېرىيلى. خوش ياۋ سىلىق، گەپ قىلىڭ. تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئېلىنغان يېڭى ئەسكەرلەر قانچىگە يەتتى؟

— بىر مىڭ بەش يۈز، ئازراقى خەنزۇ.

— كەملىك قىلىدۇ. ئاز دېگەندە ئىككى مىڭ بەش يۈزگە يەتكۈزۈڭ.

— قارشىلىق كۈچلۈك. ھەممە ئوغۇللىرىمىزنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتسەڭلار، تېرىقچىلىقنى كىم قىلىپ، كىم سىلەرگە لياڭ① تۆلەيدۇ، كىم سىلەرگە ئوتۇن ـ سامان توشۇيدۇ دەيدۇ قېرىلار.

— قېرىلار نېمە دېسە دېسۇن، ماڭا جاھاتقا يارايدىغان يىگىتلەر كېرەك، كاپىر بولسىمۇ مەيلى. سىز ئۆز چەنتۇلىرىڭىزغا يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلىۋاتامسىز نېمە؟

— يوقسۇ، — دەپ خورسىندى يولۋاس.

— ياۋ سىلىڭنى بۇنداق دېمەك، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ، — دېدى ماخۇسەن يولۋاسنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ. ئاندىن، — ھەتتا ياۋ سىلىك ماڭا جەڭگە يارامىلىق مىڭ ئات جابدۇپ بەردى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

— خىزمىتىڭىزنىڭ ئەجرىنى كۆرىسىز، — دېدى ماجۇڭيىڭ يولۋاسقا كۈلۈمسىرەپ. ئاندىن، — مەن چىقارغان پۇل قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

---

① لياڭ (خەنزۇچە) — ئاشلىق، بۇ يەردە غەللە ـ پاراق مەنىسىدە كەلگەن.

— بۇ خىلىلا ئېغىر مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، — دېدى جاڭ ياشاۋ يولۋاسىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، — بازاردا مال قىس. خېرىدار «پالانى مال بارمۇ؟» دەپ سورىسا، دۇكاندار ئۇ مالنىڭ بار – يوقلۇقىنى ئېيتماي تۇرۇپ، «پۇلىڭىزنى كۆرسىتىڭ» دەيدىكەن. ئۆلكە پۇلى بولسا، ئۇ مال بار بولىدىكەن. بىز چىقارغان قەغەز پۇل بولـۇپ قالسـا، ئۇ مـال يـوق بولـۇپ قالىدىكەن، ئەھۋال شۇ.

— مېنىڭ نامىمدىن يېڭى پەرمان چىقىرىڭ، — دېدى ماجۇڭيىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ، — كىمەرىسكى مېنىڭ پۇلۇمنى ئالمايدىكەن، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

شۇ ئارىدا كۆزمىنەك تارتقان كېسەل چىراي بىر ئوفىتسېر بوسۇغىدا پەيدا بولۇپ، يىغىلىشقا كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىدى.

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز، بىز تېخى ئاساسىي مەسىلىگە كۆچمىدۇق. قېنى ئولتۇرۇڭ. دوستىڭىز شېڭ شىسەي دېگەن ئەخمەقنى قارىمامسىز، بىر ياپون پاكىرىنى سىزدەك گېنېرالغا تېگىشكىلى ئۇنىماپتۇ. مانا ئوقۇڭ، — دېدى ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭغا شېڭ شىسەينىڭ بايىقى جاۋاب خېتىنى ئۇزىتىۋېتىپ كىنايىلىك كۈلۈپ قويدى.

— تىلىكىمنىڭ ئىجابەت بولغىنىغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، — دېدى لى خەيرۇ خەتنى ئوقۇماي تۇرۇپلا، — ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخقا كىرىش دېگەن سۆز ئىدى. ئۇنىڭدىن سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدا ئەسىر بولۇپ يۈرگىنىم ياخشى.

— سىز ھازىر ئەسىر ئەمەس، مېنىڭ ئەتىۋارلىق مۇشاۋىرىم.

— شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ مۇقەددەس ئىشىڭىزغا جېنىم پىدا. بەزىدە كىچىككىنە چۈمۈلە يوغان بىر پىل قىلالمايدىغان

ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ قىلىشى مۇمكىن.

— ياق، ئۆزىڭىزنى چۈمۈلىگە ئوخشاتقىنىڭىزغا قوشۇلماي-مەن. سىز ئۆز نۆۋىتىدە پىلدەك ئادەمسىز. ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ئەقىل ـ دانىشىڭىزنى نامايىش قىلىدىغان چاغ يەتتى. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، شىڭ شىسەي بىزنى ئۇرۇشقا چاقىرىۋاتىدۇ. ئەسىر ئالماشتۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپىمىزنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلى-غانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. قېنى ئېيتىڭچۇ، بىز ئىشنى نېمىدىن باشلىشىمىز كېرەك.

— ئىشنى نېمىدىن باشلىشىمىز كېرەك دەپ مەسلىھەت سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئۆكام، — دېدى مالخۇسەن، لى خەيرۇ-نىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، — ئەمدى خۇدايىممۇ زىنچۇەندىكى-دەك يازدا قار ـ مۆلدۈر ياغدۇرۇۋەرمەس. ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دېمىتىكەن، بىز جەڭگە تەييار، بۇ دورمم ئۇرۇمچى كوچىسىدا قىلىچ ئوينىتالمايدىغان بولسام ئىتىمنى يۆتكەپ تاشلايمەن.

— ھىممىتىڭىزگە بارىكاللا ئاكا! — دېدى ماجۇڭيىڭ كۈلۈمسىرەپ، — دەرۋەقە بۇ دورمم غەلىبە چوقۇم بىزنىڭ بولۇشقا ئىمانىم كامىل. ئەمما ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن بىللە كۆرەڭلىكتىن ساقلىنىپ، ئاز قۇربانلىق بەدىلىگە زور غەلىبىلەرگە ئېرىشەلىگەن كىشى ھەقىقىي سەركەردە بولالايدۇ. زىنچۇەن جېڭى-دىكى مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ بىرى شۇ. مەن بۇ يەردە «دۈشمىنىمنىڭ دۈشمىنى مېنىڭ دوستۇم» دېگەن ھېكمەت بويىچە، شىڭ شىسەينىڭ كۈشەندىسى جاڭ پېيىۋەننى كۆزدە تۇتۇپ، گېنېرال لى خەيرۇدىن شۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىماقچىمەن.

جاڭ پېيىۋەن دېگىنى جاڭ شۇرىنىڭ مەشھۇر سەركەردىلى-رىدىن بىرى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى

باستۇرۇشقا باش قوماندان قىلىپ تەۋتىلگەندە، شېڭ شىسەي ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى باش مۇشاۋىر ئىدى. 1933 ــ يىلى ئۇرۇمچىدە يۈز بەرگەن ئاتالمىش «12 ــ ئاپرېل» ۋەقەسى بىلەن جىن شۇرېن تەختتىن قوغلانغاندا، جاڭ پېييۈەن ئۇنىڭ ئورنىغا دۈبەن بولۇش تەمەسىدە ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئارزۇسىغا قارشى بۇ ئورۇننى شېڭ شىسەي ئىگىلىۋالغان. شۇنىڭدىن جاڭ پېييۈەن ئىلى رايونىنى مۇستەقىل بىر ھەربىي كىنەزلىك قىلىۋېلىپ، شېڭ شىسەي بىلەن قارشىلاشماقتا ۋە قاچانلا بولمىسۇن شېڭ شىسەي-دىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش خىيالىدا بولماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لى خېيىرۇ ماجۇڭيىڭنىڭ نىمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال چۈشىنىپ، «خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن» دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ـــ ئەمىسە، بىز ئىشنى جاڭ پېييۈەندىن باشلايلى، ـــ دېدى ماجۇڭيىڭ، ـــ ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالىساق، شېڭ شىسەي ئامبۇرغا قىسىلىپ قالغان بىر تال مىخقا ئوخشاپ قالىدۇ ــ دە، بىرلا كۈچىسەك ئۇنى ئۈزۈل ــ كېسىل يۇلۇپ تاشلىيالايمىز. ئۇ ھېلىمۇ يېتىم ــ يېسىر ھالەتتە. قۇمۇل، ياركۆل، تۇرپان، پىچاندىن داۋانچىڭغىچە بىزنىڭ قولى-مىزدا، توقسۇن بىلەن قارا شەھەرمۇ بىزنىڭ، جەنۇبىي شىنجاڭدى-مۇ بىزنىڭ كۈچىمىز بار. خوجىنىيازنىڭ ئىشى چاغلىق، چۈنكى ئارقىسىدىن بىز قوغلايمىز، ئالدىدىن قەشقەردىكى ماجەنساڭ تو-سىدۇ. شېڭ شىسەي خوجىنىيازغا ھەرگىز ياردەم بېرەلمەيدۇ. گۈچۈڭ بىلەن چۆچەكنى ھېسابقا ئالمىغاندا شىمالىي شىنجاڭمۇ بىزنىڭ تەسىر دائىرىمىزدە. دېمەك، ئىلى تەرەپتىن جاڭ پېييۈەن، بۇ تەرەپتىن بىز تېگىش قىلىدىغان بولساق، ئۈرۈمچى چوكىغا قىسىلغان بىر پارچە لوق گۆشكە ئوخشاپ قالىدۇ، خالاس! شۇنىڭ

ئۇچۇن، جاك پىپىيۇەنگە دەرھال ئەلچى ئەۋەتسەكمىكىن دەيمەن. بۇ ئەلچىلىككە سىزلا لايىق ئىدىڭىز. بىراق، بۇ جاپالىق ئۇزۇن سەپەرگە چىدىيالامسىزكىن؟

— سەركەردىمىزنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل بولالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. جاك پىپىيۇەن بىلەن ئاكا – ئۇكىدەك ئۆتىمىز. ئۇنىڭ تومۇرىنىڭ قايافقا سوقۇۋاتقانلىقى ماڭا ئايدەك روشەن. ئەپسۇسكى، ھەي مىنىڭ بۇ كېسەلمەنلىكىم...

ماخۇسەن تۇمشۇقىنى سوزۇپ، ئاخۇن تۇەنجاڭنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:«ئۇسۇرغاقتا ئارپا نېنى باھانە دەپ، ماۋۇ قېرى شەيتاننىڭ تاپقان ھىيلىسىگە قاراڭ. ئاق ئىت، كۆك ئىت، بەرىبىر ئىت. ئۇ ئىلىغا بېرىۋالسا بىزگە ۋاپا قىلامتى، مىنىڭ بۇ ئىنىم يەنىلا ياشلىق قىلىۋاتىدۇ» . ئاخۇن تۇەنجاڭمۇ پىچىرلىدى: «خاتىرجەم بولۇڭ بۇرادەر، بىزنىڭ سەركەردىمىز ياشلىق قىلىۋاتقىنى يوق، بۇ شەيتاننى سىناۋاتىدۇ» .

ماجۇڭيىڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دەرۋەقە، تاغ – داۋانلاردىن ئېشىپ ماڭىدىغان سەپەرگە سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز يار بەرمەيدۇ. ياخشىسى، سىز جاك پىپىيۇەنگە مىنىڭ نامىمدىن بىر پارچە، ئۆز نامىڭىزدىن بىر پارچە خەت يېزىڭ. ئەگەر ئۇ بىز بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە رازى بولسا، شىڭ شىسەينى يوقاتقاندىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بېرىشكە تەييارمەن. جەنۇبىي شىنجاڭ ماڭا قالسا كۇپايە ياكى بىرىمىز جۇشى، بىرىمىز دۇبەن بولۇپ، شىنجاڭنى ئىككىمىز تەڭ سورىساقمۇ بولىدۇ. ھە ئېيتماقچى، ئارىمىزدا مەخسۇس تېلېگراف ئالاقىسى ئورنىتىش توغرىسىدا يېزىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ. خەتلەرنى بىزنىڭ تۇەنجاڭلىرىمىزدىن بىرى قوراللىق چاپارمەنلەر بىلەن تېز ئاپىرىپ ئۇنىڭغا يەتكۈزسۇن. قانداق دەيسى-

لەر؟

ھەممەيلەن بۇ پىكىرگە قوشۇلدى.

— ئەمدى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى بىلەن ئالاقە باغلاش مەسىلىسى قالدى، — دېدى ماجۇڭيىڭ بارماقلىرى بىلەن ئۈستەلنى چېكىپ ئولتۇرۇپ، — كامال ئەپەندىنىڭ چۆچەكتىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئالاقە باغلاش ئىشى باشقا چىقمىدى. ئۈرۈمچىدىكى تىلچىلىرىمىزدىن كەلگەن مەخپىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شېڭ شىسەي دېگەن خۇنپەر سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كۆپ قاترايدىغان بولۇپ قاپتۇمىش. بۇ بىز ئۈچۈن خەتەرلىك ئەھۋال. مەن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، شىنجاڭدا بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن دېگەن كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشمىسە زادى بولمايدىكەن. شۇنداق ئەمەسمۇ جاڭ ئەپەندى؟

— شۇنداق، — دەرھال جاۋاب بەردى جاڭ ياشاۋ، — بىزدىن كېيىنكى سىياسەتچىلەرمۇ بۇ يەكۈنگە ئېتىبارسىز قارىيالمايدۇ. چۈنكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن جۇغراپىيىلىك مۇھىتى شۇنى تەقەززا قىلىدۇ. بىز بۇ قېتىم سەل كېچىككەن بولساقمۇ، يەنە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرسەكمىكىن دەيمەن.

— توغرا، — دەپ تەستىقلىدى ماجۇڭيىڭ، — بىز شېڭ شىسەينىڭ سۇيىقەستچى ئىكەنلىكىنى، ۋاقتى كەلگەندە رۇسلارغىمۇ ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى، ئەگەر رۇسلار بىزنى قوللىسا، ھېچبولمىغاندا بىتەرەپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋەدە بېرىدىغانلىقىمىزنى كونسۇلغا ئېنىق ئۇقتۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز مېنىڭ شەخسىي ۋەكىلىم سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ كېلىشىشىڭىز كېرەك.

سورۇندىكىلەر خاۋاتىرلىنىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ماجۇڭـ
يىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ بىپەرۋا كۈلۈپ قويىدى ۋە
مۇنداق دېدى:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، جاڭ ئەپەندى ئۇرۇمچىگە قانـداق
قىلـىـپ خەۋپ ـ خەتەرسىز بېرىپ كېلىشنى ئۆزى بىلىدۇ.
شۇنداق ئەمەسمۇ؟

جاڭ ياشاۋ مەنىلىك كۈلۈپ قويىدى.

— ئۇكام، — دېدى ماخۇسەن سەل جىددىيلىشىپ، —
داي سىيكو شېڭ شىسەينىڭ قولىدا، بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— ئۇنـىـڭ كارى چـاغلـىـق، — جـاۋاب بەردى ماجۇڭـ
يىڭ، — داي سىيكونى مەن چىللاپ كەلمىدىم. مېنىڭچە داي
سىيكونىڭ كىملەر تەرىپىدىن ۋە نېمىشقا مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىلـ
گەنلىكىدىن رۇسلار ئاللىقاچان خەۋەردار. مۇبادا، مەن ياپونلار
بىلەن بولغان بارلىق ئالاقەمنى ئۈزۈپ، رۇسلارنىڭ دېگەن يېرىدىن
چىقالايدىغان، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداشتا شېڭ
شىسەيدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولسام، ئۇلار مېنى قوللايدۇ دەپ
ئويلايمەن. دىپلوماتىيە دېگەن شۇنداق بىر نېمىغۇ ـ ھە، كامال
ئەپەندى؟

— سىلىنىڭ توغرا ئېيتتى، دىپلوماتىيە قىمارغا ئوخشايدۇ.
ئۇستا قىمارۋاز قايسى تەرەپتە ئامەت بارلىقىغا كۆزى يەتسە شۇ
تەرەپكە دو چىقىدۇ. رۇسلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، —
دەپ كۈلدى كامال كازىمى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ماجۇڭيىڭ، ئاندىن
يولۋاسقا قاراپ، — سىزنىڭ قىشقا تەييارلىقىڭىز قانداقراق؟ —
دېدى. يولۋاس سودىگەرلەردىن يىغىۋېلىنغان رەخت ـ پۇچەك
بىلەن تۆت مىڭ كىشىلىك پاختىلىق كىيىمنىڭ تەييار بولغانلىقىـ

نى، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قالغان تەييارلىقلارنىڭمۇ پۈتتۈرۈلگەنلىكىنى دوكلات قىلدى.

ماخۇسەن:

— يەنە نېمە قىشلىق كىيىمنىڭ گېپى؟ قىشقىچە يېتىۋېرەمدۇق بۇ يەردە؟ — دەپ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ كەتتى.

— چېچىلغاق بولۇپ قاپسەن ئاكا، — دېدى ماجۇڭيىڭ تەمكىنلىك بىلەن، — چەنتۇ قېرىنداشلىرىمىزدا «قىشتا ئوزۇقۇڭ، يازدا يېپىنچاڭ» دېگەن گەپ بار ئىكەن، بۇ ھېكمەتلىك گەپنى بۇرۇنراق ئاڭلىغان بولسام، زىنچۈەندىكى پاجىئەگە يولۇقمىغان بولاتتۇق. ئۇ چاغدا زىنچۈەن ئاسمىنىدىن ياز كۈنى قار ـ مۆلدۈر ياغقان بولسا، مەن ئەمدى ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن قان ياغدۇرىمەن، قان!

سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىغان پېتى شۈك بولۇپ قېلىشتى.

ياش قۇرامى جەھەتتە يىگىرمە ئۈچ ياشلىق ماجۇڭيىڭغا نىسبەتەن بەزىسى ئاتا، بەزىسى ئاكا يوللۇق بۇ كىشىلەر ئارىسىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ياش يىگىتلەرگە خاس چەبدەس ۋە تۈرگۈنلۈكى، ئۇستۇۋاش ۋە سۆز ـ ھەرىكەتتە ئاددىي ـ ساددىلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ سەردارى ئەمەس، بەلكى قول ئاستىدىكى ئاددىي بىر ئوفىتسېردەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر ئېغىز سۆز ئۇلار ئۈچۈن دەخلى ـ تەرۇزسىز بىر قانۇن ـ پەرمان بولۇۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

كامال كازىمى يىغىلىشتىن تارقاپ چىقىۋېتىپ ماخۇسەنگە مۇنداق دېدى:

— ماشائاللا! مەن بايا ئۇنى ياش ۋە بىپەرۋا دېيىشىڭىزگە قوشۇلمايمەن. شۇ تاپتا ئاتنى پىشلدۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ قانداق

مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پىكىرلەر بىلەن بەند ئىكەنلىكى ئاللاغا مەلۇم دېمىگەنمىدىم، راستمىكەن! قاراپ تۇرۇڭ، سىزنىڭ بۇ كەپ-سىز قېيىنىڭىز ئەمدى شۇنداق ئىشلارنى باشلايدۇكى... خەير ئۇنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈشنى ئاللا بىزگە نېسىپ قىلسۇن.

يەتتىنچى باب

# جادۇگەرنىڭ ئەپسۇنى

*ئىبلىس (يەنى شەيتان) ئادەمزاتنىڭ تې-*
*رىسى بىلەن گۆشلىرى ئارىسىدا يۈرەرمىش.*
*ئۇنى ئادەمنىڭ ئۆزى بىلمەسمىش.*
— «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دىن

1

— خۇش خەۋەر! بۈگۈن بىزگە قۇتلۇق كۈن ئوخ-شايدۇ، — دېدى شىيېڭ شىسەي ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن هالدا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى جايىغا قويۇۋېتىپ، — باش كونسۇل زىيالاد-كىن بۈگۈن كەچقۇرۇن خانىمى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە پەتلەپ كېلىدىغان بوپتۇ.

— سىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇنىڭ ئايالى چۈيۈفاڭ مۇلايىملىق بىلەن، — خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، سىزنىڭ ئەمگىكىڭىز بىكارغا كەتمەپتۇ.

— دەرهەقىقەت، بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمىدى. پۇرسەت

غەنىيمەت، بۇ كۆك كۆزگە تەسىرىمىزنى ئوبدانىراق ئۆتكۈزۈۋېلىش كېرەك. دەرھال ئاشپەزلەرگە بۇيرۇڭ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدا قالغۇدەك تائاملارنى تەييارلىسۇن، تائاملىرىمىز ھەم تاتلىق، ھەم يېنىك بولسۇن. رۇسلاردىمۇ باشقا ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش «ئەتىگەندە بەگدەك، چۈشتە پادىشاھتەك، ئاخشىمى گادايدەك ئوزۇقلان» دې-گەن گەپ بار ئىمىش.

— ئۆزىمىزنىڭ جۇڭگوچە سەيلىرىمىز ئوبدانىراقتۇ.

— شۇنداق، ئاڭلىشىمچە، بۇ كۆك كۆزلەرمۇ بىزنىڭ سەي-لىرىمىز بىلەن ئۇزۇن ساقلانغان ئاق ھارىقىمىزغا ئامراقمىش.

— جەمئىي قانچە كىشى بولار؟

شېڭ شىسەي بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى:

— ئۇلار، ئەر – خوتۇن ئىككىيلەن، چېڭ دېلى خوتۇنى بىلەن ئىككى، ھە راست، تەرجىمان سۈپىتىدە پېڭ ئەپەندىنى چاقىرمىساق بولمايدۇ، بەش، بىز ئىككىمىز بىلەن قوشۇلۇپ ئەيتا-ۋۇر بىر ئۈستەللىك بولىدىكەنمىز، شۇنداقمۇ؟ شۇنى ئۇنتۇ-ماڭكى، — دېدى ئۇ يەنە ئالاھىدە تەكىتلەپ، — ئۈستەل ئاۋۇ تاماقخانىمىزغا ئەمەس، مېنىڭ قوبۇلخانامغا راسلانسۇن. مېھمانلار-نى توپتوغرا شۇ ئۆيگە باشلايمىز، چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەنمەمدىغان، — دېدى چۈيۈفاڭ تەننازلىق بىلەن كۈلۈپ، — قوبۇلخانىغا يانداش كىتابخانامنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئېچىپ قوي، باش كونسۇل ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، كىتاب ئىشكاپ-لىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغان بولسۇن دېمەكچىسىزغۇ؟

شېڭ شىسەي قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى ۋە چۈيۈفاڭنى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ:

— سىزنىڭ دانىشمەنلىكىڭىزگە قايىلمەن، مېنىڭ جۇگېليا-ڭىم! — دېدى، — يەنە بىر گەپ، كونسۇلنىڭ خانىمىغا تۇنجى دىدار كۆرۈشۈش خاتىرىسى ئۈچۈن سوۋغات بېرىشنى ئۇنتۇپ

قالماق.

1933 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، شىڭ شىسەينىڭ ئەتىگەنلىك پائالىيىتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپا-قىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى زىلاتكىن بىلەن تالاي قېتىم-لار ئۇچراشقان بولسىمۇ، مۇنداق ئۇچرىشىشنىڭ ئۆز ئۆيىدە بىرەر قېتىم بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتىكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ ئۇچرىشىشنىڭ نېمە نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىشى ئۆز تەقدىرى-نىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھېلىقى تېلېفون خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ، ئۇ شادلىق بىلەن غەم، ئۈمىد بىلەن شۈبھە، ئىشەنچ بىلەن تەرەددۇتلىنىش ئارىسىدا تېڭىرقاپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقاندەك خوتەن گىلىمى سېلىنغان ئازادە ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئاغزىدىن تاماكىسىنى چۈشۈرمەي تىنىمسىز مېڭىشقا باشلىدى. قازارا، كونسۇلنىڭ كۆزى كىتاب ئىشكاپلىرىغا چۈشمىسە ياكى ئوقۇمۇشلۇق كىشلەرنىڭ ئۆيىدە كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭ بولۇشىنى ئادەتتىكى ئەھۋال دەپ بۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپ قالسا گەپنى نېمىدىن باشلاش كېرەك؟ ھەتتا كىتابلار ھەققىدە گەپ بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭ تەسىرى قانچىلىك بولار؟ كىتابلاردىنمۇ مۇ-ھىمراق بولغان سىرلىق ئەڭگۈشتەر، يەنى چېڭ جۇڭنىڭ ئۆيىدىن بۇلاپ كېلىنگەن ھېلىقى خاتىرە دەپتەرلىرى قانچىلىك رول ئوينار؟ «ئالدىماقتا بالا ياخشى، خۇدا ئۇرسۇن قاقۋاشنى» دەپ، ئۇ كۆك كۆزلەرنى شۇنىڭ بىلەن قايىل قىلغىلى بولارمۇ؟ توختا، زىلاتكىن-مۇ خام سۈت ئەمگەن ئادەمغۇ. «قۇشنى دان ئالدايدۇ، ئادەمنى سۆز» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

شىڭ شىسەي ئەنە شۇ خىياللار بىلەن كۆڭلىنى توختاتتى چېغى، خوتۇنىغا مۇلايىم كۈلۈپ قويۇپ، ئەمسە شۇنداق بولسۇن دەپ قويۇپ ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر ھېكايەتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىرمۇنچە تالىپلار مەدرىسىدە ئوقۇيدىكەنمىش. شۇ يىلقى رامزان ئېيى يازنىڭ تازا ئىسسىق ھەم ئۇزۇن كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ قاپتۇ. نەپسى يامانىراق بىر تالىپ ھەر كۈنى چىڭقى چۈش ۋاقتىدا ‹غىپ› قىلىپلا يوقاپ كېتىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان مۇدەررىس بىر كۈنى ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپتۇ. قارىسا، ھېلىقى تالىپ قازناققا كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك، مۇدەررىسمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ قازناق ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن مارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى تالىپ شام ياندۇرۇپ بىر توخۇمنى شۇنىڭ ئوتىدا يېلىتىپ ئىچىۋاتقۇدەك. ‹ھەي بەتبەخەت، بۇ نېمە قىلىق؟ خۇدادىن قورقمامسەن؟› دەپ ۋارقىراپتۇ مۇدەررىس. تالىپ دەرھال يەرگە تىزلىنىپ، ‹مېنى كەچۈرسىلە ئۇستاز، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ تاشلاپتىمەن› دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا شەيتان پەيدا بولۇپ، ‹بۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسىلە تەقسىر! مەن شەيتان بولغىنىم بىلەن شامنىڭ ئوتىدا توخۇم يېلىتىپ ئىچىشنى بىلمەيدىكەنمەن. بۈگۈندىن باشلاپ مەن بۇ ئادىمىي شەيتاننى ئۇستاز تۇتسام بولغۇدەك› دەپتۇمىش.»

شەيتاننى ھەيران قالدۇرغان شۇنداق «ئادىمىي شەيتان»لارنىڭ بىرى بولغان شىڭ شىسەيىنىڭ بۈگۈن ئاخشام نېمە ئويۇنلارنى كۆرسەتمەكچى بولغانلىقى ھازىرچە ئۇنىڭ سىرداش دوستى پىڭ ئەپەندى بىلەن چۈيۇفاڭدىن باشقىلارغا ئانچە ئايان ئەمەس ئىدى.

2

ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى.

ساھىبخانا ۋە باشقا مېھمانلار تەرىپىدىن شىرىن - شېكەر

سۆزلەر بىلەن كۈتۈۋېلىنغان باش كونسۇل زىلاتكىن چىرايلىق كىيىنگەن ياش خانىمى ۋېرا زىلاتكىنانى قولتۇقلاپ مېھمانخانىغا كىرىش بىلەنلا، ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغان كىتابخانىغا كۆزى چۈشتى. ئىككى يوغان دېرىزىدىن كىرىپ تۇرغان ياز قۇياشىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بۇ ئۆيىنى ئوبدانلا يورۇتۇپ تۇراتتى. يوغان — يوغان ئىشكاپلارغا لىق تولدۇرۇپ تىزىپ قويۇلغان ھەر خىل قىلىنلىقتىكى كىتابلار، بولۇپمۇ يېزىق ئۈستىلىدىكى قەغەز — كىتاب دۆۋىلىرى ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان چىرايلىق قەلەمدان بىلەن بىر قاتاردا تۇرغان كىچىككىنە ھەيكەل — لېنىننىڭ تەخمىنەن ئوتتۇز دېسىمېتىر ئېگىزلىكتىكى مىس ھەيكىلى — ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

زىلاتكىن كىتابخانا ئىشىكى ئالدىدا جىندەك توختاپ ئىچكىرى كىرمەكچى بولدىيۇ «ئوچىن خاراشو، ئوچىن خاراشو»① دەپ قويۇپ، مېھمانخانىنىڭ تۆر تەرىپىگە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كىتابخانىغا دەرھال كىرمىگىنىنى كۆرۈپ شىڭ شىسەينىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى دەرھال تۇتۇۋېلىپ، ئوچۇق چىراي بىلەن يەنە سۆخەندانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۆز كۆڭلىدە بولسا، ھەي تادان، سەنزە ئۆزۈڭنى دىپلومات چاغلاپ، يەڭگىلتەكلىك بىلەن قۇيرۇقۇمنى تۇتقۇزۇپ قويماي دەۋاتسەنغۇ — ھە! — بىردەمدىن كېيىن، «كىتابخانىڭىزنى ئېكسكۇرسىيە قىلسام بولامدۇ» دېمىگىنىڭنى بىر كۆرەي دەپ ئويلايتتى.

دەرۋەقە شۇنداق بولدى.

مېھمانلار ئالدا — ساندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ھاراق — شارابلار بىلەن ئوبدان غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، زىلاتكىن بىردىنلا چىڭ دىلىگە قاراپ مۇنداق دېدى:

---

① نلهايىتى يلخشى، نلهايىتى يلخشى.

— شىڭ دۇبەن جانابلىرىنىڭ شەخسىي كىتابخانىسىدىكى كىتابلىرىنى كۆرۈپ بېقىشقا بولارمۇ؟

چېڭ دىپلى كونسۇلنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بولار ــ بولمايلا شىڭ شىسەيىنىڭ يوغان بۆرە كۆزلىرى ئويناپ كەتتى ۋە ئالدىراپ ــ تېنەپ:

— مەرھەمەت، باش كونسۇل جانابلىرىدەك دوستلارغا كىتابخانامنىڭ ئىشىكى ھەر زامان ئوچۇق، — دېدى، ئاندىن بىر تۇرلۇك ياسالما كەمتەرلىك بىلەن، — ئەپسۇسكى، باش كونسۇل جانابلىرىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئەرزىگۇدەك كىتابىمنىڭ تايىنى يوق، — دەپ ئۆزرىخاھلىق بىلدۇردى.

باياتىن بېرى جۇڭگوچە سەيلەرنىڭ تەم ــ لەززىتىنى ماختاپ، ئۇلارنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇللىرى توغرۇلۇق، پېڭ ئەپەندىنىڭ تەرجىمانلىقىدا چۈيۇفاڭ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ۋېرا زىلاتكىنا دەرھال گەپكە ئارىلىشىپ:

— مېنىڭ ئېرىم ياخشى تەكلىپ قويدى. بۇ داستىخاندىكى نازۇ نېمەتلەر ئۈستىگە شىڭ دۇبەن جانابلىرىنىڭ كىتابلار خەزىنىسىدىن مەنمۇ بەھرىمەن بولالىسام ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلار ئىدىم، — دېدى. پېڭ ئەپەندى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «بۇغداينىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ» دېگەن ماقالغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر رۇس ماقالىنى خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىدا شېپى كەلتۈرۈپ:

— مۇشۇ باھانىدە بۇ باي كىتابخانىنى كۆرۈش شەرىپىگە بىزمۇ مۇيەسسەر بولۇپ قالساق ئەجەب ئەمەس، — دەپ كۈلدى. سورۇندا يېنىك كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ كىتابخانىنى قانداق جاھازلاش، قايسى كىتابلارنى قەيەرگە قويۇش، ھەتتا لېنىننىڭ مىس ھەيكىلىنى تېپىپ كېلىشكىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پېڭ ئەپەندى

بىۋاسىتە قاتناشقانىدى.

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، تورۇستىكى ئېلېكتر لامپىلىرى كىتابخانىنى ئوبدان يورۇتالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن شېڭ شىسەي كۈتكۈچىلەرگە ھومىيىپ قويدى. كۆزنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە، ئۈستەلدە پايىلىق گازۋاي لامپىدىن بىرى پەيدا بولدى.

كىتابخانىنىڭ ئىچى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتتى. زىلاتىكىن بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ھەممىدىن بۇرۇن لېنىننىڭ مىس ھەيكىلىنى قولدىن — قولغا ئۆتكۈزۈپ نېمىنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى. پېڭ ئەپەندى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ: «بۇ ھەيكەل موسكۋادىكى چاغلىرىمدا مېنىڭ ئىش ئۈستىلىمدە تۇرىدىغان قىممەتلىك بايلىقىم ئىدى. دۇبەن جانابلىرى دوستلۇق ۋە يۇرتداشلىق خاتىرىسى بولسۇن دەپ ئۈچ يىل بۇرۇن مەندىن سوراپ ئالغان، — دېدى ۋە قويۇن يانچۇقىدىن بىر ئالتۇن سائەتنى چىقىرىپ، — ئۇنىڭ ئورنىغا مۇشۇ سائەتنى ھەدىيە قىلغان» دەپ قوشۇمچە قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەيكەل بىرنەچچە ئاي بۇرۇن چېڭ جۇڭ ئېتىپ تاشلانغان كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىدىن تېپىلغان ئەسكى — تۈسكىلەر قاتارىدا تاغارغا قاچىلىنىپ، ئامبارغا تاشلانغان ۋە تېخى يېقىندىلا پېڭ ئەپەندىنىڭ «چېڭ جۇڭنىڭ ئۈستىلىدە لېنىننىڭ ھەيكىلىنى كۆرگەنىدەك قىلىۋىدىم» دېگەن ئەسكەرتمىسىدىن كېيىن ئامباردىكى ئەسكى — تۈسكىلەر ئىچىدىن تېپىپ كېلىنگەنىدى. سائەت بولسا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بېشى كېسىلگەن چاغدا ئۇنىڭ يانچۇقىدىن تېپىلغان ۋە شۇ ھامان شېڭ شىسەينىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى ئالتۇن سائەت ئىدى. ئۇنىڭ شېڭ شىسەينىڭ پېڭ ئەپەندىگە ھەدىيە قىلغانلىقى راست بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۈچ يىل بۇرۇن ئەمەس، تېخى ئىككى ئاي بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى.

بۇ ئىشنىڭ ئۆزىمۇ قىزىق بولغان. پېڭ ئەپەندى خاربىندىكى بىر قېرى ئادۋوكاتنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسى ئۇنى 1929 ــ يىلى خەلقئارا ھوقۇقشۇناسلىق ئىلمىنى ئۆگىنىشكە موسكۋاغا ئەۋەتكەن، 1931 ــ يىلدىكى «18 ــ سېنتەبىر» ۋەقەسىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى ياپون باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنغاندا، دادىسى بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن راسا-خوتىسىز قالغان پېڭ ئەپەندى موسكۋادىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپ، رۇسىيىدە تونۇشقان دوستى، يەنى جۇڭگونىڭ تاشكەنتتى-كى سابىق كونسۇلى ۋە بۇ كۈنلەردە بولسا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى خارجى ئىشلار ۋەكىلى چېڭ دېلىنىڭ باشپاناھلىقىدا كۈن كەچۈرۈپ تۇرغانىدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش يولىنى تۇتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا رۇسچە بىلىدىغان، مۇھىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىرقەدەر چۈشىنىدىغان ئادەملەر لازىم بولۇپ قالغاندا، چېڭ دېلى ئۇنى شېڭ شىسەيگە تونۇشتۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ پېڭ ئەپەندى شېڭ شىسەينىڭ رۇس تىلى تەرجىمانىلا ئەمەس، رۇسىيە مەسىلىسى بويىچە خاس مەسلىھەتچى-سى ھەم سىرداش دوستى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، شېڭ شىسەينىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئولتۇرسا ــ قوپسا ئويلايدىغىنى باش كونسۇل ئارقىلىق ستالىننىڭ ئىشەنچىسگە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى، مۇبادا شېڭ شىسەينىڭ مۇشۇ سىياسىي قىماردا ئۇتۇپ چىقىشىغا ۋاستە بولالىسا، بۇ خىزمىتى بەدىلىگە ئۆز ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولىدى-غانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەچكە، بۇگۈنكى سورۇننى ماھارەت كۆرسىتىشنىڭ ئەپلىك پەيتى دەپ بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن باش كونسۇل زىلاتكىن شېڭ شىسەينىڭ يېزىق ئۇستىلىدە لېنىننىڭ ھەيكىلىنى كۆرگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز نەزىرىنى كىتاب ئىشكاپلىرى تەرەپكە بۇرىغان ھامان، (بۇ

كىتابلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلىدىكى كىتابلار ئىدى) پېيك ئەپەندى ئالدىنئالا كۆزلەپ قويغان كىتابلارنى قولىغا ئېلىپ، گويا بۇ كىتابلارنىڭ بارلىقىدىن پەقەت خەۋىرى يوق كىشىدەك ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي جاۋۇلداپ كەتتى:

— ئوھوي، جانابلىرى، مانا قاراڭ، بۇ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئىكەن. مانا بۇ يەردە «كاپىتال»نىڭ I تومى، مانا بۇلار «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ I ، II توملىرى ئىكەن، مانا لېنىننىڭ «پەلسەپە دەپتەرلىرى» ، ئوھوي، مانا ستالىننىڭ «ماركسىزم ۋە مىللەت مەسىلىسى» ، «ئانارخىزممۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ؟» دېگەن مەشھۇر ئەسەرلىرىمۇ بار ئىكەن.

شۇ ئارىدا، ۋېرا زىيالاتكىنا مۇقاۋىسىغا لېۋ.تولستوينىڭ سىزما سۈرىتى بېسىلغان بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇ «ئاننا كارېنىنا»مۇ؟ — دېدى.

— يوقسۇ خانىم، — دېدى پېيك ئەپەندى كىتابقا قاراپ، — بۇ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ئىكەن.

— شېڭ دۇبەن جانابلىرى ئەدەبىياتقىمۇ قىزىقىدىكەن ــ ھە؟

شېڭ شىسەي ۋاقىت تاپالىسىلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ، رۇس سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئوقۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەمما، تەرجىمە قىلىنغانلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رۇس تىلىنى ئۆگەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— جۇڭگو تەرجىمانلىرىغا قايىلمەن، — دېپ گەپكە ئارىلاشتى زىيالاتكىن، — ئۇلار ماركسىزم ــ لېنىنىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ھەممە مۇھىم ئەسەرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بولغان ئوخشايدۇ. دۇبەن جانابلىرى تەرجىمە ئارقىلىق بولسىمۇ

ماركسىزم ــ لېنىنىزمدىن كۆپ بىلىملەرنى ھاسىل قىلغان بولسا كېرەك، ئاڭلىشىمچە دۇبەن جانابلىرى ماركسىزمنى خېلىدىن بېرى ئۆگىنىۋاتقان ئوخشايدۇ ــ دە، شۇنداقمۇ؟
شېڭ شىسەي كونسۇل زىيالاتكىنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق بىر گەپنىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنىڭ ياپونىيىدىكى چاغلىرىدىن باشلاپلا ماركسىزم ــ لېنىنىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە كىرىشكەنلىكىنى، ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغانلىرىنى ئالاھىدە خاتىرىلەپ ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:
— ئەگەر باش كونسۇل جانابلىرى مالال كۆرمەي، مېنىڭ شۇ ئەرزىمەس خاتىرىلىرىمنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ، قىممەتلىك تەنقىدىي پىكىرلىرىنى مەندىن دەرىغ تۇتمىسا بەكمۇ خۇشال بولار ئىدىم. بۇنىڭ ماركسىزمنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆگىنىشىمگە چوڭ ياردىمى بولاتتى.
— دۇبەن جانابلىرىنىڭ بۇ سەممىيلىكىدىن ناھايىتى مەمنۇنمەن، قېنى مەرھەمەت، خاتىرە دەپتەرلىرىڭىزنى ماڭا بېرىڭ. تەرجىمانىمىزغا ئوقۇتۇپ كۆرۈپ مەنمۇ بەھرە ئالاي.
شېڭ شىسەي ئۈستەل سىيرتمىسىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق ئىككى دەپتەرنى دەرھال ئېلىپ، چۈيۈفاڭنىڭ ياردىمى بىلەن قەغەزگە ئورىدى ۋە زىيالاتكىنغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

3

ئاردىن بەش كۈن ئۆتكەندە، باش كونسۇل مەخسۇس باغاق ئارقىلىق شېڭ شىسەي، چېڭ دېلى ۋە پېڭ ئەپەندىلەرنى

ئاياللىرى بىلەن كەچلىك غىزاغا تەكلىپ قىلدى. شۈنداق پەيتنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان شىيك شىسەي خۇشال-لىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، چېك دېلى ۋە پېك ئەپەندىلەر بىلەن خاس ئۆيدە يەنە بىر قېتىم باش قوشۇۋالدى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— قۇمۇل تاغلىرىدا خوجىنىياز بىلەن سوقۇشۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، تاغلىقلارنىڭ «پىچاق ھەرقانچە ئۆتكۈر بولغان بىلەن ئۆزىنىڭ سېپىنى كېسەلمەيدۇ» دېگەن تەمسىل سۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ گەپنى سىلەرگە ئەسكەرتىپ قويۇشۇمدىكى مەق-سەت شۇكى، بۇگۈنكى سورۇندا سىلەر كۆپرەك رول ئوينىشىڭلار لازىم دېمەكچىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىڭلار رۇسلارنىڭ تىلىدىن باشقا، مىجەز – خۇلقىنىمۇ ياخشى بىلىسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— دۇبەن جانابلىرى خاتىرجەم بولغاي، — دېدى چېك دېلى، — بىز پېك ئەپەندى بىلەن كېلىشۋالدۇق. ئۇنىڭ ئۈچىنچى شەخس، يەنى خالىس كىشى سۈپىتىدە قىلىدىغان گەپ-لىرى كونسۇلنى چوقۇم قايىل قىلىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

— مېنىڭچە، زىلاتكىن ئاشۇ كۈنى دۇبەن جانابلىرىنىڭ كىتابخانىسىدىلا قايىل بولۇشقا باشلىغان. ئەمدى ھېلىقى خاتىرە دەپتەرلەرنى ئوقۇتۇپ كۆرگەن بولسا، ئالدىمىزغا ئۆزى سەكرەپ چۈشمەمدۇ تېخى، ھەرھالدا رۇسلارنىڭ لەقىمى ئېيىق، — دېدى پېك ئەپەندى بىر قىسما كۈلۈپ، قالغانلارمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

كەچقۇرۇنلۇقى زىلاتكىننىڭ ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىقمۇ كۈلكە بىلەن باشلاندى. زىلاتكىن پېك ئەپەندىنىڭ تېخىچە ئۆي-لەنمىگەن «قېرى يىگىت» ئىكەنلىكىنى ئۇقماي، ئۇنىڭغىمۇ «خا-

ئىمىگىز بىلەن» دەپ باغاق يېزىپ قويغانلىقى ئۆچۈن كەچۈرۈم سوراپ بۇ گەپنى «تۆگىدى» قىلغان بولسىمۇ چاقچاق قىلغۇسى كەلدى چېغى، مېھمانلار ئۈستەلگە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— خوش، پېك ئەپەندى، ھەممەيلەن ئۆز جۈپتىمىز بىلەن ئولتۇردۇق، يېنىڭىزدىكى ئورۇندۇق بوش قالدىمۇ دەپ دەۋا قىلسا قانداق قىلىمىز؟

— مۇبادا شۇنداق بولغاندا، بۇ دەۋانى باش كونسۇل جانابلىرىنىڭ ئادىل سوراپ قويۇشىغا ئىشىنىمەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى زىلاتكىن، پولدىكى ئىران نۇسخا گىلەم ئۈستىدە ئېغناپ ياتقان چىرايلىق ئاق كۆكا ئىتنى كۆرسىتىپ، — يېنىڭىزدىكى ئورۇندۇقنى ئاشۇ كىشىگە بەرسەك قانداق؟

— ناھايىتى ياخشى بولاتتى، — دېدى پېك ئەپەندى كۆكىغا بىر قارىۋېلىپ، — بىراق ئۇ ئەركەك ئىكەن ئەمەسمۇ؟

دېرىزىلىرىگە ھاۋارەڭ يىپەك پەردىلەر تارتىلىپ، كۆزنى چاقنايدىغان رەڭدار لامپۇچكىلار بىلەن يورۇتۇلغان ئۆينى كۆلكە قاپلاپ كەتتى. زىلاتكىننىڭ ئۆزىمۇ قاتتىق كۆلۈۋەتتى. پەقەت يېنىدا ئولتۇرغان چېك دېلى ئارقىلىق ھەممە گەپنى ئۇقۇپ تۇرغان شېڭ شىسەيلا، پېك ئەپەندىگە ئەيىبلەش نەزەرى بىلەن قاراپ ھومىيىپ ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا زىلاتكىن قەدەھنى قولىغا ئېلىپ:

— ئولتۇرۇشنىڭ خۇشال كۆلكە بىلەن باشلانغىنىغا خۇشالمەن. بىز رۇسلار كۆلكىنى ياخشى كۆرىمىز. كۆلكە سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق، قېنى دوستلار، سالامەتلىك ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، — دېدى. شېڭ شىسەيمۇ ئۆز ئىچىدە «رۇس مىجەزى شۇنداق بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، چىرايىغا كۆلكە يۈگۈرتكەن

پېتى ئورنىدىن تۇردى.

ھېلىراق زىلاتكىن ئىپتىقاندەك خۇشال كۈلكە بىلەن باشلان-غان بۇ مېھماندارچىلىق كەچكە لايىق تاڭسۇق تاماقلار، ئېسىل ئىچىملىكلەر ۋە پاتېفوندىن ئاڭلىنىپ تۇرغان لەرزان مۇزىكا ناۋالى-رى بىلەن تېخىمۇ قىزىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، پېك ئەپەندى ئانچە رازى ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى ياقۇتتەك قىزىرىپ تۇرغان ۋىنو، بوتۇلكىدىن بۇژۇلداپ ئېتىلىپ چىقىدىغان شامپان ھاراقلىرى بولغان بىلەن بىرەر بوتۇلكىمۇ ئاق ھاراق كۆرۈنمەيتتى. «بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاق ھاراق ئىچىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن ـ ھە، بۇ ساھىبخانا» دەپ ئويلايتتى ئۇ بىر قەدەھ شامپاننى خۇشياقماسلىق بىلەن ئىچىۋېتىپ. بىراق ئۇنىڭ كاللى-سىدا بىردىنلا باشقا بىر پىكىر چېقىلىپ، «ياق، ياق... مەن خاتا ئويلاپتىمەن. ئۇستەلگە يۇقىرى گرادۇسلۇق ئاق ھاراقلارنىڭ قو-يۇلمىغانلىقى بۇ مېھماندارچىلىقنىڭ ئاخىرىدا مۇھىم سۆھبەت بو-لىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاسمان خۇداسىغا مىڭ قەتلە شۇ-كۈركىم، مېنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىمگە پۇرسەت كەلدى چېغى» دېگەن ئويلار بىلەن باشقىدىنلا ئېچىلىپ ـ يايراپ ئولتۇرۇشقا كىرىشتى.

دەرۋەقە، ئۇنىڭ مۆلچىرى توغرا بولۇپ چىقتى. تاماق تەرتى-پى بويىچە، ئاخىرىدا كېلىدىغان شېرىن ـ شەربەت ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن زىلاتكىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك خانىملار، ئالدىڭلاردا ئەدەپسىزلىك بولمى-سۇن دەپ داستىخان ئۇستىدە چەكمەي ئولتۇردۇق، ئەمدى بىزگە رۇخسەت، بىرەر تالدىن چېكىشىۋالايلى، — دېدى ـ دە، ئەر مېھمانلارنى يان تەرەپتىكى ئۆيگە باشلىدى.

مېھمانلار ئوبدان يورۇتۇلغان ئازادە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

يۇمشاق دىۋانلارغا جايلىشىپ، بىرمەر تالدىن پاپىروس چېكىشكەچ، ئۆزئارا پاراڭ بىلەن بىرئاز ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن زىلاتكىن مۇڭ-داق دېدى:

— مەن گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇل قىلىشقا ئادەتلەنگەن. كۆپ ۋاقتىڭلارنى ئېلىشنى خالىمايمەن. مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇنداق: بى-رىنچى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە شېڭ دۇبەن جانابلىرى بىلەن ماجۇڭيىڭ ۋە خوجىنىيازدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۈچ پەيدا بولغاندىن باشلاپ، يولداش ستالىن بۇ ئۈچەيلەندىن كىمنى قول-لاش مەسىلىسىدە كۆپ باش قاتۇردى. ماجۇڭيىڭنى قوللاش — ياپون تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا خەۋپ تۇغدۇرۇشقا يول قويۇش دېگەن سۆز ئىدى. خوجىنىيازنى قوللاش — ئاخىرى بېرىپ شىنجاڭدا جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپا-قىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان قانداقتۇر ئىسلام دۆلە-تىنىڭ قۇرۇلۇپ قېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىش بولاتتى. يولداش ستالىن شېڭ دۇبەننى ئىلغار پىكىرلىك ۋەتەنپەرۋەر دەپ تونۇدى ۋە قوللاشنى قارار قىلدى. ھازىرقى ئەمەلىيەت يولداش ستالىننىڭ بۇ داھىيانە تەدبىرىنىڭ مۇتلەق توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، بىز شېڭ دۇبەننى قوللاپ خاتا قىلمىغانىكەن-مىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق قوللايمىز. مەن بۇنى ھۆكۈمىتى-مىز نامىدىن ئېيتىۋاتىمەن. شۇنى قوشۇمچە قىلىمەنكى، يېقىندا ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ شېڭ دۇبەن بىلەن بولغۇسى جەڭلىرىدە بىزدىن بىتەرەپ تۇرۇشنى، بۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى ئورۇنداشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇنى بىزگە ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، ياخشىسى، ماجۇڭيىڭ ئۆز يۇرتىغا كەتسۇن دەپ قايتۇرۇ-ۋەتتىم. بۇمۇ بىزنىڭ شېڭ دۇبەننى قوللىغانلىقىمىز، بۇ بىر؛

ئىككىنچى، يىقىندىن بىرى دۆبەن جانابلىرىغا بولغان تونۇشۇم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. مەن دۆبەن جانابلىرىنىڭ ماركسىزمچى – لېنىنىزمچى ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشەندىم ۋە بۇ ئىشەنچىمنى يېتەرلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ موسكۋاغا مەلۇمات يازدىم. موسكۋانىڭ پات ئارىدا ئىجابىي جاۋاب بېرىشىگە ئىشىنىمەن. ئەمما، بۇ گەپنى ئۆز نامىمدىن ئېيتىۋاتىمەن. بۈگۈن مانا مۇشۇ ئىككى گەپنى دۆبەن جانابلىرىغا ئېيتىپ قويۇش ۋە باشقا پىكىر – تەلەپلىرى بولسا ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن ئازراق ۋاقىتىڭلارنى ئېلىشقا توغرا كەلدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن، شەخسەن باش كونسۇل زىلاتكىندىن ئىنتايىن مىننەتدار بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ماركسىزم – لېنىنىزمنى خېلىدىن بېرى ئۆگىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تېخى باشلانغۇچ مەلۇماتقىلا ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، لېنىن – ستالىننىڭ شاگىرتى بولۇشقا ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ، لېنىنىزمنىڭ ۋەتىنى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەڭگۈ ساداقەت كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى قىزغىن ھاياجان بىلەن بايان قىلىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولۇش پۇرسىتىگە تېخى مۇيەسسەر بولالمىغان بولساممۇ، ئۆزۈم كوممۇنىزمچى بولغانلىقىم ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزۈمنىڭ مەنپەئىتى دەپ بىلىمەن. جۈملىدىن مېنىڭ مەنپەئىتىمنىڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى مەنپەئىتى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار ئىكەنلىكى دەرھال ھېسابقا ئېلىنىسكەن دېمەكچىمەن.

شۇ گەپلەردىن كېيىن شېڭ شىسەي تاماكا چەككەن بولۇپ جىم تۇرۇۋالدى.

— پېك ئەپەندى، — دېدى زىلاتكىن، — دۇبەن جانابلىرى-
غا ئېيتىڭ، ھەر نېچۈك پىكىر ـ تەلەپلىرى بولسا ئۇچۇق قويسۇن.

— رەھمەت، — دەپ داۋام قىلدى شىڭ شىسەي، — سوۋېت
ھۆكۈمىتىنىڭ، شەخسەن باش كونسۇل جانابلىرىنىڭ ياردىمى
بىلەن خوجىنىيازنى ئۆز تەرىپىمىزگە تارتىپ، ماجۇڭيىڭنى يېتىم
قالدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغاندۇق. بۇ مېنىڭ ئۈچۈن تاغدەك زور
ئىش بولغانىدى. بىراق، ھازىر مېنىڭ بېشىمغا يەنە كۈن چۈشتى.
ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ماجۇڭيىڭ ئىلىدىكى جاڭ پېيىۈەن
بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قوزغاشقا
تەييارلانماقتا. مەركىزىي ھۆكۈمەت تەستىقلىغان شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت رەئىسى ليۇۋېنلۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوڭچى
ئۇنسۇرلار ماجۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيىۈەنگە ئىچكى جەھەتتىن
ماسلاشماقچى، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا قەشقەر بىلەن خوتەندى-
كى شەرقىي تۈركىستانچى ئۇنسۇرلار ئىسلام بايرىقى ئاستىدا زور
ئىجتىمائىي ئاساسقا ئېرىشىپ، ئىنتايىن خەتەرلىك كۈچكە ئايلىنىپ
قالماقتا. بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيىۈەننىڭ بىرلەشمە
ھۇجۇمى باشلىنىپ قالسا، مەندە ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچ
يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ ماڭا دەرھال ياردەم بېرى-
شىنى تەلەپ قىلىمەن. بۇنىڭ بەدىلىگە ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ ھەرقان-
داق تەلەپلىرىنى ئورۇنداشقا تەييارمەن.

— مەسىلەن، دۇبەن جانابلىرى قايسى جەھەتلەردە، قانچى-
لىك ياردەم دېمەكچى، — سورىدى زىلاتكىن.

— بىرىنچىدىن، — دېدى شىڭ شىسەي، — دەرھال ئون
مىڭ كىشىلىك قوشۇننى جابدۇشقا يەتكۈدەك زامانىۋى قورال ـ
ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەنىڭ تېز سۈرئەتتە
يەتكۈزۈپ بېرىلىشىنى؛ ئىككىنچىدىن، مۇبادا مېنىڭ تەييارلىقىم

پۈتكۈچە دۈشمەن تەرەپ ھۇجۇم باشلاپ قالسا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىۋاستە ياردەمگە كېلىشىنى تەلەپ قىلىمەن.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى زىـلاتكىـن چېكىسـىـنى قاشلاپ، — بۇ ناھايىتى چوڭ مەسىلىلەر ئىكەن. بۇ ھەقتە موسكۋادىن يولىيورۇق ئالماي بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك. ئەمما موسكۋانىڭمۇ دەرھاللا بىر نېمە دېيىشى تەس. چۈنكى شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى، سىلەرنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتلار بار ئەمەسمۇ؟ شۇنداقتىمۇ ھەرھالدا كېلىشىپ قېلىشىمىزغا ئىشەنچىم كامىل.

— گېپىڭىزگە قوشۇق سېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ، باش كونسۇل جانابلىرى، — دېدى چېڭ دېلى، — مەن مەركىزىي ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئازراق ئىزاھات بېرىپ ئۆتەي. خەنزۇلاردا قامچا ئۇزۇن بولغان بىلەن جايىغا تېگەلمەيدۇ دېگەن تەمسىل بار. ھازىرقى مەركىزىي ھۆكۈمىتىمىز خۇددى شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان، يەنى ئېتى ئۇلۇغ، سۈپۈرىسى قۇرۇق دېمەكچىمەن. شۇ ھالىغا باقماي، شىنجاڭنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىش ئۈچۈن يوغان كىشىلەرنىمۇ①ئەۋەتىپ كۆردى. بۇ يوغان كىشىلەر خۇددى بوران ۋاقتىدا كۆلگە چۈشۈپ قالغان خازاندەك ئۇيان چايقىلىپ، بۇيان چايقىلىپ، ئاخىر كەشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئاساسى ياكى سىياسىي ئابرۇيى يوق ئىدى، مەركەزنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتى شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تېزگىنلەپ تىنچلىق ۋە بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان بىردىنبىر كۈچ شېڭ

---

① خۇاڭ مۇسىڭ (5 ـ بابتىكى ئىزاھاتقا قاراڭ) بىلەن لوۋېنگەننى دېمەكچى. لوۋېنگەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار، قوشۇمچە ئەدلىيە مىنىستىرى بولۇپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن.

دۆبەن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېڭ دۇبەننى مەركەز ئۆزى ئېتىراپ قىلغان. شۇڭا، شېڭ دۇبەن-نىڭ مۇخالىپ كۈچلەرنى بىر ياقلىق قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچ-تىش تەدبىرلىرىگە مەركەز ئېتىراز بىلدۈرەلمەيدۇ. ھەممىدىن مۇ-ھىمى، شېڭ دۇبەننىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتە قانداق ئېقىمغا مەنسۇپ-لۇقى سىزگە بەش قولدەك ئېنىق. مېنىڭچە، شېڭ دۇبەن ھاكىمى-يىتىنى قوللاش ۋە كۈچەيتىش ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەنپەئەتلىك.

چېڭ دېلى ئەمدى نۆۋەت سىزنىڭكى دېگەندەك قىلىپ، كۆ-زىنىڭ قۇيرۇقىدا پېڭ ئەپەندىگە بىر قارىۋالدى ـ دە، ئاستا تاماكىغا قول سۇندى.

— شۇنداق. بۇ مۇلاھىزىلەرگە تامامەن قوشۇلىمەن، — دېدى باياتىن چېڭ دېلىنىڭ گېپىنى شېڭ شىسەيگە ئۇدۇللۇق ئۆرۈپ بېرىۋاتقان پېڭ ئەپەندى گەپكە ئارىلىشىپ، — خۇسۇسەن، شېڭ دۇبەن ھاكىمىيىتىنى قوللاش ۋە كۈچەيتىش، ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەنپەئەتلىك دېگەن گەپكە تامامەن قوشۇلىمەن. مېنىڭچە، شېڭ دۇبەن ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە باغلىق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىن-جاڭدىكى بارلىق مەنپەئەتلىرى شېڭ دۇبەن ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋ-جۇتلۇقى بىلەن قۇدرەت تېپىشىغا باغلىق.

— سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قايسى مەنپەئەتلىرىنى دېمەكچىسىز؟ — سورىدى زىلاتكىن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۆپىرەك گەپ ئاڭلاشقا قىزىقىپ.

— بارلىق مەنپەئەتلىرىنى دېمەكچىمەن. مەسىلەن ئېيتاي-لۇق، ماجۇڭيىڭ چاقىقان كېلىپ، جاڭ پېييۈەننىڭ ياردىمى بىلەن شېڭ دۇبەن ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتسە، ھەئە... بۇنى پەقەت

مسال ئۇچۇن دەۋاتىمەن، ئۇ هالدا شىنجاڭ ئۆلكىسى ماجۇڭيىڭ-
نىڭ ۋاستىسى بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا
قارشى بازىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؛ مۇبادا ماجۇڭيىڭ «ھەممە مۆمىن-
لەر بىر قېرىنداش» دېگەن شوئارى بويىچە، خوجىنىياز ۋە جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى ئىسلامچى ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىك ياساپ،
كوممۇنىزمغا قارشى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قانداق-
تۇر ئىسلام دۆلىتى قۇرۇۋالسا، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ
خەۋپلىك. پەقەت شېڭ دۇبەن ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولۇپ قۇد-
رەت تاپقاندىلا بۇ خەۋپلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنى شىنجاڭغا يولات-
ماسلىق مۇمكىن. بۇ بىر؛ ئىككىنچى، شىنجاڭ چەكسىز مول خام
ئەشيا مەنبەسى. بۇ يەردە سانائەت ئاساسى بولمىغاچقا، ھازىرقى
ئەھۋالدا بۇنىڭدىن ئۆزى پايدىلىنالمايدۇ. يول يىراق، قاتناش
قىيىن بولغانلىقتىن ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئالماش-
تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا بۇ بايلىق
مەنبەسىدىن ئەرزان باھادا كەڭ ــ كۇشادە پايدىلىنىشى مۇمكىن.
ئىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بىر
ھاكىمىيەت بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، شىنجاڭ چار پادىشاھلىقى
زامانىسىدىن تارتىپ، رۇسىيىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن
كەڭ بازار بولۇپ كەلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ بازاردىن ئايرىلىپ
قېلىشنى خالىماس دېيمەن. ھالبۇكى، شېڭ دۇبەن ھاكىمىيىتىلا
شىنجاڭنىڭ سوۋېت تاۋارلىرى ئۈچۈن بازار بولۇشىغا كاپالەت
بېرەلەيدۇ. ئاخىرىدا مۇھىم بىر تارىخىي پاكىتنى ئەسلىتىپ ئۆت-
مەكچىمەن. باش كونسۇل جانابلىرىغا سىر ئەمەستۇركى، ئۆز
ۋاقتىدا زوزۇڭتاڭ ياقۇپ بەگ ئىسيانىنى باستۇرۇشقا كەلگەندە، چار
پادىشاھلىقى زوزۇڭتاڭنى ئاشلىق ۋە ئاخبارات بىلەن تەمىنلىگەن.
بۇ ھال زوزۇڭتاڭنىڭ تېز غەلىبە قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

دېمەك، شىنجاڭ دېگەن بۇ بىر پارچە زېمىننىڭ رۇسىيە ئۈچۈن قانداق مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چار پادىشاھ چېغىدا ئوبدان چۈشىنىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ پائال تەدبىر قوللانغان. ھازىرقى ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىيونلىرىنىڭ ئەقىل — دانىش ۋە يىراقنى كۆرەر-لىكتە چار پادىشاھتىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

پېڭ ئەپەندى نۇتۇقتا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق چىققانلىقىدىن مەغرۇرلانغاندەك، بېشىنى دىۋان يۆلەن-چۈكىگە تاشلاپ شوك ئولتۇرۇۋالدى. چېڭ دېلى ئارقىلىق ھەممە گەپنى ئۇققۇپ ئولتۇرغان شېڭ شىسەيمۇ بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى. پېڭ ئەپەندى ئۆز خوجايىنىنىڭ چىرايىدىكى رازىمەنلىك ئىپادىسىدىن خۇشال بو-لۇشقا ئۈلگۈرە — ئۈلگۈرمەيلا، ئۇنىڭ مېڭىسىدە قورقۇنچلۇق بىر پىكىر پەيدا بولۇپ، خۇددى تىلىنى چىقىرىپ جەز قىلىۋاتقان زەھەرلىك يىلانغا تۇيۇقسىز دۇچ كېلىپ قالغان يولۇچىدەك، پۈتۈن ئەزايى — بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ مۇنۇلارنى ئويلاپ قالدى: «زامان — زامانلاردىن بۇيان ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى ۋاپاسىز، قارا كۆڭۈل بولۇپ كەلگەن. ئۇلار بولۇپمۇ ئىككى خىل كىشىگە: بىرى، ئەقىل — دانىش، چارە — تەدبىر ۋە ئابرۇيى — نوپۇزدا ئۆزىدىن ئارتۇق بولغانلارغا؛ يەنە بىرى، ھۆكۈمرانىنىڭ سىرى — ئەسرارىدىن خەۋەردار بولغانلارغا زادى ۋاپا قىلمايتتى، ھاجەتتىن چىقىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارنى قانداقلا يول بىلەن بولمىسۇن ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلايتتى. مەن بىرىنچى خىلدىكىلەر قاتارىغا كىرەل-مىسەممۇ، ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالدىم. ئە-شىم تۈگىگەندىن كېيىن، ھە شۇنداق، ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىۋال-

غاندىن كېيىن مېنىڭ تەقدىرىم نېمە بولار؟ چېك جۇڭنىڭ ئۆيىدىن كىتابلارنى بۇلاپ كەلگەن ھېلىقى يىگىتتەك بولۇپ قالمىسا مۇلا بولاتتى، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت!»

زىلاتكىننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ياخشى، — دېدى زىلاتكىن مەمنۇنىيەت بىلەن، — بىردەمدە شۇنچە كۆپ نەرسىلەر ئۈستىدە ئوچۇق - يورۇق سۆزلەشۋالغىنىمىزغا خۇشالمەن. مېنىڭ ئەمدىكى ۋەزىپەم دۇبەن جانابلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى باياتىن ئېيتىلغان ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلاپ، تېزلىكتە موسكۋاغا يوللاش ۋە تېزرەك جاۋاب ئېلىش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

شېڭ شىسەي دېۋاندىن يېرىم كۆتۈرۈلۈپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— ھە... ئېيتماقچى، خوجىنىيازنىڭ يېقىنقى كۈنلەردىكى ئەھۋالى ھەققىدە ھېچ نېمە دېمىدىڭلار، مەن ئۇنىڭغا كۆپ قىزىقاتتىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى زىلاتكىن سوئال نەزەرى بىلەن.

— ھازىر بۇ تاغ قاپلىنى ئېغىر ئەھۋالدا، — دېدى شېڭ شىسەي كىنايىلىك كۈلۈپ، — ئۇ «مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا بىرىنچى بولۇپ ئوق ئاتمايدۇ» دەپ ئارقىغا تىرمەجەپ تۇرغان بولسىمۇ، ماجۇڭيىڭ ئاخىر ئۇنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. ئەمدى ئۇ ئىككى «غازاتچى» مۇسۇلمان تارىم ئويمانلىقىدا بىر - بىرىنى چىشلەپ - تالاپ قان بولۇشىدۇ. ئەمما تارىم ئويمانلىقى — قۇمۇل تاغلىرى ئەمەس. بىزگە كەلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوجىنىيازدا بىرەر ئايغا يەتكۈدەكلا ئوق - دورا قاپتۇ. مىلتىق - ياراغلىرىنىڭ تېخىمۇ تايىنى يوق. تولىسى تەيپىڭنەم زامانىسىدىكى قوغۇشۇن ئوقلۇق مىلتىق، ئاندىن قالسا قىلىچ - نەيزىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قوراللىرى خىل،

مۇنتىزىم قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭ يېڭىلىپ قېلىشى مۇمكىن ياكى تەلىيى ئوڭ كېلىپ، مەسىلەن ئېيتايلۇق، كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا تايىنىپ، قىسمەن غەلىبە قىلىشىمۇ مۇم- كىن. بىراق، مېنىڭچە، مەيلى ئۇ غالىب كەلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ھەر ئىككى ئەھۋالدا بىزگە پايدىلىق، يەنى ئۇ غالىب كەلسە ماجۇڭيىڭ ئاجىزلىشىدۇ؛ مەغلۇپ بولسا ئىككى دۈشمەننىڭ بىرىدىن قۇتۇلىمىز. دېمەك، شەخسەن ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ كەتمەيمەن. يامىنى شۇكى، ئۇنىڭ قەشقەر ــ خوتەن تەرەپلەردىكى ئىسلامچىلار بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىن قورقىمەن.

— بۇ مۇلاھىزىڭىز توغرا. قەشقەردىكى كونسۇلىمىزنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، سابىت داموللىلارنىڭ ئايىغى ئىتتىكلەپ قاپ- تۇمىش. ئۇلار خوجىنىيازنى چوقۇم ئۆزىگە تارتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە چوڭ خەۋپ. ئەمما خوجىنىياز ھازىر تاغ قاپلىنى ئەمەس، بەلكى ئاغزىغا يۈگەن سېلىنىپ قالغان ئاساۋ ئايغىرغا ئوخشاپ قالدى. چۇلۋۇرنىڭ ئۇچى بىزنىڭ قولىمىزدا، — دېدى زىلاتكىن مەنىلىك كۈلۈپ.

شۇ ئارىدا ئىشىك قىيا ئېچىلىپ ۋېرا زىلاتكىنانىڭ بېشى كۆرۈندى:

— ۋيەي... تاماكاڭلارنى تېخىچە چېكىپ بولمىدىڭلارمۇ؟ خانىملار تانسا ئوينايمىز دىپ ساقلاپ تۇرغىلى نەۋاق.

— مانا... ھازىر چىقىمىز سۆيۈملۈكۈم.

× × ×

ئەل يېتىپ جاھان جىمىققان چاغدا، قوش ئارغىماق قېتىلغان پوۋوسكىلار سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن چىقىپ شەھەر ئىچى تەرەپ-

كه بۇرۇلدى. ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن قورشالغان ئەينەكلىك پوۋۇسكىدا شىڭ شىسەي بىلەن چۇيۇفاڭ بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك يېقىن ئولتۇراتتى.

— سىزنى تەبرىكلىسەم بولار! — دېدى چۇيۇفاڭ ئېرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— ھازىر تېخى بالدۇر.

— نېمە، بۇ كۆك كۆزلەر قايىل ئەمەسمىكەن؟

— قايىللىقى قايىل. موسكۋا زوۋان سۈرمىگۈچە... ھە... ياق، ئىشەنچىم كامىل.

— موسكۋا، ئىلاھىم تېزرەك زوۋان سۈرسىكەن!

سەككىزىنچى باب

# باشئەگىم جىلغىسىدا

*باشئەگىم تارام ــ تارام*
*مەندىن زوھراغا سالام*

— «تاھىر ــ زۆھرە» قوشاقلىرىدىن

خۇددى شىلەك شىسەي بىلەن زىلاتكىن ئېيتقاندەك، بۇ كۈنلەردە ھاجىم ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. توقسۇن جېڭىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ قارام ــ قەيسەرلىكتە داڭقى چىققان ياش سەركەردىسى مافۇيۈەن توپ ــ زەمبىرەك ۋە ئېغىر ــ يېنىك پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان ئىككى مىڭدەك سەرخىل ئاتلىق چېرىك بىلەن ئۇلارنى قارا شەھەرگىچە، قارا شەھەردىن كورلا چېگراسىغىچە شىددەت بىلەن قوغلاپ كەلدى. ئەمما باشئەگىم جىلغىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئەھۋال ئۆزگىرىشكە باشلىدى. پىدائىيلار قوشۇنى تاش قاپتاللىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشكە كىرىشتى. چېرىكلەر تار جىلغىغا ئۇسۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق پىدائىيلار قوشۇنى قورال ــ ياراغ،

بولۇپمۇ ئوق ــ دورىنىڭ قىسلىقىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پىتىنالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا تىركى-شىش ھالىتى مەيدانغا كەلدى. قاتمۇ قات تاغلار بىلەن قورشالغان باشئەگىم جىلغىسى خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىگە قۇچاق ئاچقان مېھرىبان ئانىدەك، پىدائىيلار قوشۇنىنى قوينىغا ئېلىپ، ئۆلارنىڭ ئالدىنقى مۇداپىئە لىنىيىسى بولۇپ قالدى. كورلا، بۈگۈر خەلقلىرى ئارقا سەپ لاۋازىمەتىنى بەجانىدىل ئۆتەپ، پىدائىيلارغا زور مەدەت بېرىپ تۇراتتى.

باشئەگىم توغرۇلۇق گەپ بولغاندا تۆۋەندىكى قۇرلارنى يازماي ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

قارا شەھەردىن شۇ جىلغا تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئايدىڭ كېچىلىرى بىرەر دۆڭلۈكتىن سول قول تەرەپتىكى كەڭ ۋادىغا قارىسىڭىز، خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغىنىدەك بىپايان چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا گاھ ئەينەكتەك پارقىراپ، گاھ كۆزدىن غايىب بولىدىغان بىر تىلسىم ماكاننى كۆرگەندەك بولىسىز. بۇ — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قېشىدا ساقلىنىپ قالغان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى باغراش كۆلىدۇر. شۇ كۆلدىن چىقىپ، ئاۋۋال غەربكە، ئاندىن جەنۇبقا قاراپ ئېرىنچەكلىك بىلەن مۈگىلىنىپ ئاقىدىغان كۆنچى دەرياسى باشئەگىم جىلغىسىغا كىرىش بىلەنلا شۇنچىلىك جانلىنىپ كېتىدۇكى، بىر قاراشتا ئۇ خۇددى دەرستىن كېيىن سىنىپتىن چىقىپ چۇرقۇراشقان پېتى توپ مەيدانىغا يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان شوخ ئۆسمۈر باللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دەريانىڭ ئەگىم جىلغا ئىچىدە يىلاندەك تولغىنىپ، تاشتىن ــ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاپئاق كۆپۈكلەر چاچرىتىپ ئاقىدىغان ئەنە شۇ قىسمىنىڭ ئادەتتە «كۆنچى دەرياسى» دېمەي ئەمەس، «باشئەگىم سۈيى» دەپ ئاتىلىشىمۇ تاسادىپىي بولمىسا

كېرەك. باشئەگىمنىڭ «تاھىر – زۆھرە» ھەققىدىكى ئاجايىپ گۈزەل قىسسىسىدە تۇتقان ئورنى ئۇنىڭغا شۇنداق بىر پارلاق رومانتىك ئوبراز يارىتىپ بەرگەنكى، باشئەگىم دېگەن نام ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار «تاھىر – زۆھرە»نى قانداق چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسلىسە، باشئەگىمنىمۇ شۇنداق زوق – شوق بىلەن تىلغا ئالىدۇ. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان مۇئەللىپنىڭ قىرىق نەچچە يىل بۇرۇن باشئەگىم ھەققىدىكى خەلق رىۋايەتلىرى ئاساسىدا يازغان بىر نەسرىي شېئىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ:

ئاھ، باشئەگىم!

ئەجەبمۇ ياراشقان بۇ ئىسمىڭ ساڭا، زاتىڭغا قاراپ ئېتى بولۇر دېگەندەك، زۆھرەنىڭ ئىشىكىدىن كۇندە مىڭ ئەگىپ ئۆتكەن تاھىر كەبى ھەر دوقمۇشتا يۈز قېتىم ئەگىپ ئاقسەن، خۇددى كىمنىڭدۇر ئارقىسىدىن يەتمەك بولۇپ قوغلاشقاندەك، تاشتىن – تاشقا ئۇرۇلۇپ شىددەت بىلەن چاپىسەن...

نېمە بۇنچىۋالا تەشۋىشتە قالدىڭ؟

بىر قاراپلا بىلدىم، چېھرىڭدە چوڭقۇر بىر قايغۇنىڭ، ئاچچىق بىر ئەلەمنىڭ ئىزى بار. خۇددى يىللاردەك تولغىنىشلىرىڭمۇ مەنىسىز ئەمەس... تاپتايىنلىق ئوبدان بىلىمەنكى، ئۇ بىر جان ئاچچىقىدۇر...

ئايدىڭ كېچىلەردە بولسا، مۈگدىنىپ ئېيتقان قوشاقلىرىڭ خۇددى قاناتلانغان قۇشلاردەك ئۇچۇپ بېرىپ ئالەمنى قاپلار، ئۇزاقلاردا تۇرۇپ، بۇ مۇڭلۇق قوشاقلىرىڭنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرەك – باغرى خۇددى سىمابتەك تىترەر، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتار؛ يېقىن كەلگەنسېرى ھېچ تاقىتى قالماس، چىداپ تۇرالماي، مۇڭلىرىڭغا قوشۇلۇپ تاھىر ئاققان جىلغىلىرىڭدا كۆز ياشلىرى بىلەن ئاققۇسى

كېلەر...

ئاھ، باشئەگىم! دىمىغىمدىن ھامان بىر ھىجران پۇرىقى پۇرار. بۇنىڭغا قاراپ پەقەت كۆز ياشلىرىم بىلەن كۆمۈلۈپ قالىمەن. سەنچۇ؟ ھامان ئۆز غېمىڭ بىلەن... قىلچىلىكمۇ پەرۋا قىلمايسەن، ئېيتقىنا، نېمە بۇنچىۋالا دەردلىكسەن؟ قاچاندىن بېرى شۇنداق مۇڭلۇقسەن؟

ئەي مۇڭلۇق باشئەگىم! ئېيتمىساڭمۇ ئوبدان بىلىمەن نېچۇن غەمكىن، نېچۇن مۇڭلۇقلۇقىڭنى... ئەگەر بىلمىسەم، دەردىڭگە ئورتاقلاشمىسام، قاپقارا ۋاپاسىزلىق، ئۇياتسىزلىق، توغرىسى خائىنلىق قىلغان بولىمەن. چۈنكى، سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈك سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭدىن، يۈكسەكلىكىڭدىن يارقىن بىر نەمۇنە ئەمەسمىدى؟ سەن ئەزەلدىن بىزگە شۇنى — سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈكنى ئۆگەتمىگەنمىدىڭ؟

سۆيگۈ تۇتقۇنى تاھىر تاغدىن تاشلانغاندا، سېنىڭ سۈرلۈك، قاتتىق ۋە قىلىچتەك ئۆتكۈر تاشلىرىڭ ماموق بولۇپ قارشى ئالغان ئەمەسمىدى؟ تاھىرنىڭ ساندۇق بىلەن بىر ئەگىمدە ئۈچ كېچە — كۈندۈز تۇرالىشى سېنىڭ ئەزگۈلۈك ۋە ۋاپادارلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ كىم بىلىدۇ، تاھىر ساندۇقىنىڭ ئىسسىق قوينىدا نەچچە يىللار كۆز قارىچۇقىڭدەك ئاسرالغىنىنى! بۇ، كىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەزگۈلۈك؟ بۇ ساڭا ۋە «پەرىشتە» لەرگىلا خاس ئەزگۈلۈك ۋە يۈكسەكلىكتۇر...

ئەمدىلىكتە بولسا، دەردلىك كۆزلىرىڭ بىلەن تاغ بېشىغا قارايسەن، ياش ئۈنچىلىرى بىلەن تولغان غەمكىن كۆزلىرىڭنى بىر نەپەسمۇ ئۈزەلمەيسەن.

نېمە كۆرۈنۈر؟

تۇغ قادالغان كونا بىر مازار... ئۇزاق ئەسىرلەرنىڭ، ئېغىر

يىللارنىڭ، قارا كۆڭلەرنىڭ قاتتىق يەكۈنى...

نە سۆيگۈ، نە ھايات، نە تەنتەنە!

بىر جۈپ قىزىل گۈل ئارىسىدا ھامان بىر تال ياۋۇز تىكەننىڭ ئىپلاس تەكەببۇر گەۋدىسى ياتار... مانا، سەن شۇنى كۆرىسەن. ئوبدان بىلىمەن، ئۇ ئىپلاس، تەكەببۇر تىكەننىڭ يىرتقۇچلارچە قىچقىرغان ئۆلۈم كۈلكىسى، قۇلىقىڭغا خۇددى تىكەندەك سانجىلار... قارا كۆڭلەرنىڭ ئۇ بىر جۈپ مەسۇم قۇربانى سېنى قانچە ئاچچىق ھەسرەتكە، چوڭقۇر مەيۈسلۈككە، چەكسىز قايغۇغا سالسا، ئۇلارنىڭ قاتىلى شۇ ئىپلاس تىكەن سېنى شۇنچە تىنچ-سىزلاندۇرار، غەزەپلەندۈرەر، كايىتار... ناھايەت ئىنتىقام ئوچۇن قوزغار!

ھەممە دەردىڭ، ھەممە قايغۇڭ، ھەممە تەشۋىشىڭ، ھەممە ئاچچىقىڭ شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

ئەي مەسۇم قۇربانلار مازىرى، سۆيگۈ دەرياسى ھەسرەتلىك باشئەگىم! ھامان سېنىڭ ئۇستۈڭنى بىر قارا ھىجران تۇمانى باسقان، سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن دەردلىنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇڭ-لىنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقلىنىسەن، غەزەپلىنىسەن، ئاچ-چىقىڭدىن تاشتىن — تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاپئاق كۆپۈكلەر چاچرىتى-سەن، جان ئاچچىقىڭدىن دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ شىردەك ھۆۋلايسەن.

ھەققىڭ بار!

ھەر نېمە قىلماققا ھەققىڭ بار!

يەنە دەردلەن، يەنە مۇڭلان، يەنە ئاچچىقلان!

تاشتىن — تاشقا ئۇرۇل، دولقۇنۇڭ بىلەن كۆتۈرۈل... يەنە تاش!

تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ ياناق كۆزلىرى ھامان ساڭا تىكىلىپ

تۇرمافتا. سۆيگۈ، ۋاپا، نومۇس ۋە ئەزگۈلۈك ئۈچۈن ئۆلارنىڭ روھىنى يادلان! تاھىر داستانى بىلەن دولقۇنلان! ئۇنىڭ ئۈچۈن چەككەن ئەلىمىڭ، تارتقان دەردىڭ، جاپا ئەمگىكىڭ — مەڭگۈلۈك راھەت، مەڭگۈلۈك سائادەت!

«بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈڭنىڭ شورى دەگىلار!»

× × ×

ھاجىم بىلەن مەھمۇت مۇھىتى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چوقچىيىپ ياتقان قورام تاشلار ئارىسىدا قانداقتۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ كېلىۋېتىپ، يېقىنلا بىر يەردىن كېلىۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە دەرھال گېپىنى توختىتىپ شۇ تەرەپكە قارىدى. ئۇن نەچچە يىگىت سۇ بويىدا كىر ـ قاتلىرىنى يۇغاچ، يۇقىرىدىكى قوشاقنى تولۇق تېكىستى بىلەن ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاھاڭدا ناخشا قىلىپ ئېيتماقتا ئىدى:

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نۇرى دەگىلار.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈڭنىڭ شورى دەگىلار.

بۇ قوشاق ئاياغلىششى بىلەن باشقا ئاھاڭدا ئىككىنچى ناخشا باشلاندى:

ئاتام مەككە، ئانام مەككە،
تۇغۇلدۇم بىر كۈن ئۆلمەككە.
ئاتالاردىن مىراس قالغان،
قارا يەرگە كۆمۈلمەككە.

قۇمۇل شەھىرىدىن چىقتىم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غېرىبلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

قازاندەك قايىنىدىم تاشتىم،
كېزىپ چۆللەر داۋان ئاشتىم.
غېرىبلىق شەھىرىگە چۈشتۈم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

ئاشارمەن دەشت بىلەن سەھرا،
كېزەرمەن چۆل بىلەن دەريا.
كېپىكلەرگە بولۇپ ھەمراھ،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

چوڭقۇر مەيۈسلۈك، ئۈمىدسىزلىك ۋە مۇڭ — زار بىلەن تولغان بۇ مىسرالار ھاجىم بىلەم مەھمۇت مۇھىتىغا قاتتىق تەسىر قىلغان چېغى، ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سالاپەتلىك يۈزلىرىنى ئاچچىق ئىزتىراپ، قاتتىق ئېچىنىش ۋە ھەسرەت — نادامەت تۇمانلىرى قاپلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھاجىمنىڭ قۇشنىڭكىدەك دۈگىلەك كۆزلىرى شارقىراپ

ئېقىۋاتقان باشئەگىم سۆيگە قادىلىپ قالغاندەك كۆرۈنسە، مەھمۇت مۇھىتنىڭ يوغان بۇرۇن تۆشۈكلىرى تېخىمۇ كېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

شۇ ئارىدا ئاق سېرىق كەلگەن ئېگىز بويلۇق ئوغلاقچى مەنسۇر ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى — دە، ھەمراھلىرىغا ئۇنلۇك خىتاب قىلدى:

— قويۇڭلار ئاغىنىلەر، مۇنداق ناخشاڭلارنى! ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ شۇنىمۇ ناخشا دەپ ئېيتقۇلۇقمۇ؟ مۇنداق يىغلاڭغۇ ناخشىلار بىزگە ياراشمايدۇ. بىز دېگەن ئازادلىق ئۈچۈن بەل باغلاپ چىققان پىدائىيلار، ھاجىمنىڭ جەڭچىلىرى، قېنى، كېلىڭلار ئۆزىمىزنىڭ ناخشىسىنى ئېيتايلى. مانا مەن باشلاي:

گۈلۈم ئاچىلاي دېدۇ، ئاچىل،
دادەي، باشقا سانجىلاي دېدۇ ئاچىل.
يارىمنىڭ يۈرەك ئوتى، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
تەنگە يامىشاي دەيدۇ ئاچىل...

ھەممەيلەن ناخشىغا قوشۇلدى. ناخشا ئاۋازلىرى بوراندەك گۈرۈلدەپ ئەۋجىگە چىققاندا، بەزى يىگىتلەر ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ناخشا رىتىمىغا ماسلاشقان قىزغىن چاۋاكلار داپنىڭ خىزمىتىنى ئۆتىمەكتە ئىدى.

ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل، ئاچىل،
دادەي، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا ئاچىل.
كەمبەغەلگە زاغرا يوق، ئاچىل ۋاي ئاچىل،
بەگ — غوجامنىڭ قولى مايدا، ئاچىل.

ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا ئاچىل.
غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىل، ئاچىل،
دادەي، ھىممەت يولۇم ئاچىلغىل ئاچىل.
يىگىتلەر جەڭگە چۈشتى، ئاچىل، ۋاي ئاچىل،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم، ئاچىل،
دادەي، ئاچىلمىساڭ، گۈل قايدا، ئاچىل.①

ھاجىم بىلەن مەھمۇت مۇھىتى يىگىتلەردىن رازى بولغاندەك، بىر — بىرىگە قاراپ، كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، يەنە ئۆز يولىنى داۋام ئەتتۈردى.

— مانا، ھاجى ئاكا، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى، — يىگىتلىرىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۆز قۇلقىمىز بىلەن ئاڭلاپ، ئەھۋالىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ئۇلارنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ئاتا — ئانىلىرىغا بارىكاللا. يەنە بايىقى گەپكە كەلسەك، تۇڭگانلارنى توسۇپ، بۇ غولنىڭ ئىچىدە يېتىۋەرمىسەكمىكىن دەيمەن. ياخشىسى قەشقەر تەرەپكە تېزرەك ماڭايلى.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، — ئېتىراز بىلدۈردى ھاجىم، — بىز بۇ يەردىن قوزغالغان ھامان ئۇ لومودىلار چىلبۆرىدەك ئارقىمىزغا چۈشىدۇ. بىزغۇ يول بويى ئۇرۇشۇپ ماڭارمىز. تۇڭگانلار بىزدىن ئالالمىغان ئۆچىنى يۇرت — يۇرتتا پۇقرادىن ئالغايمۇ؟ ياق، مەن پۇقرانى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەيمەن. ئۇ

① بۇ ناخشا شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ بىۋاسىتە قاتناشچىلىرىدىن بولغان قۇمۇللۇق مىرۇل مەرگەن بىلەن تۇرپانلىق ئوغلاقچى مەنسۇرلارنىڭ ئاغزىدىن يېزىۋېلىنغان نۇسخىسى بويىچە بېرىلدى. ناخشىنىڭ ئەسلى تېكىستى قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ناخشا شائىر ھايات چاغدىلا كەڭ تارقىلىپ خەلق ناخشىسىغا ئايلانغان ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كۈرەش مارشى بولۇپ قالغان. بىراق، ئېيتىلىش جەريانىدا ئەسلى تېكىستكە بەزى ئۆزگىرىشلەر كىرگۈزۈلۈپ، يۇقىرىدىكى مىسرالار شەكىللىنىپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا ۋارىيانتلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. (ئا)

لومودىلار ئالتشەھەرگە ئۆتتۇپ، ئەلنى ۋەيران قىلمىسۇن دېسەك، باشئەگمىنى چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك.

مەھمۇت مۇھىتى ھاجىمنىڭ ئۆز گېپىدىن ئاسان يانمايدىـ غانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولۇپ:

— ئانداق بولسا، بۇ غولنىڭ ئىچىدە كۆسۈتكىدەك ئۇ تۆشۈكتىن چىقىپ، بۇ تۆشۈككە كىرىپ يېتىۋەرگۈدەكمىز ـ دە! — دەپ تەنتۇر قارىۋالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ قەدەر قوپال چىقتىكى، ھاجىم ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئېتتىك قاراپ تاشلىدـ دى. دەرۋەقە، مەھمۇت مۇھىتى ھېچقاچان ۋە ھېچ يەردە ھاجىمغا مۇنداق تېگىپ باقمىغانىدى. ھاجىم ئۇنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىپ، خىجالەتچىلىك ئىچىدە مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— خاپا بولۇپ قالدىلامۇ ئۇكام؟ ماڭا قارىسىلا، ئۆتكەن قېتىم توقسۇندا پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىمىزغا مەن، ھەممە مەن سەۋەبچى بولدۇم. بۇ گۇناھىمنى ئاللا كەچۈرەمكىن؟! پادا يولـ دىن ئاداشسا، سەركىگە قارغىش ياغدۇ دەپ، ماڭا ئاز قارغىش ياغمىدى. ئەمدى يەنە شۇنداق بولۇپ قالمىغىيدى دەپ قورقىمەن. ئۆزلىرى ماقۇل دېسىلە مۇنداق قىلساقمىكىن: تاغ يولى بىلەن ئۇرۇمچىگە دەرھال ئادەم ماڭدۇرايلى، شىڭ دۇبەنگە بىر پارچە، ئورۇس كونسۇلىغا بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، جىمساردىكى ھېلىقى توختام بويىچە بىزگە بېرىدىغان ياردىمىڭنى بەر دەيلى. ئۇ توختامـ دا «ماجۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلسا، ئۇرۇمچى تەرەپ ھەربىي ياردەم بېرىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ بىزگە قورال ـ ياراغ بەرسۇن. قورال ـ ياراغ كەلگەندىن كېيىن بىر بۆلۈك كۈچنى مۇشۇ يەردە تۇڭگانلارنى توسۇپ تۇرۇشقا قالدۇـ رۇپ، دەرھال قەشقەر تەرەپكە ماڭايلى، ئۇلارنى توسۇشقا بۇنىڭدىن

ئەپلىك يەر يوق. قانداق دەيدىلا؟

مەھمۇت مۇھىتى ئويلىنىپ قالدى ۋە بىر ھازادىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— شىنجاڭ دۇبەننىڭ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇشىغا ئىشىنەمدىلا ھاجى ئاكا؟ بەرمەسنىڭ ئىشى پىشماس دەپ، بىزگە قۇرۇق ئەمەچەك سىپـــــــىپ يۈرۈرمىكىن؟!

— ياق، بۇ دورەم مەن ئۇنى قورال بېرىدىغان قىلىمەن. شىڭ دۇبەندىن تولاراق ئورۇس كونسۇلىنى قىستايمەن. قېنى ئاغىنە، ئەمدى بىر نېمە دېمەمسەن، ھېلىقى توختامغا ئۆزۈڭ قول قويغان ئەمەسمۇ دەيمەن. ئۇ ئورۇس ئىزا تارتقىنىدىن بولسىمۇ شىڭ دۇبەنگە بىر گەپ قىلۇرزە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ھـــەي تاگـــەي، بۇ ئىمانســـىزلار ئىزا تارتىشنـــى بىلۇرمىكىن؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى مەھمۇت مۇھىتى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. ئاندىن قەدىمىنى توختىتىپ مۇنداق دېدى، — مەن بىر گەپ قىلاي ھاجى ئاكا، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن. ئۆزلىرى ئورۇس كونسۇلىغا بەكلا ئىشىنىپ كەتتىلە جۇمۇ! ئۇ شىڭ دۇبەن بىلەن تىلىنى بىر قىلىۋېلىپ ئاقىۋەتتە بىزنى داغدا قويمىغىيدى دەپ قورقىمەن.

— ئۇنداق بولماس، — دېدى ھاجىم كەسكىن قىلىپ، — كونسۇل زىلاتكىن ھېلىقى توختامغا شۇرالار ھۆكۈمىتى نامىدىن قـــول قـــويـــغـــان تۇرسا... ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن بۇ كەمگىچە ئورۇسلاردىن گوپالسىزلىق كۆرمىدىم. ئۆزلىرى بىلمەيدىلا، مەن ئورۇسلارنى كۆپ كۆرگەن، ئورۇسلار گەپتە تۇرىدىغان خەق. ھارامزادىلىكنى بىلمەيدۇ، بىزنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىرنىڭ مەخسۇت بايمۇ شۇنداق دېيدىغان، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ، —

مەنمۇ ھەممە ئۇرۇسلارنى ئەسكى دېمەيمەن. مېنىڭ دەۋاتقىنىم ھېلىقى كونسۇل، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا مېنىڭ كۆڭلۈم سەل قارا تۇرىدۇ.

— ئۇنداق خىياللاردا بولمىسىلا ئۇكام! ئارىدا توختام خەت بار ئەمەسمۇ، ئۇغۇل بالا دېگەن لەۋزىدىن يانسا نېمە بولغىنى؟

مەھمۇت مۇھىتى بىردەم ئىچىنى تىتىشاپ تۇرۇپ:

— خەير، شۇنداق بولسۇن دەيلى، مۇبادا شېڭ دۇبەن دېگەن كاپىر (كۆنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆڭلۈم قارا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ)، شۇنداق، مۇبادا ئۇ «داۋانچېڭدىن تارتىپ قارا شەھەرگىچە ھەممە يوللار ماجۇڭيىڭنىڭ قولىدا، سىلەرگە قورالنى قانداق يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

— بۇ تەس ئەمەس، — دېدى ھاجىم، — قارا شەھەردە بىزگە قوشۇلغان ھېلىقى موڭغۇل يىگىتلەرنىڭ باشلىقى سورۇنجاپ①بىلەن پاراڭلاشتىم. بۇ قالماق ئاغىنىمىز بۇ تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە بارىدىغان تاغ يوللىرىنى بەش قولدەك بىلىدىكەن، كاساپەتنىڭ ئۆزىمۇ بۆلەكلا ئۇستا مەرگەن ئىكەن. ماجۇڭيىڭدىن ئۈچ ئالمىسام كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ دەيدۇ. چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق سانجىلغان بىلەن ئۆزى تاغ ئۆچكىسىدەك چاققان نېمىكەن. ئۆزلە-

---

① شېڭ شىسەي قومۇل دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا قارا شەھەر موڭغۇللىرىدىنمۇ ئەسكەر ئالغان ۋە موڭغۇل ئاقساقاللىرىدىن بەيسى نويىن باشچىلىقىدا ئۇلاردىن بىر تۇمەن (پولك) تەشكىل قىلغان. شۇ قېتىم سورۇنجاپ دېگەن ئادەمنىڭ ئۇۋچىنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قارا شەھەرنىڭ سىغاۋچۇ دېگەن يېرىدىكى جەڭدە ماجۇڭيىڭنىڭ ئاتالىق سەركەردىلىرىدىن ماشىمىڭ بەيسى نويون قوشۇنىنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ جەڭدە سورۇنجاپنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ ئۆلگەن. كېيىن ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى ماشىمىڭنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن قارا شەھەر موڭغۇللىرىنى قىرغىن قىلغاندا، سورۇنجاپنىڭ ئائىلىسىدە ھايات قالغان ئون جاننىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغان. پەقەت سورۇنجاپنىڭ ئۆزى ئوق چالا تەگكەنلىكى ئۈچۈنلا ھايات قالغان ۋە يارىسى ساقايغاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئون نەچچە موڭغۇل يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ھاجىمنىڭ قوشۇنىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان.

رىمۇ بىلىدىلاغۇ ئۇنى. ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلارنى شۇ ئادەم باشلاپ ماڭسا، بىزگە بېرىدىغان قورالنىمۇ شۇ يول بىلەن ئېلىپ كەلسە، دىيمەن. قانداق دەيدىلا؟

مەھمۇت مۇھىتى بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— خەير، يېتىپ قالغۇچە ئېيتىپ قال دەپتىكەن. بۇ ئىشنىمۇ قىلىپ كۆرەيلى، — دەپ ھاجىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

ئەتىسى سورۇنجاپ بىلەن تۇرسۇن دولان ئۈچ يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. تۇرسۇننىڭ ۋەزىپىسى شىڭ شىسەي بىلەن كونسۇل زىلاتكىـــن ۋە تاھـــىر بەگلـــەرگـــە ئايرىم - ئايرىم يېزىلغان ئۈچ پارچە خەتنى تاھىر بەگنىڭ قولىغا تاپشۇرۇش ئىدى. تاھىر بەگكە يېزىلغان خەتتە شىڭ شىسەي بىلەن زىلاتكىنگە ئەۋەتىلگەن خەتلەرنى خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قولىغا تەگكۈزۈش بىلەن بىللە، خەتتە قويۇلغان تەلەپنى ئورۇنداش ھەققىدە ئۇلارغا كۆپرەك خىز-مەت ئىشلەش تەۋسىيە قىلىنغان.

سورۇنجاپنىڭ ئېيتقىنىدەك قاتمۇ قات تاغلار ۋە چوڭقۇر جىرالار ئارىسىدىكى جىم يوللار ئارقىلىق بولىدىغان بۇ قېتىمقى سەپەر ھەم جاپالىق، ھەم خەتەرلىك بولسىمۇ، تۇرسۇننىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ خۇددى تەگتۇشلىرى بىلەن توي بەزمە-سىگە كېتىۋاتقاندەك ناھايىتى خۇشال ۋە جۇشقۇن كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئاستىدىكى كۆرەڭ قاشقىسى بۆرە يۈرۈشى بىلەن چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بەك ئاستا مېڭىۋاتقاندەك سېزىلىپ، ئۇنى پات - پات دېۋىتىپ قوياتتى. تۇرسۇننىڭ مەيلىچە بولسا، خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغىنىدەك، كۆل رەڭ قاشقىسىنىڭ ئورنىدا ئۇچار گىلـــەم بولسايـــۇ، ئۈرۈمچىـــگـــە بىردەمدە ئۇچۇپ بارسا... ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرنى، بىللە ئويناپ چوڭ

بولغان دوستلىرىنى، ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن مۆرمىبىلىرى ھەيدەر ئەپەندى بىلەن تاھىر بەگنى، بولۇپمۇ، ياش يۈرىكىنى تۇنجى قېتىم ئۇۋۇلاپ ئالغان قارا كۆز جانان قىزنى پاتراق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولسا... ئۇ يەنە ئويلايدۇ: تېخى يېقىندىلا سەپكە قوشۇلغان ياش جەڭچى بولۇشىغا قارىماي، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ باش شتابى، يەنە كېلىپ ھاجىمنىڭ ئۆزى شۇنىڭغا مۇھىم ۋەزىپە-نى تاپشۇردى. بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسا، بۇ نېمىدېگەن بەخت، نېمىدېگەن شەرەپ!

— سورۇنجاپلار ئۇرۇمچىدىن يېنىپ كەلگۈچە كورلىغا كې-رىپ چىقسىلىقمىكىن؟ — دېدى ھاجىم ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ.

مەھمۇت مۇھىتى كورلا خەلقىنىڭ پىدائىيلارنى ئۇزۇق — تۈلۈك، يەم — خەشەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ كەلگەنىنىڭ ئۈستىگە، چوڭلارنى شەھەرگە كىرىپ بىر نەچچە كۈن ئارام ئېلىپ چىقىشقا كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇش شەرتى بىلەن ھاجىمنىڭ يۇقىرىدىكى پىكرىگە قوشۇلدى.

— كىرسەك بىللە كىرەيلى ئۇكام، بولمىسا...

— ياق، ھاجى ئاكا، ئىككىمىز تەڭلا كەتسەك بولماس. تۇڭگانلارغۇ دەككىسىنى يەپ بىر ئاز بوشىشىپ قالدى. شۇنداقتى-مۇ سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھاجىم:

— بۇ گەپلىرىمۇ ئورۇنلۇق، بىز قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزلىرى كىرسىلە، — دەپ بىرنەچچە سەپداشلىرى بىلەن كورلا تەرەپكە ئاتلانماقچى بولدى. بىراق، شۇ ئارىدا بۈگۈر تەرەپتىن بىر ئاتلىق چېپىپ كېلىپ، مۇھىم بىر ئىشنى خەۋەر قىلدى.

## توققۇزىنچى باب

# جىرجىس هاجى

•

*ئايا شاھىم، سىزگە ئېيتار ئەرزىم بار!*

فىردەۋسى: «شاھنامە»دىن

1

خەۋەرچىنىڭ گەپلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ياشىنىپ قالغان بىر ئۆلىما كىشى خوجىنىياز ھاجىلارنى زىيارەت قىلغىلى ۋە ئىلى خەلقىنىڭ پىداكىيلارغا ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى يەتكۈزگىلى بىرقانچە كىشى بىلەن بىللە مۇز داۋان ئارقىلىق باي دېگەن يۇرتقا چۈشۈپ، ھاجىلارنى بىر نەچچە كۈن كۈتۈپتۇ، ئۇ يەردىمۇ تاقەت قىلالماي كۈچاغا كەپتۇ، كۈچادا ساقلاپ تۇرۇشقىمۇ سەۋر ـ تاقىتى يەتمەي بۇگۈرگە كەپتۇ. ئەمدى ھاجىلارنىڭ باشئەگىم جىلغىسىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىۋاتقۇدەك. ھېلىقى ئۆلىما كىشى «مەن دېگەن ساپىقىدا پىشىپ قالغان قوغۇنغا ئوخشايمەن. كۆزۈم يۇمۇلۇپ قالماستا غازى خوجىنىياز ھاجىنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋالمىسام ئارماندا كېتىمەن» دەپ كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەت چېكىـ

دىكەن، بۇگۇر خەلقى بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇ كىشىنى باشئەگىم جىلغىسىغا باشلاپ كېلىشكە، جۇملىدىن ئۆزلىرىنىڭمۇ ئالدىنقى سەپكە ئاتىغان سوۋغا ــ سالاملىرىنى يەتكۈزۈشكە ئادەم قوشقانىكەن. بۇ ئاتلىق كىشى شۇلاردىن بىرى بولۇپ، ھاجىلارغا خەۋەر قىلغىلى بۇ يەرگە ئالدىدا يېتىپ كەپتۇ.

— ئۇلار قەيەردىن كېلىۋاتقاندۇ؟ — سورىدى ھاجىم سەل جىددىيلىشىپ.

— بىرەر پوتەيدەك يەردىمىكىن، — جاۋاب بەردى خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

ھاجىم دەرھاللا:

— شۇنچە يىراق يەردىن كەلگەن ئۇلىما كىشىنىڭ ئالدىغا چىقمىساق بولمايدۇ. قېنى ئۇكام (مەھمۇت مۇھتىنى دېمەكچى) چاققانىراق ئاتلىنايلى، — دېدى ۋە مېرۇل پۇگەنىگە قاراپ، — سەن مېھمانلارغا ئورۇن راسلاپ تۇر، — دەپ بۇيرۇدى.

— ھېلىغۇ چوڭ ياشلىق ئۇلىما كىشىكەن، يەتتە ياشلىق كەلسە، يەتمىش ياشار ئالدىغا چىقىپتۇ دېگەن گەپ بار. شۇنداقتىمۇ ھاجى ئاكامنى ئاۋارە قىلماي، ئۇ مېھماننىڭ ئالدىغا بىزلا بارايلى، — دېدى مەھمۇت مۇھتى كۆپچىلىككە قاراپ.

سالى دورغا باشلىق چوڭلار بۇ تەكلىپنى قوللاپ دەرھال ئاتلىرىغا مىنىشتى. ھاجىم سەل نارازى بولغاندەك «ئەستاغپۇرۇللا» دېگەن پېتى ساقىلىنى سىلاپ ئىزىدا تۇرۇپ قالدى.

تەخمىنەن بىرەر سائەتتىن كېيىن، جىلغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قويۇق چاڭ ــ توزان كۆتۈرۈلدى. ئالدىدا ئاتلىقلار، ئۇلاردىن كېيىن يۈك ئارتىلغان ئات ــ ئېشەك ۋە كالا ھارۋىلىرى تار جىلغا يولىدا خۇددى بىر كارۋانغا ئوخشاش خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ھارۋىلارنىڭ بەزىلىرىگە قوغۇن ــ تاۋۇز ۋە

هۆل مېۋىلەر قاچىلانغان سۇگەنلەر، بەزىلىرىگە پۇتلىرى چېتىپ قويۇلغان قوي ۋە پاقلانلار بېسىلغان؛ ئات ــ ئېشەكلەرگە بولسا خۇرجۇن ــ تاغارلار ئارتىلغانىدى. ھارۋىكەشلەر تەرلەپ ــ پىشىپ تىللىرى سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئۆكۈزلەرنى بېقىنلىرىغا نوقۇپ تېز-رەك مېڭىشقا ئالدىرىتاتتى.

تويىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان مەھمۇت مۇھتى بىلەن سالى دورغا ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ مۇمكىنقەدەر ئاستا مېڭىشقا تىرىشاتتى. ئۇلاردىن ئىككى قەدەمچە ئارقىدا خۇش پىچىم بىر يىگىت ناھايىتى ياۋاش كۆرۈنىدىغان بىر تورۇق ئاتنى تىزگىنىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئات ئۈستىدە ئۆگۈپ كەتكەن يېشىل دۇخاۋا تون بىلەن مۇكچىيىپ ئولتۇرغان بوۋاي ئۆزىنىڭ ئەپلىك ئورالغان سەللىسىگە ئوخشاش ئاقىرىپ كەتكەن چاچ ــ ساقال ۋە قويۇق قاشلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسى بىلەن ياداڭغۇ يۈزىگە قارىغاندا باشقىچىلا روھلۇق ۋە جۇشقۇن كۆرۈنىدىغان قوڭۇر كۆزلىرى تاڭ يۇلتۇزىدەك چاقناپ تۇراتتى.

بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ، ئىككى ــ ئۈچ يۈز قەدەمچە نېرىدا قاتار تۇرغان چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەرنى كۆرۈش بىلەن:

ــــ غازى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بارگاھى شۇمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى بوۋاي ۋە مەھمۇت مۇھىتىدىن «شۇنداق» دېگەن جاۋاب-نى ئېلىش بىلەنلا ئاتتىن چۈشمەكچى بولدى ھەمدە مەھمۇت مۇھتى بىلەن سالى دورغىنىڭ توسقىنىغا قارىماي ھېلىقى يىگىت-نىڭ ياردىمى بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، بارگاھ تەرەپكە پىيادە مې-ڭىشقا باشلىدى. مەھمۇت مۇھتى بىلەن سالى دورغىمۇ ئاتلىرى-دىن چۈشۈپ ئۇنى قولتۇقلىدى.

بارگاھ ئالدىدا ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان ھاجىمۇ

ئىتتىك ـ ئىتتىك قەدەم تاشلاپ ئۆلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى. قاسىم ئەپەندى باشلىق بىرقانچە كىشى ھاجىمغا ئەگەشتى. بىرەر مىنۇت-تىن كېيىن ئاجايىپ بىر مەنزىرە نامايان بولدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، رەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتىھۇ. دىدار-لىرىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، غازى خوجىنىياز ھاجىم كىراملىرىنى قەلبەن تونۇۋاتىمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى بوۋاي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— ھارمىغايلا، ئەزىز مېھمىنىمىز، ئالدىلىرىغا بارالمىغىنىمغا خىجىلمەن، — دېدى ھاجىم ئىككى قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ، شۇ تاپتا قانداقتۇر بىر مەنىۋى كۈچ ئۇنى ھاياجانغا سېلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترىگەندەك ئاڭلىناتتى. بوۋاي قورۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋۇجۇدى بىلەن ھاجىمنى قۇچاقلى-دى. ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋات-قان ياش تامچىلىرى ھاجىمنىڭ بويۇن ۋە قۇلاقلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى...

مېھمانلار بىلەن ساھىبخانلار بۆك ـ باراقسان دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى بوستانلىقتا راسلانغان ئورۇنغا جايلىشىپ، پاتىھە دۇئا-سىنى ئادا قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن:

— غازى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ جەڭدە مىنىدىغان ئېتى قايسىكىن؟ شۇ ئاتنى توقۇقلۇق ھالىتىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم، — دېدى بوۋاي مۇلايىملىق بىلەن. مەھمۇت مۇھىتى دەرھال مىرۇل پوڭەنگە قارىدى.

ھاجىمنىڭ جەڭدە مىنىدىغان ئېتى پوتلىرى كېپىكىنىڭكىدەك ئىنچىكە كەلگەن، كەڭ كۆكرەكلىك، ئېگىز بويلۇق قۇلا ئات ئىدى. جەڭ قىزىغان چاغلاردا ھاجىم مىلتىقنى كۆپىنچە ئاتنىڭ ياپىلىغا يېتىۋېلىپ ئاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ ئاتنىڭ

قۇلاقلىرى ئۈچكىنىگىدەك سالپىيىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر بۇ ئاتنى «سالپاڭ قۇلاق» دەپ ئاتىشاتتى. ھاجىمنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئاتنى ھەر مىنگەندە ئۇنى ئەركىلىتىپ، سالپىيىپ تۇرغان قۇلاقلىرىغا سۆيۈپ قوياتتى.

مېرۇل پۈگەن «سالپاڭ قۇلاق»نى يېتىلەپ كەلگەن ھامان، بوۋاي يەر تايىنىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، «سالپاڭ قۇلاق»نىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ قويدى ۋە ئېگەرنىڭ سول ئۈزەڭگىسىنى ئورۇق قوللىرى بىلەن ئاغزىغا تەگكۈزۈپ ئۈچ قېتىم سۆيدى: سۆيگەندىمۇ شۇنداق ئىختىراس بىلەن سۆيدىكى، ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۈزەڭگىگە يېپىشىپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بۇ مەنزىرىگە ھەيرانۇ ھەسلىك بىلەن قارىشىپ قالدى.

— بۇ قېرى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ دەپ قېلىشمىسىلا، قېرىنداشلار! — دېدى بوۋاي كۆپچىلىككە قاراپ، — مەن جەبىر ـ زۇلۇم، قۇللۇق ـ ئاسارەت دەستىدىن زارۇزار يىغلاپ، ھۆرلۈك، ئازادلىققا تەشنا تۇرغان مەزلۇم خەلقىمىز نامىدىن مۇقەددەس بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، خالاس! سەن ئۆزۈڭ كىم دېسىلە، كەمىنىلىرى بىر زامانلار قەشقەر دىيارىدا ئۆتكەن مەھمۇت ھېكىم بەگنىڭ ئوغلى جىرجىس ھاجى دېگەن كىشى بولىمەن. مۇشۇ يېشىمغىچە، ئىككى قېتىم ھەج تاۋاپ قىلدىم. ئاللا سۇبھانە ۋەتائالانىڭ نۇسرەت ئاتا قىلىشى بىلەن قۇمۇل دىيارىدا باشلانغان ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ، غازى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئازادلىق تۇغىنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپلەرگە قەدەم قويغانلىقىنى ئاڭلاش بىلەن شۇ زاتى كەرەمنىڭ مۇبارەك دىدارىنى بىر كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولسام، ئۇنىڭ جەڭدە مىنىدىغان ئېتىنىڭ ئېگىرىدىكى ئۈزەڭگىگە لېۋىمنى تەگكۈزۈپ بوسە قىلىۋالسام، ئۇنىڭ قەھرىمان جەڭچىلىرىگە بىر قېتىم

تەزىم ـ سالىمىنــى بەجا كەلتۈرۈۋېلىشقــا مۇيەسسەر بولالىسام مۇراد ـ مەقسىتىم ھاسىل بولار ئىدى، يەنى ئۇچىنچى ھەج تاۋىپىم ئادا بولار ئىدى دەپ ئۇل خۇداۋەندە كەرىمگە يىغلاپ تولا يالۋۇرغانىدىم، ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، بۈگۈن مۇرادىمغا يەتتىم. ئەمدى ئۇ ئالەمگە كەتسەممۇ ھېچ ئارمىنىم يوقتۇر. ئىلاھىم، غازى ئۇچۇن جەڭ قىلىشۋاتقان پىدائىيلىرىمىزغا تېخىمۇ كۆپ نۇسرەت ئاتا قىلىپ، قاراڭغۇ ـ زۇلمەت تۇمانلىرى قاپلىغان يۇرتىمىزدا نىجاتلىق تېڭى پاتراق ئاتقاي، ئامىن!

ئۇنىڭ بىلەن تەڭ نەچچە يۈزلىگەن قوللار ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، «ئامىن، ئامىن!» دېگەن ياڭراق سادالار پۈتۈن جىلغىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بەزىلەرنىڭ يۈزلىرى ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن نەملىشىپ كەتتى.

بىراق مەيداندا ھازىر بولغانلار بۇ مويسىپىت كىشىنىڭ باياراقتا ئۆزەڭگىنى سۆيگەنلىكىگە قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزەڭگىنى سۆيۈش سەۋەبىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاچ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى. دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بەش پەرزنىڭ بىرى بولغان ھەج قىلىش ئەسناسىدا مەككە ـ مۇكەررەمەگە بېرىپ، «بەيتۇللا» (يەنى ئاللانىڭ ئۆيى) دىكى «جەرۇل ئەسۋەد» دەپ ئاتىلىدىغان قارا تاشنى سۆيۈپ تاۋاپ قىلىشتىن مۇقەددەس ئىش بولماس! ھالبۇكى، جىرجىس ھاجى دېگەن بۇ كىشى خوجىنىياز ھاجىدەك بىر ئاددىي بەندىنىڭ پۇتلىرى دەسسىگەن ئۆزەڭگىنى شۇ مۇقەددەس تاش ئورنىدا كۆرۈپ؛ ئۇنى سۆيمەكلىك بىلەن «ئۇچىنچى ھەج تاۋىپىم ئادا بولدى» دەۋاتسا، بۇ قانداق بولغىنى؟! شۇنىڭ ئۇچۇن بولسا كېرەك، مېھمانلارغا داستىخان تارتىلىۋاتقاندا، بەزىلەر بىر چەتتە تـۇرۇپ غـۇدۇڭـ

ششقــا باشلىدى:

— بۇ قانداق ئادەم ئۆزى، بىر قىسمىلا گەپلەرنى قىلىدىغۇ؟

— راست دېدىلە، تازىمۇ يوچۇن ئادەمكەن، مەن بۇنداق ئادەمنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان.

— ئۆزى چوڭ ئۆلىما بولغاندىن كېيىن بىر نېمىنى بىلىپ دەيدىغاندۇ، بىز قارا تۇرك ئادەملەر نېمىنى بىلەتتۇق.

— قويسىلا ئۆزلەنى! ئۆلىما تۇرۇپ شۇنداق گەپلەرنى قىلامدۇ؟ بۇ كىشىنىڭ ئىمانىغا گۇمانىم بار جۇمۇ!

— هاي ئاغىنىلەر، قىزىقكەنسىلەر، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئادەتتە جىمغۇر يۈرىدىغان ئەنسارى، — بىزنىڭ يۇرتلاردا مەشـ رەپلەردە ئېيتىلىدىغان مۇنداق بىر ناخشا بولىدىغان:

مەككىگە بارماق يارىم،
بۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۆندە كۆرسەم،
مەككىگە بارغانچە بار.

ئەمدى خىيال قىلسام، ئاتا — بوۋىلىرىمىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتنى مەككىدىنمۇ ئەزىزراق بىلىپتىكەندۇق. شۇ يۇرت ئۈچۈن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، كېچە — كۈندۈز جەڭ قىلىپ يۈرگەن هاجى ئاكامدەك ئەرنىڭ پۇتى دەسسىگەن تۇزىڭنى تاۋاپ قىلىپ سۆيۈپ قويغان كىشىنى ئۇنداق — مۇنداق دېسەك بولامدۇزە!

— بارىكاللا، دوستۇم ئەنسارى، — دېدى نەمەت خەلپەت ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى تاشلاپ، — ئەپلاتوندەك گەپ قىلدىڭىز، پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام «هۇببۇل ۋەتەنۇل مىنەل ئىمان» يەنى ۋەتەننى سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر دېگەن.

ئەزىز مېھمىنىمىز جىرجىس ھاجىمنىڭ شۇنچە يىراقلاردىن ئات ئاتلاپ، تۆگە قوغلاپ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ دىدارىنى بىر كۆرەي دەپ كەلگىنى، ھاجى ئاكامنىڭ پۈتى دەسسىگەن ئۇزەڭگىنى سۆ- يۈپ ئەمدى ئۈچىنچى ھەج تاۋىپىم ئادا بولدى دېگىنى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەنگە بولغان ئىشق - مۇھەببىتىنىڭ، ئىمانى كامىللىقىنىڭ دەلىلى. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ھاجى ئاكام ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بولۇۋاتقان مۇقەددەس جەڭنىڭ بايرىقى. شۇنداق زاتنىڭ پۈتى دەسسىگەن ئۇزەڭگىنى ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلسا نېمە بوپتۇ.

— ئۆزلىرى بۇ ئادەمنى كۆرگەنمۇ خەلپىتىم؟ — سورىدى ئەنسارى.

— نەدە يۈرۈپ كۆرەي، ئەمما ئىسمى - شەرىپلىرى بىلەن تەرىپىنى ئاڭلىغان، مەدرىسەدىكى مۇدەررىسلىرىمىزنىڭ سۆھبەت- لىرىدە، ئۆلىمائى - پۈزۈلالارنىڭ لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدىكى پاراڭلىرىدا، ۋاڭ دەيدۇ: ئىلىخودا بىر كىشى بار ئىمىش، جاھاندا كەزمىگەن يېرى يوقمىش. ئۆزى تەقۋا، ئۆلىمالىقتا يەكتا، ئەل ئىچىدە ئەزىز، سۆزلىرى لەزىز، سەدىقە - ئىسقات ئالماسمىش، نەزىر - چىراغ يېمەسمىش، ئېتى جىرجىس، سۈرىتى نەفىس دەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان. بۇ، دەل شۇ زاتنىڭ ئۆزىكەن.

شۇ ئارىدا سورۇندىكى مېھمانلار قاتارىدا ئولتۇرغان قىزىل يۈزلۈك، سالاپەتلىك بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— غازى خوجىنىياز ھاجىم ئاتىمىز ئىجازەت قىلسا، ئېلى خەلقىنىڭ جىرجىس ھاجىم ئارقىلىق ھەر بىرلىرىگە ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملىرىنى تاپشۇرساق، — دېدى.

— ئاز بولسىمۇ كۆپكە تالىق قىلىپ قوبۇل قىلىشۇرلار، — دېدى جىرجىس ھاجى كۈلۈمسىرەپ.

هاجىم باشلىق چوڭلار رەھمەت ــ ھەشقاللا ئېيتىشتى. ئىلىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئەۋەتكەن سوۋغاتلىرى توققۇز يۈز پار ئۆتۈك، توققۇز يۈز پار كۆڭلەك ــ تامبال، توققۇز يۈز كىشىلىك تارانچى قالپىقى ۋە مىڭدىن ئوشۇق قولياغلىق قاتارلىق نەرسىلەردىن ئىبارەت. شۇ قاتاردا بۈگۈردىن كەلگەن مېھمانلارمۇ بۈگۈر خەلقىنىڭ سوۋغاتلىرىنى — نان، ئۈن، تۈز، قوي ــ كالا، يەم ــ بوغۇز، يەل ــ يېمىش قاتارلىقلارنى تاپشۇردى.

بۈگۈن باشئەگىم جىلغىسى تەرەپ ــ تەرەپتە ئېسىلغان قازانلار، كەڭ ــ كەڭ يېيىپ سېلىنغان داستىخانلار، خۇشچاقـ چاق پاراڭلار، ھەتتا غېجەككە تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان جۇشقۇن ناخشا ۋە يىگىتلەرنىڭ شوخ ئۇسسۇللىرى بىلەن خۇددى توي مەرىكىسى بولۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر مەھەللىسىگە ئوخشىشىپ قالغانىدى. مېھمانلار ئولتۇرغان يەرگە يېقىنراق باشقا بىر سورۇندا ھوشۇر كانتۇ ئۈزۈن قوللىرىنى ئەپلىك پۇلاڭلىتىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

— مودەنخاننى تارتمامسەن، مودەنخاننى! بولمىسا ئۆزۈم تارتىمەن، — ۋارقىرىدى ھېيتەم چاقچاق قىلىپ.

— نوچى بولساڭ ئۆزۈڭ تارتىپ چۈشۈر غۇلجىلىق پوچى، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ھوشۇر.

ھېيتەم ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ مودەنخاننى ئۇسسۇلغا تارتىپ تۇرۇۋالدى، مودەنخان خۇددى بېشىدىكى ھال شايى رومالـ دەك قىزىرىپ «مەن بىلمەيدۇ، مەن بىلمەيدۇ» دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— بوش كەلمە خوتۇن، بىلمىسەڭ مەن ساڭا ئۆگىـ تىمەن، — دېدى ھوشۇر ۋە ئاخىر ئۇنى قولىدىن سۆرەشتۈرۈپ مەيدانغا چۈشۈردى. مودەنخانمۇ بىر كۈلۈپ، بىر ئۆكۈپ، ئېرى

قانداق ھەرىكەت قىلسا شۇنداق قىلىشقا تىرىشاتتى. مەيدانىنى قىقاس ـ چۇقان ۋە كۈلكە سادالىرى قاپلاپ كەتتى. نېرىقى سورۇندىكى چوڭلارمۇ پاراڭنى توختىتىپ ئۇلارغا قاراپ قېلىشتى.

— پىداﺋىيلار ئارىسىدا ئايال جەڭچىلەرمۇ بار ئىكەن، ھىممىتىگە بارىكاللا ئۇلارنىڭ، — دېدى جىرجىس ھاجى ھاياجانلىنىپ.

ھاجىم كۈلۈپ تاشلاپ، ھوشۇر كانتۇ بىلەن مودەنخانىنىڭ، يەنى كاڭدىن چىققان بۇ «پەرىزات»نىڭ ۋەقەسىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. جىرجىس ھاجى كۈلكىدىن ياشلانغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ:

— بۇ گەرچە كىچىككىنە ئىش بولسىمۇ، زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى بارلىق ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ، مەيلى ئۇلار قايسى دىن، قايسى مىللەت بولسۇن زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى ئۇلارنى بىر نىيەتكە كەلتۈرىدۇ. يەنى كېيىمگە چۈشكەنلەرنىڭ ئۈمىدى بىر دېگەن ھەقىقەتنى يەنە بىر كەررە ئىسپاتلايدۇ، — دېدى.

— توغرا، توغرا، — دېيىشتى سورۇندىكىلەر.

— بىر ئىلتىماسىم، — دەپ گەپ باشلىدى جىرجىس ھاجى، — ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن ھەرقايسىلىرىنىڭ دىدارلىرىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولدۇم. ئەمما ھاجىم باشلىق چوڭلارغا خاس ئېيتىدىغان مۇھىم گەپلىرىم بار ئىدى. ئىجازەت بولسا، خاسراق ئولتۇرۇپ شۇ گەپلىرىمنى قىلسۇۋالاي، ئاندىن يولۇمغا راۋان بولاي دەيمەن، قانداق دەيدىلا ھاجىم؟

— خوپ، قىممەتلىك مەسلىھەتلىرىنى بىزدىن ئايىمىسىلا خۇش بولىمىز. ئەممازە «كەلمەك ئىرادە، كەتمەك ئىجازە» دېگەن گەپ بار. كەچمۇ كىرەي دەپ قالدى. بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونىمى-

سىلا بولمايدۇ.

## 2

ئىككى تال موم شام بىلەن يورۇتۇلغان كەڭ كىگىز ئۆيدە ھاجىم ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن ئوندەك ئادەم جىم ئولتۇرۇپ جىرجىس ھاجىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماقتا. ھاجىم بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرغان جىرجىس ھاجى ئاق شاپاق دوپپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ، ئاستا ۋە تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بىلىنەر ــ بىلىنمەس تىترەپ چىقاتتى. ئۇ باشقا ئىسلام ئۆلىمالىرىغا ئوخشاش، ھە دېسىلا «قۇرئان» ياكى «ھەدىس» لەردىن قوچاق ــ قوچاق نەقىل كەلتۈرۈپ ئولتۇرماي، ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلەيتتى. ھەتتا ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىبارىلەرمۇ ئاز ئۇچرايتتى. ئۇ شۇنداق سۆزلەشكە ئادەتلەنگەنمۇ ياكى سۆھبەتداشلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاچقا ئاتايىن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ، بۇنىسى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

—— دېمەكچىمەنكى، —— داۋام قىلدى جىرجىس ھاجى، —— مەن كەمىنىلىرى ئاخىرقى بىر تىنىقىمدىن قالغۇچە كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى سىز دوستلارغا ئىزھار ئەيلىمەككە پۇرسەت تاپالماي كېتەرمەنمۇ دەپ قاتتىق خاۋاتىرلىناردىم. ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈر، بۇنىڭغىمۇ پۇرسەت بولدى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ھەرقايسى غازىلىرىمىز شۇنچە ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدىلەركى، قومۇلدىن باشلانغان قوزغىلاڭ ئەلھال بۇ كۈنلەردە پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدا ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئالتاي تاغلىرىدىن كونئىنلۇنغىچە، تىيانشاندىن پامىرغىچە، ئالاھازەل قىياس،

ئىنقىلاب يالقۇنى تۇتاشمىغان بىرمۇ يۇرت قالمىدى. بۇ ئىنقىلاب نىشانىسىنىڭ ئېنىق ۋە توغرىلىقى، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ئېتىبارى بىلەن يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىش بولدى. ئەپسۇسكى، مۇكەممەل غالىبىيەتكە ئېرىشىش ئەرەپىسىدە ئىنقىلابنىڭ مېۋىسى شېڭ شىسەي دېگەن مەلئۇننىڭ قولىغا چۈ-شۈپ كەتتى. بۇ پاجىئە كۆپايە قىلمىغاندەك، ھەر بىرلىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆلھ تۈزۈپ دوستلاشتىلەر، ئۇنىڭغا ئېتىقاد باغلىدىلەر. تۇنۇگۇنلا «قوزغىلاڭنى تىنچىتىش سەردارى» بولۇپ، نەچچە مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېنىنى ئىچكەن بۇ جاللات بۈگۈن توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ كەمەك ھەييار مىسالى بىر موللاق ئېتىپلا «خەلقپەرۋەر» بولۇۋالسا، ئۇنىڭغا نېچۈك ئېتىماد قىلغىلى بولسۇن؟ قەدىمكىلەر «بۆرىنىڭ ئاغزى يېسىمۇ قان، يېمىسىمۇ قان» دېيىشكەن. بۇ ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم ئىدى. ئىسلام دانىشمەنلىرىدىن شەيخ سەئدى ھەزرەتلىرى: «دۈشمەن ۋاقتىكى چوڭ ھىيلىلەردىن ئاجىز قالسا، دوستلۇق زەنجىرىنى قىمىرلىتار، ئاندىن سوڭ دوستلۇق سۈرىتى بىلەن شۇنداق ئىشلار-نى قىلۇركى، ھېچقانداق دۈشمەن قىلماققا قادىر بولماس» دېگەنىدى. ئەپسۇسكى، ھەرقايسىلىرى شېڭ شىسەيگە ئېتىقاد باغلاپ ناھايىتى زور خاتالىق سادىر قىلىشتىلار...

باياتىن بېرى، ھاجىمغا ۋە ئۇنىڭ پىدائىيلىرىغا چەكسىز ئەقىدە ۋە ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇنجى قېتىم دىدارلىشىۋاتقان بۇ بوۋاينىڭ ئاغزىدىن شۇنداق تەنقىد ئارىلاش قاتتىق سۆزلەرنىڭ چىقىۋاتقانلىقى سورۇندىكىلەرگە يو-چۇن بىلىندى چېغى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بىر ـ بىرىگە ئەجەبسىنىپ قاراشتى. بولۇپمۇ، ھاجىمنىڭ بۇ گەپلەرنى قاتتىق ئېلىپ ئولتۇرغانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئاخىر

ئۇ تاقەت قىلالمىدى بولغاي:
— يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىۋاتىدىلا تەقسىر! بىز شىڭ دۇبەننىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بىزنى ياراشتۇرۇپ قويغان شۇرالار ھۆكۈمىتىگە ئىشەندۇق. شۇ قېتىم ئاردا پۇتۇلگەن پۇتۇمگە كونسۇلنىڭ ئۆزى شاھىت بولۇپ قول قويغان. بۇنى بايا راقتا ئاڭلىدىلاغۇ! — دېدى.
— دەرھەقىقەت ئاڭلىدىم، ھەممىنى ئاڭلىدىم، قاسىم ئەپەندىنىڭ ئىزاھاتلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم، — دېدى جىرجىس ھاجى جىددىيلىشىپ، — ئەمما شۇ كونسۇلنىڭ ئۆزىگىمۇ ئىشەنگىلى بولامدۇ؟
— نېمىشقا ئىشەنگىلى بولمىسۇن، — كەسكىن ئېتىراز بىلدۈردى قاسىم ئەپەندى، — شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتەيكى، كونسۇل زىلاتكىن ئۇ پۈتۈمگە شۇرالار ھۆكۈمىتى نامىدىن قول قويغان.
— توغرا، كونسۇل دېگەن ئەلچىدە ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى، ئەمما شۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگىمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.
— ئانداقتا سىز شۇرالار ھۆكۈمىتىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايسىز.
— يوقسۇ ئەپەندىم، سىز مېنىڭ گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋاتىدىسىز. مەن شۇرالار ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەيمەن دېمىدىم. ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە، يەنى شۇ ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە تۇتقان سىياسىتىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ دەۋاتىمەن.
— بەرىبىر ئەمەسمۇ؟
— ياق، ياق، زىنھار ئۇنداق ئەمەس. سىز ئوقۇمۇشلۇق ئادەم تۇرۇپ بۇنى بىلمىسىڭىز كاشكى! بوپتۇ، سىز مېنىڭ ئاغزىمنى تاتىلىغاندىن كېيىن ئەمدى مەنمۇ گەپنى ئاشكارا قىلاي. مەن

شۇرالار ئىتتىپاقىغا ھۆرمەت بىلەن قارايمەن، ناھايىتى ھەۋەس قىلىمەن. ئادەملەر ئارا بىر ـ بىرىنى ئېزىش، خارلاش يوق قىلىنغان، مىللەتلەر ئارا باراۋەرلىك ئەمەلگە قويۇلغان، ھەتتا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىنغان مۇنداق دۆلەتنى مەن نېمىشقا ئەزىزلىمەي، نېمىشقا ھۆرمەتلىمەي؟ مەرىپەت چىرىغىنى يېقىپ، ئۇششاق مىللەتلەر ئارىسىدىن سىزگە ئوخشاش ئون مىڭلىغان زىيالىيلارنى تەربىيلەپ ئۆستۈرگەن ئەلگە مەن نېمىشقا ئىختىراس بىلەن قىزىقماي؟ خۇسۇسەن شۇرالار ئىتتىپاقىنىڭ «بارلىق ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىمىز» دېگەن شوئارىغا قايىل ۋە مەھلىيا بولغانلارنىڭ بىرى مەن ئىدىم. ئەپسۇسكى، بىزگە كەلگەندە بۇ شوئارنىڭ بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، شۇ بائىستىن شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىگە، ئېنىق ئېيتسام، شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ كاتتاگانى ستالىن دېگەن كىشىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم.

«ستالىن» دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ، قاسىم ئەپەندى خۇددى بىر نېمىدىن چۆچۈپ كەتكەندەك ئۆڭگى ئۆچۈپ ئەترابقا قارىۋالدى ۋە دەرھال:

— بۇنىڭغا نېمە ئاساسىڭىز بار؟ — دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى.

— ئاساس دەمسىز؟ خوپ، ئاڭلاپ تۇرۇڭ، مەن ئېيتاي، — دېدى جىرجىس ھاجى، — شىڭ شىسەي دېگەن مەلئۇننىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ قولىدىن باشلانغان خەلق قوزغىلىڭىنى تىنچىتماق بولۇپ، دەريا ـ دەريا قان ئاققۇزغان جاللات ئىكەنلىكىنى، ئاخىرىدا توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋال-

غانلىقىنى ستالىن بىلمەمتى؟ ئەلۋەتتە بىلەتتى. شۇنداق تۇرۇق-لۇق، نېمىشقا شىڭ شىسەينى قوللاپ، يەنى ماجۇڭيىڭ دېگەن قاراقچىنى يېتىم قالدۇرۇش باھانىسىدە ھېلىقى جىمسار پۇتۇمى ئارقىلىق ھەرقايسىلىرىنىڭ بوكىگە جىگدە سېلىپ، شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە زېمىن يارىتىپ بېرىدۇ؟ ستا-لىن ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان كىشى بولسا، شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ھېچقايسىسىنى قوللىماي، مۇشۇ زېمىندىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ئىش-لىرىنىڭ بايراقدارى بولغان خوجىنىياز ھاجىنى قوللاپ، ۋەتىنى-مىزنىڭ كامال ئازادلىققا ئېرىشىشىگە ياردەم بەرسە بولماسمىدى؟ ھالبۇكى، بۇنداق قىلىشتىن قاتتىق خاۋاتىرلىنىدۇ، يەنى قورقىدۇ.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، نېمىشقا قورقىدۇ؟ — سورىدى ھاجىم جىددىيلىشىپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن قورقىدۇكى، مۇبادا بىزنىڭ يۇرتىمىز كامال ئازادلىق تېپىپ، مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ قالسا، تۈرۈك تۈرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ دېگەندەك، شۇرالار ئىتتىپاقىنىڭ بىزگە چېگرىداش جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ مۇستەقىللىك دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇھەققەق. ناھاتكى، بۇ گەپلىرىم ئاساسسىز بولسا!

كىگىز ئۆينىڭ ئىچىنى ئېغىر بىر سۈكۈنات قاپلاپ كەتتى. پەقەت ئادەملەرنىڭ ئېغىر - ئېغىر تىنىشلىرى، سىرتتا بولسا، باشئەگىم سۈيىنىڭ تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئېقىشى ۋە جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئاندا - ساندا كىشنەپ قويۇشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر ھاجىمنىڭ سەپداشلىرى ئىچىدە قا-سىم ئەپەندىدىن باشقىلىرى خۇددى گەپ - سۆز قىلماسلىق-قا ۋەدىلىشىۋالغاندەك جىم ئولتۇرۇشاتتى. ھەتتا، ئادەتتە سۆزمەنلى-كى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەمەت خەلپەتمۇ زۇۋان

سۇرمەي شۇك ئولتۇراتتى. ھاجىم بولسا ئۆز ئادىتى بويىچە بىر تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ خىيال سۇرەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئوڭىدا بۇ گەپلەرنى جىرجىس ھاجى ئەمەس، يېقىندا يۇنۇس بەگنىڭ ھېلىقى خېتىدە تەسۋىرلەنگەن سابىت داموللا دېگەن كىشى قىلىۋاتقاندەك نامايان بولدى. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ گەپلىرى بىر ــ بىرىگە نە قاتارلىق ئوخشىشىدۇ ــ ھە!

قاسىم ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى:

— شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ دوستانىلىك بىلەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باشتىن ـ ئاخىر قوللىغانلىقى ھەممىگە ئايان پاكىت. بۇنى قانداق ئىنكار قىلالايسىز، تەقسىر؟ — دېدى قاسىم ئەپەندى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ.

— شۇنداق، قاسىم ئەپەندى تـوغرا ئېيتتى، — دېدى ھاجىم، — شۇرالار ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇل ئارقىلىق بىزگە نۇرغۇن ياردەم بەرگەن. بۇنىڭدىن كۆز يۇمساق تۇزكورلۇق بولىدۇ! مەن ئورۇسلارنى ھەرقاچان دوست دەپ بىلىمەن.

— توغرا، مەن بۇ ھەقىقەتتىن ھەرگىز كۆز يۇمغايمەن، — داۋام قىلدى جىرجىس ھاجى، — شۇرالار ھۆكۈمىتى ئۇ چاغدا ناھايىتى توغرا ئىش قىلغانىدى. شول بائىستىن، سىز غازىلىرىمىز شۇرالار ھۆكۈمىتىنى دوست سانىغان ئىدىلەر. ئەمدىچۇ؟ ئەمدى بۇ ھۆكۈمەت ئۆز مەنپەئىتى تەقەززاسىدىن ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا قىلىپ، دوستلۇق ئەھدىگە خىلابەن دۈشمىنىمىز بىلەن ھەمتاۋاق بولۇشقا مايىلدۇر.

بىشوي، ئەي خىرەدمەند ئەزئان دوست دەست
كى بادۇشمىنانەد بۇۋەد ھەمنىشەست

يەنى، ئەي ئاقىل كىشى، ئۇنداق دوستتىن قولۇڭنى يۇغىنكى، ئۇ سىنىڭ دۈشمەنلىرىڭ بىلەنمۇ ھەمتاۋاق بولسا! شەيخ سەئدى ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىدىن ساۋاق ئالماق لازىم. يەنە شۇنى ئىلاۋە قىلايكىم، دوستلۇق — دوستى سادىق، دوستى خالىس، دوستى غەرەز دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. سادىق دوستنى تاپماق تەس. بىزگە خالىس دوست تېپىلسا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. غەرەزلىك دوست — جانغا ئاپەت. بۇنىڭدىن خۇدا ساقلىسۇن.

— سىز جانابلىرى نېمە دېمەكچى، شۇرالار ھۆكۈمىتىدىن دوستلۇقنى ئۈزۈڭلار دېمەكچىمۇ؟ — سورىدى قاسىم ئەپەندى يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— يوقسۇ ئەپەندىم، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى شۇرالار ھۆكۈمىتى بىزنىڭ خۇدا قوشقان قوشنىمىز. يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشناڭ ئەۋزەل، دەپتىكەن قەدىمكىلەر. شۇرالار ھۆكۈمىتى ئارىلاشمىسا ھېچقانداق ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. تەقدىرنىڭ بىزگە ئىرادە قىلغان قىسمىتى شۇ. مېنىڭ دېيدىغىنىم بىرلا سۆز، يەنى ئەجنەبىيلەر بىلەن بولىدىغان دوستلۇقتا ھوشيارلىق كېرەك، بىدارلىق كېرەك.

قاسىم ئەپەندى يەنە بىرنېمە دېيىشكە تەمشەلگەندە، ھاجىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بولدى قىلىڭ ئەپەندىم! مېھمانىنىڭ يەنە قانداق گەپلىرى باركىن، شۇنى ئاڭلايلى.

— رەھمەت، — داۋام قىلدى جىرجىس ھاجى، — دەرۋەقە، مېنىڭ يەنە بىر گېپىم بار، ئۇنىمۇ ئېيتىۋالاي: كەمىنىلىرى ئىككى قېتىملىق ھەج سەپىرىم ئەسناسىدا، بۇ يېقى رۇسىيە، ئۇ يېقى تۈركىيە، ئەرەبىستان، مىسىر، ھىندىستان مەملىكەتلىرىدە بىرنەچ-

چە يىل ساياھەتتە بولدۇم. لېكىن بىزنىڭ يۇرتىمىزدەك بايلىقى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى مۆتىدىل زېمىننى ئاز كۆردۈم. ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن بۇ زېمىننى ئاستىمۇ ئالتۇن، ئۈستىمۇ ئالتۇن قىلىپ ئەجەبمۇ باي يارىتىپتىكەن. ئەمما، بىزنىڭ خەلقىمىز ئاللا ئاتا قىلغان بۇ بايلىقلاردىن پايدىلىنىشنى بىلمەي ياكى پايدىلىنالماي، ئالتۇنغا دەسسەپ تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىچارە ئادەمگە ئوخشاپ قالغىنى بىلەن، ئەجنەبىيلەر بۇ زېمىننىڭ قوينىدا پىنھان ياتقان بايلىقتىن ئاللىقاچان ۋاقىپ بولۇپ ئۇنىڭ كويىغا چۈشكەنلەر. مۇشۇ مىسلى يوق بايلىقلار بۇ زېمىننىڭ ئۆز بېشىغا بىر بالا بولۇپ، تۈلكىنىڭ ئايانچ ھالىغا ئوخشاپ قالمىغىيدى دەپ خاۋاتىرلىنىمەن، يەنى كۆز يەسلىنىڭ ئاخىرلىرى تۈلكە ئۆز تۈكىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، «ئەمدى مېنى ئۇۋچىلار ئامان قويمايدۇ» دەپ يىغلاپ كېتەرمىش. تۈلكە تۈكىدىن، تۆگە يۇكىدىن دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان بولسا كېرەك. ئەز جۈملە، ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى ئورۇس پادىشاھلىقىنىڭ، ھىندىستان بىلەن ئافغانىستان ئىنگلىز پادىشاھلىقىنىڭ ماللىرى ئۈچۈن ياخشى بازار بولغىنىدەك، بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭمۇ ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتقىلى بولىدىغان قوينى كەڭ بازار ئىكەنلىكىنى ھەممە ئەجنەبىيلەر ئوبدان بىلىپ بولغان. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەجنەبىيلەرنىڭ خېلىدىن بۇيان يۇرتىمىزغا ئاچ بۆرىلەر كەبى كۆز ئالايتىپ خىرىس قىلىشى، پۇرسەت تاپسىلا بۇ يەرگە تۇمشۇقىنى تىقىشقا ئالدىرىشى ھەرگىز تاسادىپىي ھال ئەمەس. ئۇلار خېلىدىن بېرى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا تەرەپلەردە چېركاۋ ۋە شىپاخانىلارنى تەسىس قىلىپ، كېسەل داۋالىماق ۋە دىن تارقاتماق باھانىسىدە ئۆز قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتىلەر. ئەمدى بۇ ئىنقىلاب ئەسناسىدىكى

پاتپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، مەيلى قايسى ئىقلىمدىن بولسۇن، ھەممە ئەجنەبىيلەر يۇرتىمىزغا تۇمشۇقىنى تىقىشقا تېخىمۇ ئالدىرايدۇ. ھەتتا سۆگەك تالىشۋاتقان ئىتلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىدۇ. بولمىسا، بابا قاسىم ئەپەندى ئېيتقاندەك، ماجۇگىيلىك قوشۇنىدا نېمىشقا ياپون مۇشاۋىرلىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ؟ نېمىشقا ئورۇسلار ھېلىقى جىمسار پوتۇمىنى تۈزۈشكە ئالدىرايدۇ؟ نېمىشقا قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەرەپلەردە ئىنگلىز ۋە ئافغانلار ئالدىراش چېپىشىپ يۈرىدۇ؟ خۇلاسە كالام، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېمەك، ھەممىسى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدۇ، شۇ تۈپەيلى، ئەمدى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا خېلى زامانلارغىچە تىنچلىق بولمايدۇ، قان تۆكۈلىدۇ، سورۇقچىلىق بولىدۇ. خەلقىمىزنى يەنە قانداق قارا قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغىنى پەقەت بىر ئاللانىڭ ئۆزىگە ئايان.

جىرجىس ھاجى قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، ئاندىن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋالغاچ، ھاجىغا قاراپ يەنە داۋام قىلدى:

— سىلى غازى ئاتىمىز بۇ ئىنقىلاب يالقۇنىنى تۇتاشتۇرۇپ بىناھايەت بۈيۈك ئىش قىلدىلا. مىللەتنىڭ ئۈمىدى سىلىدە. سىلى ئۆزلىرى بەئەينى بىر دولقۇنلۇق دەريايى ئەزىمدە زور بىر كېمىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان كېمىچىگە ئوخشايدىلا. ئەمما لېكىن، شۇنىسى مەلۇمدۇركى، مۇبادا غەپلەت ئۇيقۇسى غالىب كېلىپ، بۇ كېمە سۇ تېگىدە پىنھان ياتقان بىرەر تاشقا ياكى دەرياغا ئۇسۇپ كىرگەن بىرەر تۇمشۇققا تاسادىپىي ئۇرۇلۇپ كەتسە، نەئۇزۇبىللا[1] قىزىل قىيامەتنىڭ ئۆزى بولىدۇ. ئۇ چاغدا تۇمەن ـ تۇمەنلىگەن خەلقنىڭ ئۇۋالى كىمگە؟ مەھشەر كۈنى ئۇلارنىڭ قىزىل تىرنىقى كىمنىڭ بوينىدا بولار؟ ئاللانىڭ ئالدىدا نېمە دەرلا؟

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ئېغىر كەلدىمۇ ياكى بەك غەلىتە بىلىندى-

---

[1] نەئۇزۇبىللا — خۇدا ساقلىسۇن.

مۇ، ئىشقىلىپ، ھاجىمنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، دۇگىلەك كۆزلىرى مۇشۇكنىڭكىدەك پارقىراپ كەتتى. جۇغى كىچىككىنە بۇ بوۋاينىڭ ئاغزىدىن تېخى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان شۇنداق جۇرئەتلىك سۆزلەرنىڭ چىقىۋاتقىنىغا قاراپ، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى تې-گىرقاپ قېلىشتى. پەقەت شۇ دەمگىچە ھېچنېمە دېمەي جىم ئولتۇرغان مەھمۇت مۇھتىنىڭ تەمكىن ئاۋازى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى:

— خوش تەقسىر، — دېدى ئۇ، — يەنە گەپلىرى بولسا ھەممىنى ئېيتسىلا ئاتىلارچە پەند - نەسىھەتلىرىگە موھتاجمىز.

— نەسىھەت ئەمەس، مەسلىھەت، — داۋام قىلدى جىرجىس ھاجى، — تۆگىدەك سۆزنىڭ تىرناقتەك تۇگۈنى بولىدۇ دەپ، مېنىڭ يۇقىرىدىكى ئېيتىمىش گەپلىرىمنىڭ مەفھۇمى بىرلا. يەنى بىدار بولايلى، ھوشيار بولايلى دېمەكچىمەن، خالاس! ئەنۋەرى دېگەن پارس شائىرى مۇنداق دەپتىكەن:

ھەر بەلائىكى ئەز ئاسمان ئايەت،
گەرچە بادىگەرى قەزا باشەت.
بەزېمىن نەرەسىدە مىگۇ يەد،
خانەئى ئەنۋەرى كۇجا باشەت.

يەنى ئاسماندىن ھەرقانداق بالا چۈشسە، ئۇ گەرچە باشقى-لارغا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، پۈتى يەرگە تەگمەي تۇرۇپلا ئەنۋەرىنىڭ ئۆيىي نەدە دەپ مېنى ئىستەيدۇ. دېمەكچىمەنكى، بىز يىلىكىمىز شورلۇق مىللەت. بىزگە بالا - قازا ناھايىتى ئاسان يېپىشىدۇ. شۇنچە شېھىتلەرنىڭ قىزىل قانلىرى بەدىلىگە كېلىۋاتقان بۇگۈنكى نۇسرەت ۋە ئامەتلىرىمىز غاپىل قېلىشلىقتىن سادىر بولىدىغان بىرەر

سەۋەنلىكىمىز كاساپىتىدىن قولدىن كېتىپ قالمىغاي دەپ خاۋاتىر-لىنىمەن. چۈنكى، بىز ئۇيغۇرلار تارىختا شانۇ شەۋكەتلىك ئىشلار-نى قىلغان ئەقىل – پاراسەتلىك مىللەت بولغان بولساقمۇ، كېيىن جەبىر – زۇلۇم، قۇللۇق، ئاسارەت توپەيلى قالاق، نادان، قاششاق بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالغانمىز. نادان مىللەتتە مەنئۆى ئىللەت كۆپ بولىدۇ. پۇلغا، مەنسەپكە، خوتۇنغا ھېرىسلىق، خۇراپاتقا ئىشىنىش، يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، ئاچ كۆزلۈك، ئۆز غۇرۇرىنى ساقلىماسلىق، ھەر كىم ئۆزى نەپسىگە چوغ تارتىپ، مىللەتنى ئويلىماسلىق، خۇلاسە كالام نادانلىق، نادانلىق ۋە يەنە نادانلىق، مانا بۇلار ئۇزۇن يىللىق ئاسارەتنىڭ مىللەت روھىغا باسقان مەرەز تامغىسى. ئۇنى ئاز دەپ، تەقدىر ۋە قازانىڭ ئادالەتسىزلىكى بۇ مىللەتنىڭ روھىدا يەنە شۇنداق بىر ئۆكسۈكلۈكنى پەيدا قىلغان-دۇركى، ئۇ گويا ئۆزىنى ئاتا – ئانىسىز قالغان يېتىم بالىغا ئوخشاش سېزىدۇ، يەنى ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن.

كىگىز ئۆينىڭ ئىچى چۈشتىن ئۇچىسا شەپىسى ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا چۆمۈپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ ئېغىر – ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئاللاغا بەھەد ھەمدۇ – سانا ۋە شۈكرانىلار بولغايكىم، — دېدى جىرجىس ھاجى قەددىنى رۇسلاپ، — سىز غازىلار باشلىغان بۇ ئىنقىلاب شاراپىتىدىن ئەمدى بۇ مىللەت پۈت – قوللىرىدىكى قۇللۇق – ئاسارەت زەنجىرىدىن، ھەتتا روھى ئالىمىدىكى ئىللەتلەردىنمۇ بەتامام قۇتۇلغۇسى، ئىنشائاللا! ئاللانىڭ رەھمىتى بىلەن دىدارلىرىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولۇپ، ھەممە دەيدىغىنىمنى دېدىم. ئىچ – قارنىم بوشاپ، گويا يەلكەمدىكى ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك يېنىكلەپ قالدىم. ئاللانىڭ دەرگاھىغىمۇ غەم – ئەندىشىسىز يېنىك بارىدىغان بولدۇم. گەپلىرىمدە

ۋە خۇلق ــ مىجەزىمدە ئەيىۋ ــ نۇقسانلار كۆرۈلگەن بولسا مېنى مائاف قىلىشىسلا. بۇ بەلكى بىزنىڭ ئاخىرقى دىدارلاشقىنىمىز بولۇپ قالار. كۆڭلۈم ئەينىكىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇركى، مېنىڭ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىغان سائىتىم يېقىنلاپ قالدى. ھەممىلىرىگە ئەلۋىدا، مەندىن رازى بولۇشىسلا. ئىلاھىم غازىلىرىمىزغا تېخىمۇ كۆپ نۇسرەت ئاتا قىلغاي ئامىن!

بوۋاي كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈش بىلەن نەچچە ئۇنلىغان قوللارمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، «ئامىن، ئامىن» دېگەن سادالار بوراندەك گۈركىرەپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ مەڭىز ۋە ساقاللىرىدىكى ياش تامچىلىرى چىراغ نۇرىدا مەرۋايىتتەك پارقىراپ كەتتى.

— ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا جىرجىس ھاجى خوشلىشىپ يولغا چىقار چاغدا، ھاجىم ئۇنىڭغا ئېگەر ــ جابدۇقلۇق بىر جۈپ ئات يوللۇق تۇتتى. ئەمما ئۇ:

— ئەمدى مەندە ئاتقا مىنگۈدەك ماجال قالمىدى، — دەپ زادى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى.

— ئۆزلىرى مىنمىسىلە نەۋرە باللار مىنگەي، — دېدى ھاجىم بوۋاينىڭ يىگىت بولۇپ قالغان نەۋرىسىنى كۆرسىتىپ.

— يوقسۇ، نەرۋرىلىرىمنىڭ مىنگىنىدىن جەڭچى يىگىتلەرنىڭ مىنگىنى تۈزۈك.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى ھاجىم، — مېنى ئىزا تارتقۇزۇپ قويىدىلاغۇ؟

— بوپتۇ ئەمىسە، مەن بىرنىمە سورىسام، شۇنى بېرەمدىلا؟

— سورىسىلا تەقسىر، سورىسىلا. كۆڭۈللىرىگە نېمە پىسەنت كەلگەن بولسا شۇنى ئالسىلا.

— ئانداق بولسا، باشلىرىدىكى شاپاق دوپپىيا ماڭا تەۋەررۈك

بولۇپ قالسۇن. ئۆزلىرىنى ھەر سىغىنغاندا شۇنى بىر يۇرتۇالسام كۇپايە، — دېدى جىرجىس ھاجى كۆزىگە ياش ئېلىپ. قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ھاجىمۇ بىر قىسما بولۇپ، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا قارا مەخمەل دوپپىسىنىڭ ئىچىدىكى خېلىلا كىرلىشىپ قالغان ئاق شاپاق دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. بوۋاي ئۇنى ئاستا لېۋىگە تەگكۈزۈپ ئېلىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قوينىغا سېلىۋالدى.①

3

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىز بەلكى جىرجىس ھاجى كەتكەندىن كېيىن، ھاجىم باشلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى نېمىلەرنى دېيىشتى، جىرجىس ھاجى ئۇلاردا قانداق تەسىرات قالدۇرۇپتۇ دەپ سوراپ قالارسىز. دەۋقە، مەنتىق بويىچە ئېيتقاندا، جىرجىس ھاجىنىڭ گەپلىرى ئۇلارنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىشى، شۇڭا ئۇلار ھاياجانلىرىنى باسالماي، ئۆز تەسىراتلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ چۇ-رۇلداپ كېتىشى لازىم ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئىگىلىگەن ئەھۋال-لارغا قارىغاندا، ئۇلار بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ ئەكسىچە، چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار جىرجىس ھاجىم-نىڭ گەپلىرىگە تازا چۈشىنەلمىدىمۇ ياكى چۈشەنسىمۇ «توخۇمۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى چىللايدۇ» دەپ، بۇ گەپلەرگە بىپەرۋا قارىدىمۇ، بۇنىسى ماڭا مەلۇم ئەمەس. مېنىڭچە، يازغۇچىنىڭ رېئاللىقنى

① ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جىرجىس ھاجى بايدىن داۋان ئېشىپ غۇلجىغا كېلىۋاتقاندا يول ئۈستىدە قازا تاپقان.

پەردازلاشقا ياكى يوشۇرۇشقا ھەققى يوق. يازغۇچى ئۇچۇن ھەم-مىدىن مۇھىمى تۇرمۇش چىنلىقىغا ساداقەت. شۇنىڭ ئۇچۇن، باشقا گەپنى قويۇپ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قولۇمغا چۈشكەن ماتېرىيال سۇپىتىدە، ئالدى بىلەن قاسىم ئەپەندىنىڭ يازما خاتىرى-سىدىن تۆۋەندىكى قۇرلارنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىمەن:

— تووا دېيىشىم كېرەك، — دەپ يازىدۇ قاسىم ئەپەن-دى، — مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ئادەمنى ئۇچراتماپتىكەنمەن. راستىمنى ئېيتسام، دەسلىپىدە مەن ئۇنى بۇخارا كۆرگەن موللىلار-نىڭ بىرىغۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ «موزاينىڭ يۇگۇرۇشى ئېغىلغىچە» دېگىنىدەك دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن نېرى ئۆتەلمەيدىغۇ دەپ ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىدىم. ئەمما، سۆھبەت جەريانىدا، بارا ـ بارا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. قايسى بىر دانىشمەن-نىڭ «كىمكى ئۆزىدىن ئالىمراق كىشى بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلار، ئۆزىنى ئالىم ئىكەن دېگۈزۈش ئۈچۈن؛ ئەمما نەتىجىدە ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى-نىڭ ئەمەلىيىتىنى بۈگۈن كۆردۈم. بۇ ئادەمنى دىنىي ئۆلىما دېگەندىن كۆرە، بىر سىياسىيون ياكى مۇتەپەككۇر دېيىش توغرى-راق بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېيتقان كېيىنكى گەپلىرى قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ كىتابىدىكى مۇنۇ جۈملىلەرنى يادىمغا كەلتۈرۈپ قويدى: «ئۇيغۇر خەلقى قاتتىق ئېزىلگەن خەلق، باش كۆتۈرمەي ئىشلىگىنى ئىشلىگەن. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆز كۈچىنىڭ ھالاۋىتىنى ئۆزى كۆرەلەيدىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا، ئىلگىرىكى زامانلاردا قانداق باي مىللەت بولغان بولسا، ھازىرمۇ شەرق خەلقلىرى ئىچىدە شۇنداق باي مىللەتلەر-نىڭ بىرى بولار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپ قالغان جاھانگىرلار ئۈچ قىرلىق پادىشاھقا ئوخشايدىكەن. ئۇلارنىڭ

بىمەك ــ ئىچمىكى خەلقنىڭ بويىنىدا؛ قاسساپ گۆش توشۇپ بەرسە، ماشىنىچى كىيىم تىكىپ بېرىۋاتقان؛ ياغاچچى ئۆي سېلىپ بېرىۋاتقان. جىنايەت دېگەنىنىڭغۇ ھەددى ــ ھېسابى يوق. پارىخور-لۇققا كەلگەندە بۇ يەرنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىران شاھىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىكەن. دائىم ئېزىلىش ۋە زورلۇق ــ زومبۇلۇق دەستىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە بەزىبىر ناتوغرا مىجەزلەرنى پەيدا قىل-غان. شۇنداقتىمۇ، ئۇيغۇرلار باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ۋۇ-جۇدىدا يوق خاسىيەتلەرگە ئىگە. مۇبادا، باشقىچىرەك شارائىت بولۇپ قالىدىغان بولسا، بۇ خەلق ئۆزىنىڭ بارلىق دىنىي قېرىن-داشلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن بولار ئىدى.»

بىز قازاقلار قانداقلا بولمىسۇن ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداش. مەنمۇ چۈقان ۋەلىخانوفقا ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىگە ئېچىنىمەن، ئۇلارغا بەخت ــ سائادەت تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىشقا تەييارمەن. شۇنداق دېگۈم كېلىدۇكى، مۇبادا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا جىرجىس ھاجىدەك كىشىلەر كۆپرەك بولغاندا ئىدى، بۇ خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشى تېزرەك ۋە ئوڭۇشلۇق-راق ئەمەلگە ئاشارمىدىكىن! ئەپسۇسكى، جىرجىس ھاجى ھەققى-دىكى تەسىراتلىرىمنى ئوچۇق سۆزلەپ، بەزى پىكىر ــ مۇلاھىزى-لىرىنى شەرھلەشتىن قورقىمەن. ھەتتا، خوجىنىياز ھاجىمغا قاراپ تۇرۇپ، «ھاجى ئاكا، سىز ۋە سىزگە ئوخشاش قەھرىمانلار ئۈچۈن بىر نەرسە كەم، ئۇ نېمە دېسىڭىز، جىرجىس ھاجىنىڭكىدەك ئالدىن سېزەلەيدىغان، پىكىر قىلالايدىغان، پىكىر ــ مۇلاھىزىلىرىنى يە-كۈنلەپ، ھەرىكەتكە يولباشچى قىلالايدىغان قەلب» دېمەكچى بولىمەنۇ، دېيەلمەيمەن. چۈنكى، مېنىڭ ۋەزىپەم بۇ ئەمەس، مېنىڭ ۋەزىپەم باشقا، ئاھ، مەن نېمدېگەن بەختسىز ئادەم!

قاسىم ئەپەندىنىڭ ئاجايىپ خاتىرىسىدىن باشقا، شۇ كۈنلەر-

ده جىرجىس ھاجىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەن، گەپلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇ كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭمۇ شاھىتلىرى بولغان كىشىلەر-نىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىرىمنى يېزىش بىلەن چەكلىنىمەن.

— ئۇ ئادەم كەتكەندىن كېيىن، — دېدىۇ مىرۋول پوگەن، — ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالغاندەك بىلىندى. ھېچكىم ھېچنېمە دەپ ئېغىز ئاچمىدى. ھەممەيلەن دېگۈدەك، خۇددى قاتتىق ئۇيقۇدا ئۇزۇۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر چۈشنى كۆرۈپ، ئويغانغاندىن كېيىن شۇ چۈشتە كۆرگەنلەرنى ئويلاپ بىر ھازاغىچە خامۇش يۈرگەن كىشىگە ئوخشاپ قالدۇق. باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى نەدىن بىلىدىلا، ئۆزلىرى ئەۋلىيامۇ دېيىشغانلا. ياق، مەن قانداقىسىگە ئەۋلىيا بولاي! ماڭا شۇنداق بىلىندى دەۋاتىمەن، ئۇكام. ھاجى ئاكامنى دېمەمدىلا تېخى! يو-جۇك بىر نېمىسىنى يىتتۇرۇپ قويغان كىشىدەك، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىردەم ئۇيانغا، بىر دەم بۇيانغا ماڭغىنى ماڭغان.

— بىر گاختا قارىسام، — دېدىۇ ئوغلاقچى مەنسۇر، — ھاجى ئاكام يوغان بىر قارا قورام تاشقا چىقىۋېلىپ، جىرجىس ھاجى كەتكەن تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى مەن نەدىن بىلەي. ئىچىم پۇشۇپ، قاسىم ئەپەندىدىن سورىغۇم كەلدى: «ئەپەندىم، ھاجى ئاكامغا نېمە بولغاندۇ؟ سىزنىڭمۇ دېمىڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟ جىرجىس ھاجى دېگەن كىشى ھەممەيلەنگە جادۇ① قىلىپ قويدىمۇ نېمە؟» دېسەم، قاسىم ئەپەندى ھېچنېمە دېمەي، مۈرىسىنى قىسىپ كۈلۈپلا قويدى.

بۇ شاھىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ ئاخشىمى ئۈرۈمچى يولىدىن بىر ناخۇش خەۋەر كېلىپ قالغاندىن كېيىنلا، ئاندىن كەيپىياتى

---

① جادۇ — ئەپسۇن دېمەكچى.

ئۆزگىرىپتۇ.

— كەچقۇرۇنلۇقى، — دەپ ھېكايە قىلىدۇ ھېلىقى شا-ھىتلارنىڭ بىرى، — تۇرسۇن دولان ئىككى يىگىت بىلەن ئۆگسۈلى يوق يېنىپ كەلدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپلا ھۆڭگىرەپ ئېتىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار يۇرت ئىچىدىن چىقىپ، سورۇنجاپ باشلىغان يول بىلەن تاغ ئىچىدە بىر كۈن ماڭغاندا، ئۇندەك قاراقچى ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. ئارىدا قاتتىق ئېتىشۋازلىق بولۇپ، سورۇنجاپ بىلەن بىر يىگىت قازا تېپىپتۇ. قاراقچىلار بەش ئۆلۈكنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. تۇرسۇنلار سورۇنجاپتىن ئايرىلىپ قېلىپ ئالدىغا ماڭالماي يېنىپ كەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەر ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى بەكلا پەرىشان قىلىۋەتتى. ھاجى ئاكام نېمە دېيىشنى بىلمەي تامدەك قېتىپ قالدى، بىر ھازادىن كېيىن، «ۋاي ئىسىت، سورۇنجاپتىنمۇ ئايرىلىپتىمىز، ئۇ ئىمانسىز بولغان بىلەن خېلى ـ خېلى مۇسۇلمانلىرىمىزدىن ياخشى ئادەم ئىدى» دەپ كۆز يېشى قىلدى.

— ئۇرۇمچىدىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈلدى، ھاجى ئاكا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى مەھمۇت سىجاڭ بىئارام بولۇپ. ھاجى ئاكام «ئەستاغپۇرۇللا» دېگىنىچە، ساقىلىنى سىقىمداپ جىم تۇرۇپ قالدى.

— قەدىمكىلەر «ئۈمىدسىز — شەيتان» دەپتىكەن، ئۇرۇمچى يولى ئېتىلگەن بولسا، قەشقەر يولى ئوچۇق، قەشقەردىمۇ شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلى بار. بىز شۇ كونسۇل بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسەك قانداق بولۇركىن؟ — دېدى سېمىز-رەك كەلگەن كەكە ساقال كىشى، — شۇرالار ھۆكۈمىتى بىزگە ئۆچتۇرپان چېگراسى ئارقىلىق قورال ـ ياراغ سېتىپ بەرسۇن. مەن رۇسىيىدە سودىگەرچىلىك بىلەن خېلى زامانلار تۇرغان.

ئورۇسلارنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلمەن، ئۇلارمۇ سودىگەر خەق. سودىگەر دېگەن نەدە پايدا بولسا شۇ يەرگە يۈگۈرىدۇ، ئۇلارغا پايدا بولسىلا بولدى. يامىنى كەلسە قىممەترەك ئالۇرمىز، شۇ!

— ئۆزلىرى بۈگۈنزە مىك تىللاغا يارىغۇدەك گەپ قىلدىلا، تېگى چوڭقۇر دەريالار سۈيىنىڭ كۆپلۈكىدىن جىمجىت ئاقىدۇ دەپ، جىم يۈرگەنلىرى بىلەن قورساقلىرىدا گەپ جىققكەن جۇمۇ! — دەپ كۈلۈپ كەتتى ھاجى ئاكام.

— ھاجىمغا پىسەنت كەلگۈدەك گەپ قىلغان بولسام، خېلى چوڭ ئىش بوپتۇ. ئەمما، مېنى دەرياغا ئوخشىتىپ ئىزاتارتقۇزۇپ قويدىلا، — دېدى كەكە ساقال كىشى سەل قىزىرىپ. بۇ ئادەم مەھمۇت سىجاڭنىڭ چوڭ ئاكىسى مۇسۇل باي بولۇپ، گېپى قىممەت كىشى ئىدى. ھەربىي كېڭەشلەرگىمۇ قاتناشمايدىغان، قاتناشسىمۇ «مەن دېگەن سودىگەر، ئېلىم — سېپىمدىن بۆلەكنى بىلمەيمەن» دەپ گەپكە ئارىلاشمايدىغان، ئەمما سىنچى كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە سەپسىلىپ، كۆڭلىدە كەچكەنلىرىنى سىجاڭنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتاتتىكەن. سىجاڭ ئۇنىڭغا «سەنزە قىزىق ئادەم جۇمۇ، ئاكا. بۇ گەپلىرىڭنى ھاجى ئاكاملار بار يەردە ئېيتساڭمۇ بولىۋېرىدىغۇ» دېسە، «ھەي، ئۇكام، سەن يەنىلا ياشلىق قىلىۋاتىسەن، ھەر ئىشنىڭ ئۆز ئىگىسى بار، ھەر گەپنىڭمۇ ئۆز سورۇنى دەپتىكەن. تۆمۈرچى قوپۇپ ياغاچچىغا ئۇنداق قىل، مۇنداق قىل دېسە كۈلكىگە قالامدۇ؟» دەپ كۈلۈپ قويارىكەنمىش. چوڭلار بىردەم كېڭەشكەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن باشقا يول يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، مۇسۇل باينىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى باشلىق قاسىم ئەپەندى بىلەن پازىل دورغىنى قەشقەردىكى ئورۇس كونسۇلىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا ھاجى ئاكام قاسىم ئەپەندىگە مۇنداق دېدى:

— خەق نېمە دېسە دېسۇن، مەن ئورۇسلارغا بولغان دوستـ
لۇق ئەقىدەمدىن يانمىدىم، ھەم يانمايمەن. باشقا كۈن چۈشكەندە
ئەسقاتمىغان دوستنى دوست دېگىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ بېشىمىزغا
كۈن چۈشتى، بۇنى ئورۇس كونسۇلىغا ئوبدان ئۇقتۇرۇڭ. بىزگە
قورالنى بىكارغا بەرمەيدىغان بولغاندىن كېيىن تېزرەك بەرسۇن.
ئەممازە، قارىغۇنى ياداگدا قىستاپ، ھەممە پۇلىنى بىر يولدا ئالىمەن
دەپ تۇرۇۋالمىسۇن.

## ئونىنچى باب

# قەشقەر ئاسمىنىدا تۇمان

*بىلىق بېشىدىن سېسىيدۇ،*
*يامان ئايىغىدىن...*

— قازاق خەلق ماقالى

### 1

قەشقەر دوتەي يامۇلىنىڭ زىلچا ـ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئازادە مېھمانخانىسىدا ئىككى كىشى قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى قەددى ـ قامەتلىك، يۇمىلاق يۈزلۈك، سىم ساقال، كۆك كۆز كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن قورقۇمسىز، قەيسەر، چۇس مىجەزلىك ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاپئاق پەر ياستۇقلارغا يۆلىنىپ، يوغان بارماقلىرى بىلەن تەسۋى تارتىپ ئولتۇراتتى. بۇ كىشىنىڭ ئەسلى يۇرتى توقسۇن بولۇپ، ئۆزى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ۋە دېھقانچىلىقتا قوشۇپ ھارۋى-كەشلىكمۇ قىلغان، ياشلىقىدىن تارتىپلا چېۋەر چىلىشچى بولۇپ، توغرا سۆزلۈكلۈكى، مەرد ۋە كاككۇكلۇقى بىلەنمۇ ئات چىقارغان،

كېيىن هارۋىكەشلىك بىلەن كوچاغا كېلىپ، بۇ يەردە يەرلىشىپ قالغان ۋە بارا ـ بارا يۈز تېپىپ، هارۋىكەشلەر شاگىيوسى بولۇپ قالغان. قۇمۇل دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوت ياڭقۇنلىرى تۇرپان، توقسۇن تەرەپلەرگە تۇتىشىپ، ئۇنىڭ ئىنىسى توختى ئېلى توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سەردارى سۈپىتىدە ئاجايىپ قەهرىمانلىقلارنى كۆرسىتىپ، شېهىتلىك مۇقامىغا يەتكەن كۈنلەردە، بۇ ئادەممۇ كوچادا تېپىشقان سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، باي ۋە ئاقسۇنمۇ ئېلىپ، زور قوشۇن بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان. كىتابىمىزنىڭ بەشىنچى بابىدا زىكىر قىلىنغان تۆمۈر سىجاڭ مۇشۇ كىشى بولۇپ، بۇ كۈنلەردە تۆمۈر سىلىڭ دېيمۇ ئاتىلاتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان يوغان سەللىلىك، گۆش يۈزلۈك، چار ساقال ئادەمنى كىشىلەر يۈز تۇرا بولغاندا ئۆز ئىسمى بىلەن پالانى داموللام دەپ ئاتىسىمۇ، غېيىۋىدە شاپتۇل داموللا دەپ ئاتىشاتتى. مۇئەللىپىمۇ شۇ چاغدىكى ئادەتكە رىئايە قىلىپ، بىرىنچىسىنى سىجاڭلىق ئۇنۋانى، ئىككىنچىسىنى شاپتۇل دېگەن لەقىمى بىلەن ئاتاشنى لايىق كۆرىدۇ.

— سىجاڭ جانابلىرى، هېلىقى ئاتۇشلۇق سابىت داموللا بىلەن خوتەنلىك شا مەنسۇرنى نەزەربەند ئېيلەپ بىناھايەت ئاقىلانە ئىش قىلدىلەر. ئەكس هالدا بىزنىڭ بۇ ئەزىز دىيارىمىز ئاتۇشلۇق بىلەن خوتەنلىكنىڭ قولىغا قالار ئىدى، — دېدى شاپتۇل داموللا، يىرىمىدىن تولاراقى ئاقىرىپ كەتكەن قويۇق ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەمما لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن هەممە ئىشلارنى ئەنجامىغا يەتتى دېگىلى بولماس. شامەنسۇر مۇهەممەت ئىمىن هەزرەتنىڭ ئىنىسى، سابىت داموللا بولسا خوتەن هۆكۈمىتى ئىسلامىيەنىڭ باش مۇشاۋىرى هەمدە شەيخۇلئىسلام. شول بائىس-

تىن خوتەنلىكلەرنى جىم ياتىدۇ دەپ خىيال ئەيلىمەك بەسى خاتادۇر.

— شۇنداق، — دېدى تۆمۈر سىجاك بىپەرۋالىق بىلەن.

— سىجاك جانابلىرىغا يەنە بىر ئىشنى تەكرار ئاگاھلاندۇرـ ماقچى دوستلۇق قەرزىم دەپ بىلىدۇرىمەنكى، ئوسمان قىرغىزدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىمەكلىك لازىمدۇر. دوستلىرىمىزنىڭ بىرى داخىل بولغان مەيخورلۇق سورۇنىدا، ئۇ قىرغىز ئېھتىمال مەستلىكىدىن بولسىلەر كېرەك، كۆڭلىدىكى بىر سىرى — ئەسرارىنى ئاشكارىلاپ، شۇنداق مۇدھىش گەپلەرنى قىلىپتۇركى، ئەلھەزەر، ئەلھەزەر...

— ھە، نېمە دەپتۇ ئۇ ھاراقكەش يەنە، — ئالدىراپ سورىدى تۆمۈر سىجاك قەددىنى رۇسلاپ.

— ئەلھەزەر، ئەلھەزەر، — دېدى شاپتۇل داموللا، — ئۇنىڭ ناپاك ئاغزىدىن ناشايان سۆزلەرنى تەكرارلاپ، كىراملىرىنىڭ مۇباـ رەك كۆڭۈللىرىنى مالال قىلىشقا تىلىم بارمايدۇ سىجاك!

— قېنى ئېيتىۋېرىڭ، نېمىدېگەن بولسا ئەينىنى ئېيتىڭ.

— خوش، ئەدەپتىن ئەمىر ئەلا، ئېيتسام ئېيتاي، — دېدى ئۇ، ئاندىن خۇددى بىراۋ ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ ئاۋازىنى پەسەيتتى: ئۇ ھارامزادە شۇنداق دەپتۇركى، تۆمۈر دېگەن تازىمۇ مەنسەپپەرەس، دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەيدىغان دۆت بىرنېمىكەن. بولمىسىزە، نەلەردىن كېلىپ قالغان چولاق زىخۇي دېگەن بىرنېمە سىزگە سىلىڭلىق مەنسىپىنى بەردىم دېسە، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، ئىزاتارتماستىن، قۇرۇق تامغىنى كوزا ـ كوزاك قىلىپ شەھەر ئايلاندۇرامدۇ؟ ئۇنىڭ غازىلىقى قۇرۇسۇن، كۇچادىن ئىسلام ئېچىپ كەلگەنلىكىنى دېمەيدىغان بولسام، ئۇ سامان قورساقنى...

— ھە، نېمىشقا توختاپ قالىسىز؟ نېمە قىلماقچىكەن ئۇ مېنى؟

— ئەستاغپۇرۇللا، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرنە يامانلىق كېلىدىغان ئوخشايدۇ، ئەلھەزەر، ئەلھەزەر!

— ھەي داموللا، نېمە گەپ بولسا ھەممىنى ئېيتىۋەرمەمسىز، تولا تىلىڭىزنى چاينىماي.

— ئەستاغپۇرۇللا، ئەلھەزەر، ئەلھەزەر، ئۇ تېخى تۆمۈر دېگەن سامان قورساقنىڭ جېنى مېنىڭ ئالقىنىمدا، لازىم تاپسام بىر كېچىدىلا دەپتۇ تېخى!

— بۇ گەپلىرىڭىز راستمۇ؟ — دېدى تۆمۈر سىجاڭ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ.

— ئەزبىرايى خۇدا، بۇ گەپلىرىمنىڭ ھەممىسى راستتۇر. خاتىرە شېرىپلىرىدە بولسا كېرەككىم، بۇ لۈكچەكنىڭ يامان نىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى ئەخبارلارنى بۇنىڭدىن مۇقەددەممۇ جانابلىرىنىڭ سەمىگە بىر نەچچە بارە سېلىپ ئۆتكەنىدىم. قەدىمكى دانىشمەنلەر «ھەر كىمكى كىچىككىنە دۈشمەننى زەئىپ ۋە ھەقىر سانىسا، ئازغىنا ئوتنى پەرۋاسىز تاشلاپ قويغانغا ئوخشاپ قالۇرلەر» دېگەن. ۋەھالەنكى، ئوسمان قىرغىز يالغۇز ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆز قىرغىزلىرىدىن باشقا، بىرمۇنچە ئەنجانلىق قۇلاق كەستىلەرمۇ بار تېخى!

تۆمۈر سىجاڭ ئاچچىقىدىن بوزىرىپ كېتىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ۋە «مەن بۇ مۇتتەھەم لۈكچەكنى بۇگۈنلا جەھەننەمگە ئۇزاتمايدىغان بولسام» دەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. شاپتۇل داموللا ئۆز ئەپسۇنىنىڭ بۇ ئادەمگە شۇنچە تېز تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ــ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئەمما، ئۆز ھېسسىياتىنى دەرھال يوشۇرۇپ:

— سەۋر قىلسىلا جانابلىرى، ئاللاتائالا ئۆز كالامىدا ئىننەل-
لاھۇ مۇئەسسابىرىن، يەنى، مەن سەبىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە-
دۇرمەن دېگەن. بار مەسلىھەت ئىش قىلىشلىرىنى ئىلتىجا قىلى-
مەن، — دەپ ئۇنى توستى.

— كىم بىلەن مەسلىھەت قىلىمەن، كىم بىلەن؟

— جانابلىرى ئۇچۇن چولاق زىنخۇيدىن ياخشىراق مەسلى-
ھەتچى بولماس دەپ ئويلايمەن.

× × ×

شۇ ئاخشىمى تۆمۈر سىجاڭ ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىدا
قاسقانلىق شەپكە كىيگەن، ياغاق يۈز، چاشقان بۇرۇت بىر ئوفىت-
سېر بىلەن ئوسمان مەسىلىسى توغرىسىدا جىددىي پاراڭلىشىشقا
باشلىدى. بۇ ئوفىتسېرنىڭ قولىدىن تاماكا چۈشمەيتتى. ئۇستەل
ئۈستىدىكى ئوتتىنچى لامپا يورۇقىدا ئۇنىڭ سول قولىنىڭ بارمىقى
يوقلۇقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئۇيغۇر تىلىدا يامان
ئەمەس سۆزلەيتتى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەسلىدە قارا شە-
ھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر قىمارۋاز بولۇپ، تۆت ئوشۇق،
شىشخال، بەشلياڭ ئويناشقا بەك ئۇستىكەنمىش. بىر كۈنى ئو-
شۇقتا ئامتى كەلمەي جىق ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ. تىكىدىغان پۇلى
قالمىغاندىن كېيىن، يىقىلغان كۈرەشكە تويماس دېگەندەك، «بىر
قولۇمنى تىكتىم، ئون سەر كۆمۈش. نوچى بولساڭ ئاتە ئوشۇقۇڭ-
نى» دەپ ئوششۇقلۇق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. بىراق بۇ قېتىممۇ
ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ — دە، قىڭراق بىلەن سول قولىنىڭ باش
بارمىقىنى چاناپ ئۇتقۇچىغا تاشلاپ بېرىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ-
تۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ لەقىمى چولاق بولۇپ قالغانىكەن.

قوزغىلاڭ يالقۇنى تۇتاشقان بۇ چاغلاردا ئورۇقلاپ كەتكەن سىجاكنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە ... 

قوزغىلاڭ يالقۇنى توقسۇن، قارا شەھەر تەرەپلەرگە تۇتىشىپ، راسا پاتىپاراقچىلىق بولۇۋاتقان كۈنلەردە بۇ چولاقنىڭ بىردىنلا ئامتى كېلىپ قالدۇ. ئۇ ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدىكى قارا كۆلەڭگىسى ماشىمىڭنىڭ قولىدىكى «ئىسلام ئىچىش» بايرىقى ئاستىدىن ئۆزىگە بىر كىشىلىك ئورۇن تېپىپ، دىسلەپ لىيەنجاڭ، كېيىن يىڭجاڭ ئاتىلىپ قالدۇ ۋە ئۆزۈن ئۆتمەي ماشىمىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئۈچ يۈزدەك چېرىكى بىلەن ئاقسۇدىن تۆمۈر سىجاڭغا قوشۇلۇپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئەمدىلىكتە بولسا، جىلىڭ شۇرىنىنىڭ قەشقەردىكى قالدۇق چېرىكلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ھېسابىغا ئىككى مىڭدەك چېرىكنىڭ سەردارى بولۇپ، چولاق زىخۇي ئاتىلىپ قالدى ۋە بۇ تەرەپلەردىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ، خۇددى بىرەر جانىۋارنى ئوۋلاش قەستىدە چاتقاللىقتا ماراپ ياتقان يىرتقۇچتەك، قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە پۇرسەت كۈتۈپ ياتماقتا ئىدى. دەل شۇنداق پەيتتە، تۆمۈر سىجاڭ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چىللىدى.

چولاق زىخۇي سۆھبەتدىشىغا ئوسمانىنى يوقىتىشنىڭ ئاجايىپ ئەپلىك بىر چارىسىنى ئېيتتى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «بىر داڭگالدا ئىككى پاختەك سوقۇش دېگەن شۇ بولىدۇ» دەپ غەلىتە ھىجىيىپ قويدى.

تۆمۈر سىجاڭ تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، چولاق زىخۇيغا قادىلىپ قالدى.

— نېمە، سىز قورقۇۋاتامدۇ؟ قورقما! — دەپ ئورنىدىن تۇردى چولاق زىخۇي. ئاندىن مەيدىسىگە مۇشتلاپ، — مانا مەن بار، مەن سىزگە ياردەم قىلىدۇ، — دېدى.

تۆمۈر سىجاڭ ھوشىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدەك يەنىلا زۇۋان سۈرمەي جىم ئولتۇراتتى.

— سىز ماڭا ئىشەنمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ياق، سىزگە ئىشىنىمەن، سىز ماڭا دوست.

— سىز ئىشەنمىسە، مەن «قۇرئان» تۇتۇپ بېرىدۇ.

— ياق، ياق «قۇرئان» تۇتماڭ. مەن سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن ئىشىنىمەن. بولمىسا بۇ ئىشنى سىزگە مەسلىھەت سالامدىمەن؟

— ئۇنداق بولسا، شۇنداق بولسۇن.

× × ×

شۇ كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنىدە، شاپتۇل داموللا «يۇملاق شەھەر» دەپ ئاتىلىدىغان قورغاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ، قاراۋۇللارغا ئۆزىنىڭ ئوسمان لۈيجاڭ①بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. قاراۋۇللارمۇ بۇ كىشىنىڭ قەشقەردىكى مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇلاردىن بىرى دەرھال ئىچكىرىگە يۈگۈردى.

ئوسمان شاپتۇل داموللىنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، شاپتۇل داموللا خۇش تەبەسسۇم بىلەن مۇنداق دېدى:

— قەشقەرلىك دېگەن خەقنى قويسىلا پاشايىم②زادى ئاغزىنىڭ سالاسى يوق خەق، سىلى پاشايىمنى تاۋى يوق بولۇپ قاپتۇ دەپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان! مەنمۇ شۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ يوقلاپ چىقاي دەپ كېلىۋېدىم، ئاللاغا شۈكۈر، كەيپلىرى چاغ، چىرايلىرى گۈلگۈن تۇرۇپتۇ. سىلى جانابلىرىنى ئۇشبۇ ھالەتتە

① شۇ كۈنلەردە ئوسمان ئېلى ئۆزىنى لۈيجاڭ (بىرگادا كوماندىرى) دەپ ئاتايتتى.
② قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى «ئوسمان پاشا» دەپمۇ ئاتىغان.

كۆرگىنىم ئۇچۇن ئەزبىرايى خۇدا، بىناھايەت خۇشالدۇرمەن. ئىلا-ھىم ئەل ــ يۇرتىنىڭ بەختىگە ھەرئان، ھەر سائەت سەھتۇ ــ سالامەت بولغايلا ئامىن!

— رەھمەت داموللام! ياخشى مېھمان ئاش ئۇستىگە دەپ، مەن تېخى ناشتا قىلمىغانىدىم. قېنى مەرھەمەت، — دېدى ئوس-مان، ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ.

ھەقىقەتتە بولسا شاپتۇل داموللىنىڭ ئېيتقانلىرىدەك ئەمەس، ئوسماننىڭ كەيپى چۇشكۇن، چىرايى سولغۇن، ئاۋازىمۇ بىرئاز غەمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاق سېرىق كەلگەن يۇزى بىلەن قىيسىق كۆزلىرىدە قاتتىق ئىزتىراپ ئىپادىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سارغۇچ كەلگەن شالاڭ بۇرۇتى ئارىلاپ ــ ئارىلاپ تىترەپ كېتەتتى.

— خوش، گەپ قىلغاچ ئولتۇرسىلا داموللام، خەق ئىچىدە نىمە گەپلەر بار؟ — دېدى ئوسمان ھازىرلا تونۇردىن ئېلىنغان گۆش نانىنى سۇندۇرۇۋېتىپ.

— ھەي بۇ قەشقەرلىكنى، ئاغزىنىڭ سالاسى يوق دېدىمغۇ، شۇنداق پاشايىم. ئۇلارنىڭ دېمەيدىغان گېپى يوق. بەزىلەر جاناب-لىرىنى ناماز بامدادقا چىقمايدىغان بولۇپ قالدى، دېگەن گەپلەرنى تېپىپتۇ. مەنغۇ بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن. ئەلھەزەر ، ئەلھەزەر!

— ئۇلار راست ئېيتىپتۇ داموللام. تۈننىڭ قىسقىلىقىدا بەك كەچ ياتقاندىن كېيىن سەھەر قوپالمايدىكەن كىشى.

— يامان بوپتۇ جۇمۇ! يەنە شۇ بەزمە ــ مەشرەپلەردە خېنىملار بىلەن بەنددۇرمەن دېسىلە پاشايىم.

— شۇنداق، يالغان ئېيتالمايمەن. بىراۋ مېنى تاغارغا سولاپ ئاغزىنى بوغۇپ قويغاندەك ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. ئىچ پۇشۇقۇمە-نى چىقىراي دەپ، ھەر ئاخشىمى... ئەستاغپۇرۇللا، ئاللا كەچۈرەرمىكىن؟

— ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ ھەرنە گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچى غەفۇرۇررەھىمدۇر، پاشايىم. خۇسۇسەن جانابلىرىدەك غازىلارنىڭ گۇناھلىرىنى، — دېدى شاپتۇل دامولللا بىر قىسما ياسالمىلىق بىلەن، — ئەگەر مېنى ھېلىمۇ ئۆزلىرىگە دوست سانىسىلا، قېنى بايان قىلسىلاچۇ، زادى نېمە بائىستىن تولا ئىچلىرى پۇشىدىغان بولۇپ قالدى؟

— نېمە بائىستىن بولاتتى دامولللام، — دەپ گەپكە كىرىشتى ئوسمان سەل ئەسەبىيلىشىپ، — قەشقەردە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋىرى يوق كىشىدەك گەپ قىلىدىلىغۇ؟

— مېنى مەئزۇر كۆرگەيلا پاشايىم. پېقىرلىرى پەرھىزكار، تەقۋا كىشى بولغىنىم ئۈچۈن بۇ پانىي دۇنيانىڭ كىردىكارلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيمەن.

— شۇنداق بولسۇنمۇ دەيلى، تۆمۈر سىجاڭنىڭ سابىت دامولللام بىلەن شامەنسۇرنى نەزەربەند قىلىپ قويغىنىدىنمۇ خەۋەرلىرى يوقمۇ؟

— خەۋىرىم بار پاشايىم، بۇ بىناھايەت يامان ئىش بولدى، ئەلھەزەر. سابىت دامولللام زور ئۆلىمائى كەرەم ئىدى.

— ئۇنى ئاز دەپ، تۆمۈر سىجاڭ چولاق زىنخۇي دېگەن مەلئۇننىڭ گېپىگە كىرىپ، خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتتى، بۇنىمۇ ئاڭلىمىدىلىمۇ؟

— ئاڭلىدىم پاشايىم، ئاڭلىدىم.

— قاچان؟

— بىر ھەپتە بولدى. ئېھتىمالىم ئەلھەزەر — ئەلھەزەر. بۇ ئىش بەجايىكى ئوت بىلەن ئويناشماقلىق. شول بائىستىن پېقىرلىرىمۇ بىناھايەت خاۋاتىرلەندىم.

— خاۋاتىرلەنگەن بولسىلا، ھەرقايسى ئۆلىمالىرىمىز ئۇ ھار-

ۋىكەشكە نىمىشقا نەسھەت قىلىشمايدىلا؟

ئوسماننىڭ تۆمۈر سىجاگىنى «ھارۋىكەش» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان شاپتۇل داموللا دەرھال ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماقچى بولۇپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي پاشايىم، ئۇنى ھارىۋىكەش دەپ بىناھايەت توغرا ئېيتتىلا، ھارۋىكەش دىگەن ھارۋىكەشكەن. بۇ ھارىۋىكەش قەشقەر دىيارىغا ئۇنگەندىن بۇيان پېقىرلىرى جانابىي روسۇل ئەكرام مۇ-ھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، كۆپ ئەمرىمەرۇپ قىلدىم. ياخشى مەسلىھەتلەر بەرمەكنى دەرىغ تۇتمى-دىم. ئەمما لېكىن، ئۇ ئوقسۇنلۇق ھارۋىكەش نەسھەت ئاڭلار ئەمەس. شول ۋەجىدىن، خېلىدىن بۇيان ئۇ نادانىنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلماقنى راۋا كۆرمەكتىمەن. زىراكى ئۇلۇغلاردىن بىرى «نادان كىشىگە نىسبەتەن سۈكۈتتىن ياخشى ئىش يوق، ئەگەر ئۇ نەسھەتنىڭ قەدرىنى بىلسە، نادان بولماس ئىدى» دىگەن ئەلھەزەر، ئەلھەزەر!

ئوسمان تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ قايىنغىلى باشلىدى:

— راستىمنى ئېيتسام، بۇ ھارۋىكەش بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزغا بىر بالا بولدى. ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئەمدى مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن، يەنى قەشقەرلىك خوتەنلىك بىلەن ياقىلىشىپ قان تۆكۈ-شىدۇ. چولاق زىخۇيغا ئوخشاش دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ قوپىدۇ. ئۇنىڭ دۆتلۈكىنى دىمەيدىغان تېخى، مېنىمۇ شۇ سوقۇشقا بارىسەن دەپ قىستاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنى مەن بىلمەيمەنما! ئۇ مېنى شۇ سوقۇشتا خوتەنلىكنىڭ چومىقىدا ئۆلسۇن دىمەكچى ياكى جەڭ مەيدانىدا گەجگەمدىن ئېتىپ مېنى ئۇ دۇنياغا يولغا سالماقچى. مۇبادا مەن بارمىسام، بۇيرۇققا بويسۇنتاۋلىق قىلدى دىگەن گۇناھنى ئارتىپ ماڭا ئاشكارا تىغ سالماقچى. ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشىدىغان ئوسمان تېخى ئانىسىنىڭ قارنىدىن يەرگە

چۈشمىدى.

— ئەلھەزەر ، ئەلھەزەر، مۇنداق ئىشلار بار دېسىلە تېخى پاشايىم. پېقىرلىرى پەرھىزكار ئادەم بولغىنىم ئۈچۈن، سىياسەتنىڭ بۇ يەڭلىغ نازۇك تەرەپلىرى مېنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزەمگە كىرمەپتۇ. ئەمما لېكىن، ئۇ توقسۇنلۇق هارۋىكەشنىڭ كۆڭلىدە جانابلىرىغا خۇسۇمەت بارلىقى پېقىرلىرىغىمۇ بەزەن ئايان بولۇپ قالۇر ئىدى.

— مەسىلەن؟ — سورىدى ئوسمان تاقەتسىزلىنىپ.

— يەنى مەسىلەن، ئۇ هارۋىكەش مېنىڭ ئالدىمدا جانابلىرىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپلىرىنى ئاتاشقىمۇ ئاغزى بارماي «هېلىقى قىرغىز» دەپ بىر نەچچە بارە ھاقارەت قىلدى.

— قىرغىز بولسام نېمە بوپتۇ، مەن قىرغىز بولغانلىقىم بىلەن ماختىنىمەن. ھۇ ئاناڭنى...

— ئۇ تېخى جانابلىرىنى، ئەستاغپۇرۇللا، مۇبارەك خاتىرىلىرىنى خىرە قىلىشقا تىلىم بارمايدۇ.

— ئېيتىۋەرسىلە، تىل دېگەن سۆزلەشكە، قۇلاق ئاڭلاشقا يارىتىلغان، ئاڭلاپ قالغانىنىڭ يامىنى يوق.

— خەير، ئەدەپتىن ئەمىر ئەلا، ئېيتسام ئېيتاي، پاشايىم! ئۇ هارۋىكەش سىلىنى ھاراقكەش، لۇكچەك، خوتۇنباز دەيدىكەن تېخى!

— راست دەپتۇ. مەن ھاراقكەش، لۇكچەك، خوتۇنباز، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش دوست ـ دۇشمەننى ئايرىماي، چولاق زىخۇينىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان قاپاقۋاش ئەمەس، قورقۇنچاق ئەمەس. مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز سەپداشلىرىمىزنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە لەشكەر ئەۋەتمىدىم. ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ دۇشمەننىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيمىدىم. قايسىمىزنىڭ گۇناھى ئېغىرلىقىنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. ھۇ ئاناڭنى...

— رۇخسەتمۇ؟

— كىرىۋەر!

مۇھاپىزەتچى يوغانلىقى ئۈچ ئايلىق بوۋاقچىلىك كېلىدىغان بىر قورچاقنى ئوسماننىڭ ئالدىغا قويدى. قورچاقنىڭ بېشىغا ئالاھىدە تىكىلگەن كىچىككىنە قىرغىزچە قالپاق، ئۈچىسىغا قىزىل چەكمەن تون كىيدۈرۈلۈپ، بېلىگە تاسما كەمەر باغلانغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ، قىز ــ ئاياللار قولى بىلەن مۇنداقلا تىكىپ قويۇلغان لاتا قورچاق بولماي، بەلكى مەخسۇس ھۈنەرۋەنىنىڭ قولىدىن چىققان سەنئەت بۇيۇمى ئىدى. ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، قورچاقنىڭ كۆكرىكىدە كىچىككىنە يېڭىسار پىچىقى سانجىقلىق تۇراتتى.

— بۇ نېمە گەپ؟ — سورىدى ئوسمان ھەيران بولۇپ.

مۇھاپىزەتچى بۇ قورچاقنى كېچىلىك قاراۋۇللۇقتا تۇرغان يىگىتلەرنىڭ تاڭ ئاتقان چاغدا سېپىل ئۈستىدىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە «كىمدۇر بىرى سىرتتىن تاشلىغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ قوشۇمچە قىلدى. ئوسمان قورچاقنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر قاراپ چىقتى ــ دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھەيران بولۇپ ئولتۇرغان سۆھبەتدىشىغا:

— مانا، تەقسىر! كۆرۈۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ئەلھەزەر، ئەلھەزەر، بۇ زادى نېمە گەپ؟ مەن زىنھار چۈشەنمىدىم، — دېدى شاپتۇل داموللا، ئاندىن ئالدىراش دۇئا ياندۇرۇپ:

— خوش پاشايىم، ماڭا ئىجازەت، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

2

قەشقەر كونىشەھەردىن ئىككى مەنزىل غەربكە جايلاشقان لەڭگەر دېگەن كىچىككىنە يۇرتتا تاڭ سەھەردىن باشلاپ قاتتىق

ئەنسىزچىلىك بولماقتا ئىدى. قىرغىزچە قالپاق كىيگەن بىر توپ قوراللىق ئاتلىقلار يۇرتنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان ھەربىي گېزەر-مىنى ئوگتەي – توگتەي قىلىۋەتتى. كېچىچە ئەپيۇن چېكىش، قىمار ئويناش بىلەن تاڭغا ئۇلاشقان چېرىكلەر بىر پاي ئوق ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ھېچقانداق قارشىلىقسىز تەسلىم بولدى. ئاتلىقلارنىڭ بىر قىسمى گېزەرمىدىكى قورال – ياراغ، ئوق – دورا، يەم – بوغۇز ۋە زاپاس ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى ئولجىغا چۈشكەن ئات – ئۇلاغلارغا ئارتىپ غەرب تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كەتتى؛ بىر قىسمى ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، يەنە ئاشلىق، يەم – بوغۇز يىغىشقا، قارشىلىق كۆرسەتكەن دېھقانلارنى قامچىلاشقا باشلىدى.

— ھەي يىگىت ماڭا قارا، ئۆزۈڭمۇ مۇسۇلمان كۆرۈنىسەن. مۇسۇلمان مۇسۇلماننى بۇلاڭ – تالاڭ قىلسا بولامدۇ؟ سىلەر زادى كىمنىڭ ئادىمى؟ يامۇل چېرىكلىرىنىڭ جەبىر – زۇلمى ئازلىق قىلغاندەك، سىلەرمۇ بىزگە زۇلۇم سالغىلى تۇردۇڭلىغۇ! — دېدى بىر بوۋاي، قالپاقلىق يىگىتنىڭ قولىدىكى تاغارغا ئېسىلىپ، — بۇ تاغاردىكى قوناق بىزنىڭ كېلەر يىللىق ئۇرۇقلۇقىمىز. بۇنى سەن ئېلىپ كەتسەڭ بىز قانداق قىلىمىز؟

— رەھىم قىلسىلا غوجام بالام، رەھىم قىلسىلا، — يالۋۇرۇشقا باشلىدى ئاق چاچلىق موماي، — سىلى بۇنى ئېلىپ كەتسىلە بىز ئالتە جان ئاچ قالىمىز جۇمۇ،سىلا، بىزگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن!

— ئاچ قالامسىلەر، توق قالامسىلەر، مېنىڭ كارىم يوق. بىز ئوسمان پاشانىڭ يىگىتلىرى. بىزنى تۆمۈر سىجاڭ شەھەردە تۇرغىلى قويمىدى. بىز تاغقا چىقىپ كېتىمىز. تاغدا ئاشلىق بولمىسا ئاچتىن ئۆلىمىزمۇ؟ قويۇۋەت دەيمەن، ھوي قېرى! بولمىسا بېشىڭغا سالىمەن.

— ئىنساپ قىل بالام، ئوسمان پاشا پۇقرانى كاپىرلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزىمەن دەپ ئىسلام ئاچقان ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سىلەر بىز پۇقرالارنى بۇنداق قىلساڭلار خۇدا راۋا كۆرمەدۇ؟ — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— راۋا كۆرمەدۇ يوقمۇ، بۇنى خۇدانىڭ ئۆزىدىن سورا! يولنى توسماي ئۆت بۇياققا! بولمىسا...

بوۋاي بىلەن موماي يەنە تاغارغا ئېسىلدى. قالپاقلىق يىگىت بوۋاينى ئىتتىرىۋەتتى. بوۋاي يىقىلدى.

باياتىن بېرى خوتۇن ـ بالىلارنىڭ ناله ـ زارلىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان ئۆيدىن يىرتىق ماتا كۆڭلەك كىيگەن، يالاڭ ئاياغ تەمبەل بىر يىگىت ئېتىلىپ چىقىپ، «ھۇ، بۇلاڭچى قانخور» دېگەن پېتى قالپاقلىقنىڭ قولىدىن تاغارنى يۇلۇۋالدى. قالپاقلىق قامچا كۆتۈردى. يىگىت ئۇنىڭ قامچىسىنى تارتىۋېلىپ نېرى چۆرۈۋەتتى. قالپاقلىق ئاغزىنى بۇزۇپ قىلىچىنى سۇغاردى. يىگىتمۇ بوش كەلمەي كەتمەن سېپىنى قولىغا ئالدى. دەھشەتلىك ئېلىشىش باشلاندى. بىراق، قىلىچ دېگەن قىلىچ ـ دە! يىگىتنىڭ يىرتىق ماتا كۆڭلىكى قانغا بويىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قولى جەينىكىدىن ئۈزۈپ تاشلانغانىدى. خوتۇن ـ بالىلارنىڭ داد ـ پەريادلىرى يەر ـ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى، بوۋاي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان ئورۇق قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆككە باقتى:

— ئاھ خۇدا، بۇ قانداق زامان، كۆرۈۋاتامسەن بۇنى!؟

## 3

تۆمۈر سىجاڭ ئوسماننىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە دەرھال قوشۇن ئەۋەتتى. بىراق، ئالتە يۈز كىشىدىن

تەركىب تاپقان بۇ ئاتلىق قوشۇن ئوسمان بىلەن كۆچ ئېلىشالماي، مىڭيول دېگەن يەردىن لەڭگەرگە قايتىپ كەلدى. تۆمۈر سىجاڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاچ، چولاق زىخۇيدىن ياردەم سورىدى. چولاق زىخۇي شۇ كېچىسىلا بىر تۈمەن ئاتلىق چېرىك ئەۋەتىشكە ۋەدە بېرىپ، «سىز قورقما، ئۇ لۈكچەكنى مەن تىرىك تۇتىدۇ» دېدى، ئەتىسى تۆمۈر سىجاڭ كىچىك يۈك ماشىنىسى بىلەن لەڭگەرگە كەلدى. بىراق، چولاق زىخۇي ۋەدە قىلغان بىر تۈمەن چېرىكنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۆمۈر سىجاڭ ئاچچىقىدىن يەر تېپىپ «ھوي ئالدامچى خۇنپەر، بۆكۈمگە جىگدە سالماقچىمۇ سەن؟» دېدى – دە، دەرھال شەھەر تەرەپكە قايتتى.

ماشىنا چاڭ – توزان توزدۇرۇپ، سەمەن يېزىسىدىكى توغراقلىق مازارغا يېقىنلاشقاندا، كابىنكىدا چايقىلىپ ئولتۇرغان تۆمۈر سىجاڭ ۋاقىتنى بىلگۈسى كېلىپ قويۇن يانچۇقىدىن ئالتۇن زىنجىرلىق سائەتىنى چىقاردى. ياز قۇياشى پاتاي دەپ تۇرغىنىغا قارىماي، سائەتنىڭ قىسقا يىڭنىسى ئۇلار لەڭگەردىن قوزغالغان چاغدىكى « Ⅲ » رەقىمى ئۈستىدە توختاپ قالغانىدى. «ئەتىگەن بامداتتىن يېنىپلا بۇراپ قويغانىدىمغۇ بۇنى» دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ سائەتنى بۇرىماقچى بولۇپ، بىراق قولىنى تەگكۈزمەيلا پۈرژىنا ئۈزۈلۈپ كەتتى. «قىزىق ئىش، يېپيېڭى سائەتمۇ شۇنداق ئاسان بۇزۇلامدۇ» دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ سائەتنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ.

شۇ ئارىدا، ئالدى تەرەپتە بىر توپ ئاتلىق قوشۇن كۆرۈندى. بۇ، چولاق زىخۇينىڭ ياردەمگە ئەۋەتكەن چېرىكلىرى بولۇپ، ئۇلارنى كاڭ مازا دېگەن تۈەنجاڭ باشلاپ كېلىۋاتاتتى. كاڭ مازا ماشىنىنى كۆرۈش بىلەن چېرىكلىرىگە ئاتتىن چۈشۈپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تىزىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. تۆمۈر سىجاڭ

ئالته مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ماشىنىدىن چۈشكەن ھامان كاڭ مازا يۈگۈرۈپ كېلىپ ھەربىيچە سالام بەردى. تۆمۈر سىجاڭ ئۇنى كېچىككەنلىكتە ئەيىبلەپ بىر ئاز كايىغاندىن كېيىن:

— قېنى، دەرھال ئاتلىنىڭلار، — دەپ ئارقىغا بۇرۇلدى. شۇ ھامان كاڭ مازىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى قولىدىكى ماۋزۇرنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلغان ئون تال ئوق بىلەن تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قانغا مىلىنىپ ماشىنا يېنىدا يېتىپ قالدى. ئىككى چېرىك ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ تۆمۈرنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى. كاڭ مازا ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، قانغا مىلىنىپ كەتكەن ئون دانە تىللا بىلەن ھېلىقى ئالتۇن زەنجىرلىك سائەتنى يانچۇقىغا سالدى. بىرنەچچە چېرىك تۆمۈر- نىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قوراللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماشىنىغا چىق- تى. كاڭ مازا كابىنكىغا چىقىپ، كەلگەن يولى بىلەن شەھەر تەرەپكە ھەيدەشنى بۇيرۇدى. قالغان چېرىكلەرمۇ ماشىنىنىڭ ئارقى- سىدىن ئاتلىرىنى يورۇتۇپ شەھەرگە قايتتى.

گۈگۈم چۈشكەندە جەسەتلەر ئارىسىدىن قانغا مىلەنگەن بىر ئادەم دەلدەڭشىپ چىقىپ، ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنى تۇتقان پېتى قويۇق دەرەخزارلىققا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

بۇ، 1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بولغان ۋەقە ئىدى.

ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن بىر توپ چېرىك تۆمۈرنىڭ بېشىنى نەيزىگە سانجىپ سازايى قىلىشقا كوچىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئوچۇق قالغان يوغان كۆك كۆزلىرى ئاۋغۇست ئېيىنىڭ كۈچلۈك كۈن نۇرىدا خۇددى بىلىقنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەردە ئاللىقانداق بىر تۇمانلىق ئۈمىد، ئاچچىق ھەسرەت، قاتتىق نادامەت ۋە غەزەپ ئىزلىرى قېتىپ قالغاندەك

كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ سىم ساقىلىغا يېپىشىپ قالغان قان پارچىلىرى خۇددى قېتىشىپ قالغان جىگەر پارچىسىدەك كۆكۈلگە دەھشەت سالاتتى. چېرىكلەردىن ئىككى قەدەم ئالدىن جاڭ سوقۇپ، بىر نىمىلەر دەپ توۋلاپ كېتىۋاتقان جاكارچىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ۋەھىمىلىك ئاڭلىناتتى. بازارلـــىق ئــۇچــۇن كوچا ــ كويلارغا چىقىپ قالغان كىشىلەر ئىش ــ كۇشلىرىنى تېزرەك تۈگىتىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئەتىگەن دۇكان ئاچقان سودىگەر ۋە تىجارەتـ چىلەرمۇ، دۇكانلىرىنى تاقاپ ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشەتتى. قېرىلار ياقا تۇتۇپ «توۋا، توۋا» دېيىشسە، بالىلىق ئاياللار رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن قۇچاقتىكى بالىلىرىنىڭ كۆزىنى يېپىشقا ئالدىرايتتى. بەزى بىكارچى لايغەزەل يىگىتلەر بىلەن ئۇششاق بالىلار بولسا تاماشا كۆرۈشكە قىزىقىپ، چېرىكلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشەتتى. بېـ شىدىكى تەۋەككۈنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ئالدىراش كېتىۋاتقان ناۋاي بالىلارغا سوقۇلۇپ كەتتى، قىزىرىپ پىشقان گىردە نانلار دومىلىنىپ بېرىپ ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالدى.

ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى سەللىلىك كىشى بىلەن ئوتتۇز ياشلاردىكى شلەپىلىك كىشى جانان كوچىسىدا ئالدىراش كېتىۋېـ تىپ ھەدەپ گەپ تالىشاتتى:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا بايۋەچچە، بۇ تاسادىپىي ھال ئەمەس، — دېدى سەللىلىك كىشى، — شۇنى بىلمەكلىرى لازىمدۇركى، ئامەت دېگەن نېمە بۇلۇتنىڭ سايىسىگە ئوخشايدۇ. بىر شامال بىلەن نېرى كېتىدۇ، بولمىسا تۆمۈر سىجاگدەك پۈتكۈل قەشقەرنى سورىغان سەركەردىنىڭ كاللىسى بىر كېچىدىلا نەيزىگە سانجىلىپ قالارمىدى!

— يوقسۇ تەقسىر! — ئېتىرازلىق بىلدۈردى شلەپىلىك ئادەم، — گەپ ئامەتنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، قولغا كەلگەن ئامەتنى

تۇتۇپ تۇرۇشنى بىلىش ــ بىلمەسلىكتە. تۆمۈر سىجاڭ غاپىل بولمىغان بولسا...

— ياق، بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئىشى. ئىزاجائەلقەدەر، ئائىمائۇلبەسەر، يەنى تەقدىر قازا قادىلىپ كەلگەندە، كۆرەر كۆزمۇ كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، دېمەكتۇر.

— ياق، ياق! بۇ تەقدىرنىڭ ئىشى ئەمەس، تەقدىردە نېمە گۇناھ، بىزنىڭ چوڭلىرىمىز تۆر تالىشىپ، بىر ــ بىرىگە ئورا كولاشمىغان بولسا بۇنداق بولماس ئىدى. بۇنى قانداقسىگە تەقدىرنىڭ ئىشى دېگىلى بولىدۇ تەقسىر!

— ھەي بايۋەچچە، سىلى ئۆزلىرى جەدىت①ئەپەندىلەر بىلەن باردى ــ كەلدى قىلىپ يۈرۈپ، يېرىم جەدىت بولۇپ قاپتىلا جۇمۇسىلا!

شۇ ئارىدا ئالدى تەرەپتىن ھېلىقى چېرىكلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالدى. سۆھبەتداشلار ئالدىراش خەيرلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىشىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن سازايىچىلار ئۆز ئۆۋىلىرىغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا، يان كوچىدىن بىر توپ ئاتلىقلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى قىرىپ ــ چېپىشقا باشلىدى. بىردەملىك ئېلىشىشتىن كېيىن، چېرىكلەر بىرقانچە ئۆلۈكنى قالدۇرۇپ قاچتى، ئاتلىقلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ توپىغا مىلىنىپ ياتقان بېشىنى ئېلىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. شۇ سائەتتىن باشلاپ، چولاق زىخۇينىڭ چېرىكلىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ شەھەردىكى بىر قىسىم يىگىتلىرى ئارىسىدا كوچا ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. كېچە ــ كۈندۈز تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ۋە تۆكۈلۈۋاتقان قانلار بەدىلىگە بۇ قەدىمكى

① ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا، 19 ــ ئەسىر ئاخىرلىرى پەيدا بولغان «ئىسلاھاتچىلىق». شۇ چاغلاردا يېڭىلىق تەرەپدارلىرى جەدىت دەپ ئاتىلاتتى.

شەھەر گاھ ئۇ تەرەپنىڭ، گاھ بۇ تەرەپنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئوسمان پۈتۈن قوشۇنى بىلەن شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ جەڭنى تۈگەتتى ۋە غالىبلارغا خىلىتەنتەنە بىلەن بۇرۇنقى بارگاھى — يۇمىلاق شەھەرگە ئورۇنلاشتى.

— بىز مازىخۇينىڭ نامىدىن جانابىڭىزنى مۇبارەكلەپ كەلدۇق. مانا سىجاڭلىق تامغىسى، — دېدى يۇنۇس بەگ، — مازىخۇي سىز جانابىڭىز بىلەن سۈلھ تۈزۈپ تىنچ ئۆتۈشنى خالايدۇ. قەشقەر دىيارىنىڭ دوتىيى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەنمۇ بۇ يۇرتتا تىنچلىقنىڭ قارار تېپىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

— تىنچلىق؟ قىزىق گەپ؟ تىنچلىقنى كىم بۇزۇۋاتىدۇ؟ سىز ئۆزىڭىز يۇرتنىڭ ئاتىسى تۇرۇپ، نەچچە ۋاقتتىن بۇيان قاياقلاردا قالدىڭىز؟ — دېدى ئوسمان بېلىدىكى كەمىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— سەۋر قىلسىلا پاشايىم، — دېدى شاپتۇل داموللا مۇلايىملىق بىلەن، — دوتەي جانابلىرىمۇ ئىلاجسىز قالدى. قورال كىمنىڭ قولىدا بولسا ئۇنىڭ تىلى ئۇزۇن بولىدىكەن.

يۇنۇس بەگ يالۋۇرغان قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

— داموللام توغرا ئېيتتى مېنىڭ مەيلىمچە بولسا...

— ھە، بىلىمەن. سىزنىڭ مەيلىڭىزچە بولسا تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنىڭ ئورنىغا مېنىڭ كاللام كېسىلسە بولاتتى، شۇنداقمۇ؟

— نەئۇزۇبىللا پاشايىم. دوتەي جانابلىرىدا زىنھار ئۇنداق نىيەت يوق، — دېدى شاپتۇل داموللا، يۇنۇس بەگنى ئاقلاشقا تىرىشىپ.

— بولدى، بولدى گېپىڭلار راست بولسا ھېلىقى چولاقتا ئېيتىڭلار، شەھەرنى دەرھال بوشاتسۇن. مېنىڭ قىلىچىمدىن ئامان قالغان چېرىكلىرىنى باشلاپ يېڭىشەھەرگە چىقىپ كەتسۇن، قالغان

گەپنى كېيىن قىلىشىمىز. بولمىسا قان تۆككىنىم تۆككەن.

شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈرنىڭ «سىجاڭلىقى» ئوسمانغا قالدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ سابىت داموللا بىلەن شامەنسۇرنى نەزەربەندلىكتىن بوشاتتى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى لۈيجاڭ ۋە تۈەنجاڭلىرىغا، جۈملىدىن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىدىن قاتتىق زەربە يەپ، ياركەنتكە چېكىنىپ شۇمشىيىپ ياتقان ھاپىز لۈيجاڭ دېگەنگە «سەۋەنلىك تۆمۈر سىجاڭدىن ئۆتتى، ئۆتكەنگە سالاۋات، مەن ئاداۋەت ساقلىمايمەن. ھەممىمىز بىرلىشىپ يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلايلى» دېگەن مەزمۇندا خەت يازدى. خوتەنگىمۇ شۇ مەزمۇندا مۇراجىئەتنامە ئەۋەتتى. سابىت داموللا نەزەربەندلىكتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش نىيىتىدە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى» نى قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

— مەن دېمىدىممۇ پاشايىم. سابىت داموللىدىن جانابلىرىغا ۋاپا كەلمەيدۇ دەپ. مانا ئەمدى بۇ ئاتۇشلۇقنىڭ پۇت — قولىنى بوشىتىۋېلىپلام، سىلىنىڭ پەيلىرىگە چۇشكىنىنى قايلىسىلا! مۇقەددەس كىتابلىرىمىزدا «كۇللى شەيئى ئەررۇجۇلەئەلائەسلىھە» ، يەنى «ھەممە شەيئىلەر ئەسلىگە قايتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك كەلىمە بار. بۇ ئاتۇشلۇقمۇ ئۆز ئەسلىگە قايتتى، ئەلھەزەر، ئەلھەزەر، — دېدى شاپتۇل داموللا مايلىق پېتىر مانتا ئۈستىدىن ئاچچىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

— قانداقسىگە ئۆز ئەسلىگە قايتتى دەيدىلا داموللام؟ — سورىدى ئوسمان قولىغا يەنە بىر مانتا ئېلىپ.

— ھەي پاشايىم، جاھان تىنچ ئەمەس. بۇ ئاتۇشلۇقنىڭ خوتەنلىكلەر بىلەن تۇمشۇق يالىشىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى» دېگەن بىر نېمىنى تەسىس ئەتمەك ئۈچۈن

شاپاشلاپ يۈرگىنى، بۇ ئىشنى جانابلىرى بىلەن بار مەسلىھەت قىلماي، مەلۇم جەھەتلەردە خۇپپىيانە ھەرىكەتتە بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭ بەتنىيەتلىكى ئەمەسمۇ؟ خوتەندىن ئەۋەتىلگەن كۇمۇشلەرنى مۇبا-رەك نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزمەيلا، جانابلىرىنىڭ قول ئاستىلىرىدىكى سەردار ۋە نۆكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكىنى دىمەمدىلا تېخى!

ئوسمان ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەت-تى ۋە بىر پەستىن كېيىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— مەن زادى يىلىكىم شورلۇق ئادەم. كىمگە ۋاپا قىلسام شۇنىڭدىن جاپا كۆرىمەن، جاپا! ئەمدى چۈشەندىم، قول ئاستىم-دىكىلەرنىڭ ماڭا دولا چىقىرىدىغان بولۇپ قالغانلىقى بىكار ئە-مەس ئىكەن — دە. ھوي سېتىلمىلار! مەن سابىت دامولىنى پەرىشتىدەك ئادەم دەپ يۈرۈپتىمەن، ئۇمۇ بىر ئازازۇل ئىكەنغۇ! ئالدىرىماي تۇرسۇن، چۇجىنى كۈزدە سانايمىز تېخى.

— شۇنداق، شۇنداق، پاشايىم. ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دېگەن تەمسىل بىكارغا چىقمىغان. ئەلھە-زەر، ئەلھەزەر، — دېدى شاپتۇل داموللا كۆزلىرىدىكى مەمنۇنلۇق ئىپادىسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

تىل بىلەن پىتنە — پاسات، كەك — ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىش ھۈنىرىنىڭ بۇ قەدەر تېز ئۈنۈم بەرگەنلىكىگە شاپتۇل دامولىنىڭ ئۆزىمۇ بۇگۈن ھەيران قالدى.

## 4

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موسۇل باي ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن سودىگەر قىياپىتىدە قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، ئۆستەڭ

بويى مەھەللىسىدىكى پاختا سارايغا چۈشتى. قاسىم ئەپەندى بىلەن پازىل دورغا بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باقمىغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى ھېچكىم تونۇمايتتى. موسۇل باي يىگىتلىك چاغلىرىدا بۇ شەھەرلەرگە سودىگەرچىلىك بىلەن بىر قېتىم كېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە چاچ ـ ساقاللىرى چارلىشىپ كەتكەن بۇ كىشىنىمۇ ھېچكىم تونۇيالمايتتى. موسۇل باي دەرھال يۇنۇس بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇزلىرىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى تەپسىلىي بايان قىلغاچ:

— كونسۇل بىلەن تېزرەك كۆرۈشتۈرۈڭ. ئەمما بىزنى ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن. بىز ئارامخۇدا ئىشىمىزنى تېزرەك پۈتتۈرۈپ كېتەيلى، — دېدى.

شۇنداقتىمۇ غەلىتە ـ غەلىتە ئادەملەر خۇددى ساقچى ئىتلىرىدەك نېمىنىدۇر تىمىسقىلاپ ساراي ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئەمما كۆزگە سالاپەتلىك كۆرۈنگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن سوراشقا پېتىنالماي، خىزمەتكار كىيىمىدىكى روزى كارۋاندىن ئۇلارنىڭ كىملىكى، نەدىن ۋە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئاستا سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەتتى. روزى كارۋان بولسا ئاددىيلا قىلىپ، «ھەممىسى باي سودىگەرلەر، كۇچادىن كەلدى، سودىگەر دېگەن سودىدىن باشقا نېمە ئىش بىلەن كېلەتتى» دەپ قۇتۇلاتتى. بۇ گەپلەر تارقالغاندىن كېيىن، سودا دەللاللىرى ئۇلارغا تېخىمۇ ئارام بەرمەيدىغان بولدى. موسۇل باي بولسا بۇ دەللاللارنىڭ ھەممىسىنى «ماللىرىمىز ئارقىمىزدىن هارۋىدا كېلىۋاتىدۇ» دەپ قايتۇراتتى. سودا دەللاللىرى بىلەن بىر قاتاردا، يۈزىگە چۈمبەل تارتقان خوتۇنلارمۇ ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

— ماڭا قايلىسىلا غوجام، — دەپ پىچىرلىدى بىر ئايال چۈمپەردىسىنى يېرىم قايرىپ، — سىلى ئۆزلىرى دۆلەتمەن كىشى كۆرۈنىدىلا. بۇ سارايىنىڭ قاراڭغۇ ھۇجرىسىدىن نازىنىن خېنىملار-

نىڭ توققۇزى تەل مېھمانخانىسى مىڭ ياخشى ئەمەسما؟ نىكاھ ئوقۇپ قويىدىغان موللامۇ تەييار.

— تولا گەپ قىلماي كۆزۈمدىن يوقىلىڭ، — دېدى پازىل دورغا ئۆپكىدەك ئىسسىپ.

— ھە، دورغام، قەشقەردىن تۇغقان تېپىلىپ قالدىمۇ نېمە؟ قىچقىرىپ كەلگەن بولسايولدىن قالمىسىلا، — دەپ مەنىلىك قىلىپ كۈلۈپ قويدى، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان موسۇل باي.

— قويسىلا باي، كونسۇل بىلەن پاتراق كۆرۈشۈشنىڭ چارىسىنى قىلسىلا! — دېدى پازىل دورغا كىچىك بالىدەك خۇيلىنىپ.

— سەۋر قىلسىلا دورغام، يۇنۇس بەگدىن خەۋەر كەلمىگۈچە كونسۇل بىلەن قانداق كۆرۈشكىلى بولىدۇ؟

× × ×

ئۇلارنىڭ بەختىگە – ئۈچىنچى كۈنى يۇنۇس بەگ كونسۇل-دىن ئىجازەت بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. كەچقۇرۇن موسۇل بايلارنى ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى سېرىق ساقال بىر ئادەم سەمەن تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن باشلىنىدىغان سەمەن يولى ئىككى قاسىنقى خۇددى بوي تالىشىپ ئۆسكەندەك بىر ـ بىرىدىن ئېگىز ۋە قاتار ـ قاتار كەتكەن سۇۋادان تېرەكلىرى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. شامالباغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەيىن شامالدا لىڭشىپ تۇرغان سۇۋادان تېرەكلەر خۇددى ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم بويلىرىنى ئەسلىتەتتى.

— پاھ، نېمىدېگەن ھاۋالىق يەر بۇ! — دەپ تاشلىدى پازىل

دورغا ئۆسمۈر باللاردەك كۈلۈپ، — نەچچە كۈندىن بۇيان بازار ئىچىدە بوغۇلۇپ، تونۇرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغاندەك تىنچىقىپ كېتىۋىدىم. بىزگە ئوخشاش تاغدا ئۆسكەن كىشىلەرگە ئوچۇقچىلىق ياخشى. كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى.

— ھەي دورغام، بۇرناكۈن ھېلىقى دەللە چىللىغان خېنىمنىڭ ئۆيىگە بارغان بولسىلا، كۆڭۈللىرى تېخىمۇ ئېچىلىپ قالۇر ئىدى، — دېدى موسۇل باي ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ھەي باي، قەشقەرگە كېلىپ تىللىرى چىقىپ قالدىغۇ، ياشلىق چاغلىرى يادىلىرىغا يېتىۋاتامدۇ، نېمە؟ — دېدى پازىل دورغىمۇ بوش كەلمەي.

— قەشقەرگە كېلىپ ھەر ئىككىلىرىنىڭ تىللىرى چىقىپ قالدى، — دېدى قاسىم ئەپەندى چاقچاقنا ئارىلىشىپ، — قەشقەرنىڭ سۈيى ئەركەك سۇ ئوخشايدۇ. بولمىسا...

شۇ ئارىدا، ئۇلارنى باشلاپ كېلىۋاتقان سېرىق ساقال كىشى «مانا، مانا كېلىپ قاپتۇق، غوجىلىرىم. ئاۋۇ كۆرۈنگەن يوغان دەرۋازا شۇ. ئەمىسە مەن كەتتىم» دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى.

دەرۋازا قىيا ئوچۇق تۇراتتى. موسۇل بايلار يېقىن كېلىش بىلەن بىر ئادەم چىقىپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئۇلارنى ئىچكىرى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۈك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان مەنزىرىلىك بىر باغ نامايان بولدى. ئوڭ قول تەرەپتىكى بوستان تېرەكلەر ئارىسىدا تاملىرى سېپتا ئاقارتىلغان كۆتۈرمىلىك ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. رۇس ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بۇ ئۆيلەرنىڭ يوغان ئەينەكلىك دېرىزىلىرى بىلەن يېشىل قاڭالترلىق ئۆگزىلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئادەم موسۇل بايلارنى قوش قاناتلىق ئۆينىڭ ئىشىكىدىن كىرگۈزۈپ قويۇپ ئۆزى سىرتتا قالدى.

× × ×

بىرەر سائەتلىك سۆھبەتتىن كېيىن، كونسۇل:

— قورال سېتىپ بېرىش كىچىك ئىش ئەمەس. بۇنى يۇقىرىدىن سوراشقا توغرا كېلىدۇ، كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

— نەچچە كۈن كۈتىدىكەنمىز ئەپەندىم؟ سوراپ بېقىڭچۇ، قەشقەر بەك قالايمىقانلىكەن، بىز ئالدىرىمساق بولمايدۇ، — دېدى موسۇل باي تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان قاسىم ئەپەندىگە جىددىي قاراپ.

كونسۇل ھەممە گەپنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن تاماكىسىغا سەرەڭگە چېقىۋېتىپ مۇنداق دېدى:

— ھەممىدىن خەۋەردارمىز. قەشقەردىكى ۋەزىيەت ھەقىقەتەن مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. سابىت داموللا تولغاق يەۋاتىدۇ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلامدۇ ياكى قىزمۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، — كونسۇل ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئۆزى مەمنۇن بولغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپ، يەنە داۋام قىلدى، — شىمالدا بولسا باندىت ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قوزغاش، مۇبادا تەلىيى سەل ئوڭدىن كېلىشكە كۆزى يەتسە، جەنۇبقىمۇ دەرھال چاڭگال سېلىش ئېھتىمالىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىشنى ئىمكانقەدەر تېزلىتىمەن. بىزنىڭ تېلېگراف ئاپپاراتىمىز ياخشى ئىشلەيدۇ. سىلەرنى ئۇزۇن كۈتتۈرۈپ قويماسلىققا ۋەدە بېرىمەن.

× × ×

شەھەر سېپىلىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان چىنەۋاغ دېگەن باغلىق ھويلىنىڭ يوغان دەرۋازىسى ئۈستىدىكى گۈمە-

بەزسىمان پەشتاقنىڭ يېشىل كاھىشلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. باغ ئىچىدىكى گۈلزارلىقلار، باراقسان رىدە دەرەخلىرى، شەرق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆيلەر بۇ ھويلىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشاتتى.

بۇ، ئەنگلىيە كورۇللۇقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ئىدى.

دائىم كۆزىمىنەك تاقاپ يۈرىدىغان، تاقىرباش، ئاق بۇرۇت كونسۇل قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، قاقىر بويۇن بىر كىشى بىلەن گۈلزارلىقلار ئارىسىدا سەيلە قىلغاچ، قانداقتۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى يىپنەك ئۆي كىيىمى بىلەن بولۇپ، ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتاتتى.

— دېمەك، سىز قەشقەرگە دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز جانابى دوكتور سىمىت، — دېدى كونسۇل، — سىزگە ئوخشاش شەرق-شۇناسقا بۇ يەردە ئىستىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. خۇ-سۇسەن، سىزنىڭ پارس ۋە تۈركىي تىلىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى-ڭىز سىزگە كۆپ ئوڭايلىقلارنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، رۇس تىلىنىمۇ تولۇق بىلگەن بولسىڭىز، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغان بولار ئىدى. خەير...

— ئىزاھاتىڭىزنــى دەريــغ تۇتمىغــايســز كونسۇل جاناب-لىرى، — دېدى دوكتور سىمىت ئىلتىجا بىلەن.

— دېمەكچىمەنكى، قەشقەر ئاجايىپ سىرلىق شەھەر، بۇ شەھەر بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، رۇسلار بىلەن ھەممە جەھەتلەردە بىۋاستە رىقابەتلىشىدىغان، ياق توغرىسى، بىۋاستە ئېلىشىدىغان بىر جەڭگاھ؛ يەنە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ شەھەرنى دۇنيانىڭ كىچىككىنە بىر سىياسىي مەركىزى دېسەكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن،

كەچۇرۇڭ، دوكتور جانابلىرى، گېپىم ئۇزىراپ كېتىدىغان بولدى، ئاخشام رۇسلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى باش كونسۇلىغا يوللىغان مەخ-پىي تېلېگرافىنىڭ مەزمۇنى مەسىلىنى چۈشەندۇرۇشكە يېتەرلىك پاكىت بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. مۇبادا، بىزنىڭ مەخپىي تېلېگراف شىفىرلىرىنى يېشىش تېخنىكىمىز تۆۋەن بولغان بولسا، بۇ مۇھىم سىردىن مەھرۇم قالاركەنمىز. ئۆزىڭىزگە مەلۇمكى، بىز ئۆزۈندىن بېرى رۇسلار بىلەن قەشقەرىيىنى تالىشىپ كەلمەكتىمىز. بۇ جەڭدە كىمنىڭ غەلىبە قىلىشى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس. لېكىن بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزغا ئىشىنىمەن. دوكتور جانابلىرى، شۇن-داق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، بۇ جەڭدە سىزگە ياردەمچى بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىسام ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلار ئىدىم، — دېدى سىمىت كەمتەرلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، — دېدى كونسۇل قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — رۇسلار خوجىنىيازنى قوللايدۇ. ھەتتا، خوجىنى-يازنىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ھازىر قەشقەردە. سابىت داموللىدىن بولسا بەك خەۋپسىرىمەيدۇ. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىز لازىملىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا سىزنىڭ تۈركىي ۋە پارسىي تىللارغا كامىللىقىڭىزنىڭ قەشقەردە ئۆز كارامى-تىنى تولۇق كۆرسىتىشىگە ئىشىنىمەن.

شۇ ئاردا باغنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىكى ياداڭلىقنىڭ دوقمۇشىغا سېلىنغان راۋاقتا كونسۇل خانىمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھېرىپمۇ قالغانسىلەر، راۋاققا چىقىپ قەھۋە ئىچكەچ پاراڭلاشساڭلار قانداق، جانابلار؟

— رەھمەت خانىم، ياخشى تەكلىپ بەردىڭىز، — دېدى كونسۇل. ئاندىن دوكتور سىمىتنى راۋاققا تەكلىپ قىلىۋېتىپ، —

بۇ راۋاقتا تۇرۇپ شەھەرنىڭ كۆپ قىسمىنى، جۈملىدىن شەھەر ئەتراپىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى، مەسىلەن، مەشھۇر تۇمەن دەرياسىنى، شامالۋاغ، سەمەن، قورغان، نەزەرۋاغ دېگەن گۈزەل جايلارنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلالايمىز. سۆھبىتىمىز تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ، — دېدى.

× × ×

سوۋېت كونسۇلىنىڭ ۋەدىسى تۆت كۈندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشتى. موسۇل بايلار قورال توغرىسىدىكى سودا كېلىشىمىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ، شۇ كېچىسىلا قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ كەتتى.

روزى كارۋان بىرنەچچە ئاي بۇرۇن ئۇششاقتالدىن ھاجىمنىڭ ئالدىغا خەۋەر ئېلىپ بارغاندا، «ئالتىشەھەر تەۋەسىدە مېنىڭ تاپىنىم تەگمىگەن يەر يوق» دەپ بىكار پو ئاتمىغانىكەن. ئۇ ھەمراھلىرىنى كەلگەن يول بىلەن ئەمەس، ئۆزى بەش قولدەك پىششىق بىلىدىغان يوللار بىلەن ئۇچتۇرپان تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن، شەھەر سىرتىدىكى يول ئېغىزلىرىدا كېچىلەپ ماراپ ياتقان چولاق زىخۇي چېرىكلىرى بارمىقىنى چىشلەپ قالدى.

# ئون بىرىنچى باب

## يول، كۈچاغا

*كـــۆزۈڭنـــى يـــۇم،*
*كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل.*
— جالالىدىن رومى

1

موسۇل بايلاردىن خەۋەر كۈتۈپ، ھەممەيلەننىڭ ئىچى تازا پۇشۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ماجۇگىيىڭ چېرىكلىرىنىڭ ئىستىھكامى تەرەپتىن بەش كىشى ئاتلىرىنى ئاستا يورتۇپ كېلىپ، پىدائىيلارنىڭ باشئەگىمىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇللىرىغا يېقىن بىر يەردە توختاپ قېلىشتى. ئۇلاردىن بىرى قولىدىكى ئاق بايراقنى تىنماي پۇلاڭلىتاتتى. قالغانلىرىنىڭ قولىدا ھېچقانداق قورال كۆ-رۈنمەيتتى. بايراق كۆتۈرگەن چېرىكنىڭ يېنىدىكى سەللىلىك ئاق-ساقال كىشى قوينىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى چىقىرىپ، پېشانىسىگە تەگكۈزدى ۋە ئۇنىڭ بارىچە توۋلاپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم غازىلار، بىز گاسلىڭ جانابلىرىدىن

ئەلچىلىككە كەلدۇق، نىيىتىمىزنىڭ خالىسلىقىغا مۇشۇ قۇرئان كەرىم گۇۋاھ، — دېدى.

— گاسلىنىڭ خوجىنىياز ھاجىغا خەت يازدى. مەن شۇنى ئۆزىڭگە بېرىدۇ، — دېدى ئاق بۆك كىيگەن سالاپەتلىك بىر خۇيزۇ كىشى ئاتتىن چۈشۈپ، ئاندىن بىر سېرىق لېپاپىنى كۆرسىتىپ ئالدىغا قەدەم تاشلىدى.

— توختا ئىزىڭدا! ئالدىڭغا ئۆزۈم بارىمەن، — ۋارقىرىدى مەنسۇر پەيجاڭ قولىدىكى ماۋزۇرنى بېلىگە قىستۇرۇۋېتىپ، — ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دېمەيدىغان بولسام، ئانىماناڭنى كۆرسىتىپ قويۇر ئىدىم.

مەنسۇر ھېلىقى كىشىنىڭ قولىدىكى لېپاپىنى يۇلۇپ ئېلىپ، «جاۋاب كەلگۈچە ھەممىڭ مۇشۇ يەردە قىمىرلاشماي تۇرۇش! بولمىسا كۆرۈۋاتامسىلەر» دەپ تاغ قاپتاللىرىنى كۆرسەتتى. تاشلىقلار ئارىسىدا ئوتتۇزدەك يىگىت مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، ھەيۋە بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. مەنسۇر شتاب تەرەپكە دەرھال ئات سالدى.

× × ×

— ئۇ لومودىنىڭ خېتىنىمۇ ئوقۇمايمەن، ئەلچىسى بىلەنمۇ كۆرۈشمەيمەن، تولا چىشىمغا تەگمەي كۆزۈمدىن يوقالغاي! — كايىپ كەتتى ھاجىم، مەنسۇر پەيجاڭنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ.

مەنسۇر پەيجاڭ ھاجىمنىڭ گېپىدىن مەمنۇن بولغاندەك، كىگىز ئۆيدىن ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتقاندا، مەھمۇت مۇھىتى ئۇنى توختىتىۋېلىپ لېپاپىنى قولىغا ئالدى ــ دە:

— ئۇنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشمىسەكمۇ مەيلى، خېتىنى ئوقۇپ باقساق يامان بولماس. ئۇ ھارامزادە يەنە نېمە ئويۇن

كۆرسەتمەكچىكىن، — دېدى.

— ئۆزلىرىزە، — دېدى بىر تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان ھاجىم بوينىنى تولغاپ. مەھمۇت مۇھىتى كۈلۈپ قويۇپ، خەتنى ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى.

— مانا قارىسلا، ئۇ تېخى ھاجى ئاكام بىلەن كۆرۈشكىلى تۇرپاندىن قارا شەھەرگە كېلىپمۇ بوپتۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى مەھمۇت مۇھىتى، — مانا بۇ يەرلىرى تېخىمۇ قىزىقكەن: «ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ بىر مۇنچە قان تۆكۈلدى. مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خىجىلمەن. سىز قاچانلا بولسا ئاتا مەن بالا. ماڭا ئىشەنسىڭىز قارا شەھەرگە كېلىڭ ياكى مەن ھۇزۇرىڭىزغا باراي. بۆلەكتىن سۆزلىشىپ، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكىدىغان ئىشلارنى توختىتايلى. بۇ ئىخلاسىمنى ئىزھار ئەيلىمەك ئۈچۈن، قارا شەھەر ئۆلىمالىرىدىن موللا سىدىق ئەئلەم بىلەن ئۆزۈمنىڭ مۇشاۋىرىم ما ئاخۇندىن ئۆزۈم ئوقۇپ يۈرىدىغان 〈قۇرئان〉 نى گۇۋاھلىققا ئەۋەتتىم. مۇبادا قارا شەھەرگە كېلىشنى-مۇ، مېنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا بېرىشىمنىمۇ مەقبۇل كۆرمىسىڭىز، ئىككى تەرەپ دەرھال ئۇرۇش توختىتىپ، سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى باش-ئەگىم چازىسىنى پاسىل قىلساق، مېنىڭ لەشكەرلىرىم شۇ پاسىلدىن نېرى ئۆتمىسە، سىزنىڭ لەشكەرلىرىڭىزمۇ بۇيان ئۆتمىسە، بۇنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن بىر پۈتۈم تۈزسەك دېيمەن. مەن يېقىندا ئۇرۇمـ چىگە ھۇجۇم قوزغايمەن. شېڭ شىسەي دېگەن ئەبلەخنىڭ جازا-سىنى بېرىمەن. مۇبادا يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان تەكلىپىمنى مەق-بۇل كۆرمىسىڭىز، ئۇ چاغدا مەندىن رەنجىمەڭ. مەن قۇمۇلغا لەشكەر ئەۋەتىپ شەھەر ـ يېزاڭلارنىڭ ھەممىسىنى تۈزلەپ تاش-لايمەن».

— ھوي، بۇ لومودىنـــى قارا! مېنـــى قورقۇتماقچـــمـــۇ

تېخى! — ھاجىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قولىدىن خەتنى يۇلۇپ ئالدى ــ دە، يىرتىپ تاشلىماقچى بولدى. مەھمۇت مۇھىتى ئۇنى توسۇپ:

— سەۋر قىلسىلا ھاجى ئاكا، ئۇ چىركىننىڭ خېتىنى قاچانلا بولسا يىرتىۋەتسەك بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ، ئاگال بىر مەسلىھەتكە كېلىۋالساقمىكىن دەيمەن، — دېدى.

— نېمە قىلاي دەيدىلا؟

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلساق بولماسمۇ؟ — دېدى مەھمۇت مۇھىتى. ئاندىن خەتنى قولىغا ئېلىپ، بەزى قۇرلارنى قايتىلاپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى، — مانا قارىسىلا، بىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىمىز راست بولۇپ چىقتى. ئۇ چىركىن ئىلىدىكى جاڭ پېييۈەن بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلماقچى. شۇڭىزە، باشئەگىم چازىسىنى پاسىل قىلىپ قويۇپ بىز تەرەپتىن خاتىرجەم بولماقچى.

— سىجاڭ توغرا ئېيتتى، — دېدى نەمەت خەلپەت، — دېمەك ئۇنىڭ قولى خېمىردا، بىز بىلەن سوقۇشۇشقا پۇرجىسى يوق. پالتا كۆتۈرگۈچە كۆتەك دەم ئاپتۇ دەپ، مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بىزمۇ ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى، ھاجى ئاكا!

— پۇرسـەت غەنـيمـەت، — تەكىتلـدى مەھمۇت مۇ-ھىتى، — بىز ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈم تۈزۈۋېلىپ يولىمىزغا راۋان بولايلى. ئۇنىڭغىچە قەشقەرگە كەتكەنلەرمۇ ئىشنى پۈتكۈزۈپ بو-لۇر. ئورۇسلاردىن قورال ئېلىۋالغاندىن كېيىن...

— بوپتۇ، شۇنداق قىلايلى، — دېدى ھاجى بىرئاز يۇم-شاپ، — ئەمما، ئۇ لومودىنى كۆرەر كۆزۈم يوق. مەنغۇ ئۆلسەممۇ ئۇنىڭ يېنىغا بارمايمەن. ئۇمۇ ئالدىمغا كەلمىسۇن، پۈتۈمنى نەدە بولسا تۈزسەك بولىۋېرىدۇ.

— ئۇنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بولسىمۇ كۆرۈشۈپ قويسىلا ئوبدان بولۇرمىكىن، — دېدى سالى دورغا خاۋاتىرلىنىپ.

— ياق دورغام، ئۇنىڭ ھېچنېمىسىنى كۆرەر كۆزۈم يوق، — دەپ يەنە كايىشقا باشلىدى ھاجىم، — قارىسىلا ئۇ كاززاپنىڭ ئىخلاسىغا «قۇرئان كەرىم» گۇۋاھ بولسۇن دېگىنىنى! ئۆز زامانىسىدا لى شۇفۇ دېگەن مەلئۇننىڭ تۆمۈر ئاكامنى «قۇر-ئان» بىلەن ئالدىغىنى ئۆلسەممۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ مېنىڭ!

شۇنىڭدىن كېيىن، ھاجىمنىڭ نامىدىن مەھمۇت مۇھىتى، سالى دورغا ۋە نەمەت خەلپەتلەر ماجۇڭيىڭ بىلەن پۈتۈم تۈزۈش ئۈچۈن قارا شەھەرگە ئاتلاندى.

ماجۇڭيىڭنىڭ ئەلچىلىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قارا شەھەرگە قايتتى.

2

قاراشەھەر پۈتۈمىگە بىنائەن، ئۇرۇش توختىتىلىپ باشئەگىم چارىسى پاسىل قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن پىدائىيلار قوشۇنى كۆچا تەرەپكە يۆزلەنمەكچى، مەنسۇر پەيجاڭنىڭ يىگىتلىرى باشئە-گىم چارىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى.

ھاجىم يولغا چىقىدىغان چاغدا مەنسۇرنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ماجۇڭيىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ ئۇكام. مۇبادا، ئۇ لومو-دى ۋەدىسىگە گويا قىلماي سىلەرگە چېقىلغۇدەك بولسا، بىزگە خەۋەر بېرىۋېتىپ دەرھال چېكىنىڭلار. مەن ئۇنى كۆچادا توسۇيا-لايمەن، — دېدى.

— مېنى ئاپام ئوغۇل دەپ تۇغقان ھاجى ئاكا! شۇنچە يىگىتلىرىم بىلەن مۇشۇكتىن قاچقان چاشقاندەك قاچىمەنما؟ —

دېدى مەنسۇر قاتتىق خورسىنىپ.

— ھەي داگـازا سىـرىـق، — دېدى ھاجىـم كۆلـۈپ تاشلاپ، — مەن سېنى قاچ دېمىدىم، چېكىنسەڭ بولىدۇ دەۋاتـمەن. ئۇتتۇز نەچچە ئادىمىڭ بىلەن نېمە قىلالايسەن؟

— بىز ھازىر ئۇتتۇز نەچچە ئەمەس، يۈزدىن ئېشىپ كەتتۇق. ئۆزلىرىنى بۇ يەردىن كېتىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، كورلا، بۈگۈر تەرەپلەردىن نۇرغۇن يىگىتلەر كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. ئۆلار ئۆلسەك ئۆلىمىزكى، تۇڭگانلارنى بۇ يەردىن ئۆتكۈزمەيمىز، دەپ قەسەم ئىچىشتى.

— ئەلنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت. ئەل ـ يۇرت دېگەن غۇلىماس تاغ، خورىماس دەريا، — دېدى ھاجىم، — ئەممازە قاراملىق قىلىپ خەقنىڭ باللىرىنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمە!

— خوپ، — دېدى مەنسۇر قەددىنى رۇسلاپ.

شۇ ئارىدا يىگىتلەر ئارىسىدىن مەڭىز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان پالۋان سۈپەت بىر يىگىت ھاجىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ موڭغۇلچە سالام بەردى ـ دە، بۇ يەرلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى مەنسۇر پەيجاڭنىڭ توپىغا قوشۇپ، باشئەگىم جىلغىسىـــدا قالدۇرۇشنـــى ئىلتىمـــاس قىلدى. ئۇنىڭ يېرىم ـ يارتا ئۇيغۇرچە بىلەن قىلغان بۇ گەپلىرىنى ھاجىم دەرھال چۈشىنىپ:

— يارايسەن يىگـــت، سورۇنجـــاپىنـــڭ روھـــى سېنى قولـلىسۇن! — دەپ رازىلىق بەردى. بۇ — قارا شەھەردىن پىدائىيـلارغا قوشۇلغان موڭغۇل يىگىتلىرىنىڭ بىرى، سورۇنجاپىنىڭ جىـيەن ئوغلى جاباباتۇ ئىدى. مەنسۇر پەيجاڭ ئۇنىڭ قەيسەر، كۈچـتۈڭگۈر ۋە ئۇستا مەرگەنلىكىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئۇنى شۇ يەردىلا مەھكەم قۇچاقلاپ قويىدى.

— هەر هالدا ئېھتىيات ئۈچۈن بۇلارغا يەنە بىرنەچچە تال مىلتىق قوشۇپ بەرمىسەك بولماس، — دېدى مەممۇت مۇھتى ھاجىمغا قاراپ.

— بۇ ياخشى گەپ بولدى، — دېدى ھاجىم، ئاندىن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئون تال مىلتىق يىغىپ بېرىشنى مېرۇل پۈگەنگە بۇيرۇدى ۋە ئارقىدىنلا، — مېرۇل ئۇكام، مۇرەڭدىكى قىلىچنىمۇ مەنسۇرغا بەر، — دېدى. مېرۇل پۈگەن ھاڭ - تاڭ قېلىپ، «ھاجى ئاكا، بۇ قىلىچ...» دېدىيۇ گېلىغا بىرنېمە قاپلىشىپ قالغاندەك، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي توختاپ قالدى.

— توغرا، بۇ قىلىچ، — دېدى ھاجىم، — تۆمۈر ئاكامدىن قالغان تەۋەررۇك. ئۇنى رەھمەتلىك مەڭلىك بالا تۇتقان، مەڭلىك بالىدىن ساڭا قالغان، ئەمدى بۇ قىلىچ مەنسۇرغا يولداش بولسۇن.

— ھاجى ئاكا، مەن بۇ قىلىچنى رەھمەتلىك مەڭلىك بالىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قەسەمياد قىلىپ قولۇمغا ئالغان، — دېدى مېرۇل ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، — ئەمدى...

— ھە ئەمدى، مەنسۇر سېنىڭ ئالدىڭدا قەسەمياد قىلىپ قولىغا ئالدۇ. بۇ قىلىچ قانلىق جەڭلەردە ساڭا قانداق مەدەت بەرگەن بولسا، ئەمدى مەنسۇرغىمۇ شۇنداق مەدەت بېرىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى.

ئىككى ئاي بۇرۇن مېرۇل پۈگەندىن مەڭلىك بالىنىڭ قانلىق جەڭلەردە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى، ئۆز مەھبۇبىغا بولغان ساپ مۇھەببىتى، بەختكە قارشى مۇرادىغا يېتەلمەي ياپياش تۇرۇپلا ياۋۇز كۈچلەرنىڭ قولىدا شېھىت بولغانلىقى ھەققىدىكى ئاجايىپ ھېكايىنى ئاڭلاپ، ئۇ ياش قەھرىمانغا نىسبەتەن غايىبانە قوزغالغان چەكسىز ھۆرمەت، قىزىقىش، ھەسرەت ۋە ئېچىنىش ھېسلىرى

هامان قەلبىدە ئۇرغۇپ تۇرغان تۇرسۇن، بۈگۈن مەڭلىك بالىنىڭ ئىسمىنى تەكرار ئاڭلاش بىلەن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقىنى ئۆزىگە ئاڭلىنىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. «دوستۇم مەڭلىك، سەن نېمىدېگەن بەختلىك! سېنىڭ تېنىڭ يىراقتىكى قۇمۇل تاغلىرىدىكى تاش قەبرىلەرنىڭ بىرىدە ياتسىمۇ، ئىسمىڭ سېنىڭ باشئەگىم جىلغىسىدا تىللاردا داستان بولماقتا» دەپ ئۆز – ئۆزىگە پىچىرلايتتى ئۇ خۇددى ئىلھامى كەلگەن شائىرلاغا ئوخشاش.

بەزىلەر ئاددىيلا قىلىپ «تۇرسۇن» ياكى «تۇرسۇن دولان» دېسە، بەزىلەر چاقچاق ئارىلاش «بالا دولان» دەپ ئاتايدىغان بۇ يىگىت مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتچانلىقى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ شائىرلاغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئۆزى شېئىر يېزىشنى بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭ باشئەگىمدىن كۈچاغىچە بولغان سەپەر ئۈستىدە يازغان يول خاتىرىلىرىدە شائىرانە تەسەۋۋۇرلار پات – پاتلا ئۇچرايتتى.

— تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ئېتىكى باشقا بىر ئالەمكەن، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — خۇددى بۇغدا كۆلنىڭ يۈزىدەك سۈپسۈزۈك ئاسمان، نە بۇلۇت، نە تۇمان، نە گۈلدۈرماما – چاقماقلار، نە شارىلداپ ياغىدىغان يامغۇر! قىزىق، ئۇرۇمچىنىڭ ھايت – ھۇيت دېگۈچە شار – شۇر قىلىپ يىغىپ كېتىدىغان يامغۇرلىرىنىمۇ سېغىنىپ قالىدىكەن كىشى! بىراق، بۇ يەرلەرنىڭ ھاۋاسى نېمىدېگەن يېنىك. نېمىدېگەن سۈزۈك – ھە، خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا يۈرگەندەك ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن...

كورلا، نېمىدېگەن چىرايلىق يۇرت. خۇددى كۆل بويىدىكى بوستانلىقلا ئوخشايدىكەن. چوڭ رەستىلىرى تار، ئارقا كوچىلى-

رى ئەگرى ـ توقاي، ئۆيلىرى پاكار بولغان بىلەن ھەممىلا يېرىدىن نەشپۈت پۇرايدىغان يۇرت ئىكەنغۇ بۇ! شەھەرنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ (ياق، ئۆستەڭ ئەمەس، كى-چىكرەك بىر دەريا) نىڭ شىشىدەك سۈزۈك سۈيى بىلەن ئۇنىڭ قوينىدا غەمسىز ئۈزۈپ يۈرگەن توپ ـ توپ بېلىقلار مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى. قېرىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دەريا باغراش كۆلىنى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقارمىش. كاشكى، مەن شۇ بېلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالسامچۇ، سۇنىڭ قارشىسىغا ئۈزۈپ باغراش كۆلىگە كىرسەم، شۇ كۆلنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرۈپ، تاھىر ئاققان ساندۇق-نىڭ قومۇشلار ئارىسىدا قالغان ئىزنالىرىنى تاپسام، تېپىپ كۆزۈمگە سۈرتسەم! ...

بۈگۈر ــ چوڭ يول ئۈستىدىكى كاتتا رابات، قوينى كەڭ، مېھماندوست يۇرت، ئۇسساپ كەلگەنگە سۇ، ئېچىرقاپ كەلگەنگە ئاش، ھېرىپ كەلگەنگە قونالغۇسى تەييار دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۈ-گۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن. شەھەر سىرتىدىن باشلاپ كوچا ـ كويلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تەۋەڭ ـ تەۋەڭدە نان ـ توقاچ، تاۋاق ـ تاۋاقتا سۈت ـ قايماق، سېۋەت ـ سېۋەتتە يەل ـ يېمىش، سۈگەن ـ سۈگەندە قوغۇن ـ تاۋۇزلار بىلەن بىزنى كۈتۈۋالغان توپ ـ توپ ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ئىللىق چىراي-لىرى بىلەن خۇش تەبەسسۇملىرى؛ بىر ياندا «ئامىن» دېگەن ھەيۋەتلىك سادالار، بىر ياندا ناغرا ـ سۇناي بىلەن نەغمە ـ ناۋالار قەلبىمنى دېڭىزدەك دولقۇنلاندۇرۇپ تاشلىدى.

«ئاۋۇ ئۆگزىدىكى قىز ـ جۇگانلارغا قارا، بىزگە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۈلۈۋاتىدۇ، ــ دېدى مېنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتى-ۋاتقان ھوشۇر ئاكام، كۆكرىكىنى غالىبلارچە كېرىپ، ــ بۇ تەرەپلەرنىڭ قىز ـ جۇگانلىرى بەك چىرايلىق بولىدىكەن ـ

ھە!» ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىنمۇ تولاراق، ئېگەردىن بىرەر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ غادىيىپ ئولتۇرۇشى ماڭا زادىلا ياقمىدى. شۇنداقتىمۇ «تولا ھەددىڭدىن ئاشما، ھوشۇر ئاكا! بولمىسا مودەنخان ئاچامغا ئېيتىپ، بۇرۇتۇڭنى يۇلدۇرۇۋېتىمەن» دېدىم گەپنى چاقچاققا ئۆ-رۈپ. ھەقىقەتتە بولسا، «بۇنچىلىك غادىيىشقا نىمە ھەققىمىز بار؟ بىز ئىنقىلاب قىلىپ خەلققە نىمە بېرەلىدۇق؟» دېمەكچىدىم. بۇنى دېمىدىم. ھەتتا، «ھەي ھوشۇر ئاكا، ئۆگزىدىكى قىز — جۇگانلارغا قارىغۇچە، ئاۋۇ يىرتىق كۆڭلـەك، يامـاق چاپـان ئادەملەرگىمـۇ، باش — كۆزى توپا، يالاڭ ئاياغ باللارغىمۇ قاراپ باقساڭچۇ» دېمەكچىدىم. بۇ گەپنىمۇ قىلمىدىم. «توختا، چوڭلار ئۆزىنى قانداق تۇتۇۋاتىدىكىن» دەپ سەپنىڭ بېشـغـا قارىدىم. بىراق، چاڭ — توزان ئىچىدە ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدىم. پەقەت، شۇ سەپنىڭ قۇيرۇق قىسمىدا كېتىۋاتقانلار ئىچىدىن توخنىياز زور بىلەن ئەنسارنى ھەر ئىككىسىنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلە-نىپ تۇرغان كەڭ يەلكىلىرىدىن تونۇپ قالدىم. ئۇلار ئېگەردە سەل ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ بىر نېمىلەر دېيىشىۋېتىپتۇ. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم. غۇلجىلىق ھېيتەم ئۆزىگە ئوخشاش كېلىشكەن شوخ جەدە ئات ئۈستىدە ئىككى ياندىكى خەلق توپىغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ خۇشال كېلىۋېتىپتىكەن، مېنى كۆرۈپ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. يەنە ھەمراھىم ھوشۇر ئاكامغا قارىدىم. ئۇ يەنىلا شالاڭ بۇرۇتىنى پات — پات سىلاپ، ئۇيان — بۇيانغا مەغرۇر قاراپ ئولتۇراتتى. خەلق توپى بولسا كىيىم — كېچەكلىرىدىن ھەربىي قوشۇنغا ئوخشىمىسىمۇ، جەڭ ئاتلىرى ئۈستىدە مۈرىلىرىدىكى مىلتىق — قىلىچلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان بۇ قوشۇنى-مىزغا زوقلىنىپ قاراپ، «ئامىن، ئامىن» دەپ تىنماي تۇۋلىشاتتى. قېرىلارنىڭ كىرپىكلىرىدىكى ياش تامچىلىرى شەبنەم دانىچىلىرى-

دەك پارقىرايتتى. ئېھتىمال ئۇلار تونۇگونلا چەنتۇ، سىڭكۇ دەپ ئىت ـ ئىشەكتىنمۇ بەتتەر خارلانغان بۇ مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆز پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تاپقان شۇنداق بىر قوشۇننى ئۆمۈرلىرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىدىغاندۇ، ئېزىلگەن كۆڭۈللىرىگە تەسەللى تېپىپ پەخىرلىنىۋاتقاندۇ. مەن شۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ھوشۇر ئاكام ئوغرى بولسىمۇ، توغرا بولسىمۇ شۇ قوشۇننىڭ بىر ئەزاسى؛ ئۆمرى غۇربەتتە، كۈنى كۈلپەتتە، جاھاندىن ھېچقانداق خۇشلۇق كۆرمەي ئۆتكەچكە، قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگە كىرگەن كونا جەڭچىلەرنىڭ بىرى دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ بايىقى قىلىقلىرىنى كەچۈرۈۋەتكۈم كەلدى. بىراق، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېنى غەش تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا يەر ئاستىدىن ھومىيىپ قاراپ قويدۇم...

باشئەگمىدىن چىقىپ، ئونلىغان ئۆتەڭلەرنى ئارقىدا قالدۇ-رۇپ گۈزەل كۈچاغا يېتىپ كەلگۈچە، گاھ ئوڭ تەرەپكە، گاھ سول تەرەپكە تولا قاراپ كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى دېسەم بولىدۇ. ئوڭغا قارىسام، ئاسمان ـ پەلەك ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ. ئۇنى شۇ تاپتا خۇددى چۆچەكلەردىكى ئاجايىپ يوغان مىس تەنلىك گىگانت پالۋاننىڭ سوزۇلۇپ ياتقان گەۋدىسىگە ئوخشاتقۇم كەلدىيۇ، «ياق، ياق، ئەلمىساقتىن بېرى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ھېچ يېرىدىمۇ ئۇنداق يوغان پالۋان بولمىغاندۇ» دەپ بۇ پىكرىمدىن دەرھال ياندىم. ئەگەر شۇنداق بىر پالۋان بولغان تەقدىردىمۇ، ــ دەپ ئويلىدىم يەنە، ــ ئۇنىڭ بېشىغا قاغا ـ قۇزغۇنلار قونۇپ چوقۇلا-ۋاتسا، چېچىۋاتسا، تولۇم چاشقانلار باغرىنى تېشىپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋاتسا شۇنىڭغا ماقۇل دەپ يېتىۋېرەرمۇ؟ ياكى ئۇ ئاپتاپسىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغانمىدۇ؟ ئۇخلىسىمۇ شۇنداق قاتتىق ئۇخلامدى-

غاندۇ؟ ياقەي، مەن خاتا ئويلاپتىمەن. خاتا كۆرۈپتىمەن. ئۇ ئويغىنىۋېتىپتۇ، ئويغىنىپ قىمىرلاۋېتىپتۇ! شۇنداق، ئۇ ئويغىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ — مىللەتنىڭ روھى، ئىپتىخارى! ئۇ ئۇخلاۋەرسە بولمايدۇ!

سولغا قارايمەن. يۇلغۇن چېچەكلىرىگە پۈركىنىپ ياتقان بىپايان ۋادا. تارىم ۋادىسى شۇ بولسا كېرەك. نېمىدېگەن كەڭ زېمىن! ئاشۇ تەڭرىتاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ قارىسىمۇ، ئۇنىڭ چېكى كۆرۈنمەس دەيمەن. مەن پەقەت ئاسمان گۈمبىزىنىڭ گىرۋىكى بىلەن بۇ ۋادىنىڭ يۈزى تۇتاشقان يەردىكى ئۇپۇق سىزىقىنىلا كۆرۈۋاتىمەن. شۇ سىزىق تەرەپتە گويا شارقىراپ ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسىنى، دەريا بويىدا قەد كۆتۈرگەن ساماۋى شەھەرلەرنى كۆرۈۋاتىمەن. ئەپسۇس، ھوشۇمنى يىغىپ قارىسام، خەلق تىلىدا «ئېزىتقۇ»، كىتابىي تىلدا «سەراپ» دەپ ئاتىلىدىغان خىيالىي مەنزىرىكەن. ئەجەب ئەمەسكى، بۇ خىيالىي مەنزىرە كۆزۈنلەرنىڭ بىرىدە رېئاللىققا ئايلىنىپ قالسا!

نېمىشقا شائىرلىقتىن بىر ئازراق نېسىۋەم بولمىغاندۇ! ئەگەر شائىر بولغان بولسام، قەلبىمدە بۇلاقتەك قايناۋاتقان ھېس — تۇيغۇلىرىمنى مىڭلارچە مىسرالارغا سىڭدۈرۈپ، ئاشۇ ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ بىلەن بىللە نۇرغۇن سىرلارنى قوينىدا يوشۇرۇپ ياتقان مۇشۇ بىپايان ۋادا ھەققىدە ئاجايىپ بىر داستان يازغان بولاتتىم...

بۈگۈن ئالتۇن قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۇپۇقنىڭ يۈزىنى شىھەت قىپقىزارتىشقا باشلىغان چاغدا، يىراقتىن زۇمرەتتەك يېشىل بىر بوستانلىق كۆرۈندى. كىمدۇر بىرى «ئەنە كۇچا، يېتىپ كەلدۇق» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى. قىبلىدىن چىقىۋاتقان شامال بىلەن گويا شۇ تاپتا سۇنبۇلۇ — رەيھان بىلەن ئالما،

ئانار، ئەنجۈر، شاپتۇللۇق باغلارنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماغلىرىمغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك سېزىلدى.
ئاھ گۈزەل كۇچا، داڭقىڭنى تولا ئاڭلاپ، سېنى بىر كۆرۈش-كە ئىنتىزار ئىدىم. ئاخىر سېنىڭ ۋىسالىڭگە يېتىدىغان بولدۇم.

# ئون ئىككىنچى باب

# سەكسەن قويغا بىر مىلتىق

*قولنى كەسمىگۇچە قان چىقمايدۇ.*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

سېخىي تەبىئەت كۇچا دىيارىدىن ھېچنېمىنى ئايىمىغانىكەن، ئەتراپى زۇمرەتتەك يېشىل باغ ــ ۋارانلار بىلەن قورشالغان بۇ شەھەرنىڭ ئىچىدىمۇ تولىدىن ــ تولا مېۋىلىك باغلار ياشىرىپ تۇرغاچقا، ھەممىلا يەردە تۇرلۇك ــ تۇمەن گۇل ۋە ھۆل مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ دېسەك، ھېچ مۇبالىغە بولماس.

ئۇنىڭ ئۇستىگە، «ئۇچا — كۇچانىڭ باغچىسى، باي — كۇچانىڭ ياغچىسى، شايار — كۇچانىڭ مالچىسى، بىجاق— كۇچانىڭ نانچىسى» دېگەن خەلق تەمسىللىرىمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغان. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى، تۆمۈر سىجاڭ «ئىسلام ئاچقان» كۇنلەردىكى ئۇرۇش قىرغىنچىلىقىنىڭ

بۇ شەھەر ۋۇجۇدىدا قالدۇرغان جاراھەتلىرى تېزلا ساقىيىشقا باشـ
لاپ، ئۇ يەنە بۇرۇنقى ئاۋادانلىق ھۆسنىگە توشماقتا ئىدى. كارۋان
سارايلىرىدىن رەستىلەرگىچە، ئاشلىق بازىرىدىن قايماق بازىرىغىچە،
ئېگەر – جابدۇق بازىرىدىن دوپپا بازىرىغىچە، يەنە مىسكەرچىلىك
ۋە تۆمۈرچىلىك بازارلىرى... ئىشقىلىپ، ھەممىلا يەردە
ئادەملەر توپى قايناپتتى. سامسخانىلار بىلەن ئاشپۇزۇللاردىن خېـ
رىدار قىچقىرغان شوخ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۇچانىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىـ
غان توختىنياز زور، ئەنسارى، ھېيتەم ۋە تۇرسۇنلار خېلى ئۇزاققىچە
بازار ئايلىنىپ، كۆن يانغاندا ھېيتەمنىڭ چارلىغۇچى قىسمى ئو-
رۇنلاشقان بىر چوڭ باغقا كىرىشتى. باغۋەن بوۋاي «ئۇسساپ
قالغانسىلەر» دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر سېۋەت شاپتۇل ئەكېلىپ
قويدى. شۇ ئارىدا ھوشۇر پەيجاڭ تەرلەپ – پىشىپ، ئۇلارنىڭ
يېنىغا كەلدى – دە:

— سوراپ يۈرۈپ سىلەرنى ئاران تاپتىم. ئاڭلىدىڭلارمۇ،
ھاجى ئاكام ئۆيلەنگۈدەك، — دەپ ھىجايدى.

— يوق يېمە! سەن كانتۇنىڭزە تاپمايدىغان گېپىڭ
يوق، — دېدى توختىنياز زور، يوغان ئالىقانلىرى بىلەن ئاغزىنى
سۈرتۈپ.

— چىنپۇتمىسەڭ مىرۇل پۇگەندىن سورا. ھاجى ئاكامنىڭ
ئالدىغان خوتۇنى ئەركەك چىۋىننىڭ قانىتىمۇ تەگمىگەن قىزكەن
دېگىنە تېخى!

— ھەي ھوشۇر ئاكا، خوتۇن توغرىسىدىكى گەپ بولسا
ھەممىدىن بۇرۇن سەن ئاڭلايسەن – ھە! ئۇنداق بولمىغۇر گەپـ
لەرنى قويۇپ، شاپتۇل يېگىنە، شاپتۇل. كۇچا شاپتۇلى نېمىدېـ
گەن شېرىن، — دېدى تۇرسۇن دولان سېۋەتنى ئۇنىڭ ئالدىغا

ئىتتىرىپ.

ھوشۇر پەيجاڭ ئۇلارنىڭ «يالغان ئېيتىۋاتىسەن» دېگەندەك قىلىپ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن خورسىنىپ، شاپتۇلغىمۇ قول ئۇزاتماي ئورنىدىن قوپتى.

— مودەنخان ئاچامغا قىسسىنىپ يېگۈڭ كەلمىگەن ئوخشايدۇ، سېۋەت بىلەن ئېلىپ كەت، — دېدى ھېيتەم چاقچاق قىلىپ.

ھوشۇر پەيجاڭ «ئاپاڭغا ئاپىرىپ بەر» دەپ ئاچچىقلانغان پېتى باغدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقى، بولۇپمۇ «چىنپۇتمىسەڭ مېرۇل پۇگەندىن سورا» دېگىنى بايا ئېيتقان گەپلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك دەلىل بولۇپ، ئەمدى بۇنىڭغا گۇمانلىنىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ توخنىياز زور «بۇ مۇمكىنمۇ» دېگەندەك قىلىپ ئەنسارىغا قارىدى. ئەنسارى مەيىن شامالدا ئاستا لىڭشىپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ باشلىرىغا قاراپ خىيال دېڭىزىغا چۆمگەنىدى: يىگىرمە يىل بۇرۇن، تۆمۈر ئاكام ياڭ جاڭجۈننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئۇرۇمچىگە كەلگەندە ھېلىقى سەتەڭ خوتۇن... ئاپلا، ئېتى نېمىدى ئۇ قانجۇقنىڭ؟ ھە... قەمبەرنىساخان، ھە... شۇ. ئۇنىڭ ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىككى تال چېچى خۇددى ئىككى قارا يىلاندەك تولغىنىپ تۇرىدىغان، سۇرمە تارتقان خۇمار كۆزلىرىنى سۈزۈپ، ئالتۇن ئۈزۈكلۈك بارماقلىرى بىلەن دۇتار چېلىپ ئولتۇرۇشلىرىچۇ تېخى! توۋا دېگۈلۈك، تۆمۈر ئاكامدەك ئەر ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىپ قالغان قوڭغۇزدەك ئاي — ئايلاپ ئۇنىڭ قېشىدىن چىقالماي قالغان — ھە! بۇ گەپلەرنى ھاجى ئاكامۇ ئاڭلىغانغۇ! يائاللا، بىز خەق، بىز ئۇرغۇي دېگەن خەق نېمە بولغاندىمىز؟ تېزىغــچە قــان كېچــپ يۈرۈپمۇ، ئەستاغ-پۇرۇللا...

ئەنسارى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ياڭ جاڭجۈننىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ خوتۇن ئالغانلىقى دەپ چۈشىنىدىغان بولغاچقا، «ھاجى ئاكام ئۆيلەنگۈدەك» دېگەن گەپ ئۇنىڭغا شۇنداق قورقۇنچلۇق تۇيۇلدىكى، بۇ بىر تىنىق ئارىسىدا ھوشىدىن كەتكەن بىمارغا ئوخشاپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، توختىنىياز زورنىڭ سوئال نەزەرى بىلەن يالت قىلىپ قارىغىنىنىمۇ تۇيمىدى.

بۇلتۇر قۇمۇلنىڭ تاراتۇ تېغى يېنىدىكى ئۆرۈكلۈك دېگەن يەردە ھاجىم شائىرە خوتۇن خەلىچە خېنىمنى نىكاھىغا ئالغاندا، توختىنىياز زور ھاجىمنىڭ يۈزىگىلا «ئابدىنىياز مىراب خوتۇننىڭ سىزىقىدىن چىقالماي ئەل - يۇرتنى تاشلاپ كەتتى. ھەممىمىز قان كېچىۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۆزلىرى خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىۋاتىدىلا، زادى ھېچقايسىلىرىغا ئىشەنگىلى بولمايدى-كەن» دېگەندە، ھاجى «ئىسلام شەرىئىتىدە ئۇرۇش كۈنلىرى خوتۇن ئېلىش ھارام دېگەن پەتىۋا يوق، ئاغىنە» دەپ كۈلۈپ قويغانىدى. توختىنىياز زور شۇ ۋەقەنى ئەسلەپ، «بۇ زادى نېمە گەپ» دېدى - دە، ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، ھاجىمنىڭ قارارگا-ھى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

ئۆز بەستىگە لايىق خۇددى يولۋاستەك چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىشقا ئۆگەنگەن توختىنىياز زوررەستىلەردە ئۇدۇل كەلگەن-نى مۈرىسى بىلەن ئىتتىرىپ، ھېچنېمىگە قارىماي مۇمكىنقەدەر چوڭراق قەدەم تاشلاشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى «ئىلاھىم بايىقى گەپ يالغان بولۇپ چىققاي» دېگەن بىرلا ئۈمىد چىرمىۋالغانىدى. بىردىنلا، قارا شەھەردىكى «كاڭدىن چىققان پەرىزات» ۋەقەسى يادىغا چۈشتى. ھاجىم شۇ چاغدا، ھوشۇر كانتۇنىڭ كاڭدىن چىققان ھېلىقى خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىۋالغانلى-

قىنى ئاگلاپ، توختىنياز زورغا «ماڭ، ئۆزۈڭ بېرىپ، ئۇ خوتۇن تالاقنى پۈت ــ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ھەيدەپ كەل، تېرىسنى تەتۈر سويغۇزمىسام ئۇنىڭ» دەپ ۋارقىرىغانىدى. «ئانداق بولغاندىن كېيىن، ــــ دەپ ئويلايتتى توختىنياز زور، ــــ ئەمدى ھاجىمنىڭ ئۆزى بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەس دەيمەن.»

بىراق، توختىنياز زور شۇ ۋەقەنىڭ ئاخىرىدا، ھاجىنىڭ ھېلىقى خوتۇن قۇدۇقتىن تېپىپ بەرگەن دۇنيادىپىنىنى كۆرۈپ، ھوشۇر كانتۇنىڭ گۇناھىدىن دەرھال ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئەسلىدى ــ دە، «بۇ قېتىممۇ شۇنداق بىر دۇنيا ــ دېيىنە باھانە بولۇپ قالمىغاي يەنە. ئىلاھىم ھەممىسى يالغان بولۇپ چىققاي، يالغان!» دەپ، ئۆز ــ ئۆزىگە پىچىرلاپ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ئۇنىڭغا ھاجىمنىڭ قارارگاھى بۈگــۈن گويــا يىــراقلىــشىــپ قالغاندەك سېزىلەتتى.

2

چوڭ رەستىدىن سەل چەتتىرەكتە يول ئۈستىگە جايلاشقان ھەشەمەتلىك بىر باغلىق ھويلا پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ باش قارارگاھى ئىدى. ئۈچ تەرىپى مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قورشالغان، تۈۋرۈك ۋە پېشايۋان لەمپىلىرى رەڭدار نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئىككى قەۋەتلىك بىنا بۇ ھويلىغا ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. قوشۇندىن ئۈچ كۈن بۇرۇن قەشقەر تەرەپتىن كوچىغا يېتىپ كەلگەن موسۇل بايلارمۇ شۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئورۇنلاشقانىدى.

ھويلىنىڭ يېرىم ئوچۇق تۇرغان قوش قاناتلىق دەرۋازىسى ئالدىدا بولسا ئادەملەر توپى مىغىلداپ تۇراتتى. كۆرۈنۈشىدىن

دېھقان، ھۈنەرۋەن، كاسىپ ۋە مەدرىسە تالىپلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىدى. ئۇلار دەرۋازىدىن كۆزىنى ئۈزمەي نېمىگىدۇر تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى. قورااللىق قاراۋۇللار ئۇلارنى ئىچكىرى كىرگۈزمەسلىككە تىرىشاتتى.

ئەتىگەندىن بېرى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق باشلىق-لىرى ئەنە شۇ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ئازادە مېھمانخانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىنىدىغان قورال - ياراغلارغا تۆلىنى-دىغان ھەقنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. كېڭەش قاتناشچىلىرىنىڭ چىرايىدىن ئۇلار-نىڭ ناھايىتى خاپا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چۈنكى موسۇل بايلارنىڭ قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى بىلەن تۈزۈشكەن سودا كېلىشىمى بويىچە، سوۋېت تەرەپ يۈز تالدىن ئوقى بىلەن مىڭ تال بەشئاتار سېتىپ بەرمەكچى بولغان؛ ھاجىم تەرەپ بۇنىڭ بەدىلىگە ئىككى ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان ئەركەك قويدىن سەكسەن مىڭ تۇياقنى بىرلا قېتىمدا تولۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىشى شەرت ئىدى. مۇنچىۋالا قوينى نەدىن ۋە قانداق قىلىپ تېپىش، تاغ - دەريالاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېت چېگرا-سىغا قانداق يەتكۈزۈش — بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ مەسىلە ئىدى.

قوشۇن باشلىقلىرى بۇ مەسىلىنى يالغۇز ئۆزلىرى ھەل قىلىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، كۇچانىڭ يەرلىك بايلىرىدىن بىر قانچىسىنىمۇ كېڭەشكە قاتناشتۇردى. مۇشۇ باغلىق ھويلىنىڭ ئى-گىسى مانتا چىراي كەلگەن تاقىربىلىش ئىسلام باي شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئاقىرىپ قالغان شالاڭ ساقىلى بىلەن خېلىلا قېرى كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشى چاققان قىلىپ ياسى-تىلغان چار ساقىلى، بۇرۇتى ۋە قويۇق قاشلىرى ئاستىدا يېرىم يۇمۇق كۆرۈنىدىغان كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە

ئايرىلىپ تۇراتتى. بۇ — ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتكەن ئۆزبېك بايلىرىدىن ئەزەمخان تۆرە بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقىدىن تولاراق بىلەرمەنلىكى ۋە گەپدانلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ قېشىدىكى ئاق يۈزلۈك، قارا ساقال كىشى چوڭ سودىگەر ۋە زور مۈلۈك ئىگىسى بولغاندىن تاشقىرى، چوڭ چارۋىدار بولغانلىقى بىلەنمۇ نام چىقارغان سادىق ھاجىم دېگەن كىشى.

ھاجىم بۇ كېڭەشتىن بۇرۇن، ھېلىقى كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغان كۈنىلا «مەن بۇ ئورۇسلارنى بۇنداق قىلۇر دېمەپتىكەنمەن، ھەممىسىگە قوي بەرسۇن دەپ، قارىغۇنى ياردىگىدا قىستىغاندەك بىزنى مۇنچە دىشۋارچىلىققا سالغىنى نېمىسى؟ ئۇچۇۋتەك ئادەم قەشقەرگە بېرىپ قىلىپ كەلگەن ئىشىڭلار شۇ بولدىمۇ؟» دەپ قايناپ كەتكەن؛ قاسىم ئەپەندىگە بولسا «سىز ئورۇس ئاغىنىلەرنىڭ زۇۋانىنى بىلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئوبدانراق ئېيتسىڭىز بولماسمىدى؟ زادى ئەپەندى خەق دېگەن...» دەپ كايىپ كەتكەنىدى. بۈگۈن كېڭەش باشلىنىش بىلەنلا:

— قېنى گىلاپنى ئوچۇق قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، ئەمدى بۇ دىشۋارچىلىقتىن قانداق قۇتۇلىمىز؟ — دەپ يەنە بىرمۇنچە چېچىلدى.

— مېنىڭغۇ سودىگەرچىلىكتىن ئانچە خەۋىرىم يوق، — دېدى نەمەت خەلپەت، — مىڭ تال مىلتىققا سەكسەن مىڭ قوي بېرىدىغان بولساق، بىر تال مىلتىق سەكسەن تۇياق قويغا توختىغان بولىدۇ. ھازىرقى نەرخى ناۋادا بىر تۇياق ئەركەك قوينى كەم دېگەندە ئىككى سەر كۈمۈش تەڭگە ھېسابلىساق، سەكسەن تۇياق قوي بىر يۈز ئاتمىش سەر تەڭگە بولىدۇ. بىر يۈز ئاتمىش سەر

تەڭگە ئون جىڭ كۈمۈش دېگەن گەپ. بىر تال مىلتىقنىڭ ئېغىرلىقىمۇ ئون جىڭ كېلەر دېمەك، بىز ئون جىڭ تۆمۈرنى ئون جىڭ كۈمۈشكە سېتىۋالغۇدەكمىز.

—مەھەم، بۇ ئورۇسلار بىزنى بەكلا ئاناي تېپىۋېتىپتۇ جۇمۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى سالى دورغا، — سەكسەن قويغا بىر مىلتىق! ئون جىڭ تۆمۈر — ئون جىڭ كۈمۈش. بولدى قىلايلىلا ھاجىم، بىز قولىمىزدا بىر تال كۆسەينىڭ تايىنى يوق چاغدىمۇ قوزغىلاڭ قىلىپ بۈگۈنگە يەتتۇققۇ.

قوشۇننىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك باشلىقلىرىدىن كۆتەككە ئوخشاش دىقماق كەلگەن ئىبراھىم تۇمنجاڭ بىلەن ئۈزۈنتۇرا سامساق تۇمنجاڭلار ۋارقىراشقا باشلىدى:

— دورغام توغرا ئېيتتى. بۇنداقمۇ ئاناي ئەتكەن بارمۇ كىشنى، بولدى قىلايلى ھاجى ئاكا! مىلتىق يېتىشمىسە قىلىچىمىز بار.

— توغرا، بولدى قىلايلى، سەكسەن مىڭ قوينى نەدىن تېپىپ بەرگۈدەكمىز؟

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىسىگە ياشقا تولغان ئەركەك قوي ئالغۇدەك تېخى!

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ۋەزمىن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ماجۇڭ-يىڭنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەردە ئىككى مىڭدىن ئوشۇق، تۇرپان تەرەپتە بەش ـ ئالتە مىڭ چېرىكى بارلىقىنى، قورالىرى ناھايىتى خىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈپ مۇنداق دېدى:

— قەشقەر يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلىشقىمۇ، ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى ئارقىمىزدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلسە ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىشكىمۇ قورال ـ ياراغ كېرەك ئاغىنىلەر. قولىمىزدىكى قورال ـ ياراغ بىلەن دۈشمەنگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. كۈچادىكى-

گە ئوخشاش سىپىمىزگە يېگىدىن يېڭى قوشۇلۇۋاتقان پىدائىيلارغا بەرگۈدەك بىر تالمۇ مىلتىق يوق. ئەنە قاراڭلار، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان يىگىتلەر نېمە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە بولسا بولسۇن، سەكسەن مىڭ قوي تېپىپ، ئاشۇ مىڭ تال مىلتىقنى ئالمىساق بولمايدۇ. ئەل ـ يۇرت بولغاندىن كېيىن بىر گەپ بولۇر.

— خەلپىتىم، — دېدى ھاجىم، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — قولىمىزدىكى نەق ئالتۇن ـ كۈمۈشكە قانچىلىك قوي ئالغىلى بولۇر؟

نەمەت خەلپەت بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، «تولا بولسا بەش ـ ئالتە مىڭ قوي ئالغىلى بولۇرمىكىن» دېدى.

— سىجاڭ توغرا ئېيتتى، — دېدى ئىسلام باي، — ئەلنىڭ قوينى كەڭ، قولى ئۇزۇن، كۈچا خەلقى قاراپ تۇرماس دەيمەن.

— نېمە، سىز يۇقىراغا ئالۋان سالاي دېمەكچىمۇ؟ — دېدى ھاجىم. ئۇنىڭغا ھوميىپ، — ئەل ـ يۇرتنىڭ بىزگە ئىش ـ نان، ئاتلىرىمىزغا يەم ـ خەشەك بەرگىنىمۇ يېتەر!

— يوقسۇ، مەن يۇقىراغا ئالۋان سالايلى دېمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى ئىسلام باي، — ساقالغا يېيىشقان چۆپ بىلەن قورساق تويماپتۇ دەپ، يۇقىرادىن يىغىلىدىغان چىشقاق قويلار بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بىزمۇ ئىككى كۈندىن بېرى ھەرقايسىلىرىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىمىز، قېنى تۆرەم، گەپ قىلسىڭىزچۇ!

ئەزىمخان تۆرە قېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ توغرىدا ئارتۇقچە غەم قىلىشماسۇنلەر. بۈگۈن ئاخشام ھاجىم جانابلىرى بىلەن خاس مۇلاقەتتە① بولۇپ، يالغۇز ئۆزىڭىزگە

---

① مۇلاقەت — ئۇچراشماق، كۆرۈشمەك.

ئېيتىدىغان مۇھىم گېپىم بار. بۇ غەملەرنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ، ئىنشائاللا!

— يالغۇز ماڭا ئېيتىدىغان نېمە گەپ ئۇ؟ — دېدى ھاجىم ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ. سورۇندىكىلەرمۇ ئەزىمخان تۆرىنىڭ گېپىگە ھەيران بولۇپ بىر – بىرىگە قاراشتى.

— كېيىن بىلىپ قالىسىز، — دېدى ئەزىمخان تۆرە مەنىلىك كۈلۈپ.

× × ×

شۇ كۈنى نامازشامدىن كېيىن مېرۇل پۇگەن ئەزىمخان تۆرە بىلەن ئىسلام بايىنى ھاجىمنىڭ ياتاق ئۆيىگە باشلاپ كىردى. پاتىھە دۇئاسىدىن كېيىن، ئەزىمخان تۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جانابىڭىزنى ئوتتۇز مىڭ قوي ۋە يەنە ئون سەككىز ياشلىق بىر نازىنىن قىز بىلەن تەبرىكلەيمىز. بىزگە سۆيۈنچە بېرەرسىز ئەلۋەتتە، — دەپ كۈلدى.

— نېمە گەپ ئۈزى؟ چاقچاق قىلماڭ تۆرەم، — دېدى ھاجىم ھاڭ – تاڭ بولۇپ.

ئەزىمخان تۆرە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— سادىق ھاجىم ئىنقىلاب مەنپەئىتىگە ئوتتۇز مىڭ تۇياق ئەركەك قوي ئىئانە قىلماقچى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ھاجىم ئۇنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى قەمبەرنىسا خېنىمنى رەسمىي ئەلچىلەر ئارقىلىق ئۆزىگە سورىتىپ نىكاھىغا ئېلىشى ۋە سادىق ھاجىغا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ دوتەيلىك مەنسىپىنى، ھېچبولمىغاندا مۇئاۋىن دوتەيلىكنى بېرىشى لازىم.

ھاجىم ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ ئۇيان – بۇيان مېڭىشقا

باشلىدى ۋە ئاخىر ئەزىمخان تۆرىنىڭ ئالدىدا توختاپ، بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ھازىرقى مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن بۆلەك يول يوق، ھاجىم جانابلىرى، — دېدى ئەزىمخان تۆرە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىڭىز ئەتە جاۋاب بېرەرسىز.

× × ×

ھاجىم ئۆز سەپداشلىرى بىلەن پىرىم كېچىگىچە مەسلىھەتلەشتى.

— ئوتتۇز مىڭ قوينىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگىنىغۇ ياخشى ئىش بولدى، ئەمما، شەرتى بەك ئېغىركەن. دوتەيلىك مەنسىپىغۇ كېيىنكى گەپ، ھازىر سادىق ھاجى تۇرماق، ئۆزىمىزگە بەرگۈدەكمۇ مەنسەپ يوق. لېكىنزە، مۇشۇنداق كۈنلەردە توي قىلىپ يۈرسەك قانداق بولۇر؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— قوينىڭ غېمى ئۈستىگە، توي غېمىنى بەرگەن خۇدايىمغا رەھمەت، — دېدى نەمەت خەلپەت پىخىلداپ كۈلۈپ.

— ھاجىمنىزە ئاپىسى بەكلا تەلەيلىك تۇغۇپتىكەن، قومۇلدىكى ئىككى خېنىمنىڭ ئۈستىگە، كۇچا خېنىمنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگىنىنى قارىسىلا، — خى – خى – خى، دەپ كۈلدى موسۇل بايمۇ نەمەت خەلپەتكە قوشۇلۇپ.

— ئاكا، بۇ چاقچاق قىلىشىدىغان گاخ ئەمەس، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى موسۇل بايغا ھومىيىپ، — ھاجى ئاكامنى تەڭلىكتە قويماي ياخشى مەسلىھەتنىڭ بولسا بەرگىن.

— مەھەم، بۇ بايلارغا چىشىمىزنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويساق شىللىمىزگە مىنەي دەۋاتىدۇ، — دېدى سالى دورغا قوشۇ-

مسىنى تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىغۇچە، قويى جىق بايلاردىن زورلۇق بىلەن تارتىۋالساقلا بولمىدىمۇ؟

ئۆينىڭ ئىچىنى شۇنچىلىك جىمجىتلىق بېسىپ كەتتىكى، يوغان كىرسىن لامپىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن پەرۋانىلەرنىڭ لامپا شىشىسىگە ئۇرۇلغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— ئۇنداق قىلساق بولماس، شەرىئەتتە بۇنىڭغا يول يوقتۇ، — دېدى ھاجىم نەمەت خەلپەتكە قاراپ.

— ئىسلام شەرىئىتىدە گۇناھسىز كىشىگە زورلۇق ئىشلىتىش-كە يول يوق، خۇسۇسەن مۆمىنلەرگە، — دېدى نەمەت خەلپەت كەسكىن جاۋاب بېرىپ.

— ئىسلام شەرىئىتىدە زورلۇق ئىشلىتىشكە يول يوق بولسا، ئۇچ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول بار، — دېدى موسۇل باي، — كۇچا خېنىم ئوتتۇز مىڭ قوينى بىللە ئېلىپ كەلسە، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟

— ئاكا، سىنى جىمغۇر دەپ يۈرسەك، ئەمدى تىلىڭ كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇراپ كېتىۋاتىدىغۇ! — دېدى مەھمۇت مۇھىتى، — گەپ دېگەننى ئويناپ قىلساڭمۇ ئويلاپ قىلىدىغان نېمە! يىگىنە قايان ماڭسا يىپمۇ شۇ يان ماڭىدۇ دەپ، پۈتۈن قوشۇننىڭ بېشى بولغان ھاجى ئاكام جەڭ ئۈستىدە خوتۇن ئالسا قالغانلار قانداق قىلىدۇ؟ بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز بىردىن خوتۇن-نىڭ قوينىغا كىرىپ كۇچادا قالغاي دەمسەن؟

— توغرا، توغرا، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— بولدى، — دېدى ھاجىم قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — كاللىمۇ يېمەيمەن، چىشىمۇ چاقمايمەن. ئورۇسلار بىلەن تۈزگەن سودا پۈتۈمى جايىدا قالسۇن. ئەتە تەۋەككۇل قىلىپ قىشقەر تەرەپكە ماڭىمىز. قالغىنىغا ئاللا كېپىل.

ئۆينىڭ ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. سورۇندىكىلەر

بىر ـ بىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا قاسىم ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مېنىڭچە، — دېدى ئۇ بۇرۇتىنى ئويناپ تۇرۇپ، — هاجى ئاكامنىڭ گېپىمۇ توغرا، سىجاڭنىڭ گېپىمۇ توغرا. بىراق، بىزنىڭ قازاقتا مۇنداق بىر ماقال بار:

ئاتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ئېغىزدۇرۇق بىلەن سۇ ئىچەر،
ئەرنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.

بۈگۈن بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەنىكەن، بۇ بايلارنىڭ شەرتىگە كۆنمەي ئىلاجىمىز يوق.

— سىزنىڭ گېپىڭىز شۇمۇ؟ — سورىدى هاجىم.

— باشقا نېمە ئىلاج بار، هاجى ئاكا؟

— هاجىم، — دېدى موسۇل باي قويۇن يانچۇقىدىن سائىتىنى چىقىرىپ، — تۈن نىسپىدىن ئېشىپتۇ. ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى بار ئەمەسمۇ!

× × ×

ئۇلار ئەتىسىمۇ چۈش ۋاقتىغىچە تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئاخىر ھېلىقى شەرتلەرگە كۆنىدىغان بولۇشتى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن، ئەزىمخان تۆرە بىلەن ئىسلام بايلار هاجىمدىن «ماقۇل» جاۋابىنى ئېلىپ ئۇنى تەبرىكلەشتى ۋە سادىق هاجىنىڭ ئۆيىگە هازىرلا ئەلچىلىككە بارىغانلىقىنى ئېيتتى.

## 3

توخنىياز زور چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن هويلىغا كىرىپلا مېرۇل پۈگەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ

نېمە ئىشلار بولغىنىنى سورىدى. مېرۇل پۈگەن ئىككى كۈندىن بۇيان بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى ـ دە، بۈگۈن ئاخشام نىكاھ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئېغىر تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ئاياغلاشقۇچە، توختىنياز زور ئۆزىنىڭ شالاڭ كەكە ساقىلىنى يۇلۇپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدە تاتىشتۇرۇپ، بىرقانچە قېتىم «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ تاشلىدى ۋە ئاخىردا مۇنداق دېدى:

— بۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلىمىغان بولسام، بايىقى ئاچچىقىمدا ھاجىغا دەيدىغىنىمنى دەپ تاشلاپ يۇرتقا كەتمەكچىدىم. ھەممىسى شۇ مىلىك تال مىلتىق ئۇچۇن بولدى دېگىنە ئۇكا، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ھاجى ئاكامنىڭ ئورنىدا سەن بولساڭ قانداق قىلۇر ئىدىڭ؟ — دېدى مېرۇل پۈگەن غەمكىن كۈلۈمسىرەپ.

× × ×

ئۇچ كۈندىن كېيىن ھاجىمنىڭ قېشىغا ئەنسارى كىرىپ كەلدى.

— ئولتۇر ئۇكام، تاۋۇڭ يوقمۇ نېمە، چىرايىڭ بىر قىسمىلىغۇ؟ — دېدى ھاجىم مۇلايىملىق بىلەن.

— ماڭا رۇخسەت بەرسىلە، يۇرتقا كېتەي ھاجى ئاكا، — دېدى ئەنسارى ئۆرە تۇرغان پېتى.

— نېمە بولدى، سىنى بىرى خاپا قىلىپ قويدىمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمىشقا كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟

— ئەل ـ يۇرتنى كۆرمىگىلى يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلەرنى بەكلا سېغىنىپ كەتتىم.

— ئۇغۇ شۇنداق، مېنى سېغىنمىدى دەمسەن؟ كېيىن بىللە كېتىمىز.

— ياق ھاجى ئاكا، ئۆزلىرىنىڭ يۈكلىرى ئېغىر، يۇرتقا ئۇگاي كېتەلمەيدىلا.

— تولا گەپ قىلما، كېيىن بىللە كېتىمىز.

— ياق ھاجى ئاكا، مەن بۈگۈنلا كېتىمەن.

— ھەي، راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ ئۇكام، زادى نېمە بولدۇڭ؟

ئەنسارى بىردەم جىم تۇردى ـ دە، مۇنداق دېدى:

— تۆمۈر ئاكام تولا چۈشۈمگە كىرىپ بولمايدۇ، ئاخشامۇ ئۇ رەھمەتلىكنى چۈشەپ قاپتىمەن. تۆمۈر ئاكامنىڭ ئۇرۇمچىدە ئالغان ھېلىقى خوتۇنىنىڭ ئۆيى دېگۈدەكمەن. تۆمۈر ئاكام شۇ ئۆيدىن بىر دۇتارنى ئاچىقىپ ماڭا كۆرسىتىۋاتقۇدەك، قارىسام دۇتارنىڭ قورسىقىدىن قىپقىزىل قان ئېقىۋاتقۇدەك، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. مەن كېتەي ئاكا، ماڭا رۇخسەت بەرسىلە.

ھاجىم ئەنسارىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئەمدى چۈشەندى چېغى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇڭ قولىنى ئەنسارىنىڭ مۈرىسىگە تاشلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

— قوي مۇنداق گەپلىرىڭنى! چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ، دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ دېگەن گەپ بار. خۇدا بىزنى مورى دېگەن يۇرتنىڭ چۆللىرىدە قايتا ئۇچراشتۇرغاندا، ماڭا دېگەن گەپلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ تېنىمدە جېنىم بار بولىدىكەن، سەندىن ئايرىلمايمەن دېمىگەنمىدىڭ!

— ھاجى ئاكا!...

— ياق دېدىم ياق! يەنە كېتىمەن دەپ جودا قىلىدىغان

بولساڭ، توكۇر پۇتۇڭغا كىشەن سالدۇرۇپ قويىمەن، سەن ئافساق-ىنىڭ، — دەپ كۆلدى ھاجىم ئۇنى قوچاقلاپ تۇرۇپ.

× × ×

سادىق ھاجىدىن كېيىن، كوچا، شايار، توقسۇ ۋە باي ناھىيە-لىرىدىكى چوڭ ــ كىچىك بايلار، ھەتتا قول ئىلكىدە بارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدى بىر ــ ئىككى مىڭ، ئاخىرى ئىككى ــ ئۈچ يۈز تۇياقتىن قوي ئىئانە قىلىشتى. قوي يىغىش ئىشىغا موسۇل باي مەسئۇل ئىدى. ئۇ ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كەلپىن، ئاۋات تەرەپلەردىن قوي ئىئانىسىنى توپلاشقا مېڭىش ئالدىدا، چوڭلارغا ھېساب كۆرسىتىۋېتىپ، كوچا ئەتراپىدىن جەمئىي قىرىق سەككىز مىڭ تۇياق قوي يىغىلغانلىقىنى ئېيتتى.

× × ×

كۈزنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قوشۇن ئاقسۇ تەرەپكە ئاتلانماقچى بولدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى، سالى دورغا تۆت ــ بەش يۈز يىگىت بىلەن كوچادا قالىدىغان بولۇپ، شەھەر ئىچىدىن چوڭ يول ئۈستىدىكى ساقساق دېگەن مەھەللىگە يۆتكىلىپ چىقتى ۋە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئوغرىلىقچە ئۆيلىنىۋالغانلارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ ھەممىسىنىڭ خوتۇنلىرىنى قويغۇزۇۋەتتى.

— شەھەر ئىچىدە يەنە بىرەر ئاي تۇرغان بولساق، ئادەملى-رىمىزنىڭ ھەممىسىنى يىتتۇرۇپ قوياركەنمىز، — دېدى ئۇ كىنايە بىلەن كۈلۈپ.

— بۇ تەرەپلەردە خوتۇن ئالماق، تۇگمەنگە بېرىپ ئۇن

تارتىپ كەلمەكتىنمۇ ئاسانىكەن. بىر كىيىملىك رەخت، ئىككى بولاق قەنت، بەش نان، ھە يەنە موللامغا يىپرىم سەر تەڭگە، ئىش تامام ۋەسسالام، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلدى ئۇزۇنتۇرا سامساق تۇەنجاڭ.

— ئەمدى بۇنداق ئىشلارغا ھەرگىز يول قويمىغۇلۇق، بولمىسا ماجۇگىيىڭنىڭ چىرىكلىرى كېلىپ قالسا...

— ھە، ئۇلار كېلىپ قالسا، بىزنى جەڭ مەيدانىدىن تاپالماي، يوتقان ئىچىدىن سۆرەپ چىقىپ قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاۋېرىدۇ دېيىسلە دورغام، — دېدى سامساق تۇەنجاڭ سالى دورغىنىڭ گېپىنى ئاغزىدىن يۇلۇۋېلىپ.

دەرۋەقە، ماجۇگىيىڭنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ قاچانلا بولسا بىر كۈنى قارا شەھەر پۇتۇمىنى بۇزۇپ، بۇ تەرەپلەرگە باستۇرۇپ كېلىشى چوقۇم ئىدى. قوشۇن باشلىقلىرىلا ئەمەس، خەلق كۆپچىلىكمۇ شۇنىڭدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئىككى ئاي بۇرۇن پىدائىيلار قوشۇنى كۇچاغا كىرگەندە، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ «نىجاتچىسى ۋە باشپاناھى» دەپ بىلگەن كۇچا خەلقى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئازراق ئادەم قالدۇرۇپ ئاقسۇغا كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاچ تېخىمۇ خەۋپسىرەپ قېلىشتى. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىدا بۇ قوشۇننى داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ كاناي بىلەن خۇشال قارشى ئالغان بولسا، ئەمدى ئۇلارنى غەمكىن ئۇزاتماقتا ئىدى. شەھەرنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قوللىرىغا نان ـ توقاچ، پىشۇرۇلغان گۆش ۋە باشقا تۈگۈنچەكلەرنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى مەيۈس، كۆزلىرى ياشلىق كۆرۈنەتتى.

— بۇلار بىزنى تاشلاپ كەتتى، ئەمدى تۈگكانلار كەلسە بېشىمىزغا نېمە كۈنلەرنى سالاركىن؟! — دېدى بىر بوۋاي يېنىدىكى ھەمراھىغا.

— بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىشقۇ تۇرغان گەپ. سەن كۇچالىقلار خوجىنىيازغا قوي بېرىپسلەر دەپ قىرغىن قىلمىسىلا بولاتتىغۇ!
— قوي بەرسە بايلار بەردى، سىلى بىلەن بىزگە نېمە؟ — دېدى قاتاڭغۇر كەلگەن بۇرۇتلۇق كىشى.
— سىلى قوي بەرمىگەن بىلەن بىر ئوغۇللىرىنى پىدائىيلارغا قوشۇپ بەردىلىغۇ، بۇنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ — دېدى قىزىل يۈزلۈك سېمىز بىر ئادەم.
— بالىسىنى پىدائىيلىققا بەرگەن يالغۇز مەنمىدىم!
— ئانداق بولغاندىن كېيىن قوي بەرگەنلەرنى چىشلەپ تارتمىسىلا.
— مەن سىلىنى دېدىممۇ؟
— ئەمىسچۇ!
— بولدى قىلىشسىلا، ئەزىزلىرىم، ھەممىلىرىنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ قاپتۇ، — دېدى ھېلىقى بوۋاي ئارىغا كىرىپ، — قەدىم ــ قەدىمدىن بۇيان، يېغىلىق بولسا كەلگۈلۈك پۇقراغا كېلىدۇ. بىزمۇ بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز. ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي دەپتىكەن.
ئۆز ئېتى ۋە ئۆزى ياسىۋالغان قىلىچ ــ نەيزىلىرى بىلەن يۇرت ــ يۇرتتىن قوشۇلغان پىدائىيلار ھېسابىغا زور بىر توپقا ئايلانغان قوشۇن ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، ئاسمان ــ پەلەك چاڭ توزدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇ قوشۇننىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە پۇتلىرى ئۇزۇن بىر جەدە قاشقا پەردىسى قايرىپ قويۇلغان ئېگىز چاقلىق كۇچا مەپىسىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بوينىدىكى مىس قوڭغۇراقلار بىر خىلدا جىرىڭلايتتى. مەپىنىڭ شوتىسىغا خۇددى قارىچۇغىدەك ئەپلىك قونۇۋالغان كەكە ساقال مەپىكەش قولىدىكى قىسقا قامچىسىنى پات ــ پات پۇلاڭلىتىپ قوياتتى.

گاھىدا شوتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ يالاق ماڭاتتى. مەپىنىڭ ئارقى-سىدا بىر توپ قوراللىقلار كېتىۋاتاتتى. توپتىن بىر قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان ھوشۇر پەيجاڭ ئېگەرگە قىڭغىر ئولتۇرۇۋېلىپ دىمىغىدا ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتى.

مەپىنىڭ ئالدى تەرىپىدە قىلىن گۈللۈك شايى رومال ئوراپ، يېشىل مەخمەل كەمزۇل كىيىۋالغان مودەنخان پۇتلىرىنى ساڭگىلى-تىپ ئولتۇراتتى. مەپىنىڭ ئىچىدە بولسا ئۈستىگە كەشتە بېسىلغان ئۆرە ياقىلىق زەرباپ تون، بېشىغا ئالتۇن قاداقلىق كۆچا دوپپىسى كىيگەن بىر ئايال ئولتۇراتتى. بۇ سادىق ھاجىمىنىڭ قىزى قەمبەر-نىسا خېنىم ئىدى. بۇ قىز ھاجىمىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن كېيىن كۆچا خېنىم دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

كۆچا خېنىمنى كېيىنكى كۈنلەردە مۇئەللىپىنىڭ ئۆزىمۇ كۆرگەن. بىراق، بۇ بىرنەچچە يىل كېيىنكى ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە مۇئەللىپ ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. ياخشىسى، ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش ۋە سەپداش بولغان تۇرسۇن دولاننىڭ خاتىرە دەپتىرىگە مۇراجىئەت قىلغان تۈزۈك:

... مەن كۆچا خېنىمنى بىرنەچچە كۈنلەر بۇرۇن يىراقتىن بىر كۆرگەنىدىم. بۈگۈن يېقىندىن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — ھاجى ئاتام ئاقسۇغا مېڭىش ئالدىدا، خەت ـ چەكلىرىنى رەتلەپ يىغىشتۇرۇشقا مېنى ئۆز ھۇجرىسىغا چاقىرتقانىكەن. بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشىم بىلەن كۆچا خېنىم يۈزىنى يېرىم يېپىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ھاجى ئاتام ئۇنىڭغا:

— بۇ بالىدىن قاچمىسلامۇ بولىدۇ، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمغا ئوخشاش، — دېدى، ئاندىن ماڭا قاراپ، — قومۇلچە ئېيتساق،

بۇ سىڭىلنىڭ ئايلا ئاپاڭ، كۈچاچە ئېيتساق، سىڭىلنىڭ خانئاچاڭ بولىدۇ، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا دەرھال سالام قىلدىم. ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ، سىپايىلىك بىلەن ئازراق ئېگىلىپ قويدى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق خۇش پىچىم، مېھرى ئىسسىق گۈزەل قىزنى كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرى، قايرىلما كىرپىكلىرى بىلەن شەھلا كۆزلىرى، سەل سوزۇنچاق يۈزىگە ياراشقان چىمدىپ قويغاندەك بۇرنى، ياقۇتتەك قىزىرىپ تۇرغان نېپىز لەۋلىرى، كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئىلىپتەك تۈز سەرۋى قامىتى، سۇمبۇل چاچلىرى... ئۇنىڭ ئۇستىگە، چىرايىدىكى مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىگە ياراشقان بىر خىل سىپايىلىك... ئەگەم ئاللا ئايال زاتىدا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەللىكنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ قىزغا بەرگەنمىكىن — ھە! ياكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بولغان كۈسەن ئۇيغۇرلىرىدىكى ئىرسىي گۈزەللىكنىڭ بۈگۈنكى ئۇيغۇر قىزلىرى سىماسىدا قايتا نامايان بولۇشىمىكىن!

بىراق، ئۇنىڭ شۇ غەمسىز كۆرۈنگەن گۈزەل جامالىدا خۇددى تولۇن ئاينىڭ يۈزىدىكى داغلارغا ئوخشاش قانداقتۇر غەم — غۇسسە ۋە ئەلەم — ھەسرەت داغلىرىنىڭ سايىسى باردەك تۇيۇلۇپ تۇراتتى ماڭا. دېمىسىمۇ ئەمدىلا ئون سەككىز يېشىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ قىزنىڭ ياش يۈرىكىدە خۇددى ئەۋرىشىم چاچلىرىدەك نازۇك ھېس — تۇيغۇلىرى، شەھلا كۆزلىرىنىڭ نىگاھىدەك خىيالچان ئىستەك — ئارزۇلىرى بولغاندۇ، ئۇنىڭمۇ ياش يۈرىكى باشقا قىزلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىختىراس بىلەن پىچىرلىغاندۇر. مانا ئەمدى شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسى سادىق ھاجىمنىڭ رايى بىلەن بىردەمدە يوققا چىقتى. ئۇ خۇددى سوۋغاتلىققا بېرىلىدىغان قىممەت باھالىق بىر پارچە رەخت ياكى بىر يورغا ئات

سۈپىتىدە ھاجى ئاتامغا تەقدىم قىلىندى. ھېچكىم ئۇنىڭ رايىنى سورىمىدى، ئەلۋەتتە سورىمايدۇ ھەم. مېنىڭ بۇ ئۇن سەككىز ياشلىق «خانئاچام» نېمىدېگەن بەختلىك، ھەم نېمىدېگەن بەختسىز!

ئاھ، ئۇيغۇر قىزلىرى!

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، بىردىنلا ئۇرۇمچىدە قالغان سۆيۈملۈكۈم زۇبەيدە ئېسىمگە چۈشتى. ئاھ، مېنىڭ قارا كۆز زۇبەيدەم. سېنىڭ تەقدىرىڭ، ياق، ياق، سېنىڭلا ئەمەس، بىز ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى نېمە بولۇپ كېتەر؟ مۇبادا دۆلەتمەن باي داداڭمۇ سېنىڭ رايىڭغا باقماي، مېنى ھېچنېمىسى يوق يېتىم ئوغۇل دەپ قالسا... يا خۇدا، ئۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلغايسەن!

## ئون ئۈچىنچى باب

# «مېنىڭ بۇ بېشىمغا تاج ياراشمايدۇ»

*سۆزۈڭ بولاق ئۈستىكە يۈندا سىپ-*
*مەسلىك كېرەك.*

— سەييىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»

بۇ بابتىكى ۋەقەلەرنى تۇرسۇن دولاننىڭ ھېكايىگە ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىسىدىن ئاڭلاشقا توغرا كېلىدۇ:

ئاقسۇدىكى كۈنلىرىمىزدە تاسادىپەن ئىككى مۇھىم تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىتى بولۇپ قالدىم، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — بۇنىڭ بىرى، ستالىننىڭ ھاجى ئاتامغا سوۋغات ئەۋەتكەنلىكى؛ يەنە بىرى، ھاجى ئاتامنىڭ قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ «رەئىس جۇمھۇرى»لىق مەنسىپىنى رەت قىلىغانلىقى ئىدى.

بىز ئاقسۇغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ھېلىقى سەكسەن مىڭ قوينىڭ بەدىلىگە ۋەدە قىلىنغان مىڭ تال مىلتىقنىڭ ئالدى ئۈچ-تۇرپان — قاراقول چېگراسى ئارقىلىق ئاقسۇغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بىز بۇنى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە قىلغان خەير-

خاھلىقى دەپ چۈشىنىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇق. چۈنكى بىزنىڭ
قويلىرىمىز چېگرىدىن تېخى تولۇق ئۆتكۈزۈلۈپ بولمىغانىدى.
ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىدىن باشلاپ، شتاب ھويلىسىغا ئىككىدىن
ئۈزۈنچاق ساندۇق ئارتىلغان كارۋان ئاتلىرى كىرىشكە باشلىدى.
بەزىلەر ساندۇقلارنى چۈشۈرۈپ، ئامبۇر ـ قىسقۇچلار بىلەن ئېپ-
چىشقا ئالدىرىسا، بەزىلەر ساندۇقتىن چىققان مىلتىقلارنىڭ مايلى-
رىنى سۈرتۈپ تازىلايتتى. مېنىڭ ۋەزىپەم مىلتىقلارنى ئۆز نومۇر-
لىرى بويىچە تىزىملاش ئىدى. بەزىدە ھاجى ئاتام ئۆزىنىڭ سەپ-
داشلىرى بىلەن (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاقسۇ پىدائىيلىرىنىڭ قوماند-
دانى بايي سىجاڭمۇ بار ئىدى) بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، مىلتىق-
لارنى كۆزدىن كەچۈرگەچ، «پاھ، ھەممىسلا يېڭىكەن» دېيىشىپ
تىللىرىنى چېكىلدىتىپ قوياتتى.

بىر كۈنى يۈك ئارتىلغان كارۋان ئاتلىرى ھويلىغا كىرىپ
كەلدى. بىز دەرھال ئىشقا كىرىشتۇق. كارۋان بىلەن بىللە كەلگەن
ئېگىز بويلۇق، ئۆچكە ساقىلىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەت-
كەن سالاپەتلىك بىر كىشى كۆرۈنۈشىدىن بىر تاللا مىلتىق
قاچىلانغان تار ۋە يېنىك ساندۇقنى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئاچماي
تۇرۇشنى بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا، ھاجى ئاتاملار ئىچكىرىدىن چىقىپ،
ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ھاردۇق سوراشتى. مەن ئۇلارنىڭ
گەپلىرىدىن بۇ كىشىنىڭ قوي ئۆتكۈزۈش ۋە قورال ئۆتكۈزۈۋېلىش
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئۇچتۇرپانلىق نۇر ھاجىم ئىكەنلىكىنى
ۋە مىڭ تال مىلتىقنىڭ تولۇق كېلىپ بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. نۇرھا-
جىم گەپ ئارىسىدا ھېلىقى ساندۇقنى ئالدىغا ئەكەلدۈرۈپ، «بۇ
ستالىنىنىڭ ھاجىمغا ئەۋەتكەن سوۋغىتى ئىكەن، چېگرىدىكى ناچال-
نىك بۇ ئامانەتنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرىسىز
دېگەنىدى» دېدى. ھاجى ئاتام بىزگە ساندۇقنى ئېچىشنى بۇيرۇدى.

ساندۇقتىن بىر يېگى بەشئاتار چىقتى، ئۇنىڭ باشقا مىلتىقلاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. پەقەت قوندىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە «ستالىندىن خوجىنىياز ھاجىغا، 1933 ـ يىل» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان باسما شەكىلدىكى رۇسچە خەتلەر پارقىراپ تۇراتتى. مەن مىلتىقنى سۈرتۈپ تازىلاپ ھاجى ئاتامغا ئىككى قوللاپ سۇندۇم. ئۇ مىلتىقنى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، «بۇ نېمە خەتلەر ئىكەن» دېدى. مەن تەرجىمە قىلىپ بەردىم. ھاجى ئاتام ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە «مەن دېمىدىممۇ قېرىنداشلار، رۇسلار بىزگە دوست، ياشىسۇن ستالىن» دەپ توۋلاپ تاشلىدى. مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھاياجانلىنىپ كەتتى. مىلتىق قولدىن ـ قولغا ئۆتۈشكە باشلىدى.

كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قاسىم ئەپەندى ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى. مەن بۇنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشەندىم. چۈنكى قاسىم ئەپەندى ھېلىقى جىرجىس ھاجى دېگەن كىشىنىڭ باشئە-گىمدە قىلغان گەپلىرى ھاجى ئاتامىلارنىڭ كۆڭلىدە ستالىنغا نىس-بەتەن ئىشەنمەسلىك تۇغدۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەپ يۈرگەنلىكىنى ماڭا بىرنەچچە قېتىم ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ۋە «بۇ ئەھۋال تۈزەلمىسە يامان بولىدۇ» دېگەنىدى. جىرجىس ھاجىنىڭ گەپلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىمىغان بولسامۇ، ئۇ ئېيتقان گەپلەرنىڭ ھاجى ئاتاملارغا تەسىر قىلىشى چوقۇملۇقىغا مەنمۇ ئىشىنەتتىم. شۇڭا ھاجى ئاتامنىڭ «رۇسلار بىزگە دوست، ياشىسۇن ستالىن» دەپ شوئار توۋلىغانلىقى قاسىم ئەپەندىنىڭ ئەندىشىسىنى چوقۇم يېنىكلەتتى دەپ ئويلاپ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزەرىم بىلەن قاراپ قويدۇم.

باي سىجاڭ قولىدىكى مىلتىقنى ھاجى ئاتامغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— ياخشى ئىرىم بولسۇن ئۈچۈن، بىر پاي ئېتىپ كۆرسىلە ھاجىم، — دېدى. ھەممەيلەن بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. ھاجى ئاتام مىلتىقنى بەش تال ئوقنى بېسىپ:

— نېمىگە ئاتاي، — دەپ ئەتراپقا قارىدى.

— ئەنە، ئاۋۇ تېرەككە، — دېدى باي سىجاڭ، ھويلىدىن تەخمىنەن ئىككى يۈز قەدەم نېرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز قېرى تېرەكنى كۆرسىتىپ، دەرۋەقە، يوپۇرماقلىرى شالاڭلىشىپ كەتكەن قېرى تېرەك بېشىدا بىر توپ قاغا ئولتۇراتتى. ھاجى ئاتام قاغىلارنى ئۈچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئاتتى. چۆچۈپ كەتكەن قاغىلار ئەنسىزلىك بىلەن قاقىل-داپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئارقا — ئارقىدىن ئىككى پاي ئېتىپ، ئەڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئىككى قاغىنى جېنىدىن جۇدا قىلدى ۋە «ياخشى تېگىدىغان مىلتىق ئىكەن» دەپ كۈلۈپ قويدى.①

25 — ئۆكتەبىر كۈنى يەنە بىر مۇھىم ۋەقەنىڭ شاھىتى بولۇپ قالدىم. بۈگۈن ھاجى ئاتام باشلىق چوڭلار سابىت داموللى-نىڭ ۋەكىللىرىنى رەسمىي قوبۇل قىلماقچى بولدى. بۇ ۋەكىللەر ئۈلۈشكۈن ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپلا ئالدىراش — تېنەش پەتىگە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرى كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان، چاققان

① ھاجىم سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۇرغان كۈنلەردە، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ باشلىقى بولغان ھامۇتخان لۈيجاڭ بىلەن ئالتۇن سوپاخۇنلار-نىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مىلتىق 1937 — يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھاجىمنىڭ قولىدا ساقلانغان. شۇ يىلى 12 — ئۆكتەبىر كۈنى شېڭ شىسەي ھاجىمنى قولغا ئالغاندا، بۇ مىلتىقنىمۇ مۇسادىرە قىلىپ كەتكەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي قىسىملىرىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن سوپاخۇن تۇمنجاڭنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى-چە، سوپاخۇن شېڭ شىسەي قوشۇنىدا لىيەنجاڭ بولۇپ تۇرغاندا، بۇ مىلتىق ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن. 1945 — يىلى سوپاخۇن گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتكەندە، بۇ مىلتىق سوپاخۇن بىلەن بىللە جىڭ، شىخو ۋە ئافسۇنى ئازاد قىلىش جەڭلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان. ئۆز ۋاقتىدا ئەخمەتجان قاسىممۇ بۇ مىلتىقنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى ئاڭلىغان. (ئا)

ئورالغان سەللىسى بىلەن قاپقارا ساقال ـ بۇرۇتى ئۆزگىچە خۇيمۇ ياراشقان، تەخمىنەن ئەللىك ياشلاردىكى خۇش پىچىم، چىرايلىق ئادەم ئىدى. تونۇيدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كىشى سوۋېت ئۆكـتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۆزبېكىستاندىن قەشقەر تەرەپكە كېـلىپ، شۇ يەردە يەرلىشىپ قالغان زېرىپ قارىي ھاجىم دېگەن ئۆلىما كىشى ئىكەن. ئىككىنچىسى، پاكارراق كەلگەن، چار ساقال، سودىگەر سىياقىدىكى ئادەم ئىدى. بۇ كىشى ھاجى ئاتام بىلەن كونا تونۇشلاردەك، ھە دېگەندىلا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ قۇمۇلنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپ كەتتى. كېيىن مىرۇل ئاكامنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ئادەم قۇمۇلدىكى مەشھۇر ئاتۇشلۇق بايلاردىن ھەـسەن بالا ھاجىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىبلاخۇن باي دېگەن كىشى بولۇپ، قوزغىلاڭدىن سەل بۇرۇن سودا ئىشلىرى بىلەن قەشقەرگە كەلگەنىكەن. شۇ كۈنى ئۇلار سابىت داموللامنىڭ ھاجى ئاتامغا يازغان مەخسۇس مەكتۇپىنىمۇ تاپشۇرغانىدى. قومۇش قەلەمدە ناھايىتى چىرايلىق ۋە پاساھەتلىك قىلىپ يېزىلغان بۇ ئۇزۇن مەكتۇپتا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ھاجى ئاتامنىڭ قەھرىمانـلىقلىرى كۆپتىن ـ كۆپ مەدھىيىلىنىپ، «بۇ قوزغىلاڭ بۈگۈنكى كۈندە غازى خوجىنىياز ھاجىم ئاتىمىز باشچىلىقىدا مىللىي ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق يولىدىكى بۈيۈك ئىنقىلابقا تەرەققىي قىلىپ كەتتى. ئەز جۈملە، بۇ ئىنقىلاب شاراپىتىدىن يۇرتىمىزدا مۇستەقىل دۆلەت ئەھيا قىلماققا شەرت ـ شارائىت ھازىر بولدى» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەردىن كېيىن، پات ئارىدا قەشقەر شەھىرىدە «شەرـقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلماقچى بولغانلىقى ئېيتىلغان ۋە ھاجى ئاتامنى دەرھال قەشقەرگە كېلىپ، شۇ جۇمھۇـرىيەتنىڭ «رەئىس جۇمھۇرى» بولۇشقا تەكلىپ قىلىنغان. «شەرـقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمەت ئەزالىرى نامزاتـ

لىرىنىڭ ئىسمىلىكىمۇ مەكتۇپقا قوشۇپ ئەۋەتىلگەنىكەن.

ھاجى ئاتاملار بىر نەچچە ئاي بۇرۇن، قارا شەھەردىكى ۋاقتىمىزدا، يۇنۇس بەگنىڭ شاتۇرلاردىن ئەۋەتكەن ھېلىقى خېتى ئارقىلىق قەشقەردە سابىت داموللىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولغاچقىمىكىن، بۇ گەپلەرگە ئانچە پەرۋا قىلىشىپ كەتمىدى. ئەلچىلەرنى بولسا ئوبدان مېھمان قىلىپ، «بىرەر كۈن دەم ئېلىشىسلا، ئەتە ــ ئۆگۈن پاراڭلىشايلى» دەپ يولغا سالغانىدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن ئىككى قېتىم جىددىي يىغىلىش ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىلىشلاردا ئۆلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. چۈنكى، خاتىرە يېزىشنىڭ لازىمى يوق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، مېنى بۇ يىغىلىشلارغا قاتناشتۇرمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سابىت داموللىنىڭ تەكلىپىگە ھاجى ئاتاملار قانداق جاۋاب بېرىدىغان بولغاندۇ دېگەن سوئال كېچە ــ كۈندۈز خىيالىمدىن كەتمەيتتى. ئاخىر، تاقەت قىلالماي، ئاخشام قاسىم ئەپەندىدىن سورىدىم، قاسىم ئەپەندى ئېنىق جاۋاب بەرمەي، ئۆز ئادىتى بويىچە بۇرۇتىنى ئوينىاپ ئولتۇرۇپ، «ئەتە ھاجىمىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايسەن» دەپ كۈلۈپ قويغانىدى.

مانا بۈگۈن بۇ سوئالىمغا جاۋاب ئاڭلايدىغان پۇرسەت كەلدى. مېھمانلار شەرىپىگە بېرىلگەن زىياپەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مېھمان ۋە ساھىبخانلار سىنچاي ئىچكەچ گەپكە چۈشتى. مەن بۇ يىغىلىشنىڭ خاتىرىسىنى تولۇق يېزىشقا تىرىشىپ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتىم.

ھاجى ئاتام «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ نامزاتلىرى يېزىلغان قەغەزگە دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. مەن ئالدىنقى كۈنى بۇ ھۆججەتلەرنى تىزىملا-

ۋاتقىنىمدا، بۇ نامزاتلار ئىسملىكىنىمۇ تولۇق ئوقۇپ چىققانىدىم. ئۇنىڭدا «جۇمھۇر رەئىس — خوجىنىياز ھاجىم» دېيىلگەندىن كېيىن، سابىت داموللا (ئاتۇش) — باش ۋەكىللىككە①، جانىبېك قازى (قىرغىز) — مۇئاۋىن باش ۋەكىللىككە، زىرىپ قارىي ھاجى (ئۆزبېك)— ئەدلىيە ۋەكىللىكىگە، قاسىمجان ھاجى (خوتەن)— خارجى ئىشلار ۋەكىللىكىگە، ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم (قەشقەر) — مائارىپ ۋەكىللىكىگە، ئابدۇللاخان (ئۆزبېك) — سەھىيە ۋەكىللىكىگە، مەھمۇت مۇھىتى (تۇرپان) — ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئورازبېك (قىرغىز) — دۆلەت مۇداپىئە ۋەكىللىكىگە، يۇسۇپجان (ئۆزبېك) — باش شتاب باشلىقلىقىغا، ئوبۇلھەسەن ھاجى (ئاتۇش) — سودا ـ دېھقانچىلىق ۋەكىللىكىگە، شەمشىدىن داموللا (ئاتۇش) — ئاۋقاپ (ۋەخپە) ئىشلىرى ۋەكىللىكىگە، مۇھەممەدىن ھاجى (قەشقەر) — ھۆكۈمەت باش كاتىپلىقىغا كۆرسىتىلگەنىكەن.

— بۇ ئادەملەرنىڭ تولىسى ئاتىمانام ئاڭلاپ باقمىغان يوچۇنلا ئادەملەر ئىكەنغۇ! — دېدى ھاجىم، زىرىپ قارىي ھاجىغا تىكىلىپ، — بىزنىڭ ئۇقۇشىمىزچە، ماۋۇ جانىبېك قازى، ئورازبېك دېگەنلەر بىزنىڭ يەرلىك قىرغىزلىرىمىزدىن بولماي، ئورۇس يېرىدىن بۇ تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەن بىر نېمىلەركەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق ھاجىم.

— ماۋۇ سۇلتانبېك بىلەن يۇسۇپجان دېگەنىنىمۇ ئەنجان تەرەپتىن قېچىپ ئۆتكەن كەلگىندىلەردىن دەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

زىرىپ قارىي ھاجى بۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىنى كۈتمىگەن ياكى «كەلگىندى» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىگىمۇ قارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغى، ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپ ئارانلا

① ۋەكىل — مىنىستىر، بۇجاڭ دېگەن مەنىدە.

«شۇنداق» دەپ باش لىڭشىتىپ قويدى ۋە دەرھال ئىبلاخۇن بايغا قارىدى. ئىبلاخۇن باي بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىغا يەنە ھاجى ئاتامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ماۋۇ پالانى داموللا، پالانى ھاجى، مەخسۇم دېگەنلەرچۇ تېخى! قاچان، قەيەردە قولىغا قورال ئېلىپ ئىنقىلاب قىپتىكەن؟ ئۇلار مىلتىق تۇرماق، كەتمەننىڭ سېپىنىمۇ ئوبدانىراق تۇتمىغان ئاق نانچىلارغۇ دەيمەن. مۇشۇنداق قاچاق، كەلگىندى، ئان نانچىلارزە ھۆكۈمەت بولۇپ يۇرت سورىغۇدەكمىش تېخى! ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىسى ئاتۇشلۇققۇزە!

«ئاتۇشلۇق» دېگەن سۆزنىڭ چىقىشى بىلەن ئىبلاخۇن باينىڭ چىرايىمۇ تامدەك تاتىرىپ كەتتى. سورۇندىكى كەيپىيات جىددىيلىشىپ ھەممەيلەن شۈك بولۇپ قالدى. مەھمۇت سىجاڭ بۇ ئەھۋالنى بايقاپ، كەيپىياتنى يۇمشىتىش خىيالىدا بولسا كېرەك، مۇنداق دېدى:

— ھاجى ئاكام ئاتۇشلۇقنى بىرنېمە دېمەكچى ئەمەس، ھاجى ئاكام بۇ ھۆكۈمەتلەردا خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت نېمىشقا يوق دېمەكچى، شۇنداق ئەمەسمۇ ھاجى ئاكا؟

— شۇنداق، — دېدى ھاجى ئاتام، — ئۇ كىشى بۇ ھۆكۈمەتكە نېمىشقا ئارىلاشمىدى؟ ئەسلى قان كېچىپ ئىنقىلاب قىلغانلارنىڭ بىرى شۇ كىشى ئىكەنغۇ؟

— ئۇ كىشى مۇنداق ھۆكۈمەتنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ئىختىيار ئەتمىسە كېرەك، — دېدى زېرىپ قارىي ھاجى مۇلايىملىق بىلەن.

— نېمىشقا؟ ئېنىقراق ئېيتىڭ تەقسىر!

— كەمىنىلىرىنىڭ پەرەز قىلىشىچە، ئۇ كىشى پۈتۈن ئۆلكە

مقياسىدا ئومۇمىي بىر مەيكۇرە بىرلىكى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن شارائىتتا، بۇنداق قىلىش بىھاجەتتۇر ۋە بەلكى زىيانلىقتۇر دەپ قارايدىكەن.

— ئانداقتا خوتەنلىكلەر بۇ ھۆكۈمەتكە قارشىمىكەن؟

— يوقسۇ، ئۇلارنى قارشى دېگىلى بولماس، ئەمما ئانچە خەيرخاھ ئەمەس.

— ئەمىسە بۇ ئادەملەر ئارىسىدا بىر خوتەنلىكمۇ بار ئىكەنغۇزە!

— مېنىڭ پەرىزىمچە، مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت مادارا قىلماقنى جايىز دەپ بىلسە كېرەك.

— شۇنداق، — گەپكە قوشۇلدى ئىپلاخۇن باي، — مەن يېقىندا سابىت داموللامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خوتەنگە بېرىپ، ئۇ كىشىنىڭ بىزگە بىرئاز ئالتۇن ياردەم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغاندىم. ئۇ كىشى ئىككى يۈز سەر ئالتۇن بېرىپ، «ئەگەر ئومۇمىي ئىستىپاقلىقىمىزنى دېمەيدىغان بولسام، قەشقەر ھۆكۈمىتىگە بىر تىيىنمۇ بەرمەيتتىم. ھەتتا ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، بۇزى ـ بۇزاك قىلىپ تاشلايتتىم» دېگەنىدى.

— ئۇ كىشى توغرا ئېيتىپتۇ، — دېدى ھاجى ئاتام، — مۇشۇ تاپتا مەنمۇ ئىتتىپاقلىقنى دېمەيدىغان بولسام، قەشقەرگە بېرىپ ئۇ لومودىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويىماقچىدىم. بىزنىڭ قۇمۇللاردا «ئېشەك ئۆلۈۋاتسا قوغى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەن ماقال بار. ئەل ـ يۇرت نېمە كۈندە، ئۇلار نېمە كويدا! سابىت دامولللىمۇ كەندىر يېغىدا سالغان چەلپەكنى تولا يەپ، بېشى قېيىپ قالغان چەلپەكچى موللام ئوخشايدۇ. بولمىسىزە، ئوروق ئۈيگە يوغان مۆڭگۈز دەپ، مۇنچىۋالا بېشى يوغانلىق قىلامدۇ؟ ئۇ مېنىڭ بۇ ئىنقىلابنى قىلىشتىكى مەقسىتىمنى بىلمەمدىكەن؟ شىڭ دۇبەندىن

دەرھال ئايرىلىپ، قەشقەرگە بېرىپ «رەئىس جۇمھۇر» بولغۇدەك-مەن تېخى! مەندە ئۆز ئالدىمغا پادىشاھلىق قۇرۇپ تاج كىيەيچۇ دېمىدىغان نىيەت يوق. مېنىڭ بۇ بېشىمغا تاج ياراشمايدۇ. مەن دېگەن تاغدا پادا بېقىپ، مەرگەنلىك قىلىپ ئۆتكەن چورۇقى يوغان تاغچى. مېنىڭ مەقسىتىم ئېزىلگەن خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇ-زۇش، باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىش، قان تۆكۈلۈشنى چاققانراق تۈگىتىپ، يۇرتقا تىنچلىق ئورنىتىش. ئەمدىزە ماجۇڭيىڭ بىلەن سوقۇشقىنىمىز يەتمەي شېڭ دۇبەن بىلەن يەنە سوقۇشسۇن دەم-دىكەن بىزنى ئۇ داموللا! ئىككىلىرى بېرىپ ئۇنىڭغا ئېيتسىلا، تولا ھەددىدىن ئاشماي سىڭگەن زاغرىسىنى يېسۇن. ئاتىمانام ئاڭلىمىغان نەدىكى كەلگىندىلەرنى چۆرىسىگە يىغىۋېلىپ، پالانىس-تان، پوكۇنىستان قۇرىمەن دەپ ئىشنى بۇزمىسۇن. شۇنچە كۆپ قانلار تۆكۈلۈپ، ئەل - يۇرت ۋەيران بولۇپ، خوتۇنلار ئەرسىز، نارەسىدىلەر ئاتىسىز قېلىۋاتقىنىمۇ يېتەر. راستىنلا ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەم بولسا بىزگە ياردەم ئەۋەتسۇن. ماجۇڭيىڭ دېگەن قاراقچىنى قوغلاپ چىقىرىپ يۇرتتا تىنچلىق ئورنىتايلى، مېنىڭ جاۋابىم شۇ.

بۇ گەپلەر بولۇپمۇ «نەدىكى كەلگىندىلەرنى چۆرىسىگە يىغىۋېلىپ» دېگەن ئىبارىلەر زېرىپ قارىي ھاجىمغا ناھايىتى قاتتىق تەگدى چېغى، ئۇنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل سۈزۈك چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. نېپىز لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئېلاخۇن باي ئۆزىنى تېتىك تۇتۇشقا تىرىشىپ:

— خوپ ھاجىم، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپ، بىزمۇ ھەممە گەپنى داموللامغا يەتكۈزەرمىز، شۇنداقتىمۇ بىرەر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەرسىلە ئوبدان بولارمىكىن، — دېدى.

— بۇنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ھاجى ئاتام قولىنى

سىلكىپ.

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى.

مېھمانلارنى ئۇزىتىپ ھويلىغا چىقىشىمىز، كېرەم شاتۇرنىڭ دەرۋازىدىن ئالدىراش كىرىپ كېلىشىگە توغرا كەلدى. ھەممەيلەن قاتاڭغۇر كەلگەن بۇ ئۇزۇن پاچاق ئادەمنىڭ غەلىتە مېڭىشىغا قاراپ قېلىشتى. مېرۇل ئاكام ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپلىشىۋېلىپ دەرھال ھاجى ئاتامنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ كوچا تەرەپتىن ئىنتايىن مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ھاجى ئاتام باشلىق چوڭلار مېھمانلارغا خوش ئېيتقاچ، كېرەم شاتۇرنى ئەگەشتۇرۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. قالغانلىرىمىز مېھمانلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇق.

كېرەم شاتۇر قانداق مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىكىن ـ ھە!

# ئون تۆتىنچى باب

# ئەجەل كۆلەڭگىسى

*جەڭچىنىڭ كەمەرىدىكى شەمشەر غىلىپىدا تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا كۈچ بېغىشلايدۇ.*

— «جالالىدىن رۇمى»دىن

1

— ھەي مېنىڭ شۇڭقارلىرىم، ئۈچ ئايلىق مەشىق جەريانىدا، قانات – قۇيرۇقۇڭلار يېتىلىپ قالتىس بولۇپ كېتىپسىلەر. ئەمدى ھېچقانداق ئوۋ سىلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. سىلەرگە بۇيرۇق: جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ ئالغا! خوجىنىيازنى قوغلاپ تىرىك تۇتۇڭلار. ھېچبولمىسا ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، قەشقەر شەھەر سېپىلىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىڭلار! ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا نېمە؟ ھېچنېمە ئەمەس. ئۇلار خۇددى ئۇ يەر – بۇ يەردىن يىغىلىپ قالغان بىر توپ پادا. سىلەر چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر. مەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە تېگىپ شىڭ شىسەينى جەھەننەمگە ئۇزىتىمەن. پۈتۈن شىنجاڭ بىزنىڭ

بولدۇ. مەن شىنجاڭدا ئىسلام دۆلىتى قۇرىمەن، بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىڭلار. غەلىبە بىزنىڭ!

ماجۇڭيىڭ تۇرپاندىن قارا شەھەرگە كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئىككى مىڭ بەش يۈز ئاتلىق چېرىكنى پاراتتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا سۆزلىگەن نۇتقىنى ئەنە شۇنداق جۈملىلەر بىلەن ئاياغلاشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگەن ھامان مۇنتىزىم سەپتە تۇرغان چېرىكلەر ئارىسىدىن «ياشىسۇن باش قوماندان! ياشىسۇن!» دېگەن سادالار ياڭراپ، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن كەڭ يۈزلۈك قىلىچلار كۈن نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ، دەھشەتلىك بىر مەنزىرە نامايان بولدى، ئاتلار تىپىرلاپ كىشنەپ كەتتى.

بۇ چېرىكلەر ماجۇڭيىڭ ئىيتقاندەك مەخسۇس ھەربىي مەشىق جەريانىدا «قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلگەن» ، قورال ـ ياراغلىق، ياش قورامى يىگىرمىدىن ئوتتۇز بەش ياشقىچە بولغان مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرپان، توقسۇن، قارا شەھەر تەرەپلەردىن ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ باشلىقى مافۇيۇەن قارام ـ قەيسەر ۋە جەڭگە ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ، قەشقەرگە تېزرەك يېتىپ بېرىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردە قامىلىپ ياتقان ماجەنسەن (يەنى چولاق زىخۇي) نى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە پىدائىيلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك جەڭ باشلاشقا ئالدىرايتتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇ ماجەنسەننى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزغان ھەم جەڭنى ھەل قىلغان ئاساسىي قەھرىمان دېگەن شۆھرەتكە ئىگە بولغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قارا شەھەردىن ئالدىراش يولغا چىقتى. قوشۇن ھاجىم بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ھېلىقى پۈتۈم بويىچە ئىككى تەرەپنىڭ پاسىلى دەپ بەلگىلەنگەن باشئەگىم ئۆتكىلىگە تەخمىنەن بەش چاقىرىم

قالغاندا، مافۇيۈەن بۇ كىچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتە تاڭ سەھەر بىلەن باشئەگىم ئۆتكىلىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چېرىكلەرگە چېدىر تىكمەي، ئوچاقمۇ ئاسماي، قۇرۇق نان، گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئايدالادا قونۇشقا بۇيرۇق بەردى.

بۇ قوشۇندىكى ئۇيغۇر چېرىكلىرىدىن توقسۇنلۇق ھەمدۇلغا تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا كۆزەتچىلىك قىلىش نۆۋىتى كەلدى. ئۇ بۇنىڭغا نېمىشقىدۇر بەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئىككى چېرىك بىلەن قارارگاھتىن تەخمىنەن يۈز ئەللىك چاقىرىم چەتتە پىيادە ئايلىنىپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئەتراپ جىمجىت، گويا پۈتۈن كائىنات ئۇيقۇغا كەتكەن. پەقەت جەڭ ئاتلىرىنىڭ تورۇۋىلاردىكى ئاخىرقى بوغۇزلىرىنى چاراسلىتىپ چايناشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەمدۇل بولسا پات ــ پات ئاسمانغا قاراپ قوياتتى. نېپىز بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان ئاسمان گۈمبىزى ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قازاندەك قارا كۆرۈنەتتى. «بۇنىڭدىن ياخشى پەيت يوق، ئەممازە، ماۋۇ دۆيۈزلەردىن قانداق قۇتۇلارمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىككى ھەمراھىغا قاراپ.

ئۇنىڭ بەختىگە چېرىكلەرنىڭ بىرىنى قاتتىق ئەسنەك تۇتۇپ كەتتى. ئۇ باش بارمىقىنى ئېغىزىگە تىرەپ تۇتۇپ:

ــــ جىندەك كۆز يۇمۇۋالسام، قانداق دەيسلەر، پەقەت جىندەك، ــــ دېدى. ھەمدۇل دەرھال ماقۇل بولدى. يەنە بىر چېرىك سەل ئىككىلىنىپ ئاخىر ماقۇلغا كەلدى. ھېلىقى چېرىك شۇ يەردىلا بىر تاشقا يۆلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ھەمدۇل يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، غاڭزىسىغا تاماكا سېلىپ تارتىشقا باشلىدى. توقسۇن تاماكىسىنىڭ پۇرىقى نېرىراقتا ئايلىنىپ يۈرگەن ئىككىنچى چېرىكنىڭمۇ خۇمارىنى قوزغىدى بولغاي، ئۇ ھەمدۇلنىڭ

قېشغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە، غاڭزىغا قولىنى ئۇزاتتى. بىراق كۆكسىگە مۇزدەك بىر نېمە سانجىلغاندەك بولۇپ تىن تارتماستىن يەرگە دۈم چۈشتى. قانلىق خەنجەر ھېلىقى ئۇخلاپ ياتقان چېرىكنىمۇ تۇيدۇرماستىن ئۇ ئالەمگە ئۇزاتتى. ھەمدۇل ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى.

2

— ئەھۋال شۇ ئاغىنىلەر، — دېدى ھەمدۇل، — ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغا تىغ كۆتۈرگەن قولۇم قۇرۇسۇن، ھېچنېمە قىلالـمىسام خەۋەر بولسىمۇ يەتكۈزۈپ قويااي دەپ قېشىڭلارغا قېچىپ كەلدىم. تاڭ ئاتقان ھامان يېغى بېسىپ كېلىدۇ، چاققان بىر گەپكە كېلەيلى. بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىمىزمۇ ياكى سوقۇشۇپ كۆرىمىزمۇ؟

— چوڭ ئىش قىلدىڭ دوستۇم! سەن بولمىغان بولساڭ، ئۇ دۆيۈزلەر بىزنى ئۇخلاپ ياتقان يېرىمىزدە قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلار ئىكەندۇق. ساڭا رەھمەت، — دېدى ئوغلاقچى مەنسۇر، ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ، — قېرىنداشلار، مەردنى مەيداندا سىنايدىغان چاغ كەلدى. جەڭگە تەييار بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئىككى يىگىتنى دەرھال ئاتلىنىپ، يول بويى ئات يەڭگۈشلەپ، ھېچ يەردە قونماستىن كۇچاغا بېرىپ، سالى دورغىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە بۇيرۇدى.

تاڭ سۈزۈلۈش بىلەنلا چېرىكلەر ھۇجۇمغا ئۆتتى. تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرىغا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈكۈرلەشلىرى بىلەن چېرىكلەرنىڭ «شا ـ شا» (ئۇر ـ چاپ) دېگەن دەھشەتلىك ھايقىرىقلىرى قوشۇلۇپ باشئەگىم جىلغىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈ-

ۋمتتى. مافۇيۇەن ئۆز چىرىكلىرىنىڭ سان ۋە ساپا جەھەتتىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىگە ئىشىنىپ، باشقىلىرىغا ئۆتكىلىنى بىر ھۇجۇم بىلەن يانجىپ تاشلىماقچى ئىدى. بىراق، مەنسۇر بىلەن جابا باتۇ باشچىلىقىدىكى يىگىتلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇددى قوينىڭ ئۇچىيىدەك ئەگرى ـ بۈگرى كەلگەن قىيا تاشلىق ۋە تار جىلغىدا زەمبىرەكنىڭ كارغا كەلمەسلىكى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بۇ پىلانى قۇرۇق خىيال بولۇپ قالدى. غەزەپ-لىك تىك قىيالار، قورقۇنچلۇق قورام تاشلار ۋە تار جىلغىغا ئۆسۈپ كىرگەن جەينەكسىمان تاشلىق توقايلىقلاردىن چىقىۋاتقان ئەجەل ئوقلىرى ئۇنى ئۆتكەلنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ يېقىن كەلتۈر-مەي، ئۇياق ـ بۇياققا ئۇرۇلۇپ، تومشۇقىنى قانىتىۋالغان تەلۋە قاۋانغا ئوخشىتىپ قويدى. يۈزدىن ئوشۇق چېرىكنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە بىر كۈن ئېتىشىپمۇ ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتەلمىگەن مافۇيۇەن بۇ ئەلەمگە چىدىماي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ مۇشاۋىرلىرى باشقا بىر يولنى كۆرسەتتى.

ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا، ئاق بايراق كۆتۈرگەن ئىككى ئەلچى مافۇيۇەننىڭ پىدائىيلارغا يازغان خېتىنى مەنسۇر پەيجاڭغا تاپشۇر-دى. بۇ خەتتە «مەن سىلەرنى سىناپ كۆردۈم، سىلەر ياخشى ئۇرۇشىدىغان جەڭچىلەر ئىكەنسىلەر، خوجىنىياز بەرىبىر يوقىتىلى-دۇ. مېنىڭ قوشۇنۇمدىمۇ چەنتۇ چېرىكلەر خېلى بار، ئەل بول-ساڭلار سىلەرنىمۇ ئۆز سېپىمگە قوشۇۋالىمەن. يۇرتلىرىڭىزغا قاي-تىمىز دېسەڭلار، پۇل ۋە ئات ـ ئۇلاغ بېرىپ يولغا سېلىپ قويىمەن. ئەگەر يەنە تەرسالىق قىلساڭلار، قاتتىق پۇشايمان يەپ قالىسىلەر» دېيىلگەن.

— ھۇ ئاناڭنى... — دەپ ئاغزىنى بۇزدى مەنسۇر خەتنى

يىرتىپ تاشلاپ، — باشلىقىڭلارغا بېرىپ ئېيتىڭلار، بىز ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك نوزىخۇك چەنتۇلاردىن ئەمەس، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن.

ئەلچىلەر كەتكەندىن كېيىن، مەنسۇر ھەممە يىگىتلەرنى يىغىپ:

— كۆرۈۋاتىسىلەر ئاغىنىلەر. ئەھۋالىمىز ئېغىر. ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلارغا رۇخسەت. مەن ھېچكىمنى زورلىمايمەن، — دېدى.

ئۇنىڭغا جاۋابەن ھەيۋەتلىك بىر سادا خۇددى بوراندەك گۈرۈلدەپ كەتتى:

— ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى!

× × ×

كەچكە يېقىن قارشى تەرەپتە غەلىتە بىر مەنزىرە نامايان بولدى:

مافۇيۇەن چېرىكلىرى ئۆز قىسمىدىكى ئۇيغۇر چېرىكلىرىدىن يىگىرمىدەك يىگىتنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى، يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە قوللىرى ئارقىغا باغلانغان بۇ يىگىتلەر نالە ـ پەرياد بىلەن تىرەـ جەپ ماڭماسلىققا تىرىشاتتى. ھەر بىرىنىڭ كەينىدە بىردىن چېرىك مىلتىقنى گەجگىسىگە تىرەپ، ئالدىغا مېڭىشقا زورلايتتى. تويقا سۇڭدىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق چېرىكلەر قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، نېمىنىدۇر بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىرايتتى. يېقىنلاشقانسېرى، ھېلىقى قولى باغلاقلىق ئۇيغۇر چېرىكلىرىنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— قېرىنداشلار، بىزنى قۇتقۇزۇڭلار!

— قۇتقۇزۇۋالمىساڭلار، ئۆلارغا ئەل بولۇڭلار، بولمىسا، بۇ

دۈيۈزلەر بىزنىڭ ھەممىمىزنى قىرىپ تاشلايدۇ.

— ياق، ياق. ئەل بولماڭلار، بىزگە ھامىنى بىر ئۆلۈم، بىزنىمۇ ئېتىۋېرىڭلار، دۈشمەننىڭ قولىدا ئۆلگۈچە، سىلەرنىڭ ئوقۇڭلاردا ئۆلەيلى.

— ياق، مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، قېرىنداشلار! مېنىڭ ئۈچ بالام يېتىم قالمىسۇن!

چېرىكلەر ئالغا ماڭماي تىرەجەپ تۇرۇۋالغانلاردىن ئۈچىنى ئېتىپ تاشلىدى.

بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىگە قاراپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان پىدائىيلار نېمە قىلىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ قېلىشتى. باش بارمىقىنى چىشلەپ تۇرغان مەنسۇر بىردىنلا ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ھەي نامەردلەر، ئادەم قېلىپىدىن چىققان ھايۋانلار! قىلمىغىنىڭلار شۇ قالدىمۇ؟

— ۋاي ئىست، ھەي! — دېدى ھەمدۇل ئۇھ تارتىپ،— ئاۋۇ ئۆلگەنلەرنىڭ بىرى، ئەنە ئاۋۇ ئېگىز بوي يىگىت بىزنىڭ مەھەللىدىكى شاكىر مەزىننىڭ ئوغلى نەمەت داگازا، بېچارىنىڭ خوتۇنى تۇل قالدىغان بولدى - دە! توي قىلغىلى تېخى يېرىم يىلمۇ بولمىغان.

— قانداق قىلىمىز مەنسۇر ئاكا، گەپ قىلساڭچۇ، قانداق قىلىمىز؟ — تىۋۋلاشقا باشلىدى يىگىتلەر.

— ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى مەنسۇر ئۇيان - بۇيان مېڭىپ. چېرىكلەر تېخىمۇ يېقىنلاشماقتا. قولى باغلانغان يىگىتلەرنىڭ نالە - پەريادى پەلەككە يەتمەكتە.

— ئەمدى ئاتمساق بولمىدى! — ۋارقىرىدى كىمدۇر بىرى.

— ياق، ئاتماڭلار، بۇنىڭ ئامالىنى تاپتىم، — دېدى جاباباتۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى «جارت» قىلىپ

يىرتتى ـ دە، مىلتىقىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى.
مەنسۇر «نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟» دەپ ئۇنىڭ قولىدىن مىلتىقنى تارتىۋالماقچى بولدى. جاباباتۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دېدى. مەنسۇرمۇ دەرھال چۈشىنىپ، قولياغلىقىنى پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى.

كېلىۋاتقان چېرىكلەر توپى توختىدى. بىرئازدىن كېيىن، چېرىكلەردىن ئىككىسى مەنسۇرلارنىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، بىرەر يۈز قەدەم ئارىلىقتا توختىدى ـ دە:

— ئەل بولامسىلەر؟ — دېدى.

— ئەل بولىمىز.

— ئەمىسە قورال تاپشۇرۇڭلار!

مەنسۇر ئېگىز تاغ چوققىلىرى ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنى كۆرسىتىپ:

— كۆرۈۋاتامسىلەر، كەچ كىرىپ قالدى. ئەته ئەتىگەندە، — دېدى.

— راستمۇ؟

— ئەزبىرايى خۇدا، ئەته ئەتىگەندە بۇ يەر چوقۇم سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا ئۆتىدۇ.

× × ×

ئەل ياتارغا يېقىن، مەنسۇرلار جەڭدە قازا تاپقان ئون بەش يىگىتنىڭ تاش قەبرىلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، جاباباتۇ باشلىغان يول بىلەن كورلا تەرەپكە راۋان بولدى. ئېگىز قىيا تاغ بېشىدىكى «تاھىر ـ زۆھرە» مازىرى ئۈستىدە مۆكۈنىپ تۇرغان كۈمۈش ئاي ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ قاراپ قالدى.

ئەتىسى مافۇيۇەن ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئاچچىقىد-
دىن مايمۇندەك چىرقىراپ تاشلىدى ۋە تاغقا قارىتىپ ماۋزۇرنىڭ
ئون تال ئوقىنى بىراقلا ئېتىپ تۈگەتتى — دە، مەنسۇر پەيجاڭلار
تاشلاپ كەتكەن قارارگاھقا قاراپ ئات سالدى. ئۇ، قارارگاھنىڭ
ئىزناسى سۈپىتىدە تۇرغان ئوپا ۋە تاش ئوچاقلارغا قاراپ، ئۇنى
ئىككى كۈن ئاۋارە قىلغان پىدائىيلار سانىنىڭ ئىككى يۈزگىمۇ
يەتمەيدىغانلىقىنى تەخمىنلەپ، «خوجىنىيازنىڭ ھەممە ئەسكىرى
مۇشۇلاردەك بولىدىغان بولسا، ئۇلارنى بىر نىمە قىلماق تەس
ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمما ئۆز مەنتىقىسى بويىچە بۇ
پىكىردىن دەرھال يېنىپ، «ياق، ھەممىسى ئۇنداق ئەمەس ھەم
ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك» دەپ، ئېتىنىڭ بېشىنى كورلا تەرەپكە
بۇرىدى.

مافۇيۇەن مەنسۇر پەيجاڭلارنى بۈگۈر ئارقىلىق كۇچا تەرەپكە
كەتتى دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم ھالدا كورلا شەھىرىگە كىرىپ
ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ زاپاس ئوق — دورىلار يۈكلەنگەن بەش تارتىم
تۆگىسى شەھەر سىرتىدىكى لەڭگەرگە جايلاشقانىدى. تاڭ قاراڭغۇ-
سىدا بىر توپ ئاتلىقلار خۇددى تۇيۇقسىز چىققان قارا قۇيۇندەك
باستۇرۇپ كېلىپ، چالا ئويغۇدا ياتقان چېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنى
ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاپ، ئوق — دورا ۋە قول بومبىلىرى قاچىلانغان
ساندۇقلارنىڭ بىر قىسمىنى بۇلاپ كەتتى. يېرىم ھوشسىز ياتقان
بىر يارىدار چېرىك ئۇزۇنچاق ساندۇقلارنى ئاتلارغا ئارتىپ يېنىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئارىسىدا ھېلىقى توقسۇنلۇق ھەمدۇلنى كۆ-
رۈپ قالدى.

دەل مۇشۇ ۋەقە بولۇۋاتقان چاغدا، مافۇيۇەن چۈشكۈن

قىلغان گىزەرمىنىڭ سىپىلى ئۈستىدە كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان چىر-
رىكلەرنىڭ ئىككىسى قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن ئوقيانىڭ ئوقى
بىلەن يەر چىشلەپ قالدى. بىر ئوقنىڭ قۇيرۇقىدا ئالىقانچىلىك
ئاق لاتا ئىپسقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭغا «بىز سىنىڭ ئارقاڭغا چۈشكەن
ئەجەل كۆلەڭگىسى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى.

شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، مافۇيۇەن بىر پاي ئوقتا ئۆلمەي
قېلىپ، رەقىبىدىن ئۆچ ئىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ياردار قاۋاندەك
ئۆزىنى هەر تەرەپكە ئۇرۇپ، «بۇ ئەجەل كۆلەڭگىسى»نى تەلتۆ-
كۈس يوقاتمىغۇچە كورلىدىن چىقماسلىقا قەسەم ئىچتى. شۇڭا،
بىر تەرەپتىن مەنسۇرنىڭ توپىغا قوشۇلغان كورلىلىق يىگىتلەرنىڭ
ئاتا — ئانا ۋە ئۇرۇغ — تۇغقانلىرىنى هەيدەپ كېلىپ، «ياللىرىڭنى
تېپىپ بېرىسەن» دەپ قىستىدى. بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىغاچ،
ئۇلاردىن بىرەر يۈز كىشىنى ئىتىپ تاشلىدى. يۇرت چوڭلىرىنىمۇ،
بۇ «ئەجەل كۆلەڭگىسى» نى تېپىشقا قىستاپ، شۇ باهانىدە
نۇرغۇن ئالتۇن — كۈمۈش يىغىۋالدى. يەنە بىر ياقتىن، مىڭدىن
ئوشۇق ئاتلىق چېرىك شەهەر ئىچىدىن تارتىپ شەهەر ئەتراپىدى-
كى يېزا — كەنتلەرنى، جاڭگاللىق ۋە قۇمۇشلۇقلارنى ئالا قويماي
ئۈچ كۈنگىچە تىمىسقىلاپ چىقتى. دېهقانلار، هۈنەرۋەن كاسىپلار،
مەدىكارلار، بېلىقچىلار هەممە ئوششاق سېتىقچىلا ئارىسىدا خۇددى
شۇلارغا ئوخشاش كىيىنىۋالغان «ئەجەل كۆلەڭگىلىرى» ئاندا —
ساندا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇلارنى هېچكىم ئاشكارىلاپ
قويمايتتى. هەتتا چېرىكلەر قاسساپقا گۆش سېتىشىپ بېرىۋاتقان
مەنسۇرنىڭ ئۆزىدىن بىرەر گۇمانلىق ئادەمنى كۆردۈڭمۇ دەپ
سوراپ باقتى. مەنسۇر بىلەن ھېلىقى قاسساپ ئۇنداق ئادەملەرنى
ھېچ يەردە كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ چېرىكلەرنى يولغا سالدى. شۇ
كۈنى كەچقۇرۇن مەنسۇر بىلەن جاباباتۇ ئۇستەڭ بويىدىكى چاتـ

قاللىقلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، ئات سۇغىرىشقا چىققان سەككىز چېرىكنى قول بومبىسى بىلەن پارچە ــ پارچە قىلىۋەتتى.

مافۇيۇەن ئەسلىدە، كورلىنى بىرەر كۈن بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقىپ، ھاجىم تەرەپ خەۋەر تېپىپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ بارماقچى ئىدى. «ئەجەل كۆلەڭگىسى»نىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن كورلىدا تۆت كۈن توختاپ قالدى. ئۇ ئاخىر بۇ كۆلەڭگە بىلەن ئاۋارە بولىۋەرسە، تېخىمۇ كېچىكىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، بايىقى قىسمىنى بۇز-دى ــ دە، كورلىنى تويغۇچە بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىپ بۇگۇر تەرەپكە ئاتلاندى. بىراق بۇگۇر، كۇچا، باي ناھىيىلىرىدىن ئۆتۈپ تاكى ئاقسۇ كونىشەھەر تەۋەسىدىكى قارا يۇلغۇن يېزىسىغا يېتىپ بارغۇ-چە، بۇ «ئەجەل كۆلەڭگىسى» نىڭ دەھشىتىدىن بىرەر كۈنمۇ خالىي بولالمىدى.

بولۇپمۇ، ھېلىقى كېچىسى بۇلاپ كېتىلگەن قول بومبىلىرى مافۇيۇەن چېرىكلىرى ئۈچۈن ئاسماندىن تۇيۇقسىز ياغقان بالا ــ قازادەك بىر دەھشەت بولدىكى، ئۇلار بۇ بالانىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئامالسىز قالدى. چۈنكى يىگىتلەر ئەمدى مىلتىق ــ قىلىچلىرىنى تىقىشتۇرۇپ قويۇپ، قول بومبىسى بىلەن قوراللىنىۋالغانىدى. سېپى كاۋاك ياغاچ، بېشى كاتەكچە شەكلىدە كىسىم ــ كىسىم قىلىپ بەرىتىپ قويۇلغان ۋە كۆرۈنۈشى خۇددى ھاۋانچا تېشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يېرىم غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ قورالنى «ھاۋانچا تېشى» دەپ ئاتىۋالغانىدى. گاھ دېھقان، گاھ ھۈنەر-ۋەن ــ كاسىپ، گاھ ئېشەكچى، گاھ يولۇچى قىياپىتىدە، ئىككى ــ ئۈچتىن، بەزىدە يالغۇز يۈرۈپ، ئەل ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن يىگىتلەردە بۇنداق قورال بار دەپ ھېچكىم گۇمان قىلمايت-تى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ «ھاۋانچا تېشى» نى قانداق ئېتىشنى

ھەمدۇل يىگىتلەرگە بىردەمدىلا ئۆگىتىپ قويغانىدى.

مانا، يول ياقىسىغا جايلاشقان سوقما تاملىق ئاددىي بىر باغ، مەي باغلاپ پىشقان بەزى ئالما شاخلىرى تامدىن ئارتىلىپ كەتـ ـكەن. ئالدىراش كېتىۋاتقان بىر توپ چېرىك ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ئالمىلارنى ئۈزۈپ قويۇنلىرىغا سىيلىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا، سوقما تامنىڭ ئارقىسىدىن بىر «ھاۋانچا تېشى» چۈشۈپ، ئون نەچچە چېرىكنى ئات — پاتلىرى بىلەن دومىلىتىۋەتتى.

كۇچادىن بايغا بارىدىغان يولنىڭ خېلى بىر قىسمى پاكار — پاكار توپا تاغلاردىن تەركىب تاپقان قېلىن توقايلىق ئىدى. ياز كۈنلىرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاغزىنى كۆككە قارىتىپ ئاچقان پېتى ئاپتاپ يەۋاتقان يوغان — يوغان كېپەرلەرنى كۆرگەن يولۇچىلارنىڭ بەدەنلىرى شۈركىنىپ كېتەتتى. بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار بولسا ئادەملەردىن قىلچە ھېيىقماي چەكچىيىپ تۇرىۋې ـرەتتى. چېرىكلەر ئاسمان — پەلەك چاڭ توزدۇرۇپ يولدىن ئۆتۈ ـۋاتقاندا، ھېلىقى مەخلۇقلار خۇددى باش كۆز ئاپتىپىنىڭ نۇرىدىن قىيالمىغاندەك، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا باشلىدى.

مافۇيۇەن ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ يوغان بىر كېپەرنى كۆرۈپ قالدى — دە، ماۋزۇر بىلەن ئۇنى ئاتماقچى بولدى. بىراق، توقايلىقتىن تۇيۇقسىز تاشلانغان بىر نەچچە «ھاۋانچا تېشى»نىڭ گۈمبۈرلىگەن دەھشىتىدىن يەرگە يىقىلىپ ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. كۆك بوز ئاتنىڭ يوغان گەۋدىسى ئۇنىڭ جېنىغا ئارا بولدى. گۆر ئاغزىدىن قايتقان مافۇيۇەن كۆك بوز ئات بىلەن چېرىكلەرنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقان گەۋدىسىگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ:

— خەپ، مەنسۇر! سېنى تىرىك تۇتۇپ، بىر قوشۇق قېنىڭـ ـنى ئىچمەيدىغان بولسام، — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

«ئەجەل كۆلەڭگىسى»نىڭ ئەنە شۇنداق زەربىلىرى مافۇ-
يۇەننى خۇددى تىكەنگە دەسسەپ مېڭىۋاتقان يالاڭ ئاياغ كىشىگە
ئوخشىتىپ قويغانىدى. شۇ ئارىلىقتا مەنسۇر باشئەگمەدىن ماڭدۇر-
غان ھېلىقى ئىككى يىگىت كۇچاغا كېلىپ سالى دورغىغا، سالى
دورغا بولسا كېرەم شاتۇر ئارقىلىق ھاجىمغا خەۋەر يەتكۈزۈپ
بولغاچقا، پىدائىيلار قوشۇنى قارا يۇلغۇنغا توپلىنىپ، مافۇيۇەننى
شۇ يەردە توسۇماقچى بولدى. باي سىجاڭ باشچىلىقىدىكى ئاقسۇ
پىدائىيلىرى بىلەن ئەخمەت پانسات باشچىلىقىدىكى خوتەن پىدا-
ئىيلىرى قوشۇلۇپ، بۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ سانى بەش مىڭدىن
ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تەڭدىن تولىسى قارا مىلتىق، قىلىچ —
نەيزە، چوماق بىلەن قوراللانغان ۋە ھېچقانداق ھەربىي مەشىق
كۆرمىگەن ئاددىي پۇقرالار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەشكىللىنىش
ياخشى بولمىغاچقا، بىر تۇتاش قوماندانلىقتا بويسۇنۇشى يېتەرلىك
بولماي، ھەربىر توپ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلاتتى.

— بۇ ھالىمىز بىلەن تۇڭگان چېرىكلىرىنى بىر نېمە قىلغىلى
بولمايدۇ. ھاجى ئاكا، — دېدى نەممەت خەلپەت، سەنمۇجاڭلىق
سۇپىتى بىلەن، — ئاگال ئۇلارنى گەپكە كىرگۈزۈش لازىم ئىدى.

— بىز ئۇلارغا يەتكۈدەك مىلتىق بېرەلمىگەن تۇرساق،
ئەمدىزە، «ئۇيان تۇر، بۇيان تۇر» دېگەنگە خەق ئۇنامدۇ؟
«ھە — ھۇ» قىلىپ باراڭ كۆرسىتىشكە يارىسىمۇ بولۇر، — دېدى
ھاجى قاپىقىنى سىلىپ.

شۇنداقتىمۇ سالى دورغىنىڭ يىگىتلىرىنى ئاساس قىلىپ،
باي سىجاڭ بىلەن ئەخمەت پانسات ئوڭ قاناتتا، مەھمۇت مۇھىتى
سول قاناتتا، ھاجىنىڭ ئۆزى مەركەزدە تۇرىدىغان بولۇشتى.

ماقۇيۇەن چېرىكلىرى زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ھىمايىسىدە بىر قانچە قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما، كەچكىچە ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي ئارقىغا چېكىندى. ئىككىنچى كۈنى پىدائىيلار تەرەپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا تۇرغاندا، باي سىجاڭغا ئوق تەگدى.

بۇ ئارقا تەرەپتىن، ھېچبىر كۈتۈلمىگەن يەردىن، نامەلۇم بىر كىشى ئاتقان غايىب ئوق ئىدى.

— ئارقىدىن ئاتتى، ئارقىدىن!

— كىم ئاتتى، كىم؟

— خۇدا، بۇ نېمە كەلگۈلۈك! بۇ قايسى مەلئۇننىڭ ئىشى!

مىڭدەك ئادەم قىيا - چىيا بىلەن پۈتۈن چۆلنى بېشىغا كىيىپ، باي سىجاڭنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرگەن پېتى سەپتىن چېقىشقا باشلىدى.

سەپنىڭ ئوڭ قانىتى بۇزۇلدى. قاتتىق پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ كەتتى.①

سالى دورغا ئات ئۈستىدە سېرىـق ساقىلـىـنـى تىترىتىپ ۋارقىرايدۇ:

— ھاي توختاڭلار، توختاڭلار! بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن!

ھاجىم ئاچچىقىغا پايلىماي ساقىلىنى يۇلۇپ كايىيدۇ:

— بۇ نېمە گەپ؟ توختا، ھوي لومودىلار!

---

① پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ قارا يۇلغۇندىكى جەڭدە مەغلۇپ بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇ سىرلىق «غايىب ئوق» ۋەقەسى توغرىسىدا ھەرخىل رىۋايەتلەر بار: بەزىلەر باي سىجاڭغا بۇرۇن كۆيئوغۇل بولغان بىر كىشىدىن كۆرىدۇ (چۈنكى ئۇنىڭ باي سىجاڭغا قاتتىق ئاداۋىتى بولغانىكەن)؛ بەزىلەر «ماقۇيۇەن تەرىپىدىن ئۇۋەتىلگەن بىر سانقىنىنىڭ ئىشى ئىكەن» دېيدۇ. يەنە بەزىلەر «باي سىجاڭنىڭ ئۆز يېقىنلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ مەنسىپىنى كۆزلەپ شۇنداق قىلغان» دېيدۇ. مۇئەللىپ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلار نۇقتىسىدىن بۇ ئۆچ ئېھتىمالنىڭ ھېچقايسىسىنى چەتتە قالدۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ ۋە ماتېرىيالنىڭ قىسلىقى تۈپەيلى بىرەر خۇلاسىلىك پىكىر ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ (ئا).

«ئادەم ئۇركسە، مالدىنمۇ يامانراق ئۇركۇپ كېتىدۇ» دېگەن راست گەپ ئىكەن. ئالچۇقان كۆتۈرۈپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قېچىپ كېتىۋاتقانلار ئىچىدە ھېچكىم گەپ ئاڭلار ئەمەس ئىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن مافۇيۇەن چېرىكلىرى دەرھال ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئات سالدى. كالتە قۇيرۇقلۇق ئاتلار ئۇستىدە قىلىچ ئويىنىتىپ، شىددەت بىلەن قىقاس ـ چۇقان سېلىپ كېلىۋاتقان بۇ چېرىكلەر بىر قانچە ئەسىرلەر بۇرۇن غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭگىز ئاتلىقلىرىنى ئەسلىتەتتى. مەركەز ۋە سول قاناتتىكى پىيادىلارمۇ چېرىكلەرنى توسۇشقا ئاتلاندى. پۇتۇن سەپ بۇزۇلدى. ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ كەتتى. ئۆزلىرى ياساۋالغان ئاددىي قىلىچ ـ نەيزە ۋە تاياق ـ توقماقلار بىلەن قوراللانغان پىيادە قىسىملار، بولۇپمۇ خوتەن پىيادىلىرى كۆپ قىرىلىپ كەتتى.

مافۇيۇەننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان بۇ جەڭ پىيادىلار قوشۇنىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىرمۇنچە ئاجىزلىقلارنى ئاشكارىلاپ قويدى. ھاجىدىن باشلاپ تۇرسۇن دولانغىچە چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ئۆزىدىن بىر ھەسسە ئاز بولغان چېرىكلەردىن يېڭىلىپ قېلىش سەۋەبلىرى ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا باشلىدى. قورال ـ ياراغنىڭ قىسلىقى ۋە باي سىجاڭنىڭ سىرلىق ئۆلۈمىدىن باشقا، يەنە قانداق سەۋەبلەر باركىن ـ ھە؟!

ئۇلار بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىشقا ئۈلگۈرەلمەي، چېرىكلەر بىلەن سوقۇشقا ـ سوقۇشقا تاغ تەرەپكە چېكىنمەكچى بولدى. مەنسۇر چوڭلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن يۇرت ئىچىدە قالاي ھاجى ئاكا! يىگىتلىرىم بىلەن قالاي! — دېدى.

— نېمىشقا؟ — سوردى ھاجىم چېچىلىپ.

مەنسۇر يەنە «ئەجەل كۆلەڭگىسى» بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا چۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

چوڭلار بىر – بىرىگە قاراشتى.

— ئەمدى بولماسمىكىن ئۇكام، — دېدى مەھمۇت مۇھتى غەمكىن بىر ئاھاڭدا.

— ياق، بىز جاباباتۇ بىلەن ھەمدۇل باشلىق توققۇز يىگىت شۇنداق كېلىشتۇق. بىزگە ئىجازەت بەرسىلە. ئۇلارغا ئەگەشكىنىمىز ئەگەشكەن، — دېدى مەنسۇر قەتئىي تۇرۇپ.

— نەگىچە ئەگىشىپ بارماقچىسىلەر؟ — سورىدى ھاجىم، ئۇنىڭغا جىددىي قاراپ.

— گۆرنىڭ ئاغزىغىچە. تاكى بىرىمىز قالغۇچە، بىرىمىز!

ھاجىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مەنسۇرنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

# ئون بەشىنچى باب

# ھاۋادا رادىئو دولقۇنلىرى

*ھەقىقەت ئىككى كىشىگە موھتاج: بىرى ئۇنى سۆزلىگۈچى، يەنە بىرى ئۇنى ئاڭلىغۇچى.*

— جىبران خەلىل

1

ماجۇگىيىڭ ئۇرۇمچىگە شەرق تەرەپتىن بېسىپ كىرىش ئۇ-چۇن، ئالدى بىلەن بۇ شەھەرنىڭ تەخمىنەن توقسان كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان تاغلىق يېزا داۋانچىڭنى ئىشغال قى-لىش لازىملىقىنى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەچكە بۇ يەرنى ئاللىقا-چان ئىگىلىۋالغانىدى. شېڭ شىسەي داۋانچىڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ماجۇگىيىڭدىن ياخشىراق چۈشىنىدىغان بولغاچقا، بۇ يەرنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئاساسىي كۈچى-نى شۇ تەرەپكە تاشلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىچىككىنە تاغلىق يېزىغا ئىككى تەرەپتىن بولۇپ ئون نەچچە مىڭ چېرىك توپلاندى. ئۇلارنى بېقىش ئۈچۈن شەرقتە تۇرپان، توقسۇن،

پىچان خەلقىنىڭ، غەربتە ئۇرۇمچى، سانجى، فۇكاڭ ۋە گۇچۇڭ خەلقىنىڭ قان ــ تەرلىرى دەرىيادەك ئېقىپ يىلىكى قۇرۇماقتا ئىدى.

شېڭ شىسەي داۋانچېڭنى تارتىۋېلىشقا بىر قانچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىدى. قىزىل يېرى شۇكى، تاغ باغىرلىرى بىلەن قېلىن قارىياغاچلىقلارنى ئىگەلەپ، ئەپلىك ئورۇندا تۇرغان ماجۇڭيىڭ قوشۇنى خۇددى ئوينىشاندەك قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن قايتۇراتتى ــ دە، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەي، نېمىنىدۇر بىر نېمىنى كۈتۈپ ياتاتتى. بۇ قانداقتۇر بىر سىرلىق ھالەتتەك كۆرۈنەتتى.

ئەمما شېڭ شىسەي ئۈچۈن بۇ ھېچقانداق سىر ئەمەس ئىدى.يەنى ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ ئىستىپاقدىشى ئىلىدىكى جاڭ پېيۈەننىڭ غەرب تەرەپتىن ئۇرۇمچىگە يۈرۈش قىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. بىرى شەرقتىن، بىرى غەربتىن تېگىش قىلىپ، ئۇرۇمچىنى ئىككى ياقتىن قىسىپ، شۇ يول بىلەن شېڭ شىسەينى يوقاتماقچى ئىدى.

شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭغا ئۆز كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەچكە، كىتابىمىزنىڭ يەتتىنچى بابى («جادۇگەرنىڭ ئەپسۇنى») دا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى زىلاتكىنگە ئەپسۇن ئوقۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردەم بېرىشى خۇسۇسىدا ئۇنىڭدىن ۋەدە ئېلىپ بولغانىدى. زىلاتكىن شېڭ شىسەينىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئۇنى موسكۋاغا «ماركسىزمنىڭ سادىق مۇرىتى» دەپ تونۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا تېزرەك ياردەم بېرىلىشىنى ئىلتىماس قىلغانىدى. شېڭ شىسەي بىلەن زىلاتكىن موسكۋانىڭ جاۋابىغا تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا، سوۋېت كونسۇلخانىسىدىكى سىمسىز رادىئو ئاپپاراتىنىڭ

سىگنالى جىددىي خەۋەر كەلگەنلىكىدىن بەلگە بەردى. قولاقلىرىغا ئاڭلىنغۇچ تاقىغان رادىست ئايال بىر — ئىككى مىنۇتتىن كېيىن موسكۋادىن كەلگەن مەخپىي تېلېگراف شىفىرلىرىنىڭ ئاددىي تىلغا ئۆرۈلگەن نۇسخىسىنى زىلاتكىنىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى:

«موسكۋا شىپك دۇبەنىنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرىنى كۈتىدۇ».

شىپك شىسەي بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى چېك دىلىنى كۆز ئاغرىقىنى داۋالىتىدۇ دېگەن باھانە بىلەن ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياۋشۇنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرھال موسكۋاغا ماڭدۇرغانىدى. بۇ، ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىش بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى شىپك شىسەي بىر ياقتىن ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ، يەنە بىر ياقتىن چېك دىلىدىن خەۋەر كۈتۈپ، داۋانچىلىك بىلەن سايىپپۇ ئارىلىقىدىكى تۇزلەڭلىك-كە جايلاشقان قوماندانلىق شتابىدا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى.

يېڭى كالېندار بويىچە كۆز ئېيى ھېسابلانغان نويابىر كىرە — كىرمەيلا ئۈرۈمچىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغلىق رايونلارغا قار يېغىشقا باشلاپ «شامال ماكانى» ئاتالغان سايىپپۇ تۇزلەڭلىك-دىن شەرققە قاراپ گۇركىرەپ سوقۇۋاتقان قارا بوران قار ئۇچقۇن-لىرىغا قوشۇلۇپ ئالەمنى مالەم قىلماقتا؛ يۇمران كۆچەت ۋاقتىدىن تارتىپ سايىپپۇ بورىنىنىڭ دەستىدىن شەرققە قاراپ خۇددى دوك ئادەملەرگە ئوخشاش ئېگىشىپ قالغان قارىياغاچلارنىڭ شاخلىرىدى-كى ئاخىرقى يوپۇرماقلىرى قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئاكوپتا ياتقان ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنىڭ كۆزىگە تىقىلماقتا ئىدى. بۇ ھالدا ئۇلار باش كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي خۇددى كىرپىدەك تۈگۈلۈپ ياتاتتى. شىپك شىسەي چېرىكلىرىمۇ بۇنداق قاتتىق شۇرغان پەيتىدە ھېچقانداق جەڭ ھەرىكىتى قىلىنمايدۇ دېگەن خىيال بىلەن ئاكوپلاردا خاتىرجەم يېتىشاتتى.

دەل شۇ چاغدا، ئاق يېپىنچا يېپىنىپ، ئاق بوز ئاتلارغا مىنگەن قىرىق چېرىك ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، چەت — ياقىلاردىكى چىغىر يوللار بىلەن ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن شىڭ شىسەينىڭ شتابى تەرىپكە ئىلگىرىلىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئايدالادا چوقچىيىپ تۇرغان ھەربىي چېدىرلار كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. شۇ چېدىرلارنىڭ بىرىدە تۇلكە جۇۋىسغا ئورالغان شىڭ شىسەي قۇترىغان شۇۋىرغاننىڭ خۇددى يىرتقۇچ بۆرىلەردەك ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ يىغما كارىۋاتتا جىم ياتاتتى. چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىپ تۇرغان گۈلخاندىكى چوغلارنىڭ شولىسىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ يىرتقۇچ بۆرىلەرنىڭ كۆزىدەك دەھشەتلىك پارقىرايتتى. چېدىر ئەتراپىدىكى مۇھاپىزەتچى چېرىكلەر شۇۋىرغانغا ئارقىسىنى قىلغان ھالدا مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ دۈگدىيىشىپ يۈرەتتى.

ھېلىقى ئاتلىقلار خۇددى يەردىن ئۈنگەندەك ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ چېدىرلارنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى ۋە قول بومبىلىرىنىڭ گۈمبۈرلەپ پارتلاشلىرى بىلەن گويا يەر يېرىلىپ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك ئەتراپ جاھاننى دەھشەت قاپلاپ كەتتى. مۇھاپىزەتچى چېرىكلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى يەر چىشلەپ قالدى. تىرىك قالغانلىرى ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، چېدىرلارنىڭ كۆپى يىقىلىپ ئىس — تۈتەك كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئارقانلىرى ئۈزۈلۈپ، تۈۋرۈكى ئۆرۈلگەن چېدىرلارنىڭ تىتىلىپ كەتكەن بىرېزېنت پارچىلىرى بىر دۈۋە يىرتىق تاغارغا ئوخشاپ قالدى. شىڭ شىسەي بولسا ئۆز چېدىرىدىكى بىرېزېنت پارچىلىرى ئاستىدا دۈم ياتاتتى. قېلىن تۇلكە جۇۋا بىلەن پىششىق توقۇلغان ئاشۇ بىرېزېنت پارچىلىرى ئۇنىڭ جېنىغا ئارا بولغانىدى.

ئاق بوز ئاتلىقلار چاقماق تېزلىكىدە غايىب بولدى. شىڭ شىسەيىنىڭ شتابىدىن چىرقىراق كاناي ئاۋازلىرى ياڭراپ پۈتۈن دالانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. پۈتۈن سەپ جەڭگە تەييارلاندى. بىراق كىمگە قارىتىپ ئېتىشنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

شىڭ شىسەي بۇنداق تۇيۇقسىز زەربىگە تۇنجى قېتىم ئۇچ-رىغان بولسا كېرەك، قاتتىق ھودۇقۇپ كېتىپ بىر ھازاغىچە تېڭىرقاپ قالدى. مۇرىسىدىن يېنىك يارىلانغان باش مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سوراشقا باشلىغاندىلا ئۇ ھوشىغا كەلدى چېغى، دەردىنى ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغاندەك، «ھوي نان قېپى لالما، سەن نەدە قالغانىدىڭ!» دەپ ئۇنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلىدى ۋە تاڭ سوزۇلۇپ شۇۋىرغان سەل پەسىيىش بىلەنلا، ئەللىكتەك مۇھاپىزەتچىسى بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ ئالدىراش ئاتلاندى. ھېلىقى قىرىق ئاتلىقتىن ئوتتۇز يەتتىسى شتابقا سالامەت قايتقانىدى. ماجۇڭيىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، «بارىكاللا ئەزىمەت-لەر، گا سىلىڭنىڭ چېرىكلىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلدىڭلار» دەپ كۈلۈپ قويدى.

## 2

شىڭ شىسەينىڭ شەھەرگە بۇنداق ئالدىراش كېلىشتىكى مەقسىتى ياردەم مەسىلىسى توغرىسىدا موسكۋاغا ئەۋەتىلگەن چېك دېلىنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇش ئۇچۇن كونسۇل زىلاتكىن بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى. شۇڭا ئۇ، شەھەرگە يېتىپ كېلىش بىلەن ئۆيىگىمۇ بارماستىن، كۆك بوز ئاتىنىڭ بېشىنى سوۋېت كونسۇلخا-نىسىنىڭ يېشىل سىرلانغان يوغان دەرۋازىسىغا بۇرىدى.

ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقاندا، زىلاتكىن ھېلىلا موسك-

ۋادىن كەلگەن رادىئوگرامما شىفىرلىرىنىڭ ئاددىي تىلغا ئۆرۈلگەن نۇسخىسىنى دىققەت بىلەن ئوقۇۋاتاتتى.
— مۇنداقمۇ ئۇدۇل كەلگەن بارمۇ، دۇبەن جانابلىرى، مەرھەممەت، مەرھەممەت، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى زىلاتكىن، شېڭ شىسەينى قارشى ئېلىۋېتىپ، — دەل ۋاقتىدا، ھەممىمىزنى سۆيۈن-دۈرىدىغان خۇش خەۋەر ئۈستىگە كەلدىڭىز. مەن سىزنى تەبرىكلەيمەن.
تەرجىمان بۇ سۆزلەرنى ئۆرۈپ بولغۇچە شېڭ شىسەي كونسۇل زىلاتكىننىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم، ئاۋازىدىكى جۇش-قۇنلۇق ۋە قولىدىكى قەغەزگە قاراپ ئەھۋالنى چۈشىنىپ بولغاندى.
— مانا قۇلاق سېلىڭ، — دېدى زىلاتكىن، — قولىدىكى قەغەزدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — تىلىكىڭىز ئىجابەت بوپتۇ. موسكۋا سىزگە ياردەم بېرىش قارارىغا كېلىپ، بەزى تەپسىلاتلار ھەققىدە ۋەكىلىڭىز بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەپسۇس-كى، سىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىڭىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ (ئەلۋەتتە موسكۋادىكى جاسۇسلىرى ئارقىلىق بولغان — دە!)، جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئارقىلىق بىزنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىمىزغا نارازىلىق باياناتى بېرىپتۇ. شۇنىڭغا بىنائەن، سىزنىڭ ۋەكىللىرىڭىز بىلەن بولۇۋاتقان سۆھ-بەتنى موسكۋادا ئەمەس، ئۈرۈمچىدە داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلى-دىكەن، ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ سۆھبەتكە بىز تەرەپتىن مۇھىم بىر ئەرباب كېلىدۇ. بۇ كىم بىلەمسىز؟ ھە، ئەلۋەتتە بىلمەيسىز.
— شۇنداق، — دېدى شېڭ شىسەي تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ.
— بۇ ئەرباب، — داۋاملاشتۇردى زىلاتكىن، — يولداش ستالىننىڭ يېقىنلىرىدىن گارېگىن ئاپرېسوف بولىدۇ. ئاپرېسوفنىڭ

باش ۋەكىل سوۋېتتە سۆھبەتكە كېلىدىغانلىقى يولداش ستالىنىنىڭ سىزگە تامامەن ئىشەنگەنلىكىنىڭ دەلىلى، ئۇقتىڭىزمۇ!
— ئۇقتۇم، ستالىن جانابلىرىدىن پەۋقۇلئاددە مىننەتدارمەن.
— شۇنداق، ئاپرېسوف نەچچە ۋاقىتتىن بېرى موسكۋانىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ۋەكىلى ئىدى. ئۇ بىر زامانلاردا ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەشھەد دىيارىدا ئىران كوممۇنىستلىرى ئارىسىدىمۇ ئىشلىگەن قابىل ئەرباب، مۇشۇنداق كىشىنىڭ ئۈرۈمچىگە قەدەم تەشرىپى مۇناسىۋىتى بىلەن مەن سىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.
— سىزگە كۆپ رەھمەت! ئاپرېسوۋ جانابلىرى قاچان يېتىپ كېلىدىكەن؟
— رادىئوگراممىدا ۋاقتى ئېيتىلمىغان. ھەرھالدا ئۇزۇنغا قالماس دەيمەن.
— ئۇنداق بولسا، مەن دەرھال ئۇ زاتنى ئىستىقبال قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرەي.

× × ×

شېڭ شىسەي شەھەردە ئۇزۇن تۇرماي، ئالاقىدار ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ يەنە فرونتقا قايتتى. فرونت تىنچ ئەمەس ئىدى. ماجۇڭيىڭ تەرەپ بۇرۇنقى ئادىتىگە خىلاپ ھالدا، كەڭ دائىرىدە بولمىسىمۇ پات - پات ھۇجۇمغا ئۆتۈپ تۇراتتى. شېڭ شىسەي بۇنى ئىلىدىكى جاڭ پېييۈەننىڭ ھەرىكەتلىنىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەندى. ھەقىقەتەنمۇ، جاڭ پېييۈەن بىر قىسىم كۈچىنى ئۈرۈمچى تەرەپكە ماڭدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماجۇڭيىڭنىڭ ئالتاي تەرەپتىكى كۈچلىرىمۇ ئۈرۈمچىگە قىستاپ

كەلمەكتە ئىدى. بۇ ئەھۋاللار شىپك شىسەينى قاتتىق ئەنسىرىتىپ قويىدى.

× × ×

ئونىنچى نويابىر ئاخشىمى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ سىمسىز رادىئو ئاپپاراتى يەنە بىر جىددىي سىگنال قوبۇل قىلدى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئاخبارات كېلىۋاتاتتى:

«بۈگۈن كۈندۈز سائەت ئون بىردە، تۈمەن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىكتە چوڭ ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاتالمىش 〈شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى〉نىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. خوجىنىياز ھاجى جۇمھۇرىيەت رەئىسى، سابىت داموللا باش مىنىستىر دەپ ئېلان قىلىندى. بىراق خوجىنىيازنىڭ ئۆزى بۇ يەردە يوق. ئېنىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاقسۇ ئەتراپىدا مافۇيۈەن بىلەن سوقۇشۇۋېتىپتۇ. يىغىن شەرىپىگە قىرىق بىر پاي ساليوت ئېتىلدى. ئەنگلىيە كونسۇلى ۋە بەزى ئافغان پۇقرالىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن قەشقەر شەھىرىنىڭ بازار كۈنى پەيشەنبىگە توغرىلانغاچقا ئادەم ناھايىتى كۆپ يىغىلغان. يىغىن مەيدانى ۋە كوچا ـ كويلارغا مەزكۇر «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى ئېسىلغان. بۇلارنىڭ ھەيۋىسى بەك چوڭ».

زىلاتكىن رادىست ئايالغا سىمسىز رادىئو ئاپپاراتىنىڭ سىگنالىنى دەرھال موسكۋاغا توغرىلاشنى بۇيرۇدى. ئۇرۇمچى ھاۋا بوشلۇقىدىن تارالغان رادىئو دولقۇنى شۇ دەقىقىدە موسكۋاغا يېتىپ باردى.

ستالىن ھەيۋەتلىك كرېمىل سارىيىدىكى ئىشخانىسىدا ئەگرى ساپلىق مۇشتەككە تاماكا بېسىۋېتىپ، «قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىمۇ بىر دونكىخوت چىققان ئوخشايدۇ» دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى.

زىلاتكىندىن ئۈچ سائەت بۇرۇن، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ سىمسىز رادىئو ئاپپاراتى يۇقىرىدىكى خەۋەرنى يېگى دېھلىغا يەتكۈزۈپ بولغانىدى. يېگى دېھلى شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە لوندونغا بۇ ۋەقەنى مەلۇم قىلدى ۋە شۇ كېچىسى ئەنگلىيىنىڭ كابۇل، تېھران، ئەنقەرە، قاھىرە شەھەرلىرىدىكى ئەلچىخانىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپتى. ئۇلار ئارقىلىق ئافغانىستان، ئىران، تۈركىيە، مىسىر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقلىرىمۇ خەۋەر تېپىپ بولدى. ئەتىسىدىن باشلاپ شۇ ئەللەردىكى بەزى گېزىتلەردە بۇ توغرۇلۇق خەۋەر ھەم ماقالىلەر ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. بەزى ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى جۇڭگو زېمىنىدا قۇرۇلغان بۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئوچۇقتىن — ئوچۇق قوللاپ، ئۆز ھۆكۈمەتلىرىدىن ئۇنى دەرھال ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى.

جۇڭگو زېمىنىنىڭ غەربىي بۇرجىكىدە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە نەنجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، تيەنجىن، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە چىقىدىغان چوڭ گېزىتلارنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىۋەتتى. نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ شېڭ شىسەيگە جىددىي تېلېگراممىا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي ئالاقزادە بولۇپ، بىر ياقتىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە «بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئىغۋا، قەشقەر ھېلىمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا» دېگەن مەزمۇندا خەت قايتۇرغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن دەرھال زىلاتكىن بىلەن كۆرۈشۈپ، قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارقىلىق خوجى-

نىياز ھاجى بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

— ئۇ ساقالغا نېمە دېمەكچىسىز؟ — سورىدى زىلاتكىنمۇ جىددىيلىشىپ.

— ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسۇن، يەنى مافۇيۇمنىڭ قەشقەردىكى ماجەنسەن بىلەن قوشۇلۇۋېلىشىغا يول قويمىسۇن؛ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بىر نېمىنى دەرھال يوقاتسۇن دېمەكچىمەن.

— ياخشى، — دېدى زىلاتكىن، — جىمىسار پوتۇمىنىڭ روھى بويىچە، خوجىنىياز جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەلۋەتتە سىز ئېيتقاندەك قىلىشى لازىم. بىراق بۇ ئىشلار ئۇنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ ـ يوق؟ قولىدىن كەلگەن تەقدىردە، مەسىلەن ئېيتايلۇق، سابىت داموللىنى يوقىتىشقا جۈرئەت قىلامدۇ ـ يوق؟ — بۇ بىر مەسىلە.

— ئۇنىڭ جۈرئەت قىلىش ـ قىلماسلىقى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. ئەمما بۇيرۇقنا بويسۇنۇشى شەرت. شۇنداق ئەمەسمۇ كونسۇل جانابلىرى.

— بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقمەن دەۋاتىسىز ـ ھە، جانابى دۇبەن. سىز يېتۈك ھەربىي مۇتەخەسسىسلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەنمۇ قابىل سىياسىيون ئىكەنسىز ھەم، — دېدى زىلاتكىن مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ.

× × ×

دېكابىر ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى چۈشكە يېقىن بىر چاغدا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى تەرەپتە قېلىن قارغا

قاپلىنىپ ياتقان ئايرودرومغا كىچىك تىپتىكى بىر ئايروپىلان كېلىپ قوندى. چاقلىرى ئورنىغا چاڭغا بېكىتىلگەن بۇ ئايروپىلان خۇددى چانىغا ئوخشاش خېلى يەرگىچە تېيىلىپ كېلىپ توختىغان ھامان، زىلاتكىن بىلەن شېڭ شىسەي باشلىق بىرتوپ ھۆكۈمەت ئەربابلىرى چوڭ — چوڭ قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە كەمچەت ياقىلىق قارا دراپ جۇۋا، قاما قۇلاقچا، ئاق كىگىز ئۆتۈك كىيگەن، قەددى — قامەتلىك، كۆكۈچ كۆزلىرى جىددىي قارايدىغان سالاپەتلىك بىر كىشىنى ئىززەت — ئىكرام بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇلى گارېگىن ئاپرېسوف ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ موسكۋاغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى چېڭ دېلى بىلەن ياۋشۇنمۇ شۇ ئايروپىلاندا قايتىپ كەلگەنىدى.

شۇ ئاخشىمى ئەل ياتار چاغدا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئارقا كوچىلارنىڭ بىرىگە جايلاشقان كاتولىك چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا جۇغى كىچىككىنە بىر دوك ئايال ئاستا كېلىپ، يان ئىشىكنىڭ تۆمۈر ھالقىسىنى ئېھتىيات بىلەن ئۈچ قېتىم شاراقلاتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئورۇق بىر گەۋدە كۆرۈندى. ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ سىپتا كىيىنگەن ياغاق يۈز، كوسا ساقال بوۋاي ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ گەپ — سۆز قىلماي دوك ئايالنى يان ئىشىك يېنىدىكى غۇۋا يورۇپ تۇرغان بىر ئۆيگە باشلىدى. دوك ئايال قوينىدىن بىر كىتابنى چىقىرىپ:

— خوجايىن خانىم بۇ كىتابنى ئوقۇپ بوپتۇ، يوپ جانابلىرىغا بېرىپ قويۇڭ، — دېدى شاڭخەي تەلەپپۇزىدا.

— ياخشى، خوجايىن خانىم سوراتقان ژۇرنال مانا. بۇنى ئالغاچ كېتىڭ، — دېدى بوۋاي، ئۇنىڭغا بىر رەسىملىك ژۇرنالنى بېرىۋېتىپ.

بوينىغا كىرىست ئېسىۋالغان يوغان قورساق، سېرىق بۇژغۇر ساقال، تەخمىنەن ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھەم يېپىلىپ ئوبدان ئىسسىتىلغان خىلۋەت ھۇجىرىدىكى ئونىنچى لامپا يورۇقىدا بايىقى كىتابنى دىققەت بىلەن ۋاراقلاشقا باشلىدى. بۇ «ئىنجىل» كىتابىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى يېڭى نەشرى بولۇپ، ئۇنى ۋاراقلاۋاتقان كىشى مۇشۇ چېركاۋدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پوپلۇق قىلىۋاتقان چارلىز جورج ئىدى. ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ، خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ تۇرغان گۆشلۈك يۈزىنى قولياغلىقى بىلەن پات ـ پات سۈرتۈپ قوياتتى. ئاخىر، كىتابنىڭ پۈكلەپ قويۇلغان بېتىگە كۆزى چۈشتى ـ دە، كىچىككىنە شىشە قۇتىدىكى سارغۇچ سۇيۇقلۇققا يۈڭ قەلەمنى چىلاپ ئېلىپ، شۇ بەتكە سۈرۈشكە باشلىدى. يۈڭ قەلەم ھەربىر سۈرتۈلگەندە ئۇنىڭ ئىزى بويلاپ خەت قۇرلىرى ئارىلىقىدا ئۇششاق شىفىرلار نامايان بولۇپ تۇراتتى.

پوپ سېرىق بۇدۇر چاچلىرى يېپىپ تۇرغان پېشانىسىنى يەنە بىر سۈرتۈۋېلىپ، سىمسىز رادىئو ئاپپاراتىنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا توغرىلىدى. رادىئو دولقۇنى مۇنۇ مەزمۇندىكى مەخپىي شىفىرلارنى ھاۋا بوشلۇقىغا تارقىتىۋەتتى:

«ئاپرېسوف ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. رۇسلارنىڭ شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە بېرىدىغان ھەربىي ياردىمىنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە ئەتە رەسمىي سۆھبەت باشلىنىدۇ. ئۇزاققا قالماي شىڭ شىسەي قوشۇنلىرى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ھەربىي تېخنىكىسىغا ئىگە بولىدۇ».

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ سىمسىز رادىئوسى بۇ خەۋەرنى شۇ كېچىسىلا يېڭى دېھلىغا يوللىۋەتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا لوندونمۇ بۇ گەپتىن خەۋەر تاپتى.

بۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچى بىلەن موسكۋا، ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر، قەشقەر بىلەن يېڭى دېھلى، يېڭى دېھلى بىلەن لوندون ھاۋا بوشلۇقىدا توختاۋسىز ئېقىۋاتقان رادىئو دولقۇنلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ دېگۈدەك دىققەت ـ نەزەرىنى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەر- كىزىگە جايلاشقان شىنجاڭ دېگەن زېمىنىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قوي- دى. بۇ رادىئو دولقۇنلىرى شۇ چەكسىز ھاۋا بوشلۇقىدا ئېقىپ يۈرگەندە، ئېھتىمال ئاسمان جىسىملىرىغا، ھېچبولمىغاندا، غەمسىز ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇت پارچىلىرىغا تېگىپ ئۆتكەندۇ! ئۇلار بۇ رادىئو دولقۇنلىرى توشۇپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشقاندۇ ۋە ھەيرانۇ ۋەسلىكتە «ئاھ، بۇ قانداق زېمىن؟ ئۇنىڭ غېمىنى يەيدىغانلار، ياق، غېمىنى يەيدىغانلار ئەمەس، ئۇنىڭغا خىرىس قىلىدىغانلار نېمانداق كۆپ؟» دېيىشكەندۇر.

ئاھ، يىلىكى شورلۇق زېمىن!

# ئون ئالتىنچى باب

# ئۈرۈمچى قامال كۈنلىرىدە

*«سەن ئۇرۇشنى خالىساڭ، سەن ئۇنىڭغا ئېرىشىسەن».*

— چىڭگىزخاننىڭ مۇھەممەت خارەزىم شاھقا يازغان خېتى

1

«خوجايىن خانىم»نىڭ دوك ئايالدىن پوپقا ئەۋەتكەن مەخپىي ئاخباراتى بوش يەردىن چىقمىغان ئوخشايدۇ. خۇددى شۇ ئاخباراتتا دېيىلگىنىدەك، ئاپرېسوف ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپلا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھەربىي ياردەمنىڭ تەپسىلاتلىرى ھەققىدە شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەتلىشىشكە كىرىشتى. زىلاتكىن بولسا ئاپرېسوفنىڭ ئىتائەتمەن ھەمراھى سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە ئىدى. شېڭ شىسەي تەرەپتىن چېڭ دېلى بىلەن ياۋشۈن سۆھبەتكە باشتىن-ئاياغ قاتنىشىپ تۇراتتى. ئۇلاردىن باشقا، شېڭ شىسەينىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شەخ-

سي كاتىپى ۋاڭ يىلى دېگەن چىرايلىق يىگىتمۇ دائىم بىللە ئىدى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش يۈزىسىدىن سۆھبەت كۆپىنچە كىچىلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. سۆھبەتنىڭ ئورنىمۇ ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

سۆھبەتنىڭ تۆتىنچى كۈنى، ئەل ياتار چاغدا پوپ چارلىز يەنە ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىدا دوك ئايال ئارقىلىق «خوجايىن خانىم»نىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەن ھېلىقى رەسىملىك ژۇرنالنى ئالدىراش ۋاراقلاشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ژۇرنالنىڭ بېتىدە تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئۇقتۇرىدىغان ئۇششاق شىفىرلار نامايان بولدى:

ھازىرچە مەلۇم بولغىنى: سوۋېت رۇسىيىسى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ئۈچ مىليون رۇبلى قىممىتىدە ھەربىي ئەشيا ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئەشيالار ئىچىدە مىلتىق، پىلىموت، خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرى ۋە يېتەرلىك ئوق ــ دورا ھەم باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەر بولغاندىن تاشقىرى، مۇھىمى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىمۇ بار. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭ بەدىلىگە نېمە بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى سۆھبەت يەنە داۋاملىشىدۇ.

پوپ چارلىز ئاڭلىغۇچنى دەرھال قۇلىقىغا تاقاپ، سىمسىز رادىئو كۇنوپكىسىغا قولىنى ئۇزاتتى.

چېركاۋدىن ھاۋا بوشلۇقىغا يەنە رادىئو دولقۇنلىرى تارقىلىشقا باشلىدى.

× × ×

سۆھبەت داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ماجۇڭيىڭنىڭ ئون مىڭغا يېقىن قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويلاپ قاتتىق ھۇجۇمغا ئۆتتى. شىڭ شىسەي قوشۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق

كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە باشلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى خەۋپ ئاستىدا قالدى.
1934 ـ يىلى يانۋار ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچى قۇربانلىقلار بەدىلىگە شەھەر سېپىلىنىڭ نەنلياڭ (جەنۇبىي دۆڭلۈك)نىڭ بىر قىسمى بىلەن شەرق تەرەپتىكى مەھەللىلەرنى، جۇملىدىن، شەرق دەرۋازا تەرەپتىكى رادىئو ئىستانسىسى بىلەن ئايرودرومنى ئىشغال قىلدى ۋە كىچىك تىپتىكى بىر ئايروپىلاننى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. ئارقىدىنلا، شەھەرنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىمۇ ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، شەھەر قامالدا قالدى. ئەمما، خەندەك ۋە سېپىل سىرتىدىكى كوچا ـ كويلار ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنىڭ توك تېزەكتەك قېتىپ قالغان جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى.
كالتە جۇۋا ۋە ھەربىي قولاقچا بىلەن تېخىمۇ چاققان بولۇپ قالغان ماجۇڭيىڭ شەھەرنىڭ غەربىدىكى يامالىق تاغنىڭ يانباغرىدا شەھەرگە دۇربۇن سالماقتا ئىدى. قارىغا كۆمۈلۈپ ياتقان شەھەر ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى بىر ئويمانلىقتا ئۇستىدىن قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئۆرلەپ تۇرغان تىلسىماتقا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى. شەھەر بىلەن يامالىق تاغ ئوتتۇرىسىدا ئاپئاق ھور ئۆرلەپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئاستا ئېقىۋاتقان ئۈرۈمچى دەرياسى بولسا، ئۇنىڭغا خۇددى شۇ تىلسىماتنى ساقلاۋاتقان ئەجدىھادەك كۆرۈنەتتى. «بۇ تىلسىمات ئىچىدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس دۇنيا ـ دېيىنە يوق. ئەمما بۇ پۈتمەس ـ تۈگىمەس دۇنيا ـ دېيىنە ساقلىنىۋاتقان خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى مۇشۇ شەھەردە، دەپ ئويلايتتى ئۇ، ــ بۇ ئاچقۇچ ھاكىمىيەت دېمەكتۇر. بۇ ئاچقۇچنى قولىغا كىرگۈزمىگىچە، جاھاندا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بايلىق خەزىنىسى بولغان شىنجاڭ دېگەن بۇ زېمىنىنىڭ ھۆكۈمرانى بولماق ۋە شۇنىڭ

ئارقىلىق بارلىق مەقسەتلەرگە يەتمەك ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!»

كامال كازىمنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويىدى:

— ئاددىي مۇشاۋىرىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىر تەكلىپ بەرسەم، سىلىنىڭ جانابلىرى قوبۇل كۆرەرمىكىن؟

— نېمە دېمەكچىسىز؟

كامال كازىم شەھەر مۇداپىئەسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە قارشىلىقىنىڭ قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن، چېرىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھازىرچە شەھەرنى ئېلىشقا قاتتىق ئۇرۇنماي، قامالنى مەلۇم زامان داۋاملاشتۇرسا، بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا شەھەردىكىلەرنىڭ ئاشلىق ۋە يېقىلغۇدىن قىسىلىپ، ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— رازۋېدكا قىلىشقا ئەۋەتىلگەن خادىمىڭىز زاكىر دولاتوفنىڭ ماناستىن يوللىغان خەۋىرىگە قارىغاندا، گېنېرال جاڭ پېييۈەننىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى شىخوغا يېتىپ كەلگەن ۋە ئۇرۇمچىگە قاراپ يۈرۈش باشلاش ئالدىدا ئىكەن. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، بىرئاز كۈتسەك، جاڭ پېييۈەن قىسىملىرى يېتىپ كېلىش بىلەن...

— بەس قىلىڭ، مۇشاۋىر ئەپەندىم! — دېدى ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — ھاكىمىيەت تامغىسىنىڭ سېپى بىر، ئۇنى بىر ئادەم تۇتۇشى كېرەك. مەن ساراڭمىدىم، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى جاڭ پېييۈەنگە تۇتقۇزۇپ قويغىلى. ماڭا مەسلىھەت بېرىش ئورنىغا، ئاۋۇ ئەسىر چۈشكەن ئۇچقۇچى بىلەن ھاۋاغا ئۆرلەڭ — دە، شەھەر ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ۋەرەقە تاشلاڭ. شەھەر خەلقى قوزغىلىپ شېڭ شىسەينى ئۆرۈۋەتسۇن ياكى شېڭ شىسەي تەسلىم بولۇپ شەھەرنى ماڭا تاپشۇرسۇن.

كامال كازىم يېنىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ ئۆزىگە غەلىتە بىر كىنايىلىك نىگاھ بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى. ئەمما، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، «پەرمانىڭىزنى ھازىر بەجا كەلتۈرىمەن» دەپ مېڭىشقا تەلپۈندى.

— ياق، مۇشاۋىر ئەپەندىم! — قـاقاقـلاپ كـۈلـدى ماجۇڭيىڭ، — چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئايروپىلانغا باشقا بىرىنى چىقىرىمەن. مىڭ قاغىدىن بىر لاچىن ئەۋزەل.

شۇنىڭدىن بىرەر سائەت كېيىن، قاناتلىرى يىڭناغۇچقا ئوخشايدىغان بىر ئايروپىلان شەھەر ئۈستىدە ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇچقۇچىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئوفىتسېر بىر قولى بىلەن ئۇچقۇچىغا تاپانچا تەڭلەپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تاشلايتتى. ۋەرەقىلەردىن كېيىن، ئۈچ دانە كىچىك بومبىمۇ تاشلاندى. بۇ بومبىلار زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەيۋىسى ئەل كۆڭلىنى پەرىشان قىلىۋەتتى.

بۇنىڭسىزمۇ شەھەر خەلقىنىڭ كۆڭلى يېتىپ ئاشقۇدەك پەرىشان ئىدى. چىللە كىرىش بىلەنلا سوغۇق شۇنداق قاتتىق بولۇپ كەتتىكى، كېچىلىرى تالادا قالغان ئىتلار ياتقان يېرىدە قېتىپ قالاتتى. ئادەملەرنىڭ تۈكلۈرۈكى يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە مۆلدۈرگە ئايلىنىپ قالاتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئاپئاق ھور ئۆرلىتىپ ئېقىۋاتقان ئۈرۈمچى دەرياسى بىر كېچىدىلا شىشىدەك قـېتىـپ قالدى.

«قىشنىڭ گۈلى ئوت» دېيىشكەن قەدىمكىلەر. ئوتۇن ـ كۆمۈر بولمىسا نەدىكى ئوت! بولۇپمۇ ئۈرۈمچى — ئەتراپتىكى خاڭلاردىن كىرىدىغان كۆمۈر بىلەنلا ئىسسىنىدىغان شەھەر، مانا ئەمدى كۆمۈر توشۇيدىغان ھارۋىلارمۇ، تۆگە، ئېشەكلەرمۇ يوقاپ كەتكەن، ئۆلارىسىز نە ئۆي ئىسسىغاي، نە قازان قاينىغاي!

ئۇرۇمچى زامان ـ زامانلاردىن بۇيان، ئەتراپ يېزا ـ قىشلاق-لاردىن تاشقىرى، ئۇ يېنى جۇڭغار، بۇ يېنى تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن تۇيۇنىدىغان شەھەر ئىدى. مانا ئەمدى ئۇرۇش يالماۋۇزلىرى يوللارنى ئېتىپ، كارۋانلارنى يۇتۇپ، بۇ شەھەرنى گالدىن بوغۇپ «ئارپا ـ بۇغداي ئاش ئىكەن، ئۇنچە ـ مارجان تاش ئىكەن» دېمىدىغان كۈنلەرگە چۈشۈرۈپ قويدى. شەھەر ـ ئەمچەكسىز قالغان بوۋاقتەك يىغلاپ، ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقان بىچارىدەك ئىڭ-رىماقتا ئىدى. خۇددى شائىرنىڭ ئېيتقىنىدەك:

مۇزلىدى شەھەر، مۇزلىدى ھىسار،
قوۋۇقلار سۇنۇق، كونا بىر مازار.
شەھەر ئۈستىدە لالما بۇلۇتلار،
ئوزۇق ئىزدىشىپ قىلىدۇ شىكار.

كۈننىڭ ئەسرى يوق، ھاۋا تۇمانلىق،
يەرلەر تىترىشۇر، مۇزلىغان جانلىق.
ھەر نە شادلىقتىن جۇدادۇر ھايات،
ئاڭلىنۇر ھەر ئۈن مۇڭلۇق، پىغانلىق.

تۇرخۇن تۇۋىدە يىرتىق كۆن ئۆتۈك،
چورۇق تىترىمىدۇ تاپىنى تۆشۈك.
مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سىرىق،
قوللار سۇنۇلغان، بويۇنلار بۈكۈك.

× × ×

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنە ئەل ياتار چاغدا، ھېلىقى

دوك ئايال يەنە چىركاۋ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى... پوپ چارلىز ئالدىراش ئىشقا كىرىشتى. ئۇ، ئالدىدا يېيىقلىق كىتاب قۇرلىرى ئارىلىقىدىكى مەخپىي شىفىرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئىككى قېتىم «خۇداغا ئامانەت» دەپ ئۇلۇك قولى بىلەن چوقۇنۇۋالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى سىمسىز رادىئو ئاپپاراتىدىن هاۋا بوشلۇقىغا يەنە رادىئو دولقۇنلىرى تارقىلىشقا باشلىدى:

«جىددىي خەۋەر! ئاپرېسوف بىلەن شېڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت يۇقىرى بالداققا چىقتى، شېڭ شىسەي سوۋېت رۇسىيىسىدىن بېرىلىۋاتقان هەربىي ئەشيالار ياردىمى بىلەن ماجۇڭيىڭنى يېڭىشكە كۆزى يەتمەي، بىۋاسىتە هەربىي ياردەم تەلەپ قىلدى. شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى شىنجاڭدا كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىدۇ، ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتلەردە موسكۋادىن يولىيورۇق ئالىدۇ، سوۋېت رۇسىيىسىگە شىنجاڭدا كان ئېچىش، سودا ـ تىجارەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىدۇ. سوۋېت هاكىمىيىتىگە قارشىلىق قىلىپ، شىنجاڭغا قېچىپ ئۆتكەن قوراللىق ئاق ئورۇسلارنى تەقىپ قىلىدۇ ۋە مۇهىم ئاتامانلىرىنى يوقىتىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش شەرتلەر بەدىلىگە سوۋېت رۇسىيىسى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ماجۇڭيىڭنى ۋە قەشقەردىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» نى يوقىتىشقا بىۋاسىتە قوشۇن ئەۋەتمەكچى بولدى» .

بۇ قېتىم «خوجايىن خانىم» پوپ چارلىزغا ئەۋەتكەن بۇ ئاخباراتنى تېپىشتا قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن سەل كېچىككەنىدى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭ چېگراسى ئىچىگە كىرىپ بولغانىدى. بىرىنچى قىسمى «ئالتايىسكىلار» دېگەن نام بىلەن چۆچەك چېگراسىدىن كىرىپ توپتوغرا ماناسقا يېتىپ كەل-

دى؛ ئىككىنچى قىسمى، قورغاس چېگراسىدىن غۇلجا تەۋەسىگە كىرىپ، كۈرە شەھىرىنى قورشاۋغا ئېلىپ بولغانىدى.

كۈرە — مىلادى 1763 ـ يىلى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە ئىلىدىكى توققۇز شەھەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا بىنا قىلىنغان بولۇپ، مەنچىڭ خانلىقىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىدىغان باش جاڭجۈڭى تۇرىدىغان شەھەر ئىدى. كېيىنچە بۇ شەھەر دەريا سۈيىنىڭ يالاپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا قالغانلىقتىن، 1882 ـ يىلى ئۇنىڭ ئون بەش چاقىرىم شىمالىغا يېڭى كۈرە شەھىرى بىنا قىلىنغان. يېڭى كۈرە شەھىرى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ جاڭجۈڭ تۇرىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن. ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باش ۋالىيسى جاڭ پېييۇەنمۇ ئەنە شۇ ئەنئەنە بويىچە كۈرە شەھىرىگە جايلىشىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ باش شتابى قىلغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوۋېت ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن، قورغاس چېگراسى ئارقىلىق بىرنەچچە مىڭ كازاك سولداتلىرى بىلەن جۇڭگو چېگراسىغا قېچىپ ئۆتكەن چار رۇسىيە گېنېراللىرىدىن ئاتامان دۇتوف بىلەن ئاننېنكوفلارنىڭ بارلىق قورال ـ ياراغلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ، كۈرە شەھىرىدىكى ھەربىي ئىسكىلاتلاردا ساقلانماقتا ئىدى. بۇ قورال ـ ياراغلار ئىچىدە يېنىك قوراللاردىن باشقا، ئون نەچچە ئات سۆرەپ ماڭىدىغان چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەكلەر، پارچىلاپ ئاتقا ئارتىدىغان دالا زەمبىرەكلىرى، ۋە ئات قوشۇپ سۆرەپ ماڭىدىغان چاقلىق پىلىموتلارمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، كۈرە شەھىرى چوڭ بىر ھەربىي ئىسكىلاتقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئىلى ۋادىسىدەك كەڭ ۋە باي زېمىننىڭ ھۆكۈمرانى، بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەنە شۇنداق ھەربىي ئەشيالار

ئىسكىلاتىنىڭ ئىگىسى بولۇۋالغان جاڭ پېيىۋەن ئۆزىنى دۇنيادا بىرلا ھېسابلايتتى. ئۇ، شېڭ شىسەيگە قارشى ماجۇڭيىڭ بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقداشلىق شەرتنامىسى بويىچە، 1934 ـ يىلى يانۋار ئېيى كىرىش بىلەنلا، ياڭ جىڭجۇڭ دېگەن سەركەردىسىنىڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم كۆچنى ئۇرۇمچى تەرەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئارقىدىن زور بىر قوشۇن بىلەن ئۆزى يولغا چىقتى.

قارا ئېگەر ـ جابدۇقلۇق قارا ئاتلارغا مىنىپ، قارا كالتە جۇۋا كىيگەن ۋە قىسقا مىلتىق، ماۋزۇرلار بىلەن قوراللانغان بىر توپ مۇھاپىزەتچىلەر ئارىسىدا بوز ئارغىماق ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرغان جاڭ پېيىۋەن قۇياش نۇرىدا ئالماستەك پارقىراپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىغا، قېلىن قارغا كۆمۈلۈپ ياتقان يانباغىرلاردىكى قارىغايلارغا قاراپ خىيال سۈرەتتى:«يالغۇز بىرلا ئىلى ۋادىسى ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ مېنىڭ بولۇشى كېرەك. بۇ قوينى كەڭ، بايلىقى مول، خەلقى نادان زېمىننى ياڭ زىڭشىندەك قېرى تۈلكە ئون يەتتە يىل سورىغان يەردە، ئەمدىلا قىرىق ئىككىنچى باھارىنىنىڭ زوقىنى سۈرۈپ، بۆرىدەك ئالغۇر، يىلپىزدەك چاققان، يولۋاستەك كۆچتۈڭگۈر بىر ئەزىمەت بولغانىكەنمەن، نېمىشقا يىگىرمە يەتتە يىل، بەلكى ئوتتۇز يەتتە يىل سورىيالمىغۇدەكمەن! بەزىلەر مېنى ئۈچ خوتۇنلۇق بولۇۋالدى دېمىش تېخى، بەش خوتۇنلۇق بولسام نېمە بوپتۇ! قەشقەر دىيارىنى سورىغان ماتىتەيىنىڭ قىرىق خوتۇنى بوپتىكەنغۇ! مەندەك يىلىكى تولۇق ئەرگە بەش خوتۇنمۇ ئازلىق قىلىدۇ تېخى!»

بىردىنلا ھاۋا بوشلۇقىنى يېرىپ كېلىۋاتقان ئايروپىلاننىڭ دەھشەتلىك غارقىرىغان ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى. كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ھاۋادىن پىلىموت ئوقلىرى يېغىپ، مۇھاپىزەتچىلەردىن بىرنەچچىسى ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى. ئارقىدىنلا ئاسمان

ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك گۈمبۈرلىگەن بىر دەھشەتلىك ئاۋۇش ئاڭلى-
نىپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاتتىن غۇلاپ كەتتى. ئات ۋە ئادەملەرنىڭ
قانغا مىلەنگەن جەسەتلىرى قارغا كۆمۈلۈپ قالماقتا ئىدى. ئايروپى-
لان ھايات قالغانلارنىڭ باش ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ، تىرىك
تۇرغۇزۇپلا جىنىنى ئالغۇدەك دەھشەت سالاتتى.

جاك پىبيۇەن «بۇ نېمە ئىش» دەپ سوراشقىمۇ قۇربى
يەتمەي، تىرىك قالغان بىرنەچچە مۇھاپىزەتچىسىنىڭ ياردىمى بى-
لەن تىزىغىچە قار كېچىپ يۈرۈپ قېلىن قارىغايلىق ئارىسىغا
يوشۇرۇنۇشقا ئاران ئۈلگۈردى. بىراق، كۆرە تەرەپتىن گۈمبۈرلەپ
ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازلىرى ئۇنىڭ جىنىنى ئېلىپ ياندا قوي-
ماقتا ئىدى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقىدا كېلىۋاتقان قوشۇنى-
دىكى ئوفىتسېرلىرىدىن بىرنەچچىسى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، قور-
غاس چېگراسىدىن كىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ كۆرەنى
توپقا تۇتۇۋاتقانلىقىنى، بايىقى ئايروپىلانىنىڭ سوۋېت زېمىنى تەرەپ-
كە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

— كۆك كۆزلەر ئارىلاشقان بولسا مېنىڭ ئىشىم
تۈگەپتۇ! — ۋارقىرىدى جاك پىبيۇەن، يوغان كۆزلىرى چانىقىدىن
چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، — مەن بۇنداق بولۇشىنى نەدىن
بىلەي، ھەممىسى شىڭ شىسەينىڭ ئويۇنى. مەن بۇ ئىبلىس
ئۈستىدىن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئەرز بېرىمەن.

— گېنېرال جانابلىرى، — دېدى ئۇنىڭ بىر مۇشاۋى-
رى، — ھازىرچە جېنىمىزنى يوشۇرغۇدەك بىر دالدا جاي تېپىپ،
ئۇرۇمچى تەرەپكە ئەۋەتىلگەن قوشۇنىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ
ئىلاجىنى قىلساقمىكىن!

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئالغا ئىلگىرىلەپ، كەچ كىر-

گەندە ئۇدۇل كەلگەن بىر جاڭزىغا چۈشكۈن قىلماقچى بولدى. بىراق، ئالدى تەرەپتىن ئىككى ئوفىتسېر ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇرۇمچى تەرەپكە ئەۋەتىلگەن قوشۇنىنىڭ شىخودا شېڭ شىسەي قوشۇنى بىلەن يېرىم كۈن جەڭ قىلىپلا تەسلىم بولغانلىقىنى، قوشۇن باشلىقى ياڭ جىڭجۇڭنىڭ تاغ يولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، «بىز گېنېرال جانابلىرىغا بولغان ساداقىتىمىزنى ئاخىرىغىچە ساقلاپ، ھېچبولمىسا، بۇ ئىشلارنى سىزگە مەلۇم قىلىپ قويايلى دېگەن نىيەتتە نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئاران بۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق» دېدى.

جاڭ پېييۈەننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاسمان خۇداسىنىڭ ئىرادىسى بولسا كېرەك» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ زاپاس ئېتىنى ئالدىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

جاڭ پېييۈەن پۇتلىرى ئىنچىكە، بېشى كىچىك، كۆكرىكى كەڭ كەلگەن بوز ئارغىماقنىڭ كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنى تاپانچا بىلەن ئېتىۋەتتى ۋە ھەمراھلىرىغا قاراپ «مەندىن ئامەت يۈزىنى ئۆرۈدى، سىلەرگىمۇ خوش» دېدى ــ دە، شۇ تاپانچا بىلەن ئۆزىنىمۇ ئېتىۋالدى.

## 2

كۈرەدىكى قىزىل ئارمىيە جاڭ پېييۈەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەممە قورال ۋە ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىنى پاك ــ پاكىز قۇرۇقداپ بولۇپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆز ئېلىگە قايتتى.

چۆچەك ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىپ ماناستا توختىغان «ئال-

تايسكى»لار ئۇرۇمچىگە يۈرۈش باشلىدى. توپ ــ زەمبىرەك، تانكا ۋە تۆمۈر كوڭكىلار بىلەن قوراللانغان بۇ ئاتلىق ۋە موتۇرلۇق قوشۇن جۇڭگو ئارمىيىسى سىياقىدا كىيىنىپ، جۇڭگو بايرىقى ئاستىدا كېلىۋاتقاچقا، قورال ــ ياراغ ۋە چىراي ــ شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى دېمىگەندە، ھېچكىم ئۇلارنى ئاسان تونۇيالمايتتى.

قامالدا قالغان ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسى ھەرقانچە چىڭ بولسىمۇ، ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنىڭ سېپىل سىرتىدىكى مەھەللىلەرگە تەلۋىلەرچە باستۇرۇپ كىرىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ماجۇڭيىڭنىڭ خەلقئارالىق قانۇنلارغا رىئايە قىلماي، سوۋېت كونسۇلخانىسىنى توپقا تۇتۇپ قېلىشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاپرېسوف كونسۇلخانىنىڭ مۇھىم خادىملىرى بىلەن رادىئو ئالاقە ئاپپاراتلىرىنى ئېلىپ، سېپىل ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەنىدى.

بىر كۈنى ئاپرېسوف چىڭ دېلىگە تېلېفون بېرىپ، شېڭ شىسەي بىلەن دەرھال كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. شېڭ شىسەي ئۇنى شۇ ھامان قوبۇل قىلدى. ئاپرېسوف شېڭ شىسەي بىلەن ئېسەنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىر پارچە قەغەزنى چىڭ دېلىگە بېرىۋېتىپ:

ــــ موسكۋادىن جىددىي رادىئوگرامما كەلدى. بۇنى دۇبەن جانابلىرىغا ئوقۇپ بېرىڭ، ــــ دېدى.

رادىئوگراممىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا ئەنگلىيە گېزىتلىرىدە خەۋەر ئېلان قىلىنغانلىقى ئېيتىلىپ كېلىپ، ئاپرېسوفقا مەخپىيەتلىكنى ئوبدان ساقلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن تەنقىد بېرىلگەن.

ــــ قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ بولغانلىقىدىن، خۇ-

داغا شۇكۇر، ئىنگلىزلار تېخى خەۋەرسىز ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئىشىنىڭ بىر چېتىنى بىلىپ قاپتۇ. بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خەلقئارادىكى ئابرۇيىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان، ھەتتا خەلقئارالىق مەسىلە تۇرغۇزىدىغان زور مەسىلە، — چېچىلىشقا باشلىدى ئاپرېسوف، — ئۇلار بۇنى نەدىن بىلىدۇ؟ دېمەك، سىلەرنىڭ ئىچىڭلار پاكىز ئەمەس!

شېڭ شىسەي بىلەن چىڭ دېلى بىر - بىرىگە قارىغان پېتى تاڭغېتىپ قېلىشتى.

— ئىچىڭلاردا ئەنگلىيە جاسۇسلىرى بار، بىلىۋاتامسىز، چوـ قۇم بار.

شېڭ شىسەي تىترەپ كېتىۋاتقان بۇرۇتىنى ئىتتىك بىر سىلىۋېلىپ:

— مۇمكىن، ئەنگلىيە ۋە باشقا جاھانگىرلارنىڭ ھەر نېمە قىلىشى مۇمكىن. ئۇرۇش ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇ ئىشلارغا سەل قاراپ قاپتىمەن. ئەمدى مەن دەرياغا شۇنداق بىر تور تاشلايكى، چەت ئەل جاسۇسلىرى تۇرماق، دۈشمەن ئۇنسۇرـ لارنىڭ ھەر قاندىقى قېچىپ قۇتۇلالمىغاي.

— توغرا، تورنىڭ كۆزنەكلىرى قانچە كىچىك بولسا، بېلىق شۇنچە كۆپ تۇتۇلىدۇ، — دېدى ئاپرېسوف تاماكىسىنى يەنە بىر شورىۋېلىپ.

— باش كونسۇل جانابلىرى خاتىرجەم بولغاي، بۇ ئىش چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، — دېدى شېڭ شىسەي، ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەن بىر تەلەپپۇزدا.

شۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىدىن بىرقانچىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتقان شېڭ شىسەي ئۈچۈن، چەت ئەل جاسۇسلىرىنى تۇتۇش باھانىسىدە ئۆز تەسەۋـ

ۋۇرىدىكى سىياسىي رەقىبلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلاشقا ياخشى پۇرسەت كەلگەنىدى. ئۇ شۇ كۈنىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن ئۈچ كىشى بىلەن (بۇلارنىڭ بىرى لى يىڭچى① ئىدى) باش قوشۇپ، يۈزدىن ئوشۇق كىشىنىڭ نامى يېزىلغان بىر قارا تىزىملىك تۈزۈپ چىقتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ليۇۋېنلۇڭ شۇ تىزىملىكنىڭ بېشىدا ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ نەزە-رىدە بۇ ئادەم ماجۇڭيىڭ ۋە جاڭ پېيىيۈەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا قارشى ئۈچ بۇرجەكلىك ئىتتىپاق تۈزگەن ئىمىش. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ ئۆتكەن رۇسلار-نىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرقانچىسىنى، جۈملىدىن چەت ئەل تىللى-رىنى بىلىدىغان ياكى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بەزى چەت ئەللەر-گە بېرىپ كەلگەن ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بېرىش — كېلىشى بولغان خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار زىيالىيلىرىدىن بىر-مۇنچە كىشىنىڭ ئىسىملىرىمۇ بۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنىدى. ھېلىقى كاتولىك چېركاۋىنىڭ پوپى چارلىز جورج ئەلۋەتتە بۇ تىزىملىكنىڭ سىرتىدا قالالمايتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا، چېركاۋ دەرۋازىسى ئالدىغا بىر يۈك ماشىنىسى كېلىپ توختىدى. بىرئازدىن كېيىن، ئون نەچچە چې-رىك پوپنى ھويلىدىن سۆرەپ چىقتى. چېرىكلەرنىڭ ئىككىسى رادىئو ئاپپاراتى بىلەن بىرمۇنچە كىتاب — ژۇرناللارنى قولتۇقلىۋال-غانىدى.

ماشىنا قېلىن قار بىلەن قاپلانغان ئوڭغۇل — دوڭغۇل يولدا

---

① لى يىڭچى — 1934 — يىلدىن تاكى 1944 — يىلى شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەنگە قەدەر ساقچى باشلىقى بولۇپ، نەچچە ئون مىڭلىغان كىشىنىڭ قېنىنى ئىچكەن جاللات. 1951 — يىلى خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىتۇرۇلغان.

چايقىلىپ شەھەر ئىچى تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، كوزۇپتىكى چېرىكلەر ئارىسىدا شۇمشىيىپ ئولتۇرغان پوپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، قولىدىكى ئۇزۇكىنىڭ كۆزىنى بىرلا چىشلەپ يۇتۇۋالدى ۋە بىرنەچچە دەقىقىدىن كېيىن كۆزلىرى چەكچىيىپ قېتىپ قالدى. چېرىكلەر جۇرۇلدىشىپ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ماشىنا توختىدى. چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ئەھۋالنى ئۇققاچ، كابىنكىدىن چىقىپ دەرھال كوزۇپقا چىقتى — دە، پوپنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ، ئەسەبىيلىك بىلەن چېچىلىشقا باشلىدى:

— ھۇ ئاناڭنى... بىزگە ئىش تېپىپ بەردىڭغۇ بۇ قېرى ئىت! سەن نان قېپىلار ئۇنىڭ قولىنى نېمىشقا باغلاپ قويمىغان، ئەمدى دۇبەن جانابلىرىغا نېمدەپ جاۋاب بەرگۈلۈك!

3

شۇ ئاخشىمى ماجۇڭيىڭ ھەربىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. بۇ كېڭەش ئۇنىڭ قوماندانلىق شتابى — ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان چوڭ كۆۋرۈك باغچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ياغاچ بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. كېڭەشكە ئاتلىق قىسىملار سەركەردىسى ماخۇسەن، ھەربىي تەمىنات باشلىقى ۋە تۇرپان گارنىزونىنىڭ سىلىڭى يولۋاس، مۇشاۋىرلاردىن جاڭ ياشاۋ، كامال كازىم، زاكىر دولاتوف، ماجۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ئاخۇن تۇمنجاڭ ۋە ياش سەركەردىلەردىن ئۈچ كىشى قاتناشقانىدى.

— رۇسلارنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز، ئوچۇقتىن — ئوچۇق قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزۈشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدى. جاڭ پېييۇمىندىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈلدى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

قىنى، مەسلىھەت بېرىڭلار. گەپ قىسقا بولسۇن، ۋاقىت جىددىي، — دېدى ماجۇڭيىڭ ھەممىگە تەكشى قاراپ چىقىپ. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئېغىر - بېسىق تۇتۇشقا تىرىشۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ ئاۋازى سەل بوغۇلغاندەك ئاڭلىناتتى. كېڭەش ئەھلىنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قورقۇمسىز، تەۋەككۇلچى ياش سەركەردىنى بۈگۈنكىدەك جىددىيلەشكەن ھالەتتە كۆرمىگەنىدى. شۇنىڭ ئۆزىلا بۈگۈنكى كېڭەشكە قويۇلغان مەسىلىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى.

بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ يولۋاس گەپ ئالدى:

— بۇ ئورۇس دېگەن دىنسىزلار بېشىمىزغا بالا بولدى، ئۇلار خوجىنىياز دېگەن چورۇقى يوغان تاغچىنى ئازدۇرۇپ، شىڭ شىسەينىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ قويمىغان بولسا، (خوجىنىيازنىڭ ئۆزدىمىغۇ تازا دۆت نېمە) بۇ كەمگىچە شىڭ شىسەي دېگەن مەلئۇنىنىڭ گۆشى تورماق سۆڭىكىمۇ چىرىپ كېتۇردى. ئەمدى بۇ ئورۇسلار ھەددىدىن ئېشىپ بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىزغا قول تىقتى. بۇنىڭغا قانداق چىدىغىلى بولىدۇ. مەن زادى چىدىيالمىدىم. نەنجىڭدا! تۇرۇشلۇق ۋەكىلىمىزگە ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ دەرھال دېيەنباۋ ئەۋەتەيلى، ئۇ جاڭ ۋېيىيۇەنجاڭ جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەي، ئورۇس ئەسكەرلىرى جۇڭخۇا مىنگونىڭ زېمىنى بولغان شىنجاڭغا باستۇرۇپ كىردى دېگەي. بۇنىڭغا مەركەز ئارىلاشمىسا بولمايدۇ دېگەي. مەركەز ئارىلاشمىسا بۇ زېمىن شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىگە ئوخشاش قولدىن كېتىدۇ دېگەي.

— بۇ بولمىغان گەپ، — دېدى ئاخۇن تۇمەنجاڭ، يولۋاسنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بۇ گەپلەر مەركەزگە يەتكۈچە ئورۇسلار

ماناستا ئۇخلاپ ياتامدۇ! هازىرقى كۈندە مەركەزنىڭ كۆچى نېمىگە يېتىدۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى يولۋاس ئۇنىڭ كېپىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — نېمىلا بولسا جۇڭگو دېگەن چوڭ دۆلەت. مەركەز هېچبولمىغاندا ئورۇسلارنىڭ دۆلەت چوڭلىرىغا دېيەلىشى ئەۋەتىپ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىشقىلى يارار دىيمەن.

— ماشائاللا، يولۋاس بېگىم دانىشمەنلەرچە گەپ قىلدى، — دېدى كامال كازىم، — خەلقئارا قانۇندا بىر ئەلنىڭ زېمىنىغا ئىككىنچى بىر ئەلنىڭ ھەربىي كۈچ بىلەن بېسىپ كىرىشى تاجاۋۇز دەپ قارىلىپ قەتئىي مەنئى قىلىنغان. ئەگەر بىر ئەلنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى تاجاۋۇزغا ئۇچراپ، شۇ ئەلنىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تاجاۋۇزنى توسۇشقا ئاجىزلىق قىلغان شارائىتتا، باشقا ئەللەردىن ھەربىي ياردەم سورىسا بۇ باشقا گەپ. ھالبۇكى شىڭ شىسەي بىلەن بىزنىڭ سەركەردىمىز ماسجاڭ جانابلىرىنىڭ ھەر ئىككىسى جۇڭگولۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇشمۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولۋاس بېگىم ئېيتقاندەك، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ موسكۋاغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەققى بار. ئەمما، بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەي، دۇنيا مىقياسىدا جامائەت پىكرى تەييارلاش ئۈچۈن مەركەز يەنە بارلىق رادىئو ۋە مەتبۇئات ۋاسىتىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى لازىم.

— ئۇنىڭغىچە، ئورۇسلار ماناستا ئۇخلاپ ياتامدۇ دەۋاتىمەن ئەپەندىم، — ۋارقىرىدى ئاخۇن تۇمنجاڭ.

— ياق، ئۇلار ئەلۋەتتە ئۇخلاپ ياتمايدۇ، ئەزىزىم، — دېدى كامال كازىم ۋەزمىنلىك بىلەن، — بىز ھۇجۇم قىلىش ئورنىغا مۇداپىئەلىنىپ تۇرىمىز.

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ! — دېدى ماخۇسەن ئەسەبىيلىك

بلەن ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، — مەركەز ـ مەركەز ئىمىش تېخى! جاڭ ۋېييۈمنجاڭ دېگەن تازىنىڭ قولىدىن پوقمۇ كەلمەيدۇ! ماڭا رۇخسەت بەر ئۇكام، هازىرلا ئاتلىنىمەن. بۇ ئورۇسلارغا قىلىچتىن باشقىسى بىكار، قانداق دەيسەن؟

سورۇننى جىمجىتلىق باستى.

ماخۇسەن ماجۇڭيىڭنى ئۆزىنىڭ قېيىنىسى دەپ قارىغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئادەتتە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇرگۇن تۇتۇپ، هەر قانداق گەپنى تەكەللۇپسىزلا ئېيتىۋېرەتتى ۋە مەنسىپىنى ئاتىماي ئۇنى «ئۇكام» دەۋېرەتتى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ئۇكام، — دېدى ماخۇسەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئورۇسلاردىن قورقۇۋاتامسەن نېمە؟ ئۇن يەتتە يېشىڭدا قوشۇنغا سەركەردە بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنى ئوڭـ تەي ـ توڭتەي قىلىۋەتكەن ئەزىمەت يىگىت سەن ئەمەسمىدىڭ، ئەمدىزە رۇسلاردىن...

— تولا گەپ قىلما، رۇسلاردىن قورقۇۋاتقىنىم يوق، — دېدى ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس، دېگەن گەپ بار. كۆپچىلىكنىڭمۇ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى دەۋاتىمەن. مەركەز بىلەن ئالاقە باغلاش — بۇ ياخشى تەدبىر بولدى. ئەمدى مېنىڭ بۇيرۇقىمغا قۇلاق سېلىڭلار:

سورۇندىكىلەرنىڭ هەممىسى ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ تىك تۇرۇشتى. ماجۇڭيىڭ بۇيرۇق جاكارلىدى:

— ئاتلىق قىسىملار سەركەردىسى ماخۇسەن رۇسلارنى توسۇشقا ئۆز قىسىملىرى بىلەن دەرهال جەڭگە ئاتلانسۇن! مەنمۇ شۇ قىسىمدا بولىمەن. شەھەر مۇهاسىرىسىنى باشقا قىسىملار داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇشاۋىر جاڭ ياشاۋ بىلەن كامال ئەپەندى مەركەز

بىلەن ئالاقە باغلاشقا دەرھال كىرىشسۇن!

— ھەببەللى، — دېدى ماخۇسەن، — بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى، ئەمما زاكىر سەنمۇنى ماڭا بەر ئۇكام، ئۇ ئورۇسلارنىڭ زۇۋانىنى بىلىدۇ ئەمەسمۇ.

— خوپ، سىنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن!

× × ×

بۇ كۈنلەردە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىر تۆمۈر كوڭكا، بىر نەچچە موتسىكلىت ۋە ئىككى يۈزدەك ئاتلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئالدىن ماڭار بىر ئەترىتى سانجى تەۋەسىگە كىرىپ بولغانىدى. ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى سانجىنىڭ غەربىدىكى تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ شەرق قىرغاقلىرىنى ئىگىلەپ جەڭگە تەييارلاندى ۋە بىرىنچى بولۇپ دەريانىڭ ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ چوڭقۇر دەپ پەرەز قىلىنغان يېرىنى تېپىپ، ئوتتۇز ـ قىرىق سانتىمېتر قېلىنلىقتىكى مۇزنى پىيادە ۋە ئاز ساندىكى ئاتلىقلار ئۆتسە كار قىلمايدىغان دەرىجىدە بىر قانچە يېرىدىن چۆنەكلەپ چېتىپ چىقتى. ئاندىن چېپىلغان يەرلەرنى قار بىلەن كۆمۈپ تاشلىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ ھىيلىسىنى «مۇز توزاق» دەپ ئاتاشتى. ئاندىن، ئازراق بىر قىسىم ئاتلىقلار كەڭ دالادا كېلىۋاتقان قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم باشلىدى. بىردەملىك جەڭدىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى پەرىشان ھالدا چېكىنگەن بولۇپ، ھېلىقى «مۇز توزاق» تەرەپكە قاچتى ۋە ئۇ يەردىن ئاۋايلاپ ئۆتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شىددەت بىلەن قوغلىغان بىر توپ قىزىل ئارمىيە ئاتلىقلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، «مۇز توزاق»قا چۈشۈۋەردى. دەريانىڭ شەرق قىرغىقىدا مۆكۈنۈپ ياتقان ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى پۈتۈن

دالا بويلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتۈپ ھەممىسنى قىرىۋەتتى. تۆمۈر كونكا بىلەن موتسكلىتلارغا بىنزىن چىچىپ ئوت قويۇۋەتتى.

ھېچ يەردە ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي، شىنجاڭ چېگراسىغا شۇنچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن قىزىل ئارمىيىگە بۇ تۇنجى ئوڭۇشسىزلىق ناھايىتى ئېغىر كەلدى چېغى، قاتتىق غەزەپلەنگەن پولك كوماندىرى ۋورگىن پۈتۈن قوشۇنغا دەرھال ئومۇمىي ھۇ-جۇمغا ئۆتۈشنى جاكارلاۋېتىپ، «بىرمۇ ئەسىر ئېلىنمىسۇن، ھەم-مىسنى قىرىپ تاشلاڭلار» دەپ بۇيرۇق بەردى. ھاۋادا ئايروپىلان، يەردە تۆمۈر كوڭكا ۋە تانكىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن قىزىل ئارمىيە ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنى سۈرۈپ — توقاي قىلىپ، ئۇرۇمچى تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

تېخى ئىككى كۈن بۇرۇنلا مەيدىسىگە مۇشتلاپ يوغان گەپ قىلغان ماخۇسەن زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىلىرىدا تىتىلىپ كەتكەن ئوڭ پاچىقىدىكى ئاغرىقنىڭ ئازابىغا چىدىماي، چېرىكلەر كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان جىرغىدا ۋاي — ۋايلاپ ياتاتتى.

چېرىكلەرنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە بولسا يەنىلا قاتتىق جەڭلەر داۋام قىلماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇلار مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، بىر ياقتىن چېكىنىپ، بىر ياقتىن قارشىلىق كۆرسىتەتتى. ئىككى تېرەك بويى ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كەلگەن ئىككى ئايروپىلان ئۇلارنى ئوققا تۇتتى. ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان دالا قىزىل سىياھ چاچراپ كەتكەن بىر پارچە خەسىگە ئوخشاپ قالدى.

ئېتىغا ئوق تېگىپ پىيادە قالغان بىر چېرىك تىزىدا قار كېچىپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، ئىككى ئاتلىق قىزىل ئەسكەر ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە پولك كوماندىرى ۋورگىننىڭ «بىرمۇ ئەسىر ئېلىن-مىسۇن» دېگەن بۇيرۇقى بويىچە، ئۇنى چېپىپ تاشلاشقا قىلىچلى-رىنى تەڭلا كۆتۈرگەندە، ھېلىقى چېرىك ئىككى قولىنى ئېگىز

قىلىپ يەرگە تىزلاندى ـ دە، ساپ رۇس تىلىدا:
— مېنى چاپماڭلار، مەن سىلەرگە لازىم! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.
— ھۇ ئاناڭنى، سەن تۇڭگاننىڭ بىزگە نېمە كېرىكى، — دېدى ئەسكەرلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇرماقچى بولۇپ.
— مەن تۇڭگان ئەمەس، — دېدى چېرىك بېشىدىكى تېرە قۇلاقچىنى قولىغا ئېلىپ، — مانا قاراڭلار مەن تۇڭگانغا ئوخشام-دىمەن؟
دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق سېرىق كەلگەن بۇدۇر چاچلىرى، ھاۋا رەڭدىكى كۆكۈچ كۆزلىرى ۋە قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىدىكى سېرىق بۇرۇتى بىلەن تۇڭگانلارغا زادى ئوخشىمايتتى.
— سەن نېمە ئادەم؟ — سورىدى ئەسكەرلەرنىڭ بىرى.
— مەن تاتار، ئىسمىم زاكىر، فامىلەم دولاتوف.
— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟
— مەن ماجۇڭيىڭنىڭ شتاب ئوفىتسېرى.
— ئانداقتا سېنى ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈش كېرەك.
— ياق، ياق! مېنى ئۆلتۈرمەڭلار. مەن ماجۇڭيىڭنىڭ نۇر-غۇن سىرلىرىنى بىلىمەن، مېنى كوماندىر بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار.

× × ×

چۆچەك تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقان توپ ـ توپ ئايروپىلان-لار سانجىدىن چېكىنىۋاتقان ۋە ئۇرۇمچى شەھىرىنى قامال قىلىپ تۇرغان ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنى شۇنداق بومباردىمان قىلىشقا باشلىدىكى، ئايروپىلان دەپ ئاڭلىغان ياكى بىرەرتە ئايروپىلاننىڭ ھاۋادا ئۇچقىنىنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىر ياقتىن ئېتىپ، بىر ياقتىن

بومبلايدىغان بۇنداق ئايروپىلانلارنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان چېرىكلەرگە راستتىنلا قىزىل قىيامەت باشلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تانكا ۋە تۆمۈر كوڭكىلار ياردىمى بىلەن قۇرۇقلۇقتىن قىلىنىۋاتقان دەھشەتلىك ھۇجۇملار ئۇلارنى پۈتۈنلەي گاڭگىرىتىپ قويىدى.①

شۇنداق قىلىپ، 12 ـ فېۋرال كۈنىدىن باشلاپ ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى ئۇرۇمچى شەھىرىنى تاشلاپ داۋانچىڭغا چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەختىگە، شۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچى ۋە داۋانچىڭ ئاسمىنىنى قويۇق تۇمان قاپلاپ كەتكەچكە بومباردىمان قىلىنماي قالدى. بىراق، ئۈچىنچى كۈنى ھاۋا ئېچىلىش بىلەن يەنە بومباردىمان باشلاندى. قۇرۇقلۇقتا بولسا قىزىل ئارمىيە بىلەن بىللە، شېڭ شىسەي چېرىكلىرىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ماجۇڭيىڭ مۇنداق زور كۈچكە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆز سەپداشلىرىغا جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە چېكىنىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. يولۋاس ئۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭغا بارماي، قۇمۇل ئارقىلىق گەنسۇ تەرەپكە كېتىشكە ۋە شۇ يەردە كۈچ توپلاپ، پۇرسەت بولغاندا شىنجاڭغا قايتا كېلىشكە مەسلىھەت بەردى.

— يولۋاس سىلىڭنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت، — دېدى ماجۇڭيىڭ، — بىزدە «ياخشى ئات بىر دەسسەپ ئۆتكەن چۆپنى قايتا يېمەيدۇ» دېگەن ماقال بار. مەن گەنسۇغا قايتمايمەن. مېنىڭ تەلەي يۇلتۇزۇم جەنۇبىي شىنجاڭغا كۆچكەندەك قىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ مۇسۇلمان يۇرتى، قەشقەردە مېنىڭ سادىق قوشۇنۇم بار. ئەمما، شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، مەن بۇ قېتىم شېڭ شىسەيدىن

① يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شۇ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپتىن ئوتتۇز ئايروپىلان، يىگىرمە نەچچە تۆمۈر كوڭكا ۋە بەش تانكا جەڭگە قاتناشتۇرۇلغان.

يېڭىلمىدىم. ئەگەر، رۇسلار ئارىلاشمىغان بولسا... خەير، مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرماي، كەلگۈسى تارىخ بۇ ھەقتە توغرا ھۆكۈم چىقىرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى ۋە دەرھال يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ ئاغزىغا تۇتقان ھامان، ياغلىقتا ئۇيۇپ قالغان بىر پارچە قان چۈشتى. ئۇ قورقۇمسىز، قەيسەر تەۋەككۇلچىلەرگە خاس كۆزلىرى بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە «يالت» قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان مەغرۇر چىرايى بىردىنلا قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتتى. يولۋاس دەرھاللا:

— تېۋىپنى چاقىرىپ كەلسۇنمۇ؟ — دېدى.

— ياق، مېنىڭ ئاغرىقىم تېۋىپنىڭ دورىسى بىلەن ساقىيىدىغان ئاغرىق ئەمەس. بۇ ئاغرىققا پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىلا داۋا بولالايدۇ — دېدى ماجۇڭيىڭ غەمكىن كۈلۈپ.

× × ×

شۇنىڭدىن كېيىن ماجۇڭيىڭ ئەجەل بورانلىرىدىن ئېشىپ قالغان چېرىكلىرىنى تۇرپانغا توپلاپ، شۇ يەردىن جەنۇبىي شىنجاڭغا مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يولۋاس غىپلا قىلىپ قۇمۇل تەرەپكە تىكىۋەتتى.

ماجۇڭيىڭ بىلەن تۇرپانغا كېتەلمەي داۋانچىڭ غولى بىلەن تاغ قاپتاللىرىدا قالغان ياردار چېرىكلەرنىڭ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوفىتسېرلارمۇ بار ئىدى) خېلى كۆپ قىسمى سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن قىرىلىپ كەتتى. تىرىك قالغانلىرىنى بولسا پولك كوماندىرى ۋۇرگېنىنىڭ «بىرمۇ ئەسىر ئېلىنمىسۇن، ھەممىسى قىرىپ تاشلانسۇن»

دىگەن بۇيرۇقى بويىچە توپ ـ توپ قىلىپ بىنزىن بىلەن كۆيدۈ-
رۈۋېتىش قارار قىلىنغانىدى. بۇ قارارنىڭ ئىجراسىغا بىر قىزىل
ئەسكەر ئوفىتسېرى بىلەن شىلىڭ شىسەيىنىڭ بىر يىگىجاگى مەسئۇل
ئىدى. ئۇلار بىر توپ چېرىك بىلەن شۇ قارارنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا،
ياردارلار ئارىسىدىن ياپونچە بۇرۇت قويۇۋالغان يوغان بۇرۇن،
كۆك كۆز، چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ قالغان بىر ئادەم تاش پاقىدەك
ئۆمىلەپ چىقىپ (ئۇنىڭ سول پۇتى ناكا بولغانىدى)، رۇس تىلىدا
قاتتىق ۋارقىرىدى:
— مەن تۇڭگان ئەمەس، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، مەن سىلەرگە
لازىم.
— سەن كىم بولىسەن؟ — سورىدى رۇس ئوفىتسېر
ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ.
— مەن تۈرك، يەنى تۈركىيىلىك كامال كازىم.
— بۇ تۇڭگانلار ئارىسىدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟
— مانجۇرىيىدىن ماجۇڭيىڭغا مۇشاۋىر بولۇپ كەلگەن.
— تۈركىيىلىك بولساڭ مانجۇرىيىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟
— ھۆرمەتلىك ئوفىتسېر، بۇنى ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا.
مېنى ياخشىسى، باش شتابقا ئاپىرىڭ. سىلەرگە ناھايىتى نۇرغۇن
سىرلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.
ۋورگىن شتاب چېدىرىدا ئولتۇرۇپ، كامال كازىم بىلەن زاكىر
دولاتوفنىڭ غەلىتە ئەسىرلەر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەخسۇس
دوكلاتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنى دەرھال سىياسىي
باشقارمىغا تاپشۇرۇشنى بۇيرۇدى ۋە ئۆزىنىڭ «بىرمۇ ئەسىر ئېلىن-
مىسۇن» دېگەن بۇيرۇقىغا خىلاپ ھالدا بۇ ئىككىيلەننى كەچۈرۈم
قىلىۋەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب

# يول قەشقەرگە

*ئېشەكچى دېمەڭ بىزنى، قەشقەر يولدا كارۋان،*
*سارغايدى دېمەڭ بىزنى، يار دەردىدە سارغايغان.*

— ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن.

ئۈرۈمچى شەھىرى قامالدا قالغان كۈنلەرگىچە مافۇيۇەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلالماي ئاقسۇدا پىتىراپ يۈرمەتتى. چۈنكى پىدائىيلار قوشۇنى قارا يۇلغۇن جېڭىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۈزتۇرا تاقابىل تۇرماي، ئاقسۇ — ئۇچتۇرپان تاغلىرىنى ئاساسىي بازا قىلىپ، ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، «پارتىزانلىق» ئۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ پۇت — قولىنى چۈشەپ قويغانىدى. مەنسۇر ئىختىرا قىلغان ھېلىقى «ئەجەل كۆلەڭگىسى» ئەمدى بىر قانچە ئونغا كۆپىيىپ، خۇددى تومۇز كۈنلىرىدىكى چاققاق ھەرىلەرگە ئوخشاش ئەپ تاپسىلا ئۇنىڭغا نەشتەر ئۇرىدىغان دەھشەتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىپ قالغانىدى. مافۇيۇەن يا ئالغا ماڭالماي ياكى بۇ «ئەجەل كۆلەڭگىلىرى» دەھشىتىدىن قۇتۇلالماي، خۇددى بىر توپ ئالغۇر ئوۋ ئىتلىرى ئارىسىدا قالغان يالغۇز بۆرىگە ئوخشاپ قالدى.

شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە، چارلىغۇچى قىسىملار باشلىقى ھېيتەم ئىككى يولۇچىنى پەدائىيلار قوشـۇنىنىـڭ ۋاقىـتلىـق شتابى — ئۇچتۇرپان شەنىيامۇل قورۇسىغا باشلاپ كېلىپ، ئۇلار-نىڭ مۇھىم ئىش بىلەن قەشقەردىن كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بۇ ئىككى يولۇچىنىڭ بىرى سودىگەر قىياپىتىدىكى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ئىدى؛ ئىككىنچىسى دېھقان كىيىمىدىكى چار ساقال ئادەم ئىدى. ئوتتۇرا ياشلىق كىشى يېرىم ئۇيغۇر، يېرىم ئۆزبېك تەلەپپۇ-زىدا سۆزلەپ، ئۆزىنى قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپى مىرئادىل قاسىموف؛ ھەمراھىنى بولسا يول باشلى-غۇچى كىشى دەپ تونۇشتۇردى ۋە چوڭلار بىلەن خالىي قالغاندا، ئۆزىنىڭ ھاجىمنىڭ ئالدىغا كېلىشتىكى سەۋەبىنى مۇنداق ئىزاھلى-دى: ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇل زىلاتكىن قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلىغا جىددىي رادىئوگرامما يوللاپ، شېڭ شىسەينىڭ مۇنۇ مەزمۇندىكى بۇيرۇقنى ھاجىمغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلى-غان: خوجىنىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق قوغداش باش قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن جىمسار پۇتۇمى بويىچە، مافۇ-يۈەننى توسۇپ، قەشقەرگە كىرگۈزمەسلىكى ۋە سابىت داموللا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىشى لازىم ئىكەن.

— قېنى ئۇ بۇيرۇق؟ — سورىدى ھاجىم قاپىقىنى تۈرۈپ.

— مانا، — دېدى مىرئادىل قاسىموف، رۇسچە خەتلەر يېزىلغان بىر پارچە قەغەزنى كۆرسىتىپ.

ھاجىم قەغەزگە قارىماي تۈرۈپلا چېچىلىشقا باشلىدى:

— شېڭ دۇبەن دېگەن لومودى بىزنى نېمە چاغلاپ يۈرىدۇ؟ جىمسار پۇتۇمىمىش تېخى! جىمسار پۇتۇمى بولسا، ماڭا نېمىشقا قورال – ياراغ يەتكۈزۈپ بەرمەيدىكەن؟ قورال – ياراغ بولمىسا مەن ئۇ تۇڭگانىنى نېمە بىلەن توسىغۇدەكمەن، ئاش – لەڭپۇڭ يەيدىغان چوكا بىلەنمۇ؟ سابىت داموللىنى ئاغدۇرغۇدەكمەن تې-

خى! تۇڭگان بىلەن سوقۇشقىنىم يەتمەي، ئەمدىزە مېنى قەشقەر-لىكلەر بىلەنمۇ سوقۇشسۇن دەمدىكەن؟ ئۇ بىزنى نوزىخۇك چەنتۇ دەپ، يەنە بىر مايمۇن ئويۇنى قىلماقچى، شۇنداقمۇ؟

مەھمۇت مۇھىتى ھاجىمنى تېخىمۇ قايناپ كەتمىسۇن دەپ گەپنى دەرھال باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:

— قەشقەر ئەھۋالى قانداق، قەشقەردىن چىققىنىڭلارغا نەچچە كۈن بولدى؟

— ئون كۈندىن بېرى سىزلەرنى ئىزلەپ يۈردۇق، — دېدى مىرئادىل قاسىموف، — قەشقەر ئەھۋالى بەكمۇ مۇرەككەپ، يېڭى-شەھەر مۇھاسىرىسى داۋام ئەتمەكتە. ئەمما ھېچقانداق نەتىجە يوق. يۇرتتا قەبىلىۋازلىق، قىممەتچىلىك، پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە. سابىت داموللا بولسا خوجىنىياز ھاجىم جانابلىرىنىڭ نامىدىن تۈرلۈك ئەمىر — پەرمانلار چىقىرىش ۋە قەغەز پۇل تارقىتىش بىلەن ئاۋارە.

— مېنىڭ نامىمدىن؟ — سورىدى ھاجىم ئەجەبلىنىپ.

— شۇنداق، جانابلىرىنىڭ نامىدىن، يەنى «شەرقىي تۈر-كىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى خوجىنىياز ھاجىم نامىدىن، — دېدى مىرئادىل، ھەر بىر سۆزنى ئۇرغۇ بىلەن دانە — دانە ئېيتىپ.

— ئەستەغپۇرۇللا، نېمە قىلىپ يۈرىدۇ ئۇ چەلپەكچى موللا! — دېدى ھاجىم ساقىلىنى سىقىمداپ.

— چۆكۈن قايناپ تاشسا ئۆزىنىڭ بېشىغا تاشىدۇ، ئۇتقا نېمە زىيىنى؟ — دېدى مەھمۇت مۇھىتى، — سابىت داموللىمۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ تۇرمامدۇ، بىز بارغاندىن كېيىن...

— شۇنداق، — دېدى مىرئادىل قاسىموف، — ھازىرقى ۋەزىيەت ھەر قايسىڭىزلارنىڭ قەشقەرگە تېزرەك بېرىشىنى غايەت تەقەززا قىلىدۇ. باش كونسۇل زىلاتكىننىڭ رادىئوگراممىسىدا يەنە

مۇنداق بىر مەسىلە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن، يەنى جىمسار پۇتۇمى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىچىلىقى ھەم كاپالىتى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. بۇ پۇتۇم بويىچە، شىمالىي شىنجاڭنى شىڭ دۇبەن، جەنۇبىي شىنجاڭنى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىدۇ. مۇبادا شىنجاڭدا ئۈچىنچى بىر ھۆكۈمەت، مەسىلەن ئىپىتايلۇق، سابىت داموللا ياكى ماجۇڭيىڭ ھۆكۈمىتى مەيدانغا كېلىپ قالسا، بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆ-كۈمىتى مۇتلەق يول قويۇالمايدۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسى سىزلەرگە ھەم ئايان بولسا كېرەك. ماجۇڭيىڭغا كەلسەك، ئۇنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالدى دەپ ئېيتالايمەن. چۈنكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شىڭ دۇبەننىڭ ئىلتىماسى بويىچە، ماجۇڭيىڭنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشقا بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بىۋاستە ئىشتى-راك ئېتىشى مۇمكىن. بەلكى بۇ چاغقىچە، بىزنىڭ قىزىل ئارمىيە-مىز چېگرىدىن كىرىپ بولغاندۇ. بۇ ئون كۈن ئىچىدە تاغۇ دەشتلەردە يۈرۈپ كۆپ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالدىم.

— سىز كونسۇلغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەندىن خاتىرجەم بول-سۇن، — دېدى ھاجىم، — مەن جىمسار پۈتۈمگە چوقۇم ئەمەل قىلىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن ستالىننىڭ ۋە ستالىن ئەۋەتكەن كونسۇلنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىمەن. ئەمما، شىڭ دۇبەنمۇ پۈتۈمگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەكقۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ھاجىم جانابلىرىنىڭ گەپلىرىنى باش كونسۇل زىلاتكىنگە چوقۇم يەتكۈزىمىز، — دېدى مىرئادىل قاسىموف ھاجىم بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

شۇنىڭدىن ئىككى كۈن كېيىن، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىق شتابى ماقۇيۇەن بىلەن ئاۋارە بولۇۋەرمەي قەشقەر تەرەپكە ئاتلىنىشنى قارار قىلدى، ھەر قايسى تەرەپلەردە تارقىلىپ يۈرگەن «ئەجەل كۆلەڭگىلىرى» يىغىلغاندىن كېيىن، قوشۇننى

رەتلەش ئىشى ئېلىپ بېرىلىپ، قورال ـ ياراغ يېتىشمەسلىك ۋەجىدىن يىگىتلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلدى ۋە ئاخىر بىر مىڭ ئۈچ يۈز كىشىلىك پىدائىيلار قوشۇنى 1934 ـ يىلى يانۋار ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈچتۇرپاندىن چىقىپ، نېپىز قار بىلەن قاپلىنىپ ياتقان تاغ ـ دالىلاردا ئەگرى ـ توقاي ئىزلارنى قالدۇرۇپ قاقشال يولى بىلەن ئاتۇشقا قاراپ ماڭدى.

قوشۇندىن ئىككى چاقىرىم ئالدىدا توروق دونەنگە مىنىپ يول باشلاپ كېتىۋاتقان روزى كارۋان تېرە قولاقچىسىنى ئارقىغا سۈرۈپ قويۇپ، يىراق ـ يىراقلارغا پات ـ پات قاراپ قويىاتتى. ئۇنىڭغا سوگدىشىپ كېتىۋاتقان ھېيتەم بىردىنلا گەپ باشلاپ قالدى:

— روزى ئاكا، — دېدى ئۇ، — ئۇلۇشكۈن ھەممىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان ئىشتا زادى كىم ئەيىبلىك، ھاجى ئاتامۇ ياكى توخنىياز زورمۇ؟

— نېمە دېسەم بولار؟ ئۇ كۈنى مەنمۇ چۈشىن يەۋالغاندەك بولۇپ قالدىم، — دېدى روزى كارۋان، — مەن ھاجى ئاتىمىزنى ئەۋلىيادەك بىلەتتىم. تۈنجى قېتىم ئۇششاقتالدا ئۇنىڭ قولىغا سۆيـ مەكچى بولغىنىممۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى دېگىنە، ئۇكام. مەنلا ئەمەس، كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ پۈتكۈل ئالتىشەھەردە يەتتى ياشتىن يەتمىش ياشارغىچە سان ـ ساناقسىز كىشىلەر ھاجى ئاتىمىزنى ئىمام مەھدى ئاخىر زامان① دەپ بىلىدۇ. ئېتىنىڭ تۇيىقىدىن تۇزۇـ

① ئىمام مەھدى — ئىسلام تارىخىدىكى ئون ئىككى ئىمامنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد بىننى ھەسەن ئەسكىرى، ھىجرىيە 259 ـ يىلى (مىلادى 875 ـ يىلى) باغدادتا تۇغۇلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادى 892 ـ يىلى تۇيۇقسىز غايىب بولغان ۋە شىئە مەزھىپىنىڭ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن «مەھدى» (ئاخىرقى زاماننى قۇتقۇزغۇچى) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ قاچانلىكى بىر زامان پەيدا بولۇپ، «دۇنيادىكى يامانلىقنى تۈگىتىپ، ئادىللىق ئورنىتىپ، تىنچ ۋە پاراۋان دۇنيا» قۇرىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ «مەھدى ئاخىر زامان» دەپ ئاتالغان («تارىخ ھەمىدى» ئىزاھاتلىرىدىن).

غان چاگىنى كۆزىگە سۈرتكۈدەك بولىدۇ. لېكىنزە، ئۇلۇغ ئادەملەر-نىڭ ئىپتىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى يىراقتىن كۆرسە بولىدىكەن. خۇددى ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ ھەيۋەتلىك تاغقا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ كۆڭلى ئاينىتىدىغان بىر نېمىلەر چىقىپ قالام-دۇ تېخى، ئۇنى خۇدا بىلىدۇ. مەنغۇ پۈتۈن ئۆمرۈم ئېشەكچىلىك بىلەن يۈرتتىن — يۇرتقا قاتراپ ئۆتكەن بىر قارا تۇرۇق. ھاجى ئاتامغا ئوخشاش ئۇلۇغلارنى بىرنېمە دېيىشكە ھەددىم ئەمەس. ئەممازە توخنىياز زورغا ئۇۋال بولدى جۇما!

روزى كارۋان بىلەن ھېيتەمنىڭ بۇ گەپلىرى ئۇلۇشكۈن يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە توغرىسىدا بولۇۋاتاتتى:

شۇ كۈنى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، چوڭلارنىڭ ھەممە-سى شتابقا يىغىلىپ، قەشقەرگە بارغاندا، سابىت داموللا ھاكىمىيە-تنى قانداق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئالدىن بىر پىكىرگە كېلىشىۋالماقچى بولغانىدى.

— بىزنىڭ ئەھۋالىمىز خۇددى ئايغىر ئاتنىڭ ئۆمۈر بويى تارىلىپ باقمىغان يايلىغا ئوخشاش چىگىشلىشىپ كەتتى، — دەپ گەپ باشلىدى مەھمۇت مۇھىتى، — ئورۇس كونسۇلىنىڭ بىزگە ئېيتقۇزغان گېپىنىمۇ ئاڭلىدۇق، شىڭ دۇبەننىڭ نىيىتىنىمۇ چۈ-شەندۇق. بىر ياقتا تۇڭگان، بىر ياقتا سابىت داموللا، خوتەندە مەمتىمىن ھەزرەتمۇ بار تېخى. تۇڭگانلار بىلەنغۇ جەڭ مەيدانىدا كۆرۈشىمىز. سابىت داموللا بىلەن نېمە دېيىشىمىز؟ بۇ بېشى چوڭ داموللا ھاي دېگىنىمىزگە ئۇنىماي ھۆكۈمەت قۇرۇۋاپتۇ تېخى. ھاجى ئاكامنى رەئىس دەپ جاكارلاپ، بىزگە ئوشۇقچە ئاۋارىگەر-چىلىك تېپىپ بەردى. ئۇيان تارتساق ھارۋا سۇنىدۇ، بۇيان تارتساق ئۆكۈز ئۆلىدۇ. بىز زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

مۇزاكىرە قىزىپ كەتتى. بەزىلەر ئىتتىپاقلىقنى نەزەردە تۇ-

تۈپ، سابىت داموللا بىلەن يامانلاشماسلىق، ئۇنى گەپ بىلەن قايىل قىلىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ قولىدىكى قوراللىق كۈچلەرنى ھاجىمىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئاندىن ئۆزىنى ھەج تاۋاپ قىلىشقا ئەۋەتىۋېتىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىمۇ تارقىتىۋېتىش، ئاندىن، ھەممە كۈچنى، جۈملىدىن خوتەنلىكلەرنىمۇ بىر قوماندانلىققا ئۇيۇشتۇرۇپ، ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك جەڭ قىلىش دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ پىكىردىكىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى نىمەت خەلپەت ئىدى.

— مانا شۇنداق قىلغاندا، زىخمۇ كۆيمەيدۇ، كاۋاپمۇ، — دېدى ئۇ، ئۆز پىكرىنى يەكۈنلەپ.

بۇ پىكىرگە بىرىنچى بولۇپ قاسىم ئەپەندى قارشى چىقتى.

— ئۇيغۇرلاردا «ئالدىماققا بالا ياخشى، خۇدا ئۇرسۇن قاقۋاشنى» دېگەن ماقال بار ئىكەن،— دېدى ئۇ، — سابىت داموللا بالا ئەمەس بىزنىڭ كېپىمىزگە ماقۇل دەمىدىغان. ئۇ پۈتۈن باشلىق بىر جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى بولغان سىياسىي ئەرباب، ئۇنىڭ بىر نەچچە مىڭ ئەسكىرى ۋە كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بار، ھاكىمىيەت دېگەننى زورلۇق يولى بىلەنلا تارتىۋالغىلى بولىدۇ.

— سىززە، بىزنى سابىت داموللا بىلەن سوقۇشتۇرماقچىمۇ؟ — دېدى نىمەت خەلپەت، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشايلى دېدىممۇ؟

— ئەمسە نېمە دېمەكچىسىز؟

— مەن دېمەكچىمەنكى، — دېدى قاسىم ئەپەندى ئۆز پىكرىنى ئىزاھلاشقا تىرىشىپ، — سابىت داموللا ئۆزىنى بىلىش ۋەكىل، ھاجى ئاكامنى رەئىس جۇمھۇر دەپ جاكارلىغانىكەن،

رەئىس جۇمھۇرنىڭ باش ۋەكىلىنى مەنسەپتىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. ئانداق بولغاندىن كېيىن، ھاجى ئاكام رەئىس جۇمھۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن سابىت داموللىنى مەنسەپتىن قالدۇرۇپ، بىرەر باھانە بىلەن قاماققا ئېلىشى، بارلىق قوراللىق كۈچلەرنى قوماندانلىققا بويسۇنۇشقا پەرمان چۈشۈرۈشى، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قوشۇندىن ھەيدەپ تاشلىشى، ئاندىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» نى قانۇنسىز دەپ جاكارلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جىمسار پۈتۈمى بويىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان قىلىشى لازىم.

— بۇ ئەمەلىيەتتە، سابىت داموللا بىلەن ئۇرۇشىمىز دېگەنلىك بولماي نېمە؟ سىززە، مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلمان، يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئۇرۇشۇپ قەشقەر دىيارىنى قانغا بويىسۇن دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟ — دېدى نەمەت خەلپەت قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— سابىت داموللا قارشىلىق كۆرسەتسە شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ! — دېدى قاسىم ئەپەندى بۇرۇتىنى تولغاپ ئولتۇرۇپ.

سورۇندا ۋاراڭ — چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. پەقەت ھاجىم بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ جىم ئولتۇراتتى.

يەنە قاسىم ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇگۇن ئۇنىڭ ئاۋازى باشقا چاغلاردىكىدىن كۆتۈرەڭگۇرەك ئاڭلىناتتى.

— مىرئادىل قاسىموفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا شىڭ دۇبەن ۋە خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتلىرىدىن باشقا، ئۈچىنچى بىر ھۆكۈمەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مۇتلەق يول قويمايدۇ دېگەن گەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايلى، — دېدى ئۇ، — ئەگەر سابىت داموللا ھۆكۈمىتىنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن دەرھال

يوقاتمىساق چاتاقنىڭ يوغىنى چىقىدۇ، مىرئادىل قاسىموف سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ چېگرىدىن كىرىپ بولغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويدىغۇ، بەس! مەن قازاق بولسامۇ، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بولغان قانداش — قېرىنداشلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتتىم، قېرىنداشلار!

سورۇننى جىمجىتلىق باستى. ھەممىنىڭ چىرايلىرى تۇتۇق، كۆزلىرى غەزەپلىك كۆرۈنەتتى. ھاجىمنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى يوغىناپ، ئېغىر — ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشكەندەك «ھەي سابىت، ھەي سابىت، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ» دەپ ساقىلىنى سىقىمداپ ئولتۇرۇپ، كۆپچىلىككە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتقاندا، ھويلىدا ئادەملەرنىڭ قاتتىق ۋاراڭ — چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. ئىككى ئادەم ئاغزىغا كەلگەننى دەپ قاتتىق تىللىشىۋاتاتتى. ئارىچىلارنىڭ ھاي بېرىپ ئاجرىتىشىغا قارىماي، جېدەل ئۇلغىيىپ بىر پاي ئوقمۇ ئېتىلدى.

ھاجىم باشلىق ھەممەيلەن ھويلىغا يۈگۈرۈشتى.

توختىنىياز زور يەردە ياتقان ھوشۇر كانتۇنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىنى دەسسەپ تۇرۇپ بىر نېمىلەر دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇ چوڭ-لارنى كۆرۈپ ۋارقىراشنى توختاتتى. ھوشۇر كانتۇمۇ ئورنىدىن تۇردى. مەلۇم بولدىكى، بۈگۈن ئەتىگەن روزى كارۋان كېلىپ، قاخشال يولىدا ھارۋا ياكى مەپە ماڭالمايدىغانلىقىنى، كۈچا خېنىم بىلەن مۇدەنخاننىڭ ئەمدى ئاتقا مىنمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ-تۇ. قېرىشقاندەك كۈچا خېنىم ئات مىنىپ باقمىغانىكەن. شۇڭا سەپەر ئۈستىدە كۈچا خېنىمنىڭ مۇھاپىزىتىگە مەسئۇل بولغان ھوشۇر كانتۇ كۈچا خېنىم بىلەن مۇدەنخانغا كاجۇۋا تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ. بۇ ئىشتىن ھاجىمنىڭمۇ خەۋىرى بارلىقىنى ئۇقمىغان

توخنىياز زور ھويلىدا ھوشۇر كانتۇنىڭ كاجۇۋا تەييارلايمەن دەپ پايپاسلاپ يۈرگىنىنىڭ سەۋەبىنى ئۇققاچ، «بۇ نېمە قىلىق، كوچا خېنىم ئاتقا مىنەلمىسە، سەن بويۇنغا مىندۈرۈپ ماڭساڭ بولمامدۇ؟» دېيتۇ. ھوشۇر كانتۇ بۇ گەپكە چىدىماي ئۇنىڭغا تىل سايتۇ. توخنىياز زور ئۆزىنى تۇتالماي ھوشۇر كانتۇنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتىۋېتىپتۇ. ھوشۇر يەردە يېتىپ تاپانچىسىنى چىقارغاندا، توخنىياز زور ئۇنىڭ قولىغا دەسسىگەنىكەن، بىر پاي ئوق ئېتىلىپ كېتىپتۇ.

سابىت داموللا ھەققىدىكى بايىقى مۇزاكىرىدە راسا ئوغىسى قايناپ، ئاچچىقىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلمەي تۇرغان ھاجىم، توخنىياز زورنىڭ ھېچكىمدىن ئەيمەنمەيدىغان، بولۇپمۇ، ھاجىمنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشىغا قومۇلدىن تارتىپلا دادىل قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان قورقۇمسىز، توغرا سۆزلۈك كىشى ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان چېغى:

— خوتۇنلارنىڭ ئىشى بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ، — دەپ تاشلىدى.

— نېمە كارىڭ دېگەنلىرى نېمىسى؟ — دېدى توخنىياز زور ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بىز دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمىزمۇ ياكى خېنىملارنى كاجۇۋاغا ئارتىپ تاغمۇتاغ سۆرەپ يۈرىمىزمۇ؟ خوتۇن دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەسقۇ؟

— توخنىياز، — ۋارقىرىدى ھاجىم، — سەن كىم بىلەن گەپلىشىۋاتقىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما!

— ئۇنتۇپ قالمىدىم، مەن سان ـ ساناقسىز مۇسۇلمانلار بىزنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزغۇچى غازى ئاتىمىز دەپ ئەقىدە باغلاپ كېلىۋاتقان خوجنىياز ھاجىم بىلەن گەپلىشىۋاتىمەن. ئۆزلىرىمۇ ئەل ـ يۇرتنىڭ ئەقىدىسىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا!

— ھەددىڭدىن ئاشما، خوتۇن تالاق!

— مېنىڭ تالاق قىلغۇدەك خوتۇنۇم يوق. بۇ گەپنى بىردىن ئېشىپ بىرنەچچە خوتۇن ئېلىۋالغانلارغا ئېيتسىلا، — دېدى توخ-نىياز چەكچىيىپ تۇرۇپ.

ھاجىم ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇنىڭغا قول كۆتۈردى، سالى دورغا «ھاي» دەپ ھاجىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئەمما، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. ھاجىم يەر تېپىپ:

— يوقال كۆزۈمدىن، يوقال! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— يوقالسام يوقىلاي، ئىست، ساڭا بولغان ئەقىدەمگە! — دېدى توخنىياز زور، چوڭ - قەدەملەر بىلەن ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قېلىشتى.

پېشىندىن كېيىن ھاجى ئاچچىقىدىن يېنىپ، «مەندىن ئۆت-تى» دېدى - دە، توخنىياز زورنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. بىراق، ئۇنى ھېچكىم ھېچيەردىن تاپالمىدى. ھەتتا قو-شۇن قەشقەر تەرەپكە ئاتلانغۇچىمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن ھېچقانداق ئىز - دېرەك بولمىدى.

توخنىياز زوردەك ئاق كۆڭۈل، كاڭكۇك مىجەز، توغرا سۆز-لۈك ۋە جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى بىلەن ھەممى-نىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كىشىنىڭ مۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋىتى كۆپچىلىككە شۇنداق تەسىر قىلدىكى، ئوغلاقچى مەنسۇر بىلەن ھېيتەمدەك سۆزمەن ۋە خۇشچاقچاق يىگىتلەرنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھاجىم بولسا خۇددى توخنىياز زور ھازىرلا كېلىپ قالىدىغاندەك پات - پاتلا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئارقىدا قىلىۋاتقان تاغ - دالالارغا دىققەت بىلەن قاراپ قويىدى - دە، ئەستاغپۇرۇللا ئېيتىپ يەنە يولىغا راۋان بولاتتى.

— هاجىمغا قارىسىلا خەلپىتىم، — دېدى سالى دورغا ئۆزى بىلەن ياندىش كېتىۋاتقان ئەممەت خەلپەتكە، — بۇ ئىش ئۆنىڭ-غىمىۇ ئىاسىان چۈشمىدى.

— راست ئېيتىلا دورغام، ئىككى كۈندىن بۇيان ھاجى ئاكام خۇددى مۇھىم بىر نېمىسىنى يىتتۇرۇپ قويغان كىشىدەك ئىچىنى تىڭشاپلا يۈرىدىغان بولدى. ئەمما مەن باشقا بىر نېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

— نېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىدىلا؟

— ھاجى ئاكامنىڭ مىجەزىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. سا-بىت داموللا ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىم مىجەزلىك ئادەم بولسىغۇ خوپ، ئەگەر ئۇمۇ قاتتىق مىجەزلىك ئادەم بولسا، ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى جاڭجالغا ئايلىنىپ، ئىشنى گەپ بىلەن بىر تەرەپ قىلىمىز دېگەن ئۈمىدىمىز يوققا چىقمىغىدى، دەپ ئەندىشە قىلىۋا-تىمەن. تاش يۇمشاق قۇمنىڭ ئۈستىگە چۈشسە، ئاۋازىمۇ ئاڭلانماي قالىدۇ. مۇبادا، تاش تاشقا تەگسە ئوت چىقىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

سالى دورغا ھېچنېمە دېمەي، ئاستىدىكى جىرەن قاشقىنىڭ سوغۇق شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يايلىنى سىلاپ قويدى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# قانغا بويالغان دىيار

*ھەممە نىمىنىڭ رەڭگى ئۆڭگىدۇ،*
*قاننىڭ رەڭگى ئۆچمەيدۇ.*

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

قەشقەر شەھىرىنىڭ تەخمىنەن بەش چاقىرىم شەرقىي شىمالىدىكى «غوجا چوڭنىڭ قۇملۇقى» دېگەن خىلۋەت مەنزىلگاھ بۈگۈن ئەتىگەندىن بۇيان ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ياغاچ ۋە بورا بىلەن قۇراشتۇرۇلۇپ، زىلچا ـ گىلەم، تاۋار ـ دۇردۇنلار بىلەن بېزەلگەن پەلەمپەيلىك كۆركەم بىر سەھنە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. سەھنىنىڭ ئالدىغا «مەرھابا، قەھرىمان غازىلىرىمىز، مەرھابا» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان قىزىل تاۋار لوزۇنكا ئېسىلغان بولۇپ، سەھنە ئەتراپىدا توپ ـ توپ ئادەملەر غۇژمەكلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى باشلىرىغا سەللە ئورىغان ياكى قاما ياقىلىق جۇۋىلار بىلەن كەمچەت تۇماقلار

نى كىيگەن سۆلەتلىك كىشلەر ئىدى. سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەبرىستانلىقتا تۆتاش تۇزلەڭلىكتە بولسا قىزغۇچ چەكمەن تون ئۈستىدىن تاسما بەلۋاغ بىلەن بەللىرىنى چىڭ باغلاپ، يېڭسار تۇمىقى كىيگەن ئىككى يۈزچە قورالىق ئۇيغۇر يىگىتلىرى سەپكە تىزىلىپ تۇراتتى.

شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تۆشۈك دەرۋازىسىدىن ئاشۇ مەنزىلگاھقىچە سوزۇلغان ئەگرى — توقاي هارۋا يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىمۇ سانجاق — سانجاق ئادەملەر بىلەن تولغانىدى، ئۇلارنىڭ تولىسى كىيىملىرى يېلىك — يۇپقا ھۆنەرۋەن — كاسىپلار، دېھقان- لار، تالىپلار، سېتىقچىلار ۋە ئېگىنى يىرتىق — ياماق مەدىكارلار بولۇپ، ئاندا — ساندا پەرەنجىلىك ئاياللارمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە رەتلىك كىيىنگەن مەكتەپ بالىلىرى ئۆزۈن سەپ تارتىپ تۇرۇشاتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، يانۋار ئېيىنىڭ قارا سوغۇقى كىيىملىرى يېلىك — يۇپقا كىشلەرنىڭ دۈمبىلىرىنى قوروپ، قولاق، بۇرۇنلى- رىنى چىمداپ ئۇلارنى تاقەتسىزلەندۈرۈشكە باشلىدى. ئالامان ئىچىدە غۇدۇر — غۇدۇر كۆپەيگىلى تۇردى.

دەل شۇ چاغدا، ھېلىقى سەھنە تىكلىگەن مەيدان تەرەپتىن داقا — دۇمباق، ناغرا — كاناي ئاۋازلىرى ياڭراشقا باشلاپ، ھەممى- نىڭ دىققىتى شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى.

× × ×

ئاتۇش تەرەپتىن قىلىن چاڭ توزدۇرۇپ كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنى مەيدانغا يېقىنلاشتى. بېشىغا تۇلكە تۇماق، ئۈستىگە ئەپ- چىل تىكىلگەن بۆرە جۇۋا كىيگەن بوز ئاتلىق كىشى قوشۇندىن

يىگىرمە قەدەمچە ئۈزىلىپ چىقىپ، مەيدانغا كىرىش بىلەن «مەر-
هابا، غازى خوجىنىياز هاجى ئاتىمىز!» دېگەن ئۇنلۇك شوئارلار
بوراندەك گۈرۈلدەپ كەتتى. ئۇستىگە مەللە چەكمەندىن پاختىلىق
تون، پۇتىغا مەسە ـ كالاچ كىيىپ، سەللىسىنى ئەپلىك ئورىۋالغان
ئوتتۇرابوي، يۇمىلاق يۈزلۈك، كەكە ساقال، ئۆزى دىقماق كەلگەن
بىر كىشى توپ ئىچىدىن چىقىپ، هاجىم تەرەپكە ئىتتىك ـ ئىتتىك
قەدەم تاشلىدى. بۇ، سابىت داموللا ئىدى. ئۇنىڭغا «شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى»نىڭ ئەربابلىرىدىن بىرنەچچەيى-
لەن ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئەدلىيە ۋەكىلى» زىرىپ قارىي
هاجى، «مالىيە ۋەكىلى» ئىبلاخۇن بايلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ها-
جىمغا يېقىنلاشقان هامان چېپپىدە توختىدى ـ دە، ئېگىلىپ سالام
بېرىپ دەرهال هاجىنى ئاتتىن چۈشۈرمەكچى بولۇشتى. بىراق،
هاجى خۇددى چەبدەس چەۋەندازلاردەك ئاتتىن ئۆزى ئىرغىپ
چۈشتى. ئۇ زىرىپ قارىي هاجى ۋە ئىبلاخۇن بايلار بىلەن كۆرۈ-
شۈۋېتىپ:

— بىز يەنە كۆرۈشتۇق ئاغىنىلەر، — دېدى.

— خۇش كەلدىلەر، غازى ئاتىمىز، — دېدى زىرىپ قارىي
هاجى، ئاندىن سابىت داموللىنى تونۇشتۇرماقچى بولۇپ، «بۇ زاتى
كېرەم» دەپ ئېغىز ئېچىشىغا، هاجىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— ئۆزىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، كۆڭلۈم تونۇۋاتىدۇ. بۇ
كىشى سابىت داموللىغۇ دەيمەن، — دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن
كۆرۈشۈۋېتىپ:

— داموللام، سىزنىڭ بېشىڭىز يوغان بولغان بىلەن مېنىڭ
چورۇقۇم يوغان، — دەپ كۈلدى.

مەيداندا يېنىك كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— مەرهابا غازى ئاتىمىز! جانابلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپى

بىلەن كەمىنە خادىملىرىنىڭ ۋە پوتكول كاشغەر ئەھلىنىڭ بېشى كۆككە ئۆلاشتى، — دېدى سابىت داموللىمۇ كولۇمسىرەپ. ئۇنىڭ سەل ئىچىگە ئولتۇرۇشقان قوڭۇر كۆزلىرى خۇددى مەدرىسە ھۇجرىسىنىڭ چىراغلىرىدەك پىلىلداپ، ھاجىنىڭ بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر قارايدىغان قاپقارا كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ھەر ئىككىيلەن قوللىرىنى تۇتۇشقان ھالدا ھېچنېمە دېمەستىن، بىرنەچچە دەقىقە جىم تۇرۇپ قالدى.

كۆرۈشۈش نۆۋىتى باشقىلارغا كەلگەندە، بەزىلەر ھاجىنىڭ قولىنى سۆيمەكچى بولدى. ھاجىم بۇنىڭغا يول قويمىدى. نۆۋەت يوغان سەللىلىك بىر كىشىگە كەلدى. ئۆزى جىۋەكرەك كەلگەن بۇ قاقىر بويۇن كىشى بېشىدىكى قاسقاندەك سەللىسى بىلەن خۇددى يەردىن چىققان ئېشەك مەدىكىگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— ھوي ئاخۇنۇم، — دېدى ھاجىم، — بازاردىكى داكىنىڭ ھەممىسىنى بېشىڭىزغا يۆگىۋالدىڭىزمۇ نېمە؟ ھەممە ئاخۇنلىرىمىز شۇنداق قىلغىلى تۇرسا، قەشقەر دېگەن شەھەردە ئۆلۈكلەرنى يۆگەيدىغانغا داكا تېپىلماي قالامدۇزە؟

مەيداندا يەنە يېنىك كولكە كۆتۈرۈلدى.

شۇ ئارىدا، بېشىغا ئافغانچە تۇماق، ئۇستىگە قارىقول ياقىلىق جۇۋا كىيگەن بۇژغۇر ساقاللىق، قوش بۇرۇن بىر ئادەم بىلەن تۇركچە پاپاخ كىيىپ، قىسقا بۇرۇت قويىۋالغان ئېگىز بويلۇق، كۆك كۆز كىشى ھاجىمغا تەڭلا قول ئۇزاتتى. سابىت داموللا ئۇلارنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇژغۇر ساقاللىق كىشى ئافغانىستانلىق مۇھىبۇللاخان بولۇپ، ھازىر قوشۇندا مەشقاۋۇللۇق قىلىدىكەن. ھېلىقى كۆك كۆز كىشى بولسا، سەھىيە ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تۇركىيىدىن كەلگەن مەھمۇت نەدىم دېگەن دوختۇر ئىكەن.

— ملتىق ئېلىپ كەلگەنمۇ؟ — سورىدى ھاجىم مۇھىبۇل-لاخاندىن.

مۇھىبۇللاخان پەقەت ھەربىي مەشىق ئۆگىتىشكە كەلگەنلى-كىنى ئېيتتى.

— ملتىق بولسىلا ھەربىي مەشىقنى پاتما خوتۇنمۇ قىلالاي-دۇ، — دېدى ھاجىم، ئاندىن مەھمۇت نەدىمدىن سورىدى:

— يارىدارلارغا داكا يېتەمدۇ؟

مەھمۇت نەدىم دەرۋەقە داكا يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— ئانداق بولسا، — دېدى ھاجىم، — قىشقەرلىك ئاخۇن-لارنىڭ سەللىسى بەك يوغان بولىدىكەن، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى شۇلارنىڭ سەللىسى بىلەن تېڭىپ تۇرۇڭ.

مەيداندىكىلەرنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى. بىر چاغلاردا، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان ئېلىنىڭ ئارىسىدا سۇخەنچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى ئوت بىلەن سۇدەك قىلىۋەتكەن ھېلىقى شاپتۇل داموللىمۇ بىر چەتتە تۇراتتى. ئۇ بايىقى كۆلكىگە ئۇلاپلا يېنىدىكى ھەمراھى بىلەن پىچىرلاشقىلى تۇردى:

— مانا بېگىم، ئېتى ئۇلۇغ غازى خوجىنىياز ھاجى ئاتىمىزنى كۆرۈپ قويسىلا! بۇ قۇمۇللۇق تەلۋە ھېلىقى توقسۇنلۇق ھارۋى-كەش تۆمۈردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان نادان بىر نېمە ئوخشايدۇ، ئەلھەزەر! ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ سوغۇقلۇقىنى قارىمامدىغان ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ.

— دەرۋەقە، گېپى بەك سوغۇق بىر نېمىكەن، — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى، — ئەمما لېكىن، ئۇنى نادان دېگىلى بولماس. ھەر بىر گېپىنىڭ تېگىدە گەپ باردەك تۇرىدۇ. بايام سابىت داموللىنى بېشى يوغان داموللا دېگىنىنى قارىمامدىغان، مەن بۇنى غەرەزلىك سىياسىي ھەزىل دەپ چۈشىنىۋاتىمەن، تەقسىر!

— ئەقىل ـ دانىشلىرىغا بارىكاللا، بېگىم، — دېدى شاپتۇل داموللا، — جانابلىرىنىڭ سەمىگە سالماقچى بولغىنىممۇ دەل ئەنە شۇل مەنىدە ئىدىكىم، بۇ ئەقىل ـ دانىشلىرىنىڭ دۇردانىلىرىنى سابىت داموللىنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا ھەم ھالقا قىلىپ ئېشىپ قويغايلا، ئەلھەزەر، ئەلھەزەر!

— خاتىرجەم بولغايلا داموللام.

— ئىنشائاللا، ئىنشائاللا.

× × ×

مېھمان ۋە ساھىبخانلاردىن ئون نەچچە كىشى سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشقاندىن كېيىن، سابىت داموللا، ھاجىم باشلىق ھەممە سەركەردە ۋە جەڭچىلەرنى پۈتكۈل قەشقەر خەلقى نامىدىن قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى قىسقا، ئەمما ناھايىتى جۇشقۇنلۇق ئىبارىلەر بىلەن ئېيتىپ ئۆتكەچ، ئاخىردا:

— جانابى ئاللاغا ھەددى ـ ھېسابسىز ھەمدۇسانا ۋە شۈكرانىلەر بولسۇنكىم، بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى غازى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولدۇق. ئەمدى بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ھاجىم جانابلىرىنىڭ دانا يولباشچىلىقىدا ئاخىرقى غەلىبىگە چوقۇم ئېرىشكۈسى. ئاللا بىزنىڭ ئىشىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن، — دەپ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى.

يۈزلىگەن قوللار ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، «ئامىن، ئامىن!» دېگەن ياڭراق سادالار مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

تەكلىپ بويىچە ھاجىم سۆزگە چىقىپ مۇنداق دېدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز قېرىنداشلار، شۇنداق سو-

غۇققا قارىماي ئالدىمىزغا چىقىپ ئاۋارە بوپسىلەر، ھەممىڭلارغا رەھمەت، پۈتكۈل قەشقەر خەلقىگە رەھمەت. مېنى سورىساڭلار مەن ئاددىي بىر جەڭچى. مېنىڭ مەقسىتىم خەلقنى جەبىر – زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇپ، ئەركىن – ئازادلىققا چىقىرىپ، تىنچ – پاراۋان تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش. ھازىر بىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز ماجۇڭيىڭ. ھەممىيلەن چىڭ ئىتتىپاق بولۇپ، يۇرتىمىزنى دۈشمەنلەردىن ئازاد قىلايلى. ئاللا بىزگە نۇسرەت بەرسۇن، ئامىن!

قوللار يەنە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، «ئامىن، ئامىن!» دېگەن سۆزلەر بىلەن «ياشىسۇن غازى خوجىنىياز ھاجى ئاتىمىز، ياشىسۇن!»، «ياشىسۇن قەھرىمان پىدائىيلىرىمىز، ياشىسۇن!» دېگەن ياڭراق شوئار سادالىرى كۆككە ئۆرلەشتى.

ھاجىم باشلىق ھەممەيلەن شەھەر تەرەپكە ئاتلانغاندا، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئادەملەر توپى ئەزىم دەريادەك چايقىلىپ، «ئامىن» ئۈستىگە «ئامىن» دېگەن ياڭراق سادالار تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى.

ھاجىم ھەممىنىڭ ئالدىدا سالماق قەدەم تاشلاپ مېڭىۋاتقان بوز ئات ئۈستىدە مىختەك ئولتۇرۇپ، گاھ ئىككى ياندىكى خەلق توپىغا سالام بېرەتتى، گاھ قولىنى پۇلاڭلىتىپ خەلققە ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭدىن ئۈچ – تۆت قەدەم ئارقىدا سابىت داموللا بىلەن مەھمۇت مۇھىتى، ئۇلاردىن كېيىن باشقا چوڭلار، ئاندىن ئۈچ – ئۈچتىن تىزىلغان جەڭچىلەرمۇ ئىككى ياققا سالام بېرىپ ماڭاتتى. خەلق توپى خۇشاللىق ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئۈزمەي قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا – تەكبىر بىلەن نۇسرەت تىلەيتتى. بەزىلەر ئالغا ئېتىلىپ چىقىپ، ھاجىمنىڭ ئاستىدىكى بوز ئاتنى تاۋاپ قىلماقچى بولۇشاتتى. تەرتىپ ساقلىغۇچى قوراللىق كىشىلەر ئۇلارنى «ھاي – ھۇي» بىلەن ئاران

توسۇۋېلىشاتتى.

— ماۋۇ خەققە قايىلىسىلا بېگىم، — دېدى شاپتۇل داموللا، يېنىدا كېتىۋاتقان ھەمراھىغا پىچىرلاپ، — ئۇلار بۇ قۇمۇللۇق تەلۋىنى بېشىدا كۆتۈرەي دەۋاتامدۇ نېمە؟! ئەلھەزەر، ئەلھەزەر.

— بۇنىڭغا ھەيران قالمىغۇلۇق داموللام، — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى، — بۇ نادان خەق بۇگۈنى بىرىنى بېشىدا كۆتۈرسە، ئەتىسى ئۇنى يەرگە ئۇرۇشتىنمۇ يانمايدۇ. ئەمما بىز ناھايىتى ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك.

— ئېغىزلىرىغا قەنت ـ ناۋات بېگىم، بۇ ئەقىل ـ دانىشلىرىنى سابىت داموللامدىن دەرىغ تۇتمىغايلا، ئۇ زاتى كېرەمگە تېخىمۇ ھوشيارلىق دەركار، بېگىم.

× × ×

شۇ ئاخشىمى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى دوكتور سىمىت بىلەن بۈگۈن بولغان ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— دېمەك، ئاخباراتچىلىرىمىز ئارقىلىق سىز ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «غوجا چوڭنىڭ قۇملۇقى»دا خوجىنىياز ھاجى شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمىدا سابىت داموللا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان . ھەتتا مۇراسىم مەيدانىغا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ بايرىقىمۇ ئېسىلمىغان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

— بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس.
بەلكى بىرەر تراگېدىيىنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا كېرەك، — دېدى دوكتور سىمىت غەمكىن ئاھاڭدا.

— تراگېدىيە دېگىنىڭىزنى قانداق ئىزاھلايسىز!

— مەن دېمەكچىمەنكى، سابىت داموللا خوجىنىياز ھاجىنىڭ جىمسار پۇتۇمى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىدىن قورقۇۋاتسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇدرەتلىك رۇس ئارمىيىسىنىڭ بىۋاستە مۇداخىلىسى باشلىنىپ كەتتى.

— ياق، — دېدى كونسۇل، — يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان بۇ تراگېدىيىنى كومېدىيىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، سىزدىن پائالىيەتنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 2

پىدائىيلار قوشۇنى شەھەرگە كىرگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا، ئاقسۇدىن مافۇيۇەن چېرىكلىرى يېتىپ كەلگۈچە، قەشقەر شەھىرىدىكى بارلىق قىسىملار بىر قوماندانلىق ئاستىدا، يېڭىشەھەرنى چولاق زىخۇيدىن ئازاد قىلىش توغرىسىدا ھاجىم ئۆز نامىدىن جىددىي بۇيرۇق چىقاردى. بۇ بۇيرۇققا بىنائەن سابىت داموللىنىڭ ھازىرغا قەدەر يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بارلىق قوراللىق كۈچلىرى، جۈملىدىن خوتەندىن ياردەمگە كەلگەن پىدائىيلارنىڭ ھەممىسى شەرتسىز ھالدا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇش لازىم ئىدى. خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ سەردارى شامەنسۇر بۇ بۇيرۇققا دەرھال بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سابىت داموللىمۇ بۇنىڭغا قارشىلىق قىلمىدى. ئەمما «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ «دۆلەت مۇداپىئە ۋەكىلى»

ئورازبېك بىلەن «باش شتاب باشلىقى» يۈسۈپجان قۇر بېشى بۇ بۇيرۇقنا قارشى چىقىپ، سابىت داموللىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— بۇ قانداق گەپ بولدى داموللام؟ — دېدى ئورازبېك سوقۇشقاق خورازدەك ھۈرپىيىپ، — بىز نېمىشقا خوجىنىيازنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىمىز؟ جۇمھۇرىيىتىمىزنى ئېتىراپ قىلمايۋاتقان كىشىنىڭ بىزگە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان نېمە ھەققى بار؟

— ئۆزلىرى نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشقا سۈكۈت قىلىپ قالدىلەر؟ — دېدى يۈسۈپجان قۇر بېشى سابىت داموللىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ، — بۇنداق قىلىش ھەربىي ھوقۇقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇش ئەمەسمۇ، تەقسىر؟

سابىت داموللا ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ ئۇلارنىڭ كېيىنكى قىلىقى سىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ جۈدەڭگەك كەلگەن چىرايىدا ھارغىنلىق، ئېزىتىراپ ۋە تەشۋىق ـ ئەندىشە ئارىلاش بىر خىل ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. پەقەت سەل ئىچىگە ئولتۇرۇشقان قوڭۇر كۆزلىرىدىلا تۇمانلىق بىر ئۈمىد ۋە ئىشەنچ شولىسى چاقناپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— گەپ قىلسىلا داموللا، — دەپ يەنە ھۈرپەيدى ئورازبېك ئۇستەلنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇپ.

سابىت داموللا سەللە ئورالغان سەرپۇش تۇمىقىنى سەل ئارقىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزىنى رۇسلىدى ۋە ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي ئەزىزلىرىم، ھەر قايسىلىرىنىڭ ئاغزىدىن بۇ يەڭلىغ گەپلەرنىڭ چىقىشىنى مەن زىنھار خىيال ئەيلىمگەنىكەنمەن. ھەر ئىككىلىرى پەلەكنىڭ رەپتارىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئالىي مۇ-قاملىق سەركەردىلىرىمىز بولۇپ تۇرۇقلۇق، ناھاتكى، بۈگۈنكى ۋەزىيەتكە توغرا باھا بېرەلمىسلەر، مەن ھەر قايسىلىرىغا نېمە

دېيىشىم كېرەك؟ خوجىنىياز ھاجىمغا كەلسەك، ئۇ كىشى مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقان بىر سىما. ھازىرقى كۈندە ئۇ زاتتىن يۇقىرىراق ئابرۇيى ساھىبى يوقتۇر. بىزنىڭ ھېچقايسىمىز ئۇ زاتنىڭ ئورنىنى باسالمايمىز. بىزنىڭ مۇقەددەس ئىشىمىز ئۇ زاتنىڭ ئىشتىراكىسىز روياپقا چىقالمايدۇ. دېمەك، ئۇ زاتنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلماق — ئىتتىپاقلىقنى بۇزماق دېمەكتۇر؛ ئىتتىپاقلىقنى بۇزماق — دۈشمەننىڭ تۈگمىنىگە سۇ قۇيماقلىق دېمەكتۇر.

— بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىزنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقان كىشىدىن نېمە ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن؟ — دېدى يۈسۈپجان قۇر بېشى سابىت داموللىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپ داۋام قىلدى سابىت داموللا، — ئۇ كىشى بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىزنى ئېتىراپ قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، بۇنىڭ كارى چاغلىق. بىزنىڭ مۇخالىپىمىزدە دۈشمەنانە ھەرىكەتتە بولمىسىلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. تۇڭگانلار ئۈستىدىن تامام زەپەر قازانغىنىمىزدىن سوڭرە، جانابى ئاللانىڭ ئىرادىسى نېمە بولسا شۇنى كۆرەرمىز. ئەمما ھازىرقى كۈندە، ھاجىمدەك يېگانە باش سەركەردە بولماي تۇرۇپ، تۇڭگانلارنىڭ تەئەررۇزىدىن قۇتۇلمىقىمىز بەسى مۇشكۈلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىمنىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلىپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلىشلىرى شەرت، ئەزىزىم! مەن بۇنى باش ۋەكىللىك سالاھىيىتىم بىلەن ئېيتماقتىمەن.

ئۇرازبېك بىلەن يۈسۈپجان قۇر بېشى بىر ـ بىرىگە قاراپ جىم بولۇشۇپ قالدى.

## 3

ھاجىم ئىككى كۈندىن بۇيان سابىت داموللا بىلەن ھەر خىل سورۇنلاردا ئۇچرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى توغرىسىدا ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيىشكە باھانە ـ سەۋەب تاپالماي تۇراتتى. بولۇپمۇ قوراللىق قىسىملارنىڭ ھەممىسىنى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقتا سابىت داموللىنىڭ مۇلايىملىق بىلەن بويسۇنۇپ «ھاجىم قانداق بولسۇن دېسە شۇنداق بولسۇن» دەپ تۇرغانلىقى ھاجىمنى باشقا ئىشلاردا ئالدىراپ كەتمەسلىككە مەجبۇر قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كۈنلەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ «ئىچكى ئىشلار ۋەكىلى»، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇۋاتقان يۇنۇس بەگ، ھاجىمنى سابىت داموللا ھۆكۈمىتى توغرىسىدا ھازىرچە گەپ قىلماسلىققا قاتتىق دەۋەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خۇددى بۇلتۇر يازدا ھاجىمغا خەت ئارقىلىق مەلۇم قىلغىنىدەك، سابىت داموللىنى ئۆز مەيدانىدىن ۋاز كەچتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئىش چىڭىغا چىققاندا، قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىشى ئېھتىمال. يېڭىشەھەردىكى چولاق زىخۇي بىلەن سابىق قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۇ دەل شۇنداق پۇرسەتنى كۈتمەكتە.

يۇنۇس بەگنىڭ بۇ گەپلىرىمۇ ھاجىمنى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى.

دەل شۇنداق پەيتتە، نىمەت خەلپەت بىلەن تۇرسۇن دولان قەشقەر خەلقىنىڭ ھاجىمغا سۇنغان ئۈچ يۈز پارچىدىن ئوشۇق ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ مەزمۇنىنى ھاجىمغا مەلۇم قىلدى. بۇ ئەرز ـ شىكايەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەھەر كەمبەغەللىرى ـ ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار،

تۇل خوتۇن ــ يېتىم ئوغۇللار ۋە ئەتراپ يېزا ــ كەنتلەردىكى نامرات دېھقانلارنىڭ قانلىق كۆز ياشلىرى، قايناپ تۇرغان داد ــ پەريادلىرى بولۇپ، ئۇلاردا باج ــ سېلىق، ئالۋان ــ ياساقلارنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، بېسمدار، جازانىخور بايلارنىڭ تۇرلۇك ــ تۇمەن يوللار بىلەن خەلقنىڭ قان ــ يىلىكىنى شوراۋاتقانلىقى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن دىنىي مەھكىمىلەردە پارىخورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىپ، دەۋا ــ دەستۇر ئىشلىرىدا نۇرغۇن ناھەقچىلىقلار بولۇۋاتقانلىقى دەلىل ــ ئىسپاتلار بىلەن ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنغان.

— بۇ لومودىلار ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇردۇق دېگەن بىلەن ئۆز مۇسۇلمانلىرىمىز تېخىچىلا جەبىر ــ زۇلۇمدىن قۇتۇلالماپتۇغۇزە! — دېدى ھاجىم بىرمۇنچە چېچىلىپ. ئاندىن خەلقنىڭ دادى ئەھۋالىغا يېتىشكە سالى دورغا بىلەن نەمەت خەلپەتنى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى ۋە بۇ ئىشقا ئەتىدىن باشلاپلا تۇتۇش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

قاسىم ئەپەندى دەرھال گەپكە ئارىلاشتى:

— سابىت داموللىنى قىستاققا ئېلىشنىڭ پۇرستى كەلدى. ھاجى ئاكا، — دېدى ئۇ، — سابىت داموللا بىلەن بۇگۈنلا سۆزلىشىپ، «سىزنىڭ ئىسلام ھۆكۈمىتىڭىز شۇنداق ھۆكۈمەتمۇ؟ بۇنداق ھۆكۈمەتنىڭ كېرىكى يوق» دېيىش كېرەك.

— ئەپسۇسكى، — دېدى نەمەت خەلپەت، — بۇگۈن رامزان شېرىپىنىڭ ئاخىرقى كۈنى، ئاللا بۇيرۇسا ئەتە روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇيمىز. كۈنلىرىمىز ناتىنچ بولسىمۇ، يىلدا بىر كېلىدىغان بۇ مۇبارەك ھېيت ــ ئايەم كۈنلىرىنى ھەممە بىرلىكتە خۇشال ــ خۇرام ئۆتكۈزۈۋالساقمىكىن، ئۇنىڭغىچە سابىت داموللىمۇ بىر يەرگە قېچىپ كېتەلمەس.

بۇ پىكىرگە قاسىم ئەپەندىدىن باشقىلار دەرھال قوشۇلدى ۋە يىغىنشەھەرنى قامال قىلىۋاتقان مەھمۇت مۇھىتى باشلىق سەر- كەردىلەرنىمۇ ھېيت نامىزىنى ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىش قارار قىلىندى.

× × ×

بىراق، ھېيت كۈنلىرىنى خۇشال – خۇرام ئۆتكۈزۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھېيت نامىزىنى ئارامخۇدا ئوقۇشمۇ ھېچكىمگە نېسىپ بولمىدى.

بامدات نامىزىدىن كېيىن، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھەيۋەتلىك پەشتاقلىرىدا قوش – قوش ناغرا – كاناي سادالىرى ياڭراش بىلەنلا، پۈتۈن شەھەر گويا شۇنچە چاغلاردىن بۇيان جانغا تۆرەپ كەلگەن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرىنىڭ ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ قال- غاندەك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن كىشىلەر بىلەن ئۆسمۈر باللار ھەمدە ھەربىي تەرتىپ بويىچە تىزىلىپ كېلىۋاتقان جەڭچىلەر خۇددى تاغ قاپتاللىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ يوغان بىر كۆلگە قۇيۇلۇۋاتقان تاغ سۇلىرىدەك، تەرەپ – تەرەپتىن ھېيتگاھ مەيدانىغا ئاقماقتا ئىدى. قىش قۇياشى نەيزە بويى ئۆرلەپ بولغۇچە، كەڭ جامەنىڭ ئىچى – تېشى ئادەم بىلەن تولۇپ كەتتى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن ھېيتگاھ مەيدانى ۋە ئەتراپ رەستىلەر سەپ – سەپ بولۇپ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ باشلىرىدىكى سەللىلىرى بىلەن خۇددى تومۇز كۈنلە- رى ئاپئاق غوزىلار ئېچىلغان بىپايان كېۋەزلىككە ئوخشاپ قالغانىدى.

جامەنىڭ ئىچىدە بولسا ھاجىم، مەھمۇت مۇھىتى، سابىت

داموللا باشلىق ھەربىي ــ مۇلكىي ئەربابلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىرىنچى سەپتە باشلىرىنى ئېگىپ ئولتۇرۇپ، يوغان سەللىلىك قېرى ئىمامنىڭ خۇتبىسىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سالماقتا ئىدى. خۇتبىدىن كېيىن، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن ھەيۋەتلىك سادالار ئىچىدە ناماز باشلىنىپ، پۈتۈن جامائەت «رۇكۇ»غا بارغاندا، بىر-دىنلا قويۇق زەمبىرەك ئاۋازلىرى گۈمبۈرلەپ قالدى. قېرى ئىمام يۈزىگە تۆيۈقسىزدىن سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك نامازنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرىۋەردى. جامەنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى جاما-ئەتنىڭ بەزىلىرى سەل چۆچۈگەندەك قىمىرلاپ قويغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپچىلىكى نەچچە ئون يەردىكى مەزىن ئاخۇنلارنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن ئۈنلۈك نىدالىرىغا ئەگىشىپ نامىزىنى ئوقۇۋەردى.

زەمبىرەك ئاۋازلىرى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، دەھشەتلىك ئەجەل بورانلىرى باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلسىمۇ، نامازغا تۇرغان ئادەملەر گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك قوللىرىنى قو-ۋۇشتۇرۇپ، باشلىرىنى سەل ئەگكەن پېتى چوڭقۇر سۈكۈنات ئىچىدە مىختەك تۇراتتى.

ئۇلارغا مۇنداق مەدەت بېرىۋاتقان ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچ نېمىكىن ــ ھە!

ئىراق ناماز ئوقۇلۇپ بولۇش بىلەنلا پاتپاراقچىلىق باشلى-نىپ، ئادەملەر خۇددى ئۈۋىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ھەرىلەردەك پېتىراپ كەتتى. ھاجىم باشلىق ئەربابلارمۇ ئالدىراپ ــ تېنەپ سىرتقا چىقىشتى.

شۇ ئارىدا، ئوغلاقچى مەنسۇر بىلەن ھېيتەم يېڭىشەھەر تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى: يېڭىشەھەر

ئىچىدە قامىلىپ ياتقان ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى مەھمۇت مۇھىتى
باشلىق بىرمۇنچە سەركەردىلەرنىڭ روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇش
ئۈچۈن كونىشەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاچ، پۈ-
تۈن كۈچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ھەممە زەمبىرەكلىرىنى ئىشقا
سېلىپ، ھازىرغا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كەڭ كۆلەم-
لىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋە مۇھاسىرە چەمبىرىكىنىڭ بىر - ئىككى
ئاجىز يېرىنى بۆسۈپ تاشلىغان ھەمدە شۇ يەردىن يەنە زەمبىرەك
ئېتىپ كونىشەھەرگە تەھدىت سېلىشقا ئۇرۇنغان. ھازىر پىدائىيلار
بىلەن چېرىكلەر ئارىسىدا گىرەلەشمە جەڭ بولماقتا.

— ھەممە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قۇتلۇق بولغان روزى ھېيت
نامىزىنىڭ خاتىرىسىنىمۇ قىلماپتۇ بۇ نامەرد چوشقىلار، — دەپ
ئاغزىنى بۇزۇشقا باشلىدى ھاجىم، — ئىتتىن بولغان قۇربانلىققا
يارىماپتۇ دېگەن شۇ. ئۇلارنى قانداق مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن!
بۇ لومودىلارنىڭ جازاسىنى ئۆزۈم بەرمىسەم، قېنى چاپسان
ئاتلىنايلى.

× × ×

چېرىكلەرنىڭ بۇ قۇتلۇق بايرام كۈنىنى بۇنداق نامەردلىك
بىلەن ئاياغ ئاستى قىلغانلىقى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭلا ئەمەس،
ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭمۇ جېنىغا قاتتىق تەگكەنلىكتىن، نۇرغۇن
يېڭى كۈچلەر سەپكە قوشۇلۇپ، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ سانى
ھەسسىلەپ ئېشىپ، جەڭگىۋارلىق شىجائىتى تاغدەك ئۆسۈپ كەت-
تى. چېرىكلەر يېرىم كۈنلۈك جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمەي، پەر-
شان ھالدا يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىگە قېچىشقا باشلىدى.

بىراق دەل شۇ چاغدا ئاقسۇدىن كېلىۋاتقان مافۇيۈەن چېرىك-

لىرى ئاتۇش تەرەپتىن شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. بۇ چېرىكلەر ئاقسۇدا بىر قۇر تولۇقلىنىپ، ئۈچ مىڭ كىشىگە يەتكۈزۈلگەن ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى ئىچىدە ھەممىدىن مۇنتىزىم بىر قوشۇن ئىدى. ئۇلار يېڭىشەھەردىكى چېرىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بەش — ئالتە مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئايلاندى ۋە پىدائىيلار قوشۇنىغا ئۈستۈن كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇرۇش ئوتىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە تۇتىشىپ، ئاھالىسى زىچ بولغان بۇ شەھەردە قاتتىق ۋەيرانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابى ئۇرۇشنى شەھەردە ئەمەس، ئاسمىنى كەڭ دالا — قىرلاردا داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، سابىت داموللا بىلەن ئۇنىڭ بىر قىسىم سەپداشلىرى خوتەندىكى مەمتىمىن ھەزرەتكە يېقىنراق يەردە تۇرۇش، ۋاقتى كەلسە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش مەقسىتىدە يەكەن تەرەپكە كەتتى؛ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باشقا يۇرتلارغا كېتىشتى، بەزىلىرى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا پاناھلىنىپ قالدى. شۇنداق قىلىنىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» نىڭ ئەزالىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى.

چېرىكلەر مۇداپىئەسىز قالغان شەھەرگە قارشىلىقسىز بېسىپ كىردى.

— ئاللا مۇبارەك قىلسۇن زىخۇي جانابلىرى! — دېدى شاپتۇل داموللا دوتەي يامۇلىنىڭ ئازادە مېھمانخانىسىدىكى يېشىل دۇخاۋا قاپلانغان كۇرسىدا غادىيىپ ئولتۇرغان چولاق زىخۇيغا يايدەك ئېگىلىپ، — بىز قەشقەر ئەھلى قەدەم تەشرىپلىرىگە مۇنتەزىر ئىدۇق. ئەلەلئاخىر، خوجىنىياز ۋە سابىتقا ئوخشاش توپىلاڭچىلاردىن قۇتۇلۇپ بۇ كۈنلەرگە مۇيەسسەر بولدۇق. ئەمدى

ئەزىز دىيارىمىزدا تىنچ ـ ئاسايىشلىق ئاپتىپى جەۋلان قىلغۇسى، ئىنشائاللا!

چولاق زىخۇي بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىگە بولمىسىمۇ ئاساسي مەزمۇنىغا چۈشەندى چېغى، «ئىنشائاللا، ئىنشائاللا» دەپ قويۇپ، شاپتۇل داموللىغا ئورۇن كۆرسەتتى.

شاپتۇل داموللا دۇئا ياندۇرۇپ بولغاچ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن كەمىنىلىرى زىخۇي جانابلىرىنىڭ خىزمىتىگە ھەر زامان تەييارمەن، — دېدى.

چولاق زىخۇي بۇگۈن شاپتۇل داموللىنىڭ تەنھا ئۆزىنىلا چاقىرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى: نەچچە ۋاقتتىن بۇيان، شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە سابىت داموللا بىلەن خوجىنىيازغا كۆپرەك ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، پۇل ۋە مال ـ مۈلۈك ئىئانە قىلغانلار كىملەر؟ مەشھۇر بايلاردىن باشقا، ئاھالە ئىچىدە يەنە كىملەرنىڭ قولىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش بولۇشى مۇمكىن؟ شاپتۇل داموللا مانا شۇلارنى ئېنىقلاپ، تولۇق تىزىمنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇشى كېرەك.

— سىز ئوبدان بىلىدۇ داموللا، — دېدى چولاق زىخۇي تەكتىلەش ئاھاڭىدا، — قەشقەردىكىلەردە تىللا ـ تەڭگە جىق، ئەسكى چاپان ئىچىگە تىكىدۇ، يەرگە كۆمىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، زىخۇي جانابلىرى.

— سىز ياخشى قىلسا بىز ئۇنۇتمايدۇ. مادوتەي[1]يەنە دوتەي بولىدۇ. ئاندىن كېيىن سىز قەشقەرگە چوڭ ئاخۇن بولىدۇ.

— رەھمەت، زىخۇي جانابلىرى، ئاللا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن، دۆلەتلىرىنى پۈزۈن قىلغاي، ئامىن! — دېدى شاپتۇل داموللا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ. ئۇ شۇ تاپتا ئىگىسىنىڭ قولىدىكى بىر پارچە

---

① قەشقەرنىڭ سابىق ۋالىيسى ماشاۋۇنى دېمەكچى.

سۆگەككە تەلمۈرۈپ، قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ تۇرغان مەخلۇققا ئوخ-
شاپ كەتتى.

دەرۋەقە قەشقەرگە «چوڭ ئاخۇن»، يەنى قازىكالان بولماق
ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى زارىقىپ كۈتكەن شېرىن ئارزۇسى ئىدى.
چۈنكى، ئۇ قاچاندۇر بىر زامانلار خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان
بولسىمۇ، بەختىگە قارشى ھازىرغا قەدەر ئاپئاق كۆمۈش تەڭگىلەر
بەدىلىگە مۆھۈر بېسىش ياكى بىرەر مەدرىسىدە دەرس ئېيتىپ
چارەك ـ چارەكلەپ بۇغداي ـ قوناق ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە
بولالماي كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەزىر ـ چىراغ، توي ـ تۆكۈن
ۋە چاي ـ زىياپەتلەردە تۆردىن ئورۇن تەگمەي بوينى قىسىلىپ
قالاتتى. ئەھلى ئىلىملەر يىغىلغان كىتابخانلىق سورۇنلىرىدا بولسا
ئۇنىڭغا گەپ تەگمەيتتى ياكى سۆھبەتداشلىرى ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىد-
رىگە ئېرەن قىلماي «داموللام ئۆزلىرى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ
ئالىملارنىڭ يېڭى مۇلاھىزىلىرىدىن مەھرۇم ئوخشايلا، كۆپرەك
كىتاب كۆرسىلە» دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. بۇنداق مەسخىرىلەر
ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئېغىر تۇيۇلاتتى. ئۇ مۇشۇنداق پەيتلەردە ئۇلۇغ
كىچىك ـ تىنىپ، «خەپ سىلەرنى، ھەممىڭلار ھېلىقى ئابدۇقادىر
داموللا دېگەن جەدىتنىڭ ئەرۋاھىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتىسىلەر. سى-
لەرنىڭ كۈنۈڭلەر تۈگەيدىغان زامان كېلەر» دەپ ئىچىدە غودۇڭ-
شۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ مەنتىقىسى بويىچە بولغاندا، زامان ئۆزگە-
رىپ، قەشقەرگە يەرلىك ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ياقا يۇرتلۇق بىرەر
يېڭى ھۆكۈمدار كەلسىمۇ، شۇ ھۆكۈمدارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتسا،
ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى.

شۇنداق كۈنلەردە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن چولاق زىنخۇي
قەشقەرگە «ئىسلام ئېچىپ» كەلدى. شاپتۇل داموللا بۇلارنىڭ ھەر
ئىككىسىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئاخىر چولاق زىنخۇيغا

ئۈمىد باغلاپ ئۈنىڭ قوينىغا كىرىۋالدى. چولاق زىخۇيمۇ «بەگ يالاقچىغا ئامراق، ئىت شاتراقچىغا» دېگەندەك، شاپتۇل داموللىغا ئوخشاش بىر مەخلۇقنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ بوسۇغا يالىغىنىغا ناھايىتى خۇشال ئىدى.

— شۇنداق بولسۇن، ئۈچ كۈندىن كېيىن سىز مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى چولاق زىخۇي شاپتۇل داموللىنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بېرىپ.

4

كۈنلەر ئۆتمەكتە. يۇرت ـ يۇرتتا ئۇرۇش تۈتەكلىرى ئاسمانىنى قاپلاپ، پامىر ئېتەكلىرى قانغا بويالماقتا. ئۆيلەر كۆيۈپ، تۇرخۇنلار ئۆرۈلۈپ، يۇرت ئىچى ۋەيران، ئادەملەر سەرسان ـ پەرىشان، ھەتتا، ئىت ـ مۈشۈكلەرگىمۇ تېپىلماي ئارام، گويا «قىيامەت» دەھشىتىدە قالدى ھەممە يان.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دەۋرىش قىياپىتىدىكى بىر ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش ياسانغان قاسىم ئەپەندىنى قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا باشلاپ كەلدى. قاسىم ئەپەندى كونسۇل بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ خوجىنىياز ھاجى نامىدىن كەلگەنلىكىنى، ئەمدى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئارىلاشمىسا، ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولماي قالغانلىقىنى ئېيتىپ، سوۋېت تەرەپتىن دەرھال ياردەم بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

كونسۇل قىسقىچىلا جاۋاب بېرىپ:

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، خوجىنىياز ھاجى ئەركەشتام چېگراسىغا بېرىپ يۇقىرى بىلەن بىۋاستە سۆزلىشى

سۇن. مەن پەقەت ئالاقە باغلاپ بېرىشكە يارايمەن، — دېدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، ھاجىم يېڭىساردىن ئاتۇش ئارقىلىق ئەر-كەشتام تەرەپكە ئاتلاندى. قەشقەر شەھىرىدىكى ماجۇڭيىڭ چېرىك-لىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئاتۇش تاغلىرىدا قانلىق جەڭلەر باشلاندى.
شەھەردە بولسا ئازراق چېرىك قالغانىدى. ئوپالنى قارارگاھ قىلىپ تۇرغان يۈسۈپجان قۇربېشى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن شە-ھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ شەھەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىۋالدى. چېرىكلەردىن بىزار بولۇپ تۇرغان خەلق ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قوزغال-دى. چولاق زىخۇي مۇشۇنداق باھانىنىڭ تېپىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ھاجىم بىلەن سوقۇشۇۋاتقان چېرىكلەرنى دەرھال قايتۇرۇپ كېلىپ، يېڭىشەھەردىن يەنە بىر تۈركۈم چېرىك يۆتكەپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى ۋە يۈسۈپجان قۇربېشىدىن شەھەرنى تارتىۋالدى ھەمدە شۇ ئاخشىمى ھېلىقى شاپتۇل دامولىلىغا مەخ-سۇس بەلگە سېلىنغان ئون پارچە ئاق لاتا بېرىپ، بۇلارنى ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزىگە ئوخشاش «سادىق» كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇشنى بۇيرۇدى.
تاڭ قاراڭغۇسىدا ھەربىي ھالەت باشلىنىپ، تاراسلاپ ئېتىل-غان مىلتىق ئاۋازلىرىدىن شەھەر چۆچۈپ ئويغاندى. چېكەتكىدەك يامراپ كەتكەن چېرىكلەر پۈتۈن شەھەر بويىچە ئۆيمۇ ئۆي باستۇرۇپ بۇلاڭ - تالاڭ، زورلۇق - باسقۇنچىلىق ۋە دەھشەتلىك قىرغىن باشلىۋەتتى. مىڭلىغان ئىشىكلەر ئۆرۈلۈپ، پەنجىرىلەر چېقىلىپ، تالاي - تالاي قىز - جۇۋانلارنىڭ كۆڭلەك تامباللىرى يىرتىلدى؛ تالاي - تالاي ئانىلارنىڭ چاچلىرى يۇلۇنۇپ، ئاتىلار-نىڭ پېشانىسى يېرىلدى؛ تالاي - تالاي نازۇك قوللار بارماقلىرىدى-كى ئۈزۈك، بىغىشلىرىدىكى بىلەيزۈكلەر بىلەن قوشۇپ شارتىلدى-

تىپ كېتىپ كېتىلدى؛ نى ـ نى نازىنىنلارنىڭ قولاقلىرى ھالقا ـ زىرىلەر بىلەن قوشۇلۇپ يۇلۇپ ئېلىندى. كۆكرەك كېرىپ چىققان يىگىتلەرگە نەيزە سانجىلىپ باشلىرى كېسىلدى؛ ھەتتا ئىگرىغان بوۋاقلار بۆشۈكلىرى بىلەن كوچىلارغا تاشلاندى.

پەقەت ئىككى خىل كىشىنىڭ جېنى بۇ دەھشەتتىن ئامان قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى، پەلەكنىڭ تاسادىپىي «كەڭچىلىكى»گە ئېرىشكەنلەر ئىدىكى، ئۇلار سوغۇقتىن شىنىدەك قېتىپ قالغان جەسەتلەرنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق خالتا كوچا ئېغىزلىرى ياكى قورۇلارنىڭ ئالدىغا سۆرەشتۇرۇپ كېلىپ بىر ساختا مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى. چېرىكلەر بۇنداق يەرلەرگە كەلگەندە، بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىن قىلىنىپ بولغانىكەن دەپ ئارقىغا ياناتتى؛ ئىككىنچى خىلى شاپتۇل داموللا ئارقىلىق چولاق زىخۇي تارقاتقان ھېلىقى ئاق لاتىلار ئېسىقلىق ھويلىلاردىكى كىشىلەر ئىدى.

ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك ھەربىي ھالەت داۋامىدا، شەھەر ۋە ئەتراپ مەھەللىلەردە تەخمىنەن تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جېنىدىن ئايرىلىپ، بۇ ئاۋات قەدىمىي شەھەر خۇددى بىر توپ ياۋا چوشقىلار دەسسەپ، يانجىپ، مىجىپ تاشلىغان گۈلزارلىق خارابىسىدەك چۆلدەرەپ قالدى. ئۆي ـ ئۆيدىن كۆتۈرۈلگەن ماتەم يىغىلىرى بىلەن داد ـ پەرياد ۋە نالە ـ ئەفغانلار كىشىنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلايتتى.

چولاق زىخۇي بىلەن مافۇيۈەن بولسا دەستە ـ دەستە زىخ ئالتۇن، دۆۋە ـ دۆۋە تىللا، تەڭگە ۋە يامبۇلارغا، قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ئۈزۈك، بىلەيزۈك، ھالقا ـ زىرىلەرگە، خالتا ـ خالتىلاردىكى ياقۇت، پىروزە، زۇمرەت، مەرۋايىتلارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

كۆنلەر ئۆتكەنسېرى، پامىر ئاسمىنىدا ئۇرۇش تۇتەكلىرى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ قانلىق جەڭ مەيدانلىرى كۆپىيىۋەردى. شۇلا-رنىڭ بىرى چوڭ يول ئۈستىگە جايلاشقان يېڭىسار شەھىرى ئىدى.

چولاق زىخۇي بىلەن مافۇيۈەن بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلمى-غۇچە يەكەن تەرەپكە ئۆتۈپ، پۈتۈن زەرەپشان ۋادىسىنى قولغا كىرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭىسارنى ئېلىشقا ئىككى مىڭدەك چېرىك ماڭدۇرغانىدى. مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ كىچىك ئىنىسى ئەمىر ساھىب① باشچىلىقىدى-كى بەش يۈزچە خوتەن پىدائىيلىرى شەھەر ئەتراپىدا چېرىكلەر بىلەن بىرقانچە قېتىم ئېلىشىپ، ئاخىر بولالمىغاندىن كېيىن، سېپىل دەرۋازىلىرىنى بېكىتىپ مۇداپىئەلىنىشكە باشلىدى.

چېرىكلەر بىرقانچە كۈنلەرگىچە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپمۇ سېپىلگە كىرەلمىگەندىن كېيىن، ئاھالىگە شوتا ئالۋىڭى سېلىپ، ئىككى كۈن ئىچىدە بىرەر يۈز شوتا تەييارلاتقۇزدى ۋە توپ — توپ ئاھالىنى ھەيدەپ كېلىپ، شوتىلارنى سېپىلگە قو-يۇشقا ۋە ئالدىدا مېڭىپ يول ئېچىشقا زورلايتتى. قارشىلىق قىلغان ياكى قاچقانلارنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلايتتى. پەقەت ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن بۇيرۇققا بويسۇنغانلار بولسا، سېپىلدىكىلەرنىڭ زەربى-سىدىن ئۆرۈپ تاشلانغان شوتا بىلەن تەڭلا يىقىلىپ چۈشەتتى؛ بەزىلەر باش — كۆزىگە تۆكۈلگەن قايناق سۇ، ئېرىتىلگەن موم، قىزىتىلغان ياغدا كۆيۈپ، ئارقىسىدىن چىقىۋاتقان چېرىكلەر بىلەن

① ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى نۇرئەھمەد بولۇپ، ئەمىر ساھىب «قوماندان» دېگەن مەنىدىكى ھەربىي ئۇنۋانى ئىدى.

بىللە ئۆزىنى خەندەككە تاشلايتتى. شۇنداق قىلىپ، يېڭىسار سېپىلىنىڭ تاملىرى قانغا بويىلىپ، خەندەكلەر جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.
بۇ باش ئەگمەس شەھەر چولاق زىنخۇي بىلەن مافۇيۈەننى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇلار باشقىچە يول تۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

× × ×

بىر كۈنى شاپتۇل داموللا ئۆزىگە ئوخشاش سالاپەتلىك كەلگەن ئىككى ئاتلىق بىلەن سېپىلىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىرى سەللىسىنى باشقىچىرەك قىلىپ (خۇيزۇ موللىلار شەكلىدە) ئورىغان قىزىل يۈزلۈك كىشى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چولاق زىنخۇي نامىدىن ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بىر هازادىن كېيىن دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى يېرىم ئېچىلدى. قورallىق قاراۋۇللار ئۇلارنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئىچكىرىگە كىرگۈزدى. تەخمىنەن يىگىرمە قەدەم نېرىسىدىكى مەيداندا، قىزىل كۆلا ئۈستىدىن يېشىل سەللە ئوراپ، قىزىل تون كىيگەن بىر كىشى ئوتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچ ــ ساقاللىرى ناهايىتى ئۆسكىلەڭ بولسىمۇ، چىرايىدىن يىگىرمە بەش ــ ئالتە ياشلاردىكى يىگىت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئەمىر ساھىب ئىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا توپ ــ توپ قوراللىق كىشىلەر تىك تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭمۇ چاچ ــ ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ بولۇپ، ھەممىسى قىزىل سەللە ئورىۋالغانىدى.
ــــ بىزنىڭ ساھىبقىرانىمىز سىلەرنى قوبۇل قىلماقچى، گەپ بولسا ئېيتقايسىلەر، ــــ دېدى يېشىل سەللىلىك بىر مويسىپىت

كىشى ئەلچىلەرگە قاراپ.
ئەلچىلەر ئەمىر ساھىبقا ھۆرمەت بىلەن سالام بەجا كەلتۈ-
رۈپ بولغاچ، شاپتۇل داموللا بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا مېڭىپ،
ئۇنىڭغا ئەلچىلىك خېتىنى تاپشۇردى. چولاق زىخۇيىنىڭ ئەمىر
ساھىبقا يازغان بۇ خېتىنىڭ مەزمۇنى: «يەنە قان تۆكۈلمىسۇن
دېسىڭىز دەرھال تەسلىم بولۇڭ، تەسلىم بولسىڭىز سىزنىڭ ۋە
بارلىق كىشىلىرىڭىزنىڭ ھاياتىغا كاپالەت بېرىمەن. بۇ مېنىڭ
مۇسۇلمانلىق ۋەدەم. ئەلۋەدۇن دىمىنۇن.[1] بۇ ۋەدەمنىڭ چىنلىقىغا
شاھىتلىق ئۈچۈن مېنىڭ نامىمدىن 〈قۇرئان〉 تۇتۇپ بېرىشكە
ئۆزۈمنىڭ ئىمامى ياك ئاخۇننى ئەۋەتتىم. ئەگەر تەسلىم بولمىسى-
ڭىز، ئۆزىڭىزنىڭمۇ ۋە بارلىق كىشىلىرىڭىزنىڭ جېنىغا زامىن
بولىسىز. ياش جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن» دېگەنلەردىن ئىبا-
رەت ئىدى.
ئەمىر ساھىب خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. خەت ئوقۇلۇپ بو-
لۇش بىلەن توپ ئىچىدىن «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى!
ئەلچىلىككە كەلگەن بۇ سەللىلىك مۇناپىقلارغا ئۆلۈم! دېگەن
سادالار ياڭراپ، قىلىچلار جاراڭلاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئالامانغا
قويۇپ بەرسە، ئۇلارنى پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلايتتى.
— مانا سىلەرگە جاۋاب، — دېدى ئەمىر ساھىب ھېلىقى
خەتنى يىرتىپ تاشلاپ.
— ئەمىر جانابلىرى، — دېدى شاپتۇل داموللا، — ھەر
ھالدا ئەقىل ـ دانىشلىرى بىلەن تەپەككۇر ئەيلەپ كۆرمەكلىرى
جايىزدۇركىم، زىخۇي جانابلىرىنىڭ مۇددىئاسى يۇرتتا تىنچ ـ ئاسا-
يىشلىق ئەھيا قىلماقتۇر. تىنچ ـ ئاسايىشلىق ئەھيا قىلماق ھەممى-

[1] «ۋەدە بەرمەك ـ قەرزدار بولماقلىقتۇر».

مىزگە ۋاجىپتۇر.

— بارىكاللا، ۋاجىپ دېگەن گېپىڭىزنى خوجىلىرىڭىزغا بې-رىپ ئېيتىڭ. بىز شۇلار تەرىپىدىن بۇزۇلغان تىنچ ــ ئاسايىشلىقنى تەكرار ئەھيا قىلماق ئۈچۈن جەڭ قىلماقچىمىز. ئۇلارنىڭ شۇم قەدەملىرى بۇ يەرلەرگە يەتمىسە تىنچلىق بۇزۇلماس ئىدى. تىنچ-لىق بولسۇن دېسە ئۇلار دەرھال ئۆز ماكانلىرىغا كەتسۇن.

— ئەمىر جانابلىرى ياشلىق قىلمىغايلا، ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەس دېگەن ھېكمەت بار، — دېدى شاپتۇل داموللا سىپايىلىك بىلەن.

— رىزالەت بىلەن باش ئېگىپ ياشىغاندىن، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى دېگەن ھېكمەتمۇ بار! ئەلچى دېگەن ئاتاق بىلەن كەلمىگەن بولسىڭىز بېشىڭىزنى كېسىپ، قولتۇقۇڭىزغا قىستۇرۇپ قويغان بولۇر ئىدىم.

× × ×

شۇنىڭدىن كېيىن چېرىكلەر تېخىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. جەڭ راسا قىزىۋاتقان پەيتتە، چېرىكلەرنىڭ ئارقا تەرىپى-دە قىقاس ــ چۇقان كۆتۈرۈلدى. مەھمۇت مۇھىتى بەش ــ ئالتە يۈزدەك ئاتلىقلار بىلەن ئېتىپ ــ چېپىپ دەھشەت بىلەن سەپنى يېرىپ كىردى. ئۇلارغا ياندىشىپلا ئازىراقى مىلتىق، كۆپ قىسمى قىلىچ، نەيزە ۋە مىخ قېقىلغان چوماقلار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ۋە پىدائىيلار توپى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۈنلۈك تەكبىر ئېيتىپ غەزەپ بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. بۇ خوتەن پىدائىيلىرى قىزىل ــ يېشىل تون ۋە سەللىلىرى، ئۈسكىلەڭ چاچ ــ ساقاللىرى بىلەن ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. قىزىل سەللە ئوراپ يېشىل

تون كىيگەن ۋە قاپقارا چاچلىرى گەجگىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بوز ئاتلىق كىشى ھەممىنىڭ ئالدىدا قىلىچ ئوينىتىپ چېرىكلەرگە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇراتتى. بۇ مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ چوڭ ئىنىسى شامەنسۇر ئىدى.①

تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن گاڭگىراپ قالغان چېرىكلەرنىڭ سېپى بۇزۇلدى. بەزىلىرى قېچىشقا باشلىدى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ يىگىتلىرى سېپىلگە يېقىنلىشىپ قالغاندا شامەنسۇرغا ئوق تېگىپ ئاتتىن يىقىلدى. خوتەن پىدائىيلىرى سەركىسىز قالغان پادىدەك تەمتىرەپ قېلىشتى. چېرىكلەر ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بۆرىدەك يوپۇرۇلدى. شۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئىككى چېرىك شامەنسۇرنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى. خوتەن پىدائىيلىرى بىرمۇنچە قۇربانلىقلار بەدىلىگە ئۇنىڭ باشسىز جەسىتىنى ئاران قۇتقۇزۇپ جەڭ مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى. خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كېتىشى بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بىر قانىتى سۇندى. ئاخىر، ئۇمۇ ئۆز يىگىتلىرى بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ئەمىر ساھىب پەقەت ئۈچ يۈز ئادىمى بىلەن سېپىل ئىچىدە ياردەمسىز قالدى.

× × ×

شۇ كۈنى ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدە، سېپىلنىڭ غەرب تەرىپىدىكى دوقمۇشقا تۇتاش بىر ئىگىسىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە ئۇغلاقچى مەنسۇر باشلىق بەش يىگىتنىڭ قارىسى پەيدا بولدى. ئۇغلاقچى مەنسۇر سېپىل ئۈستىدىكىلەرگە ئاستا بەلگە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ

① ئۆز ئىسمى ئابدۇللا.

مەھمۇت مۇھتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئەمىر ساھىبقا يەتـ-
كۈزىدىغان مۇھىم گەپنى بارلىقىنى ئېيتتى. بىر ئازدىن كېيىن
سېپىل ئۈستىدە ئەمىر ساھىب پەيدا بولدى. ئوغلاقچى مەنسۇر
ئۆزىنىڭ مەھمۇت مۇھتى نامىدىن ئۇنى قامالدىن قۇتقۇزۇپ
كېتىشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، سېپىل ئۈستىگە بىر ئارغامچا
تاشلىدى.

— قېنى چاپسان بولسىلا، ئەمىر! — دېدى ئوغلاقچى
مەنسۇر ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

— يالغۇز مېنىلا قۇتقۇزغۇلۇقمۇ؟ — دېدى ئەمىر ساھىبمۇ،
مۇمكىنقەدەر ئاۋازىنى تۆۋەنلىتىپ.

ئوغلاقچى مەنسۇر ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن يوللار بىلەن بۇ يەرگە
تەستە كەلگەنلىكىنى، ئادەم كۆپ بولۇپ كەتسە، چېرىكلەرنىڭ
تۇيۇپ قېلىشى ئېھتىماللىقىنى ئېيتتى.

ئەمىر ساھىبنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ خوتەن شېۋىسى
بويىچە «ر» تاۋۇشىنى «ي» تەلەپپۇز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھىممەتلىرىگە رەھمەت بۇرادەر! قەھرىمان سەركەردىمىز
مەھمۇت سىجاڭغا رەھمەت. مەن كەتمەيمەن.

— نېمىشقا؟

— قەدىردان سەپداشلىرىمنى تاشلاپ، يالغۇز كېتەلمەيمەن.
سېپىل ئۈستىدىكىلەرنىڭ گەپلىرى ئاڭلانغىلى تۇردى. ئۇلار
خوتەن شېۋىسى بويىچە مۇنداق دېيىشىۋاتاتتى:

— ھەزرەت ئەمىرىمىز ماقۇل دېسىلىيا، سىلى بولسىلىمۇ
ئامان قالسىلا.

— بىز ھەزرىتىمىدىن رازىمىز. مىڭ ـ مىڭ رازىمىز.

— قېنى، پاتراق بولسىلا!

ئوغلاقچى مەنسۇرمۇ:

— شۇنداق بولسۇن، ئەمىر، پاتراق بولسىلا، — دېدى.

ئەمىر ساھىب كۆزىگە ياش ئېلىپ، ھەمراھلىرىغا رەھمەت ئېيتقاچ ئوغلاقچى مەنسۇرغا مۇنداق دېدى:

— مەن يەنە بىر تەكرارلاي، قەدىردان سەپداشلىرىمنى تاشلاپ يالغۇز كېتەلمەيمەن. مېنىڭ جېنىم ئۇلارنىڭ جېنىدىن ئەزىز ئەمەس. ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز، قالساق بىللە قالىمىز. سەپداشلىرىمنى دۈشمەن قولىدا قويۇپ، تىرىك ياشاشتىن ماڭا ئۆلۈم ئەۋزەل!

ئوغلاقچى مەنسۇرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ قوڭۇر كۆزلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈپ ئۆگزىدىن ئاستا چۈشۈپ كەتتى.

شۇنىڭدىن ئىككى كۈن كېيىن چېرىكلەر سېپىلنى دورا بىلەن پارتلىتىپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. سېپىل ئىچىدە گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ، كەتتى. قوزغىلاڭ باشلانغاندىن بۇيان، ھېچقاچان ۋە ھېچ يەردە بۇنداق شىددەتلىك جەڭ بولۇپ باقمىغانىدى. بىرەر سائەت داۋامىدا قەھرىمان خوتەن پىدائىيلىرىدىن بىرمۇ ئادەم تىرىك قالمىدى. ئۈچ يېرىدىن يارىلانغان ئەمىر ساھىب ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، دۈشمەنگە ئاخىرقى قېتىم قىلىچ كۆتۈرۈۋاتقاندا، كۆكرىكىگە سانجىلغان مىلتىق نەيزىسى بىلەن ئوڭدىسىغا يىقىلدى. بىر چېرىك ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ چېچىدىن تارتىپ بېشىنى كېسىۋالدى.

سېپىلنىڭ ئىچى جەسەتكە توشۇپ كەتتى. ھەر بىر پىدائىينىڭ جەسىتى يېنىدا بىر ـ ئىككىدىن چېرىك ياتاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن چولاق زىخۇي:

— مەن بۇ خوتەنلىك ئوغرىلارنى بۇنداق قەيسەر دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكىگە ئوت قويۇۋېتىڭلار، —

دېدى.

× × ×

ئىككى كۈندىن بۇيان، قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكىلگەن ئۆگزە بويى ياغاچ مومىدا قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ئىككى كاللا ئېسقلىق تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى شامەنسۇرنىڭ، يەنە بىرى ئەمىر ساھىبنىڭ بېشى ئىدى. يولۇچىلار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ يەردىن ئۇستۇن قارىماي قەدەملىرىنى تېزلە-تىپ ماڭاتتى. ياغاچ مومىنىڭ تۆۋىدە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ئۈچ چېرىك خۇددى بۇ قانلىق كاللىلارنى بىراۋ ئەپقېچىپ كېتىدى-غاندەك سەگەكلىك بىلەن قاراۋۇللۇق قىلاتتى.

ئاسمان گۈمبىزىنىڭ شەرق گىرۋىكى سەل — پەل سۈزۈلۈش-كە باشلىغان چاغدا، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇستى يېپىق تار كوچىدا ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى پەيدا بولدى. ئۇلار تام ياقىلاپ كېلىپ مەيدانغا يېقىنلاشتى ۋە ھېلىقى ياغاچ مومىنى كۆزلەپ يوغان بىر تېرەكنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇلارنىڭ بىرى موڭغۇل مەرگەن جاباباتۇ، ئىككىنچىسى تۇرسۇن دولان ئىدى.

بۇ يىل قىش سوزۇلۇپ ئەتىياز كېچىكىپ كەلگەچكە، مارت ئايلىرى بولۇشىغا قارىماي ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ھېلىقى ئۈچ چېرىك قىلىچلىرىنى قولتۇقلى-رىغا قىسىپ قوللىرىنى يەڭلىرى ئىچىگە تىقىپ، ياغاچ موما ئەترا-پىدا خۇددى جۇۋازغا قېتىلغان قېچىردەك تىنماي چۆرگىلەپ يۈرەت-تى. ئاسمان گۈمبىزىنىڭ غەرب گىرۋىكىدە مىس قالقاندەك ئېسق-لىق تۇرغان تولۇن ئاي مەيدانىنى كۈندۈزدىكىدەك يورۇ-

تۇپ تۇراتتى.

جاباباتۇ تېرەك ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقيايىنى چېرىكلەرگە توغـ
رىلىدى. كۆز يۇمۇپ ــ ئاچقۇچە ئۈچ چېرىك ئارقا ــ ئارقىدىن
يەر چىشلەپ قالدى. تۇرسۇن دولان يۈگۈرۈپ بېرىپ، ياغاچ مومىغا
مايمۇندەك چاقاقانلىق بىلەن يامىشىپ چىقتى ــ دە، ھەر ئىككى
كاللىنى پەسكە ئېلىپ چۈشتى ۋە جاباباتۇ بىلەن بىللە ھېلىقى
ئۆستى يېپىق تار كوچىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

قىزىق ئىش، بىر ھەپتىدىن كېيىن خوتەن تاغلىرىنىڭ بىرىدە
يۈزىگە قارا نىقاب تارتىۋالغان قارا ئاتلىق ئادەم پەيدا بولۇپ،
ئۆزىنى «مەن شامەنسۇر» دەپ ئېلان قىلدى. خەلق ئارىسىدا
«شامەنسۇرنىڭ بېشى بىلەن تېنى قوشۇلۇپ ئۇ قايتا تىرىلىپتۇ»
دېگەن گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا
ئەگىشىپ، ئۇنىڭ توپىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىزلەپ تېپىشقا
كىرىشىپ كەتتى.

# ئون توققۇزىنچى باب

# غەلىتە مەھبۇسلار

*«ئۆز ئۆلۈمىڭىز ھەققىدىكى ھۆكۈمگە مەرھەمەت قىلسىڭىز قول قويۇپ بېرىڭ. مەن قول قوياي دېسەمكۆڭلۈم يۇمشاقلىق قىلىۋاتىدۇ.*

— «كۆكۆيۈن» رومانىدىن

1

ئاپرېل ئېيى ئەمدىلا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھاجىم ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ئەركەشتام چېگراسىدىن يەكەنگە قايتتى. ئۇ-نىڭ روھى چۈشكۈن، قاپاقلىرى تۈرۈك ئىدى.

— ھاجى ئاكام خاپا كۆرۈنىدۇغۇ، ئەركەشتام سەپىرى سو-غۇق كەلدىمۇ نېمە؟ — پىچىرلاپ سورىدى نەمەت خەلپەت ھاجىمنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان قاسىم ئەپەندىنىڭ يېڭنى تارتىپ.

— خېلىلا سوغۇق كەلدى، كېيىن ھەممىنى سۆزلەپ بېرى-مەن خەلپىتىم.

— ئالدىراش يوق ئەپەندىم، ھاردۇقۇڭىز چىقسۇن، يول ئازابى ــ گۆر ئازابى ئەمەسمۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

كەچقۇرۇن قاسىم ئەپەندى نەمەت خەلپەتنىڭ قېشىغا كىردى. ئىككىيلەن چاي ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشتى. قاسىم ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئەركەشتام چېگراسى يېنىدىكى سىمخانا دېگەن يۇرتقا بارغان ھامان، قاسىم ئەپەندى سوۋېت چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ ھاجىمنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. قاراۋۇلخانا ناچالنىكى بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ھاجىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. ھاجىم سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراپ يازغان خەتنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ناچالنىك بۇ خەتنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، «جاۋاب كەلگۈچە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دەپ قايتىپ كېتىپتۇ.

— شۇنىڭ بىلەن، — دېدى قاسىم ئەپەندى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز سىمخانىدا ئون نەچچە كۈن جاۋاب كۈتۈپ ياتتۇق. سىمخانا تاغ ئىچىگە جايلاشقان چۆل يۇرت بولسىمۇ ناھايىتى ھاۋالىق يەر ئىكەن. ئەمما قىلىدىغان ئىش يوق تازىمۇ زېرىكتۇق. بولۇپمۇ ھاجى ئاكامنىڭ ئىچى بەك پۇشۇپ كەتتى بولغاي، كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك ئوۋغا چىقاتتى، مەنمۇ بىللە باراتتىم. ئەمما ھەر قېتىم قۇرۇق قول قايتتۇق.

— نېمە؟ ئاتقۇدەك بىر نېمە تېپىلمايمۇ؟ — سورىدى نەمەت خەلپەت ئەجەبلىنىپ.

— يوقسۇ، ئاتىدىغان نېمىغۇ كۆپ. ئەمما ئاتقىلى بولمايدۇ ــ دە!

— ھە، چۈشەندىم، ئەتىياز ھەممە جان ــ جانىگەرلەرنىڭ تۇغىدىغان مەۋسۇمى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— توغرا، راستىنى ئېيتقاندا، بىز بىر نېمە ئېتىپ كېلىشكە ئەمەس، پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقىلا چىقاتتۇق، — دېدى قاسىم ئەپەندى، — بىر كۈنى قىزىق بىر ئىش بولدى. بۇنىمۇ سىزگە ئېيتىپ بېرەي. مەن ھاجى ئاكامدىن بەش — ئون قەدەم ئارقىدا كېتىۋېتىپ، ئۇلۇغ قول تەرەپتە بىر نېمىنىڭ شەپىسىنى تۇيۇپ قالدىم. قارىسام، يۈز قەدەمچە كېلىدىغان يەردىكى قورام تاشنىڭ تۈۋىدە بىر بۆرە ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتۇ. دەرھال يەرگە يېتىپ ئۇنى قارىغا ئالدىم. ھاجى ئاكام ئارقىغا بۇرۇلۇپ، «ئاتماڭ ئۇنى» دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئالدىراپ — تېنەپ «بۆرە، ھاجى ئاكا بۆرە!» دېدىم. ئۇ ماڭا قارىماي تۇرۇپ، «بۆرىلىكىنى مەنمۇ بىلدىم» دېدى. مەن يەنە ئالدىراپ «ئەمىسە نېمىشقا ئاتماي-مىز؟» دېۋىدىم، ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، «بوغازلىقىنى كۆرمىدى-ڭىزمۇ؟» دېدى — دە، خۇددى مېنىڭ ئېتىپ قويۇشۇمدىن ئەنسى-رىگەندەك ھاۋاغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىۋەتتى. بۆرە قورسىقىنى سۆرەپ قېچىپ كەتتى.

«ۋاي-ئىست، ئۇنى ئېتىۋەتكەن بولساق بىر ئەمەس، ئىككى يىرتقۇچ يوقالغان بولاتتى» دېدىم مەن ھاجى ئاكامنىڭ قېشىغا كېلىپ. ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران قالدىم.

— دەرۋەقە قىزىق ئىش بوپتۇ، — دېدى نەمەت خەلپەت، — مەن مەدرىسەدىكى چېغىمدا، بىر مۇدەررىسنىڭ ئاغزىدىن:

«شەرىئەت ئىستىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى،
تەرىقەت ئىستىسەڭ ئاغرىتما جاننى.»

دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. ھاجى ئاكامغۇ مەدرىسە كۆرمىگەن ئادەم. ئەمما ئۆزى تەقۋادار بولغاچقا، تەرىقەتكە ئانچە ـ مۇنچە مايىللىقىمۇ بار ئوخشايدۇ. خەير، بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر ئۇ تەرەپتىن نېمە جاۋاب بولدى ئەپەندىم. شۇنى ئېيتىسىڭىزچۇ!

— نېمە جاۋاب بولماقچى، دەل مېنىڭ ئويلىغىنىم بولۇپ چىقتى، — دېدى قاسىم ئەپەندى، — بىر كۈنى ناچالنىك كېلىپ ھاجى ئاكامنى ئۇيافقا تەكلىپ قىلدى. مەن تىلماچلىققا باردىم. تاشكەنتتىن بىر چوڭ ئەرباب كەلگەنىكەن. ئۇ كىشى ھاجى ئاكام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، «بىز سىزنى زادى چۈشىنەلمەي قالدۇق، سىز بىر ياقتىن، بىزنىڭ تەۋسىيەمىز بويىچە شىڭ دۇبەن بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، شىنجاڭنى بىرلىكتە سوراش ئۈچۈن جىمسار پۇتۇمگە قول قويدىڭىز؛ يەنە بىر ياقتىن، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان 〈شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى〉نىڭ رەئىس جۇمھۇرلۇقى سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ جۇمھۇرىيەتنى ئېتىراپ قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپسىز. بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟» دېدى.

ھاجى ئاكام ھەيران بولۇپ، «بۇ نېمە گەپ» دەپ مەندىن سورىدى. مەن بۇلتۇر، يەنى 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى سابىت دامولىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈش ۋە قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش ئۈچۈن، موسۇل باي باشچىلىقىدا تاشكەنتكە بىر ئۆمەك ئەۋەتمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا ھاجى ئاكامغا خەت يازغانلىقىنى ئەسكەرتتىم. ھاجى ئاكام «ھەئە، شۇنداق ئىش بولغان. ئەمما ئۇ خەتتە شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ يوق ئىدىغۇ! موسۇل باينى تاشكەنتكە مەن ئەۋەتمىگەن تۇرسام، سابىت داموللا نېمىشقا مېنىڭ نامىمنى

يېزىپ قويىدۇ» دەپ كايىپ كەتتى ۋە «بۇ گەپلەرنى ماۋۇ كىشىگە ئېيتىڭ» دېدى. مەن ھېلىقى ئەربابقا ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم. ھېلىقى ئەرباب بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقى ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى›نى ئېتىراپ قىلسۇن دېگەن تەلەپنى سىز قويمىغانمۇ؟» دېدى. ھاجى ئاكام ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ «مەن شەرقىي تۈركىستان دېگەن بىر نېمىگە قوشۇلمايدىغان تۇرسام، يەنە كېلىپ شىڭ دۇبەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پۈتۈم بار تۇرسا، مەن قانداقسىگە بۇنداق تەلەپنى قويىمەن؟» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئارقىدىنلا «شەرقىي تۈركىستان قۇرغان بولسا سابىت داموللا قۇرۇپتۇ. مېنى رەئىسلىككە تەكلىپ قىلغاندا، مەن ئۇنىڭغا تولا پوق يېمىسۇن، مېنىڭ مەقسىتىم ئۆز ئالدىمغا پادىشاھلىق قۇرۇش ئەمەس. مېنىڭ بۇ بېشىمغا تاج ياراشمايدۇ دەپ ئېيتقۇزغان. ئەمدىزە، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگۈدەكمەنمۇ! ھوي بېشى يوغان لومودى» دەپ ئاغزىنى بۇزدى.

ئەرباب بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدى. ئاندىن: «سىز سابىت داموللا ھۆكۈمىتىگە قارشى بولسىڭىز، ئۇنى نېمىشقا ۋاقتىدا يوقاتمىدىڭىز؟» دېدى. «قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى ھاجى ئاكام، — ماڭا بۇنداق دېگۈچە نېمىشقا ئىككى ئوت ئارىسىدا كۆيۈپ كۈل بولمىدىڭ دېسىڭىز بولمامدۇ؟ سىز مېنىڭ ئورنۇمدا بولسىڭىز قانداق قىلالايتتىڭىز؟»

ھېلىقى ئەرباب يەنە كۈلۈپ تاشلاپ مۇنداق دېدى: «بىز رۇسلاردا بولمىغاندىن كېچىكىپ بولسىمۇ بولغىنى ياخشى دېگەن ماقال بار. سىز سابىت داموللا ھۆكۈمىتىگە قارشى بولسىڭىز، سابىت داموللا بىلەن ئۇنىڭ مۇھىم كىشىلىرىنى دەرھال تۇتقۇن قىلىپ ئاقسۇغا قايتىڭ. بىز شۇ چاغدىلا سىزگە قايتا ئىشەنچ

باغلايمىز. سىزگە بېرىلىدىغان ياردەمنىمۇ ئاقسۇدىن ئالىسىز».

هاجى ئاكام ھېچنېمە دېمەي بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى. كەچقۇرۇن موسۇل بايلار ئەركەشتامدىن سىمخانىغا يېتىپ كەلدى. مەن ئەمدى قارا بوران چىقىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرىدىم. بىراق ئۇنداق بولمىدى. موسۇل بايلار سالامغا كىرگەندە، هاجى ئاكام گەپنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، «ھە، تۇرپانلىق سودىگەر، مېنىڭ نامىمنى قانچە پۇلغا ساتماقچى بولغان؟ ئاڭلىسام بىر شىلىڭ كېپەككىمۇ ئالماپتۇغۇزە!» دەپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويىدى، خالاس.

— بۇ گەپلەرگە قارىغاندا، — دېدى نەمەت خەلپەت، — ئەمدى هاجى ئاكام سابىت داموللىنى گۇناھكارلار قاتارىدا ھەبس قىلىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، ئۇنى دەرھال تۇتمىسا بولمايدۇ، — دېدى قاسىم ئەپەندى كەسكىن جاۋاب بېرىپ.

2

نەمەت خەلپەت بىلەن قاسىم ئەپەندىلەر شۇ پاراڭلارنى قىلىشىۋاتقاندا، هاجىممۇ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن خاس بىر ئۆيدە جىددىي سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ھېچكىم ئۇقمىدى. گۇگۇم چۈشكەندە مەھمۇت مۇھىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن غوپۇر تۆمنجاڭنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا سابىت داموللا قاتارلىق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» باشلىقلىرىنى دەرھال تۇتقۇن قىلىشنى، قاغىلىقتىكى مەتنىمىن ھەزرەتنىمۇ تۇتۇشقا ئادەم ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى.

غوپۇر تۆمنجاڭ ئىككى يۈزدەك ئادەم بىلەن دەرھال يەكەن

كونشەھەر سىرتىدىكى ياڭاقلىق باغقا ئات سالدى. بۇ، يەكەن بويىچە مەشھۇر باغلارنىڭ بىرى بولۇپ، تۆر تەرىپتە كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆيلەر بار ئىدى. سابىت داموللا بىلەن زىرىپ قارىي ھاجى شۇ ئۆيلەردە تۇراتتى. ئۇلار ناماز خۇپتەننى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇشىغا ئات تۇياقلىرى دۈكۈرلەپ، باغ دەرۋازىسى قاتتىق قېقىلدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئاتلىقلار دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى سۇندۇرۇپ ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. سابىت داموللىنىڭ باش مۇھاپىزەتچىسى ئوسمان چوڭ دېگەن گەۋدىلىك ئادەم ئۆز يىگىتلىرىنى جەڭگە تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ، سابىت داموللىنىڭ ھۇجرىسىغا يۈگۈردى. سابىت داموللا ئەھۋالنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن چېغى، ئوسمان چوڭنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا:

— دەرھال چىقىپ يىگىتلىرىڭىزگە ئېيتىڭ، قارشىلىق قىلمىسۇن! — دېدى.

— مېنىڭ يىگىرمە نەچچە يىگىتىم قولىغا خېنە يېقىۋالغىنى يوق، داموللام، — دېدى ئوسمان چوڭ، ماۋزۇر تاپانچىسىنى بەتلەۋېتىپ.

— مەندىن بۇيرۇق، ھەممىيلەن قورال تاشلىسۇن! — دېدى سابىت داموللا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

× × ×

قولىغا تاپانچا تۇتقان غوپۇر تۆەنجاڭ ئىشىكتىن بوراندەك كىرىپ كەلگەندە، سابىت داموللا بىلەن زىرىپ قارىي ھاجى خۇددى سەپەرگە تەييارلانغان كىشىلەردەك تون ـ سەرپايلىرىنى كىيىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئويۇقتىكى كىرسىن

لامپا ئۇلارنىڭ چىرايىنىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. غوپۇر تۇمنجاڭ بوسۇغىدا توختاپ:

— مەن بۇيرۇققا بىنائەن، — دېدى ــ دە، ئېمىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي توختاپ قالدى.

سابىت داموللا ئىستېهزا ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ:

— ئۇقتۇم، ئۇقتۇم، ھامىنى شۇنداق بولماقچى. مانا مەن تەييار، — دېدى.

— مەنمۇ تەييار، — دېدى زېرىپ قارىي ھاجى، — ھاجىم جانابلىرى سىزنى ئاۋارە قىلماي، ئاددىي نۆكەرنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ ئۆز ئايغىمىز بىلەن بېرىۋېرەر ئىدۇق.

غوپۇ تۇمنجاڭ گەپ ــ سۆز قىلماي ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ قويدى.

× × ×

ئەل يېتىپ، يەكەن شەھىرى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندا، شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ئالتۇنلۇق تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. غوپۇر تۇمنجاڭ ئاھالە زىچ جايلاشقان كوچىنىڭ ئاغزىدىكى ھەشەمەتلىك ھويلىنىڭ پېشايۋىنىدا تۇرۇپ، «تىرىك تۇتۇڭلار، تىرىك!» دەپ ۋارقىرايتتى. يىگىتلەر غوۋۋا ئاي يورۇقىدا تۆر تەرەپتىكى بىر ئۆيگە كىرىشكە ئۇرۇناتتى. ئۇ ئۆينىڭ يېرىم ئوچۇق تۇرغان دېرىزىسىدىن توختىماي مىلتىق ئېتىلىپ بىر يىگىت يىقىلدى. يەنە بىر يىگىتنىڭ قولىغا ئوق تەگدى. ئۆينىڭ ئىچىدىن كىمدۇر بىرى «ھەي بەچچەغەرلەر، ئۆلگۈڭ كەلگەن بولسا يېقىن كېلىۋېرىش» دەپ ۋارقىراپ يەنە ئوق ئۈزدى.

ھويلىدىكى باشقا ئۆيلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان خوتۇن ــ بالىلار

نىڭ قىيا ـ چىيالىرى مىلتىق ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن مەھەللىنى چۆچۈتىۋەتتى. ئىتلار قاۋاپ، مۈشۈكلەر مىياڭلاپ، توخۇلار قاقىلداپ، پۈتۈن ئەتراپنى دەھشەت باستى.

غوپۇر تۇمنجاڭ بىر نىمنى ئىپسىگە ئالغاندەك، لاپـاس تـەـرەپـكـە يۈگۈردى ـ دە، سامان توشقۇزۇلغان بىر تاغارنى سۆرەپ كېلىپ، ئۇنى قولى بىلەن قۇچاقلىۋالغان پېتى ئۆزىنى ھېلىقى دېرىزىگە ئۇردى. يىگىتلەر نەقىشلىك ئىشكنى سۇندۇرۇپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. غوپۇر تۇمنجاڭ دېرىزىدىن چۈشتى. تۆت چاسا كەلگەن، قويۇق بۇرۇتلۇق بىر ئادەم ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ «مانا بۇ ئىشلار ماختاشقا ئەرزىيدۇ» دەپ چىشىنىڭ ئىقىنى كۆرسەتتى. بۇ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ «ھەربىي تەمىنات ۋەكىلى» سۇلتانبېك ئىدى.

— تىرىك تۇتۇلار دېگەن بۇيرۇق بولمىغان بولسا، سەن ئەنجانلىقنىڭ ھارام تېنىنى پارچە — پارچە قىلىپ ئىتقا تاشـلاپ بېرەر ئىدىم، — دېدى غوپۇر تۇمنجاڭ ئۇنىڭ قولىنى باغلاۋېتىپ.

— سىز مېنىڭ تېنىمنى پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلىيالمىغىنىڭىز بىلەن سىزنىڭ سەردارىڭىز خوجىنىياز ھاجى ئۆز ۋەتىنىدە دۇنياغا كەلگەن تۇنجى ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ، شېڭ دۇبەن بىلەن ستالىننىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىدىغان بولدى، شۇنداقمۇ؟ — دېدى سۇلتانبېك زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ.

— مەن بۇنداق گەپلەرنى ئۇقمايمەن. تولا گەپ قىلماي ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ! — دېدى غوپۇر تۇمنجاڭ ئۇنىڭ مۈرىسىنى ئىتتىرىپ.

بۇ 1934 ـ يىلى 13 ـ ئاپرېل كۈنى بولغان ئىشلار ئىدى. «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا (لاپ) قىلىپ يېنىپ ئۆچـ

كەن پاجىئە ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى› شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.»①

مەمتىمىن ھەزرەتنى تۇتۇش ئۈچۈن قاغىلىقتا كەتكەنلەر 14 _ ئاپرېل كۈنى قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەمتىمىن ھەزرەت بۇ ئىشنى تۇيۇپ قېلىپ خوتەن تەرەپكە قېچىپ كەتكەنىكەن. 17 _ ئاپرېل كۈنى چولاق زىنخۇي بىلەن مافۇيۈەن پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ يەكەنگە ئاتلاندى.

بۇ كۈنلەردە سابىت داموللىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك توزۇپ كەتكەن، خوتەن پىدائىيلىرى بولسا ئۆز يۇرتلىرىغا كېتىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلق كۆپچىلىكى جىڭ شۇرېن ئىستىبدات ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئەمدىلا «ئۇھ» دەپ تۇرغاندا، ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنىڭ خۇددى شۇمبۇيىدەك ئۇنۇپ چىقىشى بىلەن باشلىنىپ كەتكەن ئىچكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرى خەلقنى بىزار قىلىۋەتكەنلىكتىن، قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكىدەك توپ _ توپ كېلىپ پىدائىيلار سېپىگە قوشۇلىدىغانلار ئازلاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھاجىمنىڭ قوشۇنىدا پەقەت مىڭغا يېتەر _ يەتمەس كىشى قالغانىدى. بۇ ئەھۋالدا يەكەنگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىگە تاقابىل تۇرۇش تەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەركەشتام چېگراسىدا ھاجىم بىلەن ئۇچراشقان ھېلىقى ئەرباب «ئاقسۇغا قايتىپ ياردەمنى شۇ يەردىن ئېلىڭلار» دېگەنىدى. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق شتابى چېرىكلەر بىلەن يەكەندە ئۇرۇشماي، مەكىت ئارقىلىق ئاقسۇغا كېتىش قارارىغا كەلدى ۋە يولغا چىقىشتىن بىر كۈن

① بۇ جۈملە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» نىدىن ئېلىندى.

بۇرۇن، ئېغىر يۈك ـ تاقىلار بېسىلغان، يارىدارلار ئولتۇرغان هارۋىلارنى يولغا سىلىۋەتتى.

قىرغاقلىرىدا يۇمران ئوت ـ چۆپ ۋە دەل ـ دەرەخلەر ياشىرىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك يەكەن دەرياسىنىڭ غەربىي ساھىلىنى بويلاپ شىمالغا مېڭىۋاتقان ئۈچ ھارۋىنىڭ ئالدىدا سېمىز تورۇق ئات قېتىلغان ئېگىز چاقلىق يەكەن مەپىسى كېتىۋاتاتتى. كۆچا خېنىم شۇ مەپىدە ئىدى. ئۇ ئوچۇقچىلىقنى كۆرۈپ مېڭىش نىيىتىدە بولسا كېرەك، مەپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بىپايان دالاغا، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يۇلغۇنلۇقلارغا، ئوڭ قولدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئېقىۋاتقان يەكەن دەرياسىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. مودەن-خانمۇ مەپىنىڭ ئىچىدىن بويىنىنى سوزۇپ، چەكسىز دالادىن كۆ-زىنى ئۈزمەيتتى. شاداپلاچاق كەلگەن ئورۇق مەپىكەش قامچىسىنى ئوينىتىپ بىر خىلدا قاتراپ ماڭاتتى. يەتتە ـ سەككىز قەدەم ئالدىدا روزى كارۋان بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقان سادىق ھاجى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، كۆچا خېنىمغا يات ـ يات قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ ئەتىۋارلىق نازۇك قىزى گويا بوران ـ چاپقۇندا قالغان گۈلگە ئوخشاش ۋاقىتتىن بۇرۇن سوله-شىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەپىگە سوگدىشىپ كېتىۋاتقان ھوشۇر كانتۇ ئېگەرگە سىڭايان ئولتۇرۇۋېلىپ، دىمىغىدا ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتى. ئۇندەك قورالىق يىگىت ئۇنىڭغا سوگدىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلاردىن ئوتتۇز ـ قىرىق قەدەم ئارقىدىكى ھارۋىنى ئون نەچچە قوراللىق كىشى ئارىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. سابىت داموللا، زىرىپ قارىي ھاجى ۋە سۇلتانبېكلەر شۇ ھارۋىدا ئىدى. ئۇچلىسى-نىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىنغانىدى. ئۇستۇۋېشىنى قېلىن چاڭ ـ توزان باسقىنىغا قارىماي، سابىت داموللىنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى

ئارىسىدىكى قوڭغۇر كۆزلىرى يەنىلا چىراغدەك پىللىداپ تۇراتتى. زېرىپ قارىي ھاجى يىراقلارغا قاراپ بىر خىلدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. يوغان ــ يورپا كەلگەن سۇلتانبېك بولسا بېشىنى ئالىقانلىرىغا قويۇپ ئۇگدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان پولتاي كۆزلىرى قاراڭغۇ كېچىدىكى مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك يېنىپ تۇراتتى. ئاخىرقى ئىككى ھارۋىدا باش ــ كۆزلىرى تېڭىقلىق ياردارلار ئولتۇراتتى.

بىردىنلا ئارقا تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. يىگىتلەر مىلتىقلىرىنى قولىغا ئېلىپ جەڭگە تەييارلاندى. ھارۋىكەشلەر ئاتلىرىغا قاتتىق ــ قاتتىق قامچا ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا، بىر ئاتلىق چاپتۇرۇپ كېلىپ، ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنىڭ قوشۇنغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە ھاجىمنىڭ «ھارۋىلار دەريادىن تېزرەك ئۆتۈپ كەتسۇن» دېگەن بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى.

روزى كارۋان ھەرقانچە قىلىپمۇ تېيىزرەك كېچىك تاپالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن روزى كارۋان باشلىغان يول بىلەن قەدەملىرىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، دەريانىڭ كېمە سالىدىغان يېرىگە يېتىپ كەلدى ــ دە، كېمىچىلەرنى ئالدىراتقىلى تۇردى. قورقۇپ كەتكەن كېمىچىلەر دەريا سۈيى تېخى ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭغا كېمە سېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئات ــ ئۇلاغلار بىلەنلا ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ياردارلارنى ئات ــ ئۇلاغلار بىلەن دەريادىن قانداق ئۆتكۈزگىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈچا خېنىمنىچۇ، ئۇ ئات مىنەلمەيدىغان تۇرسا!

شۇ ئارىدا ئۇلار توپلىشىپ تۇرغان يەرگە ئىككى زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ، كېمىچى ۋە ياردارلاردىن بىر نەچچە كىشى قازا

تاپتی. چېرىكلەرنىڭ «شا ــ شا» دەپ ۋارقىراشلىرى بىلەن مىلتىق
ئاۋازلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاخىر، يىگىتلەر هارۋا ــ
مەپىلەردىكىلەرنى ئات ــ ئۇلاغلارغا ئارتىشتۇرۇپ، دەريادىن كېچىپ
ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى.

هاجىمنىڭ قوشۇنى ئېتىشا ــ ئېتىشا چېكىنمەكتە ئىدى.
ئۇلار بايىقى يەرگە كەلگەندە چېكىنىشنى توختىتىپ، بىر ياقتىن
چېرىكلەرنىڭ ئالدىنى توسۇشقا، يەنە بىر ياقتىن دەريادىن ئاتلىق
ئۆتۈشكە باشلىدى. ئوغلاقچى مەنسۇر، جاباباتۇ، ئەنسارى ۋە هېيى-
تەمنىڭ يىگىتلىرى چېرىكلەرنى يېقىن كەلتۈرمەي قاتتىق توسۇپ
تۇرۇشتى. قوشۇننىڭ ئاساسىي قىسمى دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن
كېيىنلا ئوغلاقچى مەنسۇرلار گۈگۈم قاراڭغۇسىدا ئاتلىرىنىڭ قۇي-
رۇقلىرىنى تۇتۇۋېلىپ دەريادىن ئۆتۈۋالدى.

3

قوشۇن باشلىقلىرى «تاڭ يورۇغاندا چېرىكلەرمۇ مۇشۇ يەر-
دىن دەريادىن ئۆتۈشكە باشلايدۇ» دېگەن پەرەز بىلەن نېرىقى
قىرغاقتا جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرۇشتى. بىراق چېرىكلەر ئۇ يەردىن
ئەمەس، ئىككى ــ ئۈچ چاقىرىم تۆۋەن تەرەپتىن ئۆتۈپ كۈتۈلمە-
گەن يەردىن هۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىممۇ چېرىكلەرنىڭ قولى
ئۈستۈن كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، قوشۇن قېلىن توغراقلىقلار
ئىچىگە چېكىندى. چېرىكلەر بۇ قېلىن جاڭگاللىقلارغا كىرىشكە
جۈرئەت قىلالماي ئارقىغا ياندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى جەڭ
ئاياغلىشىپ، قوشۇن مەكىت ئارقىلىق ئاقسۇ تەرەپكە ئاتلاندى.

شۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، سابىت داموللا باشلىق مەھ-
بۇسلار بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولماي قالدى. چۈنكى، ئۇلارنى

قورۇقداپ كېتىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆلۈپ، بەزىلىرى ئۆز ھەلەكچىلىكىدە قالغانىدى.

كۈن قايرىلغاندا، جىمجىتلىققا چۆمگەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يوغان بىر تۈپ يۇلغۇن تۈۋىدىن ئۈچ كىشى پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ كىشەنلىرىنى شاراقلىتىپ ئۇچۇقچىلىققا چىقتى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە تەشۋىش، ھارغىنلىقتىن چىرايلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، تونۇغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالغان بۇ ئادەملەر، ئېيتىمساقمۇ كىتابخانلارغا تونۇش ھېلىقى ئۈچ مەھبۇس ئىدى. ئۇلار ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىۋېلىپ، بۇ ئەتراپتا ئادەمزاتنىڭ سايىسىمۇ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ھاسىراپ – ھۆمىدەپ دەريا بويىغا چۈشتى – دە، دەريا سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىۋېلىشتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز داموللام؟ — دېدى سۇلتانبېك ئەسەبىيلىك بىلەن ئەتراپقا قاراپ، — بۇ جاڭگاللىقتا يا ئاچتىن ئۆلىدىغان ياكى بۆرە – يولۋاسلارغا يەم بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق، ئىست، ئىست!

— ئۈمىدسىز شەيتان، — دېدى سابىت داموللا ئۇستىۋېشىنى ئاستا قېقىشتۇرۇۋېتىپ، — تەڭرى تائالاغا مىڭ قەتلە شۈكۈركىم، ھەر ھالدا تىرىك قاپتىمىز. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دېيىشكەن قەدىمكىلەر، تىرىك جان بولغاندىن كېيىن بىر نېمە قىلارمىز.

— قويۇڭ بۇنداق گەپلىرىڭىزنى، پۇتلىرىمىزدىكى تۆمۈر كىشەن بىلەن نېمىمۇ قىلالايتتۇق؟ ھەممىنى قىلغان سىز، جانابىي باش ۋەكىل! سىزنىڭ بوشاڭلىقىڭىز بولمىسا بۇنداق كۈنلەرگە قالماس ئىدۇق.

زېرىپ قارىي ھاجى گەپكە ئارىلاشتى:

— سۇلتانبېك جانابلىرى، — دېدى ئۇ، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەستە قىمىرلىتىپ، — هازىر بۇ گەپلەرنى تەگەيدىغان چاغ ئەمەس. ئاۋۋال ئەل - يۇرت بار بىرەر مەنزىلنى تېپىشنىڭ تادارىكىنى قىلايلى، قانداق دەيسىلە داموللام؟

سابىت داموللا ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى ۋە تەۋەككۇل دەپ دەريا ياقىلاپ مېڭىشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرۇپ قالغان توغراق شاخلىرىنى هاسا قىلىپ يولغا چىقتى.

كۆكۈم چۈشۈپ جاهان قاراڭغۇلىششقا باشلىدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان سابىت داموللا بىردىنلا «خۇداغا شۈكۈر» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ۋە ئالدى تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان شامال بىلەن توغراق ئوتۇنىنىڭ ئىسى كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ:

— «تۈتۈن بار يەردە قۇشقاچ ئۆلمەپتۇ» دېگەن گەپ بار. بىز قۇتۇلدۇق، بۇرادەرلەر، — دېدى. ھەممەيلەن قەدەملىرىنى تېزلەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇچ - تۆت يەردە چىراغ يورۇقى كۆرۈن- دى. كىشەنلەرنىڭ شاراق - شۇرۇقىنى ئاڭلاپ ئىتلار ئەنسىزلىك بىلەن قاۋاشقىلى تۇردى. ئۇلار مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ھەتتا يامانراق ئىتلار ئېتىلىپ كېلىشكە باشلىدى.

— ئادەم بارمۇ، ئادەم بارمۇ؟ — قاتتىق ۋارقىراشتى مەھ- بۇسلار پۈتۈن ئاۋازى بىلەن.

شۇ ئەسنادا بىرنەچچە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار ئىتلارنى توسۇپ جىمىتتى. كىمدۇر بىرى:

— نېمە ئادەمسىلەر، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— بىز يولۇچى، مۇساپىر، يولدىن ئېزىپ قالدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىشتى مەھبۇسلارمۇ ئارقىدىن ۋارقىراپ، شۇنىڭ-

دىن كېيىن ھېلىقى ئادەملەر مەھبۇسلارنىڭ قېشىغا كېلىشتى.
پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن خاسىيەتلىك ئىبارىلەر خۇددى يۈز كۆرۈشمىگەن كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە تونۇتىدىغان پارۇلغا ئوخشاش ئۇلارنى بىردەمدە يېقىنلاشتۇرۇپ قويدى. بىراق ئۆزلىرى سالاپەتلىك، قوللىرى پاختىدەك يۇمشاق، ئۇستۇۋاشلىرى خېلىلا تۈزۈك بۇ «يولۇچى»لارنىڭ پۈتلىرىدا تۆمۈر كىشەنلەرنىڭ شاراقلاپ تۇرۇشى ھېلىقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە گۇمان تۇغدۇرۇپ قويىدى بولغاي، ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلمەي سەل تېڭىرقاپ قېلىشتى. سابىت داموللا بۇنى سېزىپ مۇلايىملىق بىلەن:
— ئەزىز قېرىنداشلار، خۇدا ھەققى بىزدىن خاتىرجەم بو-لۇشسىلا، بىز يامۇلدىن قاچقان قۇلاق كەستى ئوغرى ـ بۇلاڭچى ئەمەس، تەقدىر ـ قازا بىلەن بۇ تۆمۈر چېتىقلارغا گىرىپتار بولۇپ قالدۇق. بىرئاز ماغدۇرىمىزغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ كىشەنلەرنىڭ سىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرىمىز، — دېدى.
مەھەللە ئاقساقىلى مەھمۇت قويچى بۇ گەپلەرگە دەرھال ئىشىنىپ ئۇلارنى ئۆيىگە باشلىدى. ئۇلار ئوبدان تويۇنۇپ ماغدۇ-رىغا كەلگەندىن كېيىن، سابىت دامولا كىشەننىڭ سىرىنى راستى بىلەن قىسقىچە ھېكايە قىلىشقا باشلىدى. مەھمۇت قويچىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بۇ كىچىككىنە قويچىلار مەھەللىسى جاھاندا بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىقلاردىن خالىي بولسىمۇ، قوي سودىسى بىلەن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەر بەزى ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بولۇپمۇ خوجىنىياز ھاجى، سابىت دامولا دېگەن ئىسىملار بۇ يەرنىڭ ئاھالىسىگە خېلىلا تونۇش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېكايە باشلىنىش بىلەنلا، مەھمۇت قويچى ئەھ-

ۋالنى چۈشىنىپ، ئوغلىنى سەندەل بىلەن بولقا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

— بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مانا شۇلاردىن ئىبارەت، — دېدى سابىت داموللا كىشەندىن بوشىغان پۇتلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — تەقدىرنىڭ بورىنى بىزنى بۇ خىلۋەت ماكانغا ئۇچۇرۇپ كەلدى. خۇدادىن قالسا، سىز قېرىنداشلاردىن ئۆزگە باشپاناھىمىز يوق. كەت دېسەڭلار كېتىمىز. بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىشقا ئىجازەت قىلساڭلار، ھەققىڭلارغا دۇئا قىلىمىز.

— يۇرتىمىز كىچىك، زامان تار بولغان بىلەن قوينىمىز كەڭ داموللام، — دېدى مەھمۇت قويچى، ئاندىن، — قانداق دەيسىلەر، — دەپ قولۇم - قوشنىلىرىغا قارىدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى.

ئەتىسى جۈمە كۈنىگە توغرا كەلدى. بۇ مەھەللىدە ئاھالە ئاز ۋە تۆزۈكرەك مەسچىتمۇ بولمىغاچقا، جۈمە نامىزى ئوقۇشنى خالىغانلار گاھ ئۇلاغلىق، گاھ ياياق مېڭىپ، «يەتتىتوغراق»①

دېگەن يەرگە بېرىشاتتى. بۈگۈن بۇ مەھەللىدە تۇنجى قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇلماقچى بولغانلىقى چوڭ يېڭىلىق بولدى. سابىت داموللىنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە ئوچۇق دالادىكى يۇمشاق قۇم ئۈستىدە جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، زېرىپ قارىي ھاجى مىسىر ئاھاڭىدا شۇنداق بىر قىرائەت قىلدىكى، ئۆمرىدە بۇنداق مۇڭلۇق قىرائەتنى ئاڭلاپ باقمىغان سەھرا خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى. شۇ جۈمە نامىزىدىن كېيىن مەھبۇسلار تېخىمۇ ئەتىۋارلىق مېھمانلارغا ئايلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى سۇلتانبېك بىر چېكىم ناسىنى ئاغزىغا تاشلاپ

---

① مەكىت چېگراسىغا جايلاشقان بىر يېزا.

تۇرۇپ، سابىت داموللىغا مۇنداق دېدى:
— خوش داموللام، بۇ يەردە مېھماندارچىلىق ئويناپ يېتىۋې-
رىمىزمۇ؟
— يوقسۇ بېگىم، بۇ يەردىن ئەلۋەتتە كېتىشىمىز كېرەك.
— نەگە كېتىمىز؟
— خوجىنىياز ھاجىم نەدە بولسا شۇ يەرگە.
— نېمە؟ سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ ئەقلىڭىزدىن ئازدىڭىزمۇ؟
— يوقسۇ، ئەقلى ـ ھوشۇم جايىدا.
— ئەقلى ـ ھوشىڭىز جايىدا بولسا شۇنداق گەپنىمۇ
قىلامسىز؟
— بۇ مېنىڭ قارارىم.
— قويۇڭ بۇنداق گەپلىرىڭىزنى، راستىنلا ساراڭ بوپسىز!
— يوقسۇ، مەن ساراڭ بولمىدىم.
— ئەمىسە، سىز شۇ ساقالىنىڭ ئالدىغا ئۆز ئايىغىڭىز بىلەن
بېرىپ، بېشىڭىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ سىز ـ ھە! —
سۇلتانبېك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ئويان ـ بۇيان
ماڭغىلى تۇردى. زېرىپ ھاجى سابىت داموللىنىڭ قارارىدىن خە-
ۋەردار بولغاچقا بېپەرۋا كۈلۈپ ئولتۇراتتى.
— دۇنيادا سىزدەك ھاماقەت كىشى بولماس دېمەن، —
داۋام قىلدى سۇلتانبېك، — كەكلىك چېغىدا پۇتىنى قىلتاقتىن
بوشاتقان ھامان جېنىنى دالدىغا ئالىدۇ. سىز بولسىڭىز
بېشىڭىزنى ...
— ھە شۇنداق، — دېدى سابىت داموللا ئۇنىڭ گېپىنى
بۆلۈپ، — مەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىغا بېشىمنى قولتۇقۇمغا
قىسىپ بارىمەن. ئۇ مېنى بېشى چوڭ داموللا، ئۆزىنى بولسا
چورۇقى چوڭ تاغچى دەيتتى. بۇ گەپنى سىزمۇ ئاڭلىغان. ئەلھال

بۇگۈنكى ۋەزىيەتتە مەن شۇ بىشمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرمسام، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ بىگىم؟

— دىمەك، سىز ئاشۇ ساقال ئۇچۇن ئۆزىڭىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟

— يوقسۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس، ئۇ باشلىغان مۇقەددەس ئىشنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە ئابرۇيى ئۇچۇن ئۆلۈمگە رازىمەن.

— بۇ قانداق مەنتىق؟ مەن زادى چۈشەنمىدىم.

— مەن چۈشەندىم، مەن چۈشەندىم، — دىدى زىرىپ قارىي ھاجى، — داموللامنىڭ ۋە بىزنىڭ بىشىمىز كىسىلمىسە، خوجىنىياز ھاجىنىڭ تىلى كىسىلىدۇ، يەنى ئۇ كىشى ئۆز خوجا-يىنلىرى ئالدىدا ھىساب بىرەلمەي قالىدۇ. بەس، شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ داموللام بىلەن بىللە كىتىش قارارىغا كەلدىم.

سۇلتانبىك «ھەر ئىككىڭىزگە جىن تىگىپتۇ» دەپ ۋارقىرىغان پىتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ۋە شۇ كۈنىلا بىر ئات سىتىۋالدى. ئاندىن بىر كىشىنى يول باشلاشقا ياللىۋالدى - دە، «خوتەنگە بىرىپ مەمتىمىن ھەزرەتكە قوشۇلىمەن» دەپ يولغا چىقىپ كەتتى.

سابىت داموللا بىلەن زىرىپ قارىي ھاجىلار خوجىنىياز ھاجىنى مەكىت ياكى مارالۋىشىدا بولۇشى مۇمكىن دىگەن پەرەز بىلەن شۇ تەرەپكە كەتمەكچى بولدى. مەھمۇت قويچى ئۇلارنى توسۇپ قىلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كىيىن، ئوغلىنى ھەمراھ قىلىپ ئۈچ ئىشەك بىلەن يولغا سىلىپ قويدى.

خوجىنىياز ھاجى مەكىتتىن مارالۋىشىغا كىتىۋاتقاندا، سابىت داموللا باشلىق مەھبۇسلارنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئەمما كىمگە كايىشنى بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇلارنى قورۇقداپ ماڭغان يىگىتلەرمۇ

غايىب بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، غوپۇر تۆەنجاڭنى ئارقىغا يېنىپ مەھبۇسلارنى قەيەردىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. غوپۇر تۆەنجاڭ بىر توپ يىگىتلىرى بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، مەكتىنىڭ ئېغىز دېگەن كەنتىدە مەھبۇسلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇلارنى باشقىدىن كىشەنلەپ، كۆتەك ھارۋا بىلەن ھاجىنىڭ قېشىغا ماڭدى.

— كېيىنكىلەر بىزدىن كۈلمەس ـ ھە، داموللام، — دېدى زېرىپ قارىي ھاجى ئۆڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا كېتىۋاتقان كۆتەك ھارۋىدا چايقىلىپ ئولتۇرۇپ.

— «ئىزا ئەنزەلەل قەدەر، بەتەلەل ھەزەر»① دېگەن ھېكمەت يادىلىرىدا بولسا كېرەك، ئەزىزىم، — دېدى سابىت داموللا غەمكىن كۈلۈمسىرەپ.

---

① قاچانكى تەقدىر نازىل بولسا (كېلىپ قالسا) ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلماق يوق.

# يىگىرمىنچى باب

# سىرلىق قاچقۇن

*تېخى بايىلا ۋۇجۇدىدىن قان يۇراپ تۇرىدىغان ماجۇڭيىڭ*
*ئەمدىلىكتە شۇنچە جىمغۇر ۋە سىرلىق بولۇپ قالدى.*

—سۋېن ھېدىن: «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ»

1

ئۈرۈمچى بوسۇغىسىدىن قوغلىنىپ، داۋانچىڭدا ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىغان ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى تۇرپان ئويمانلىقىدىمۇ تۇرالماي، فېۋرال ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىشقا باشلىدى. ئۇلارنى توپ ـ زەمبىرەك، تۆمۈر كوككا ۋە ئايروپىلانلار بىلەن قوراللانغان قۇدرەتلىك بىر قوشۇن قوغلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى گېنېرال ۋورگىن قوماندانلىقىدا «ئالتايىسكىلەر» نامى بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ۋە گېنېرال بېكتېيېف قوماندانلىقىدىكى ئاق ئورۇس پولكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە بىر قىسىم موڭغۇل، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر چېرىكلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ قوشۇن ئادەتتە «ئۆلكە

ئارمىيىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

پارتلاۋاتقان بومبا، ئېتىلىۋاتقان توپ ــ زەمبىرەك ۋە پىلىموت ئوقلىرى ئاستىدا قېچىۋاتقان ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرى خۇددى تاغ باغرىدىن ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان دەھشەتلىك قىياندا دومىلىنىپ كېتىۋاتقان تاشلارغا، يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئوت ــ گىياھلارغا ياكى ئۇۋىسى چۇۋۇلۇپ، گومۇرۇلۇپ كېتىپ، ھالاكەت دەشتىدە پىتىراپ جان تالىشىپ يۈرگەن باشپاناھسىز جاندارلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدە توقسۇن‐دىن كورلىغىچە بولغان چوڭ ــ كىچىك يوللار ئادەم ۋە ئات ــ ئۇلاغلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. نېپىز قار ئۈستىدە ئىڭراپ ياتقان ئېغىر يارىدارلارمۇ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن يەر تاتىلاۋېتىپ جان بېرەتتى.

ھەر ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغان ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر قارا چوقۇر چېرىك بەش قەدەمچە يەردە ئاق بوز ئاتنى ئويىنىتىپ كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭنى كۆرۈپ قالدى ــ دە، ئىككى قولى بىلەن يەر تايىنىپ بېشىنى كۆتۈردى.

—— مېنى تاشلاپ كەتمەڭ، ھۆرمەتلىك سەردارىم! —— دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ، —— مەن سىزنىڭ يەتتە يىللىق ئەسكىرىڭىز، ئۆزىڭىز قارا يىلپىز دەپ لەقەم قويغان ھېلىقى خىمازا مەن ئەمەسمۇ! ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن.

ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭغا بىر قارىۋېلىپ:

—— ھە، خىمازىمۇسەن، ياخشى، پۇتۇڭ ساقايغاندا قەشقەرگە بار، مەن سېنى يىڭجاڭلىققا ئۆستۈرىمەن، —— دەپ ئېتىغا قامچا ئۇردى.

—— ھۇ ئاناڭنى...تاش يۈرەك ئىبلىس، ماڭا بېرىدىغان يىڭجاڭلىقىڭنى چىكەڭگە تېڭىۋال! —— دەپ ۋارقىرىدى خىمازا

يەرنى تاتىلاپ.

ماجۇگىيىڭ ئاق بوز ئاتنى يورۇتۇپ كېتىۋېتىپ، باش ـ كۆزلىرى بىلەن قول ـ پۇتلىرى تېڭىقلىق ياردارلار ئولتۇرغان بىر هارۋىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى.

— پۇتۇڭلار جايىدىمۇ ياكى ئۈزۈلۈپ كەتكەنمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— پۇتلىرىمىز ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن بىلەن ئۆزىمىز، — دېدى قېرىراق بىر چېرىك جەينىكىدىن ئۈزۈلگەن قولىنى كۆرسىتىپ.

— خۇداغا شۈكۈر، هەر هالدا پۇتۇڭلار جايىدا ئىكەن. ياراڭلار تۈزەلگەندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا بېرىڭلار، مەن سىلەر-نى ئۇنتۇمايمەن. هازىرچە بۇ هارۋىنىڭ باشقا ئىشى بار، — دېدى ماجۇگىيىڭ، ئاندىن هارۋىكەش چېرىككە ياردارلارنى چۈشۈرۈۋې-تىپ، يولدا چېچىلىپ ياتقان قورال ـ ياراغلارنى يىغىشتۇرۇپ، مۇشۇ هارۋىدا كورلىغا ئاپىرىشنى بۇيرۇدى.

— شۇ تۆمۈر كۆسەيلەرچىلىك ئېتىبارىمىز يوقمۇ؟ — دېدى بىر ياردار كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ.

— شۇنداق، بۇرادەر! هازىر ماڭا سىلەردىنمۇ ئاشۇ تۆمۈر كۆسەيلەر مۇهىمراق، — دېدى ماجۇگىيىڭ بىپەرۋالىق بىلەن.

ئارقا تەرەپتىن ئايروپىلانلارنىڭ غۇڭۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. هەش ـ پەش دېگۈچە بومبىلار پارتلاپ يەر ـ جاهاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. هېلىقى ياردارلار ئولتۇرغان هارۋىمۇ پاچاقلىنىپ كەتتى. ئاللىقاچان ئاتتىن چۈشۈۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن ماجۇگىيىڭ قورقۇپ كەتكىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك چاپلى-شىۋالغان بىر مۇهاپىزەتچىسىنىڭ قولىدىكى پىلىموتنى تارتىپ ئالدى ـ دە، ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ بىر ئايروپىلاننى ئوققا تۇتتى. ئايروپىلان قۇيرۇقىدىن ئىس چىقىرىپ قاچتى. بىراق ئارقىدىنلا

يەنە ئىككى ئايروپىلان كېلىپ ئۇنى ئوققا تۇتتى ۋە بىردىن ئىككى بومبىنى تاشلىۋېتىپ، شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.
بىر ھازادىن كېيىن، ماجۇگىيىڭ ئون بەشتەك مۇھاپىزەتچىسىنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسەتلىرى ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ ئېتىنى ئىزلەپ ماڭدى. بايىقى پاتىپاراقچىلىقتا جېنىنى دالدىغا ئالغان ئاق بوز ئاتمۇ بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ ئىگىسى تەرەپكە كىشنەپ كېلىۋاتاتتى.

## 2

شۇ يىلىنىڭ بېشىدا ئون مىڭدەك چېرىك بىلەن ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلغان ماجۇگىيىڭ كورلىغا ئاران بىر مىڭ بەش يۈزچە ئادىمى بىلەن قېچىپ كېلەلىدى. بىراق، ھەر كۈنى دېگۈدەك شىمال تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىدىغان ئايروپىلانلاردىن تاشلىنىۋاتقان بومبىلار ئۇنى كورلىدىن تېزرەك كېتىشكە ئالدىرىتاتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى ئالدىراپ تۇراتتى.
شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ شتاب باشلىقى بىر يېڭى گەپ تېپىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە سۈيپۈەن (ئىچكى موڭغۇل) — شىنجاڭ تاشيول لىنىيىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن كەلگەن بىر ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ھازىر كورلىدا ئىكەن ۋە بۇ ئەترەتنىڭ بىرنەچچە ئاپتوموبىلى بار ئىكەن. بۇ ئاپتوموبىللارنى ئەلۋەتتە تارتىۋېلىش لازىم.
— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، — دېدى ماجۇگىيىڭ، — ئەپسۇسكى، بۇ ئەترەتتە چەت ئەللىكلەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەترەت باشلىقى شۋېتسىيىلىك مەشھۇر ئالىم سۋېن ھېدىن، ئەگەر

ئۇلارنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى تارتىۋالساق، كېيىن مېنى جاھانغا قا-
راقچى دەپ جاكارلاشتىن يانمايدۇ. مەن چەت ئەل مەتبۇئاتىدا
يامان ئاتاقلىق بولۇشنى خالىمايمەن.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى شتاب باشلىقى، —مەن سىز-
نىڭ نامىڭىزدىن سۈن ھىدىنگە ئىلتىماس قىلىپ، ياردارلارنى
توشۇشقا دەپ ئاپتوموبىل سوراي، قەشقەرگە بارغۇچە ئارىيەت
بېرىپ تۇرسۇن.
— بۇ ياخشى تەكلىپ بولدى. بىراق، قەشقەرگىچە ئەمەس،
ئەڭ يىراق بولغاندا ئاقسۇغىچە، بولمىسا كۇچاغىچە ئاپىرىپ قويسى-
لا بولىدۇ، — دېدى ماجۇڭيىڭ. ئاندىن ھەرگىز قوپاللىق قىلىپ
قويماسلىقنى، لازىم تېپىلسا، ھەققىنى تۆلەيمىز دېيىش كېرەكلىكى-
نى جېكىلىدى.
سۈن ھىدىن ماجۇڭيىڭنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماي،
بار ــ يوقى تۆت يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ھەممىسىنى ئارىيەت بېرىشكە
مەجبۇر بولدى ۋە بۇ ئاپتوموبىللارغا قىزىل كرېست بەلگىسى
تاقاتتى. بىراق يولغا چىقىدىغان چاغدا، بىرلا ئاپتوموبىلغا كېسەل
كارىۋىتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا سانجىدىكى جەڭدە يوتىسى-
دىن يارىلانغان ئاتلىق قىسىملار قوماندانى ماخۇسەن ياتقۇزۇلغان-
دىن باشقا، قالغان ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسىگە قورال ــ ياراغ
بېسىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئولتۇرۇۋالدى. ماجۇڭ-
يىڭنىڭ ئۆزى شۋېتسىيىلىك شوپۇر ئېف ھەيدىگەن ماشىنىنىڭ
كابىنكىسىغا چىقىۋالدى. ئېفنىڭ ماشىنىسى بىرىنچى بولۇپ
قوزغالدى.
ئاق سېرىق كەلگەن قەددى ــ قامەتلىك ئېف ئۇزۇن يىللار-
دىن بۇيان، شىمالىي جۇڭگودا دىن تارقىتىپ يۈرگەن بىر شۋېتسى-
يىلىك پوپنىڭ ئوغلى بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى سۇدەك بىلەتتى ۋە

خۇش چاقچاق، شوخ يىگىتلەرگە خاس جەزبىدارلىقى بىلەن ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. ئەمدىلا يىگىرمىگە كىرگەن بۇ يىگىت ئۆزىدىن ئۈچ ـ تۆت ياشلار چوڭ كۆرۈنىدىغان ۋە ئادەتتىكى ئادەمدىن سەل يوغان، ھەربىي فورما ھەم ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆتۈ-كىنى كىيىپ، ئۆزى بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان يولۇچىنىڭ ما-جۇگىيىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قوياتتى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، تەڭرىتاغ ئېتەكلى-رىنى قانغا بوياپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ، جاھانغا داڭقى كەتكەن تەۋەككۇلچى سەركەردە راستتىنلا مۇشۇ ئادەممىدۇر دېگەن خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزى ھەرقانچە خۇش چاقچاق ۋە ئوچۇق كۆڭۈل بولسىمۇ، ھازىرەنلىككە قىلىدى-غان گەپ تاپالمايۋاتقاندەك جىم ئولتۇرۇپ ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى.

بۇ جىمجىتلىقنى ماجۇگىيىڭ بۇزدى.

— ھۇنىرىڭىز جايىدا ئىكەن، ماشىنا ھەيدىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى ماجۇگىيىڭ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇزۇن بولمىدى. ئەمما شوپۇرلۇقنى بەك ياخشى كۆرىد-مەن، ئۇنىڭغا قاتتىق باغلانغانمەن، خۇددى ئاشىق يىگىت ئۆز مەشۇقىغا رىشتە باغلىغاندەك، — دېدى ئىغمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ.

— بۇ ئوخشىتىشىڭىز شائىرانە بىر ئوخشىتىش بولدى، — دېدى ماجۇگىيىڭ سەبىي باللاردەك قاقاقلاپ كۈلۈپ، — شائىرلىقتىنمۇ خەۋىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

ئاق بوز ئات ئۈستىدە قان كېچىپ، تالاي ـ تالاي يۇرتلارنى ۋەيران قىلىپ، رەھىمسىز قىرغىنچىلىق بىلەن داڭقى چىققان بۇ ئادەمخور جاللاتنىڭ ئادىتى بىر گەپتىن تەسىرلىنىپ، ئوچۇق

كۆكۈللۈك بىلەن ئېچىلىپ كۆلۈشى ئۇنى ھەيران قالدۇردى ۋە ئۇ ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىشقا باشلاپ:

— شائىرلىقتىنغۇ خەۋىرىم يوق. ئەمما جۇڭگونىڭ كلاسسىك شېئىرلىرىنى، بولۇپمۇ شىمالىي جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇمۇرلۇق خەلق ناخشا — قوشاقلىرىنى بەك سۆيىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق ناخشىلارغا مەنمۇ ئامراق، قېنى شۇلاردىن بىرنەچچىسىنى ئېيتىڭچۇ، دوستۇم، — دېدى ماجۇڭيىڭ ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىر قولىنى تاشلاپ.

ئۇ ئاران تۇرغاندەك ئاغزىنى قويىۋەتتى. يۇمۇرلۇقى جەھەتتىن خۇددى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئالمىخان» ياكى «داۋانچىڭ» دېگەن خەلق ناخشىلىرىغا سەل ئوخشاپ كېتىدىغان ناخشىلارنى ئاڭلىغانسېرى ماجۇڭيىڭ ئۇچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ھەتتا ئۇنى بىرنەچچە قېتىم مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، «ئۇلار خۇددى بىر پارتىدا ئولتۇرغان ساۋاقداشلاردەك»① بىر — بىرىگە ئىجىل بولۇشۇپ قالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ ئالۋانغا تۇتۇلغان كۈندىن بۇيان، ئۆزىنى ۋە قالغان ئۈچ ماشىنىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان شۋېتسىيىلىك ھەمراھلىرىنى خۇددى يىرتقۇچ يولۋاس بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان ئۆلۈم كىشىلىرى دەپ بىلەتتى. قازارا ئۇ يولۋاسنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا، بىر ھەملە بىلەن ھەممىسىنى پارە — پارە قىلىپ تاشلايتتى. ئۇ چاغدا دوكتور سۋېن ھېدىن تۆت ئاپتوموبىلدىنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئەڭ ياراملىق سەپداشلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىپ پۈتۈن ئىشى

---

① بۇ ئوخشىتىش سۋېن ھېدىننىڭ «قاچقۇن ماجۇڭيىڭ» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

سۇغا چىلاشقان بولاتتى.

ئۇ ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، يېنىدا ئولتۇرغان يولۋاسنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئوۋلاش نىيىتىدە يېڭى بىر ماۋزۇ دىن گەپ ئاچتى.

— سىز گېنېرال جانابلىرىنى ئىرادە ۋە غايە جەھەتتىن بەزىلەر تۆمۈرلەڭگە ئوخشىتىدىكەن، — دېدى ئۇ، — مېنىڭچە بۇ مۇبالىغە بولمىسا كېرەك.

— ئەپسۇسكى، — دېدى ماجۇڭيىڭ، — بەخت ـ ئامەت دېگەن نېمە بەزىدە ئارقىسىنى قىلىۋالىدىكەن. تۆمۈرلەڭمۇ تاسادىپىي بىر كېسەللىك تۈپەيلى ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتەلمەپتىكەن. بۇ قېتىم رۇسلار ئارىلاشمىغان بولسا، شېڭ شىسەي مېنى ئۇرۇمچى، داۋانچىڭ ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىن ھەرگىز قوغلاپ چىقىرالمايتتى. بىراق، جۇڭغارىيە بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىن چېكىنىپ چىقىشىمنىڭ كارايىتى چاغلىق. تارىم ئويمانلىقى قولۇمدىلا بولىدىكەن، مەن ئۆز پىلانلىرىمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بىر مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرىمەن.

تۇيۇقسىزدىن ھاۋا بوشلۇقىدا غۇڭۇلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالدى. ئاپتوموبىللار يول ياقىسىدىكى سۆگەتلىكلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئۈچ ئايروپىلاندىن تەڭلا تاشلانغان بومبىلار ئەتراپ جاھاننى قىلىن چاڭ ـ توزانغا كۆمۈۋەتتى. ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان پىيادە ۋە ئۇلاغلىق چېرىكلەر چاڭ ـ توزانغا كۆمۈلۈپ قالدى. ئەمما ھېچقانچە چىقىم بولمىدى. ھېلىقى ئايروپىلانلار بولسا خۇددى ھەيۋە قىلغاندەك چېرىكلەرنىڭ باش ئۈستىدە بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ قويۇپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۇچۇپ كەتتى.

— مانا كۆردىڭىزمۇ، رۇسلار ھەربىي تېخنىكىسى بىلەن

مىنى قورقۇتۇپ باش ئەگدۈرمەكچى. مەن باش ئەگمەيمەن. چو-
قۇم ئىنتىقام ئالىمەن، — دەپ ئۆلۈغ — كىچىك تىنىدى ماجۇگىيىڭ
يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ.
ئۇ ھېچنېمە دېمىدى.
شۇنىسى قىزىقكى، داۋانچىڭدىن باشلاپ ماجۇگىيىڭنى قوغ-
لاپ، خۇددى دەھشەتلىك سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قۇدرەت-
لىك قوشۇن كورلىدىن غەربكە ماڭغاندا نېمىشقىدۇر قەدىمىنى
ئاستىلىتىپ قويىدى. بۇ ھەرگىز ماجۇگىيىڭ چېرىكلىرىگە تەڭ
كېلەلمىگەنلىكتىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ
كۈنلەردە شېڭ شىسەينىڭ ئىلىدىكى بىر تۈركۈم چېرىكلىرىمۇ
داۋان ئېشىپ بايغا چۈشكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماجۇگىيىڭنىڭ
قالدۇق قاچاق چېرىكلىرىگە نىسبەتەن مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە
بۇ قوشۇن دەسلەپكى ئەلپازى بىلەن بولسا، ماجۇگىيىڭ چېرىكلى-
رىنى بۇگۇر بىلەن كۈچا ئارىلىقىدا پاك — پاكىز يوقىتىۋېتىشكە
تامامەن قادىر ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلماي يۈرۈش سۈرئىتى-
نى ئاستىلىتىپ ۋە پەقەت ئانچە — مۇنچە بومبىلاپ قويۇش بىلەنلا
چەكلىنىپ، ئۇلارنىڭ يول بويى چوڭ — كىچىك يۇرتلارنى
بۇلاپ — تالاپ خانىۋەيران قىلىپ، كۆزلىگەن مەنزىلىگە يېتىۋېلى-
شىغا ئەتەي يول قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

## 3

ئاز كەم ئىككى يىلدىن بۇيان داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇش پارا-
كەندىچىلىكلىرى، كۆيۈۋاتقان ئۆيلەر، تۆكۈلۈۋاتقان قانلار، بىرى
كەتسە بىرى كېلىپ ئۆز ھۆكمىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان يېڭى —
يېڭى ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۈستى — ئۈستىگە سېلىۋاتقان باج —

سىلىق، ئالۋان ـ ياساقلىرى قەشقەر دىيارىنى ھالىدىن كەتكۈزۈپ خۇددى يىلىكى قۇرۇپ بىلى پۈكۈلگەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ رەڭگى سارغايغان، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ياقىسى يىرتىلغان بىر ناتىۋان ئانىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ھەر يىلى ئاجايىپ زور داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام — نورۇز شادلىقىمۇ بۇ يىل گويا ئەلنىڭ ئىسىدىن چىقىپ قالغاندەك جىم ـ جىملا ئۆتۈپ كەتتى. يىلدا بىر كېلىدىغان قۇربان ھېيتمۇ شۇنداق بولدى. ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ، مىڭلىغان كىشى ساماغا چۈشىدىغان ھېيتگاھ مەيدانى چوڭقۇر سۈكۈناتتا چۆمگەن گۆرىستانلىققا ئوخشاپ قالغانىدى. كۆكلەم ئۆتۈپ ياز كىرىش بىلەن تۇمەن دەرياسىنىڭ قانغا ئوخشايدىغان قىزغۇچ لاي سۈيى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ چوقچىيىپ تۇرغان ياداڭلىقلارنى يالاپ ـ ئۇ ـ رۇپ، كۆڭۈلگە غەشلىك سېلىپ ئېقىشقا باشلىدى.

شەھەر ئىچىدە بولسا، كالتە قۇيرۇق ئاتلارغا مىنىپ، كەڭ يۈزلۈك قىسقا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىشىۋالغان چېرىكلەر كوچا ـ كويلاردا چاپتۇرۇپ يۈرەتتى. بىر توپ چېرىك ھېيتگاھ مەيدانىنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، دوقمۇشتىكى ساماۋارخانىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغانلاردىن سودىگەر سۈپەت بىر كىشى ئورۇقراق كەلگەن كوسا ساقال ھەمراھىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۇ يەريۇتقۇرلار يەنە نېمە شۇملۇقنى تىلەۋاتىدىكىن؟

— خەۋەرلىرى يوقمۇ، — دېدى كوسا ساقال، — بۇلارنىڭ چوڭى ماجۇڭيىڭ بۈگۈن يېڭىشەھەردىن دوتەي يامۇلىغا كۆچۈپ كىرەرمىش.

— خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت، — دېدى سودىگەر پىيالىسىدىكى ئاخىرقى بىر يۇتۇم چاينى ئىچىۋېتىپ، — بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس جۇمۇسلا.

— شۇنداق، ئەمما مەن ئاڭلىغان گەپلەرگە قارىغاندا، ئەھۋال باشقىچە بولامدۇ نېمە؟

— قانداقسىگە؟ سىلى نېمە گەپ ئاڭلىدىلا؟

بۇ كوسا ساقال ئەمەت كاسكاس دېگەن كىشى بولۇپ، شاپتۇل دامولللىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىدى. قەشقەر دىيارى چولاق زىخۇيغا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يۇنۇس بەگنىڭ ئورنىغا سابىق قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۇ شاپتۇل دامولللىنى قەشقەرگە قازىكالان قىلدى. ئەمەت كاسكاس شۇ كۈندىن باشلاپ، شاپتۇل دامولللىنىڭ بوسۇغىسىدىن بىر غېرىچمۇ دالجىماي ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شاپتۇل دامولللىنىڭ ئۆيىدە بولغان گەپ — سۆزلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى ۋە ئۆزىنى مادوتەي بىلەن شاپتۇل دامولللىدەك كاتتا ئەربابلارنىڭ سۆھبىتىدىن ۋاقىپ كىشى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ، شۇنىڭ بىلەن ماختىنىشقا ئامراق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، سودىگەر ھەمراھىنىڭ «سىلى نېمە گەپ ئاڭلىدىلا؟» دېگەن سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمەي، «ئاڭلىغانلىرىمغۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى يوغان يەرلەردىن چىققان گەپلەر دېسىلە بايۋەچچە» دەپ نازلىنىشقا باشلىدى.

— قېنى چاپسانراق ئېيتسىلىچۇ، ئادەمنى جىلە قىلماي، — دېدى سودىگەر ئۇنىڭ قېشىغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ. ئاندىن ئۇنى چۈشلۈك غىزا ئۈچۈن ئەنجان پولۇسىغىمۇ تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەمەت كاسكاس ئېڭىكىنى سىلاپ قويۇپ گەپكە كىرىشتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۈنۈگۈن شاپتۇل داموللا دوتەي يامۇلىدا بوپتىمىش، گەپتىن گەپ چىقىپ، مادوتەي ئۇنىڭغا «ماجۇڭيىڭ ئورۇس يېرىگە كەتمەكچى. مەن ئارقىلىق ئورۇس كونسۇلى بىلەن كۆرۈ-

شۇپ تۇرۇش ئۇچۇن دوتەي يامۇلغا كۆچۈپ كىرىدۇ، ئەمدى ئۇرۇش بولمايدۇ. سىز قەشقەرگە ئۆمۈرۋايەت قازىكالان بولىسىز» دەپتۇمىش.

— قانداق بايۋەچچە، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم قالتىس گەپلەرمە-كەن؟ — دېدى ئەمەت كاسكاس مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ.

— توۋا، غەلىتە گەپ بوپتۇغۇ بۇ! — دېدى سودىگەر ياقىسىنى تۇتۇپ، — ئەگەرچەندە بىر ئادەم پالانى يۇرتتا بىر خوراز تۇخۇم كاككىلدى دېسە، بۇنىڭغا ئىشەنسەم ئىشىنىمەنكى، ماجۇڭ-يىڭ ئورۇس يېرىگە كېتىدىگەن دېگەن گەپكە زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ جۇما، ئەمەتئاخۇن! ئۇنى ئورۇس ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتقان تۇرسا، ئۇزە، مېنى قوغلىمىساڭلارمۇ بولىدۇ، مانا ئۆزۈم ئالدىڭلاردا ئورۇس يېرىگە بېرىپ تۇراي دەمتى!

— راست دېدىلە بايۋەچچە، بۇ ئىشقا مېنىڭمۇ ئەقلىم يەت-مەيدۇ. ئەمما بۇ گەپنى داموللامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىم راست.

× × ×

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەنگلىيە كونسۇلىمۇ خاس بىر ھۇجرىدا ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى دوكتور سىمىت بىلەن دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە جىددىي پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— ماجۇڭيىڭ مەسىلىسىدە بىزگە قارىغاندا رۇسلار چاققان چىقىپ كەتتى. بىز ئۇتتۇرۇپ قويدۇق، — دېدى دوكتور سىمىت غەمكىنلىك بىلەن، — بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك. مەن جانابىي كونسۇلنىڭ، ئۇلۇغ بېرىتانىيە كورۇللۇقىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك. ۋەزىپەمنى ئادا قىلالمىغىنىم ئۈچۈن ماڭا تېگىشلىك جازا بېرىلىشى-نى ئىلتىماس قىلىمەن.

— ياق، ياق دوستۇم، سىز ئەيىبلىك ئەمەس، — ئالدىراپ سۆزلىدى كونسۇل، — سىز ئۆز ۋەزىپىڭىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوبدان ئادا قىلىشقا تىرىشتىڭىز. ماجوڭيىڭنىڭ ئالدىغا تولا قاتراپ تاپىنىڭىز تېشىلەي دەپ قالدى. بۇنىڭغا مەن گۇۋاھ. ئەپ-سۇسكى، ئۇ ئاخىر بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرمىدى. بۇنىڭغا نېمە ئامال!

— ئىلتىپاتىڭىزدىن مىننەتدارمەن، — دېدى سىمىت، — لېكىن ئۇنىڭ بىزگە مايىل بولمىغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن ھەم ناھايىتى ھەيرانمەن. ئۇ زادى نېمىشقا بىزنىڭ تەكلىپىمىز بويىچە ھىندىستانغا بېرىپ، ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتى بولمىغان، بەلكى دوستلۇق قولىنى سوزۇپ تۇرغان ئۇلۇغ كورۇل-لۇقىمىزنىڭ ھامىيلىقىنى قوبۇل قىلماي، قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا قىلىچلاشقان دۈشمىنى سوۋېت رۇسىيىسىگە كېتىشنى خالايدۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر، — دېدى كون-سۇل ھۆكۈم قىلغان تەلەپپۇزدا.

— مەجبۇر؟

— ھە شۇنداق، مەجبۇر!

— بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

— بۇ بىر قاراشتا ناھايىتى مۇرەككەپ، يەنە بىر قاراشتا تولىمۇ ئاددىي مەسىلە، — دېدى كونسۇل گوياكى دوكتور سىمىت-نىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ دانالىقىنى نامايىش قىلىۋاتقان بىر تەلەپپۇز-دا، — ئاخباراتچىلىرىمىزنىڭ بەرگەن ئەڭ يېڭى ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتىغا قارىغاندا، ماجوڭيىڭ بىلەن رۇس كونسۇلى (توغرىسى سوۋېت رۇسىيىسى) ئوتتۇرىسىدا بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان. بۇ كېلىشىمگە بىنائەن، ماجوڭيىڭ ئۆزىگە تەۋە بارلىق قوشۇنلىرى-نىڭ ساق ـ سالامەت ساقلىنىپ قېلىشى شەرتى بىلەن سوۋېت

رۇسىيىسگە ئوقۇشقا باردۇ. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە رۇسلار تولۇق كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنى بولسا ئاتلىق قىسىملار باشلىقى ماخۇسەن قوماندانلىقىدا خوتەن ۋىلايىتىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. پوسكام ناھىيىسى چېگرا قىلىنىدۇ. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا دەخلى ـ تەرۇز قىلمايدۇ. دېمەك، پۈتۈن خوتەن دىيارىنى ماخۇسەن سورايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن چاتاق چىقارمايدۇ. ئەگەر ماجۇڭيىڭ بۇنىڭغا رازى بولمايدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ۋە بارلىق قوشۇنىنىڭ تەقدىرى باشقىچە ھەل قىلىنىدۇ، يەنى ...

— كەچۈرۈڭ، كونسۇل جانابلىرى، — دېدى سىمىت، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — مەن ھەيرانمەنكى، ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنى ساقلاپ قېلىش رۇسلارغا نېمىشقا مۇنداق زۆرۈر بولۇپ قالدى؟

— سىز مەسىلىنىڭ ئەڭ نازۇك تەرىپىنى سوراۋاتىسىز، — دېدى كونسۇل، — بۇ سىرلىق تېپىشماققا جاۋاب تاپالماي مەنمۇ ھازىرچە ھەيرانمەن. بىراق تۇرمۇشتا جاۋابسىز تېپىشماق يوق. مەن ئويلايمەنكى، رۇسلار شىڭ شىسەيدىن تېخى ئەمىن بولالماي-ۋاتسا كېرەك، خۇددى يېڭى كېلىنىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن قېيىنانىغا ئوخشاش. دېمەكچىمەنكى، كۈن-لەردە بىر كۈن شىڭ شىسەي قۇيرۇق كۆتۈرۈپ شىلتىڭ ئېتىپ قالسا، ھە مانا شۇ چاغدا رۇسلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېتىغۇدەك بىر كوزىر كېرەكقۇ ئەلۋەتتە. ماجۇڭيىڭ رۇسلارغا ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالدى. قانداق دېدىم؟

دوكتور سىمىت خۇددى مۇدەررىستىن دەرس ئاڭلاۋاتقان تالىپتەك بېشىنى لىڭشىتتى.

× × ×

دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا ماجۇڭ-يىڭ قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ كاتىپى كونستانتىن-نوف بىلەن سودا ۋاكالەتخانىسىنىڭ بىرقانچە خادىملىرىنىڭ ھەم-راھلىقىدا ئەركەشتام چېگراسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرى بەكلا ئاز، پەقەت بىر نەچچىلا كىشى ئىدى. ئەمما، قېلىن كۆندىن ئالاھىدە قىلىپ تىكىلگەن تېرە تۇلۇملار ۋە ئۇزۇنچاق تۆمۈر ساندۇقلار ئارتىلغان ئات — ئۇلاغلار بىرەر يۈزدىن كۆپ ئىدى. بەزى ئاتلار ئۇستىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقى-دىن ئاران ماڭاتتى.

ئون يەتتە يېشىدا «بالا سەركەردە» ئاتىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن پامىر ئېتىكىگىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا گاھ بوراندەك گۈركىرەپ، گاھ چاقماقتەك يالتىراپ، «قەدى-مى يەتتەئىلىكى يېرىدىن ئوت ۋە قان چاچرىتىپ جاھانغا پاتمىغان بۇ بوز ئاتلىق ئادەم» ئەمدى يولغا چىداملىق دەپ تاللىۋالغان پۇتلىرى قىسقا، دىقماق جەدە قاشقا ئۇستىدە خىيال سۈرۈپ كېتى-ۋاتاتتى. بۇ خىيال دېڭىزىغا شۇنچىلىك قاتتىق چۆمگەنىدىكى، يېنىدا كېتىۋاتقان كونستانتىنوفنىڭ «ئۇھوي، بۇ يەرلەردە جەرەن نېمىدېگەن كۆپ!» دەپ ۋارقىرىغىنىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك تۇيۇلدى:

— ئۇ نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن — ھە! جەڭگى — جېدەل، ئۇر — چاپ بىلەن ئۆتكەن بوران — چاپقۇنلۇق ئۆتمۈشىنىمۇ ياكى گۇگۇم ئالدىدىكى ئۇپۇقتەك قارىيىپ كېتىۋاتقان تۇمانلىق كېلەچە-كىنىمۇ؟ ۋە ياكى ئۆزى باش رولغا چىقىپ ئويىنىلىۋاتقان بۇ قىزىق ئويۇننىڭ سىرى — ئەسرارىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي ھەي-

رانمدۇ يا!؟

ماجۇڭيىگدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا بىرنەچچە مىڭ كىشى-لىك قوشۇنغا باش بولۇپ قالغان ماخۇسەن قەشقەرنى بوشىتىپ خوتەن دىيارىغا باستۇرۇپ كىردى. مەمتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ماخۇسەن چېرىكلىرىنى گوما ئەتە-راپىدا توسۇپ، بىر كۈن ئېلىشقاندىن كېيىن زاۋاغا چېكىندى ۋە ئۇ يەردە ئىككى كۈنگىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىراق قورال - ياراغ جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ماخۇسەن چېرىكلىرىگە تەڭ كېلەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەمتىمىن ھەز-رەت ئۆزىنىڭ ئائىلە تەۋەسى بىلەن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

ماخۇسەن چېرىكلىرى مۇداپىئەسىز قالغان خوتەن شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغاندا، خوتەن ۋالىيسى مۇھەممەت نىياز ئەئلەم يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ:

— قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر قىلماق ۋاجىپتۇر، بۇنىڭدىن ئۆزگە چارىمىزمۇ يوق، قېنى يۇرۇشسىلە، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقايلى، — دېدى.

ماخۇسەن شەھەر سىرتىدىكى بارگاھ ئالدىدا قول قوۋۇشتۇ-رۇپ تۇرغان يوغان سەللىلىك ۋە ئۇزۇن ساقاللىق ئادەملەر توپىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. مۇھەممەت نىياز ئەئلەم بىر تىلماچ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— مەرھابا، خوتەن دىيارىنىڭ يېڭى ھۆكۈمدارى مەرھابا! بىزدە «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەس» دېگەن سۆز بار، — دېدى.

— بۇ ھېكمەتلىك سۆز ئىكەن، ماڭا قارشى مۇشت كۆتۈر-مىسەڭلار مېنىڭ قىلىچىممۇ قىنىدىن چىقمايدۇ. ماڭىمۇ يۆقرا كېرەك، داڭاخۇن!

شۇنىڭدىن باشلاپ، پوسكامدىن چاقىلىققىچە سوزۇلغان كەڭ بىر پارچە زېمىن يەنىلا ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنىڭ قانلىق تاپىنى ئاستىدا قالدى. ماخۇسەننىڭ قىلىچى قىنىدىن چىقمىغان بىلەن قولىدىكى قامچىسى خۇددى تىلىنى چىقىرىپ كۇشۇلداۋاتقان زەھەرلىك قارا يىلاندەك، كېچەيۇ كۇندۇز خەلق بېشىدا ئويناشقا باشلىدى. بۇ قارا كۇنلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن خوتەن شائىرى ھەزىنىي①تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازدى:

دەرىخ، ئۈچ يىل داۋامىدا خوتەندە بار غېرىب مىللەت،
ئەجەپ زالىم، بۇلاڭچى قوللىرىدا خارۇ زار ئولدى.
نە باي يۇ كەمبەغەل بولسۇن، نە ئالىم، نە شەرمىزادە،
تامامۇ قۇل خوتەن ئاجىز، يېتىملەر نالە ـ زار ئولدى.
ھەمە مىسكىن قېرىنداشلار، ھەمە ئوششاق ئوغۇل ـ قىزلار،
ئۆلار تىرناقى زەخىمدىن ئۆلۇمگە ئانچە زار ئولدى.
دېمەسلەر «بۇ قېرى مەھزۇن» قولىنى ئارقىغا باغلاپ،
ئېسىپ ئاسماققا سەيسى دەپ ئۇنى ئانداق ئۇرار ئولدى.
يالىڭاچ، ئاچ دېمەي ياكى كېچەسى سەيسى دەپ ھەيدەپ،
سوغۇقتا مۇزلىبان ئۆلگەن، تولا يوللار مازار ئولدى.
تاۋار، مەخمەل جىلىتكە تارلىقىدىن رەنجىگەن قىزلار،
ھەمىشە ئوت ـ سامان پۇتمەك، تاياقتىن زەخىمدار ئولدى.
دۇردۇن كۆڭلەك ئېغىرلىق ئەيلىگەن نازۇك بەدەنلەر ھەم،
ياغۇچۇ ـ شال كۆتۈرمەك رەنجىدىن قەددى دۇتار ئولدى.

---

① شائىرنىڭ ئۆز ئىسمى ـ فامىلىسى مۇھەممەد تۇردى قاسىم قارىي بولۇپ، بۇ مىسرالار ئۇنىڭ 1937 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پېغانى» ناملىق شېئىرىدىن ئېلىنغان.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# تۇمانلىق قىسمەت

*قايغۇلۇق ۋە چاپسان ئۆتتۈلار ئەل بولۇپ،*
*ئۇنىسىز ھەم ئىزسىز دۇنيادىن ئۆتتۇق.*
*نە ئەسىرلەرگە مېۋىلىك پىكىر قالدۇرمايي،*
*نە دانىشمەنلىك ئىش باشلىمىدۇق.*

— لېرمونتوف

1

— سىز باش كونسۇلغا ئېيتىڭ ئەپەندىم! مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە راستىنلا چۈشەنمەيۋاتىمەن. باش كونسۇلنىڭ گېپىچە بولغاندا، ماجۇڭيىڭ شۇرالار ھۆكۈمىتىدىن باشپاناھلىق تىلەپتىمىش. بوپتۇ، شۇنداقمۇ بولسۇن دېيلى، ئەمما ئۇنىڭ بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قۇلاق كەستى چېرىكلىرى نېمىشقا ئامان ساقلىنىپ قالىدۇ؟ ئۇ چېرىكلەرمۇ باشپاناھلىق تىلەپتۇمۇ يا؟ باشپاناھلىق تىلىگەن بولسا، ئورۇس يېرىگە كەتمەي نېمىشقا خوتەندە تۇرۇپ قالىدۇ؟ ئۇلارزە، خوتەندە تىنچ ياتامدۇ؟ بىر كۈنى بولمىسا بىر

كۈنى يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوتەن خەلقى ئۇ لومودىلارنىڭ چاڭگىلىدا قالسا بۇ قانداق بولغىنى؟ ئازادلىق ئۈچۈن تۆكۈلگەن شۇنچە قانلار بىكارغا كېتەمدۇ؟

ئاقسۇ دوتەي يامۇلىنىڭ ئازادە مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان سۆھبەتتە ھاجىم قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق يېڭى باش كونسۇلى گارېگىن ئاپرېسوفقا ئەنە شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. قاسىم ئەپەندى بۇ گەپلەرنى تەرجىمە قىلىۋاتقاندا، سالى دورغا مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قولىقىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلىدى. مەھمۇت مۇھىتى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. قالغانلار جىم ئولتۇرۇشاتتى.

ئەسلىدە ھاجىم ئۆز قوشۇنى بىلەن يەكەندىن ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مەخسۇس بىر ئۆمەك تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ھاجىمنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق قوغداش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋە قوشۇمچە 6 ــ دىۋىزىيە كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى رەسمىي جاكارلىغان ھەمدە ھاجىمنى ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۆمەك يەنە بۇ ئىككىيلەنگە ماش رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن ھەربىي فورما، قاسقانلىق شەپكە، ياقىغا قادايدىغان گېنېراللىق ئالتۇن چەن ۋە پارقىراپ تۇرىدىغان تاسما بەلۋاغلارنى تەقدىم قىلغانىدى. بىراق ھاجىم ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ئۇنىماي، ھەتتــا شىــڭ شىســەينىــڭ ئارقا ــ ئارقىدىن يوللىغان تېلېگراممىلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي جىم يېتىۋالغانىدى. شۇ ۋەجىدىن ئاپرېسوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇنى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا كۆندۈرمەكچى ۋە مۇمكىنقەدەر ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ

ئايروپىلان بىلەن ئاقسۇغا كەلگەنىدى. بۇ گەپلەر تېخى بىر باشقا چىقماي تۇرۇپلا، ھاجىم ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان سىرلىق سەپىرى ئۈستىدە گەپ باشلاپ، ئاپرېسوفدىن بۇ سىرنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئاپرېسوفنىڭ بىرمۇنچە ئىزاھات-لىرىغا قانائەتلەنمەي يەنە سوئال قويدى:

— لېنىن ئىنقىلاب قىلغاندا، ئاق پادىشاھنىڭ سولداتلىرىنى ئاشۇ تۇڭگان چېرىكلىرىگە ئوخشاش قورالسىزلاندۇرماي، بىر بۇ-لۇڭدا ساقلاپ قويغان ئىشلارمۇ بولغانمۇ؟ — دېدى ھاجىم يەنە ئاپرېسوفنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ياق.

— ئانداق بولسا سىلەر نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلەر؟

دىپلوماتىيە ساھەسىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن ۋە دۇنيانىڭ ھەر خىل ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، دىپلوماتىيىگە خاس تىلدا سۆزلىشىشكە ئادەتلەنگەن ئاپرېسوفقا ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بۇ چالا ساۋات كىشىنىڭ تومتاق ۋە يالىڭاچ سوئاللىرى ئېغىر كەلدى چېغى، ئۇ خېلىلا تەرلەپ كەتتى ۋە ئاپئاق ياغلىقى بىلەن پېشانى-سىنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھاجىم جانابلىرىنىڭ باياتىن بېرى قويغان سوئاللىرىغا تولۇق جاۋاب بېرىش مېنىڭ ۋەزىپەم دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ياخشى-سى، بۇ سوئاللارغا ئۇرۇمچىگە بارغاندا، شېڭ دۇبەن جانابلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ جاۋاب بەرگىنىمىز تۈزۈك.

— بۇ ئىشلارنىڭ سىرىنى شېڭ دۇبەن بىلەمدۇ؟

ھاجىمنىڭ بۇ سوئالى ئاپرېسوفنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇز-دى ۋە ئۇنىڭغا ھاجىنى ئۇرۇمچىگە بېرىشقا دەۋەت قىلىشقا قولاي پەيت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپرېسوف شېڭ دۇبەننىڭ بۇ ئىشلارنىڭ سىرىنى بىلىدىغانلىقىنى، شېڭ دۇبەن بىلەن كۆ-

رۇشكەندە بۇ سىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگىگە يېتىش مۇمكىنلىكى-
نى، بولۇپمۇ مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن
شىنجاڭنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى سۇرۇشتۇرۇش، بىر ياقلىق قىلىش
ھوقۇقىغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «شۇ ۋەجىدىن بولسىمۇ
ھاجىم جانابلىرى ئۇرۇمچىگە تېزرەك بېرىشى لازىم» دېدى.

— جىمسار پۇتۇمى ھازىرمۇ ھېساباتا ئېلىنامدۇ؟ —
تۇيۇقسىز سوئال قويدى مەھمۇت مۇھىتى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە كۈچكە ئىگە. ھاجىم جانابلىرىنىڭ
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە بەلگىلەنگەنلى-
كى، سىز گېنېرال جانابلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانلىق ساق-
لاش شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋە قوشۇمچە 6 – ئاتلىق
دىۋىزىيە باشلىقلىقىغا بەلگىلەنگەنلىكىڭىز شۇنىڭ دەلىلى.

— ئانداق بولسا، جىمسار پۇتۇمى بويىچە ئىش قىلغىنىمىز
تۇزۇك، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى، — ئۇ پۇتۇمدە ھاجى
ئاكامنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن.
ئۇ پۇتۇمگە شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش كونسۇلى زىلاتكىن
شاھىت بولۇپ قول قويغان.

— بۇنىڭدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار، — دېدى ئاپرېسوف
مۇلايىملىق بىلەن.

— ئانداق بولغاندىن كېيىن، ھاجى ئاكام ئۇرۇمچىگە بارمى-
سىمۇ بولۇۋەرمەمدۇ؟

— ھاجىم جانابلىرى ئۇرۇمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن رەئىسلىك
ئورنىدا ئولتۇرسا يالغۇز جەنۇبىي شىنجاڭغىلا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ
ھەممە يېرىگە ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزەلەيدۇ. بۇنى ئويلاپ كۆردى-
ڭىزمۇ؟ شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، قايسى-
بىر ئۇيغۇرغا بۇنداق ئالىي ماقام، ئالىي ھوقۇق نېسىپ بولغان؟

ھېچكىمگە، شۇنداق ئەمەسمۇ! شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۇيغۇرلارغا ئۆلكە رەئىسى ياكى ۋىلايەت ۋالىيسى تۇرماق، ناھىيە ھاكىملىقى، ھەتتا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورنىنىڭ باشلىقلىقىمۇ تەگكەن ئەمەس. سىز گېنېرال جانابلىرىغا ئوخشاش بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك رەسمىي قوشۇنغا قوماندان بولۇش ھېچكىمنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغاندۇ! بۇنى مۇشۇ دەۋرنىڭ بىر مۆجىزىسى دېمەي مۇمكىنمۇ؟ مەن ئۇيغۇرلارنى ياخشى چۈشى-نىمەن. سىلەر ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە، ھەر ئىشقا قابىل، ئەقىللىق ۋە زېرەك مىللەت. سىلەر شۇ مىللەتنى خىتايلار بىلەن تەڭ ھوقۇقلۇق قىلىش، ئەركىن — ئازاد ۋە پاراۋان ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قان كېچىپ، جان بېرىپ كۆرەش قىلدىڭلار، ئەمدى سىلەرنىڭمۇ يۇرت سورايدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىڭلار. بۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىم جانابلىرى شىنجاڭنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئۈرۈمچىگە بې-رىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنىدا مەھكەم ئولتۇرۇپ ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

— ياق، مەن ئۈرۈمچىگە بارمايمەن، — دېدى ھاجىم، — ياڭ جاڭجۈن دېگەن قېرى تۈلكىمۇ شۇنداق گەپلەر بىلەن تۆمۈر ئاكامنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىۋېلىپ بېشىنى يېگەن. بىز خەق قوي گۆشى يېگەنلىكىمىز ئۈچۈنمىكىن، قويغا ئوخشاش ياۋاش ۋە گول كېلىدىكەنمىز. قوينىڭ بۆرىدىن يىراقراق تۇرغىنى ياخشى.

— شېڭ دۇبەن ياڭ جاڭجۈن ئەمەس. سىز ياشاۋاتقان زامانمۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ زامانى ئەمەس. گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك مىللىي قوشۇن بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ-نى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئۆزۈڭلار تەيىنلەيسىلەر. شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ

شاھىتلىقى بىلەن تۈزۈلگەن جىمسار پۈتۈمىدە شۇنداق بەلگىلەن-گەن ئەمەسمۇ؟ بۇ پۈتۈمنىڭ ئىجراسىغا ھېلىمۇ بىز كېپىل. ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگىمۇ بىز كېپىل. ھەممىڭلارغا بىز كېپىل.

سورۇندىكىلەر ئەمدى باشقا گەپكە ئورۇن قالمىغانلىقىنى سېزىپ جىم بولۇشۇپ قالدى.

يەنە ئاپرېسوفنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى مىللىي قوشۇننى تولۇقلاپ مۇنتىزىملاشتۇرۇشقا ھازىردىن باشلاپ كىرىشسە بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىمۇ ھاجىم ئۆزىنىڭ ھوقۇقى بويىچە ھازىردىن باشلاپ تەيىنلىشى مۇمكىن. مەن بۇ گەپلەرنى شېڭ دۇبەننىڭ نامىدىن ئېيتىۋاتىمەن.

شۇ گەپلەردىن كېيىن ھاجىم بىردىنلا بوشاپ قالدى. باشقى-لارنىڭ چىرايلىرىدىمۇ رازىلىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىشكە باشلى-دى. قاسىم ئەپەندى خۇددى ئاپرېسوفنىڭ گەپلىرىنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقاندەك قېشىدىكىلەرگە بىرنېمىلەر دې-مەكتە ئىدى. پەقەت مەھمۇت مۇھىتى بىلەن نەمەت خەلپەت يەنىلا قاپىقىنى سېلىپ ئولتۇراتتى.

## 2

ھاجىم مەھمۇت مۇھىتى بىلەن نەمەت خەلپەتنىڭ ئانچە رازى ئەمەسلىكىنى سېزىپ، سۆھبەتتىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى. مەھمۇت مۇھىتى شېڭ شىسەيگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھاجىمنى ئۇرۇمچىگە بارماسلىققا دەۋەت قىلدى. نۆۋەت نەمەت خەلپەتكە كەلگەندە ئۇ خۇددى بوم ناغرىدەك بوغۇلداپ

چىقىدىغان ئاۋازى بىلەن گەپ باشلاپ:

— ھاجى ئاكا رۇخسەت قىلسا، مەن ئاۋۋال بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

— ھوي، سىز خەلپىتىم زە، قىزىق ئادەم جۇمۇ! مەدرىسىنىڭ نېنىنى بىكار يېمەپتىكەنسىز، — دەپ كۈلدى ھاجى، — ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. بۇلتۇر ياز جىمسارىدىكى چېغىمىزدىمۇ بىر ھېكايە ئېيتىپ مېنى قايىل قىلغانىدىڭىز. ئەمدى ھېكايە بىلەن مېنى يەنە قايىل قىلالاي دەۋاتامسىز؟

— دەرۋەقە، مەدرىسىدىكى چېغىمدا بىر كىتابتىن مۇنداق بىر ھېكايە ئوقۇغانىدىم، — دېدى نەمەت خەلپەت، — بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا مايمۇنلار مەملىكىتىدە كاردان دېگەن مايمۇن پادىشاھ ئىكەن. يىللار ئۆتكەنسېرى كاردان قېرىپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ ۋە پادىشاھلىق تەختىنى ئوغلىغا بېرىپ، ئۆزى خىلۋەت بىر ئارامگاھتا يالغۇز ياشاشقا باشلاپتۇ. بۇ ئارامگاھ بىر ئەزىم دەريانىڭ ياقىسىغا جايلاشقان مېۋىزارلىق باغ بولۇپ، ئۇنىڭدا پىستە ــ بادام، ئەنجۈر، شاپتۇلدىن تارتىپ جاھاندا بارلىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەييا ئىكەن. كاردان شاختىن ــ شاخقا سەكرەپ مېۋىلەرنى خالىغىنىچە يەپ ھۇزۇر قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يوغان بىر تۇپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىدا، دەريادىن بىر تاشپاقا چىقىپ، شۇ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئۆملەپ كەپتۇ. كاردان ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىككى تال ئەنجۈرنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. تاشپاقا ئۇنى ھاپىلا ــ شاپىلا يەپ بولۇپ، يەنە بارمىكىن دەپ يېنى ــ ۋىلىغا قاراپتۇ. كاردان ئەنجۈرنىڭ سۇغا چولتۇقلاپ چۈشكەن ئاۋازىغا قىزىقىپ يەنە بىر نەچچە تال تاشلاپتۇ. تاشپاقا بۇ ئەنجۈرلەرنى ئاسماندىن چۈشتى دەپ ئويلاپ، «توۋا، نەچچە

يىللاردىن بۇيان ئەجەب بىلمەپتىمەن، بۇ يەردە ئاسماندىن ئەنجۈر چۈشىدىكەن ئەمەسمۇ» دەپتۇ. كاردان بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدىلا تاشپاقا بۇ ئەنجۈرلەرنى شۇ مايمۇن- نىڭ تاشلاپ بەرگەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىپتۇ. كاردان بۇ تاشپاقىنىڭ ساددا مەخلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرەختىن چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھال — مۇڭ قىلىشقا باشلاپتۇ. تاشپاقا مۇنداق داستىخىنى كەڭ، سېخىي بىر دوست تاپقىنىدىن، كاردان بولسا، مۇنداق يالغۇزچىلىقتا بىر مۇڭداش تېپىلغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، تاشپاقا ھەر كۈنى ئۇ يەرگە كېلىدىغان، كاردانمۇ ئۇنى شېرىن مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلىپ، پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان يىللاردا ئاڭلىغان — بىلگەن ئاجايىپ — غارايىپ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوست- لۇق رىشتى باغلىنىپ، بىر — بىرىنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ. تاشپاقىنىڭ ئۆيى دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئۇنى كۆرگىلى كېلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن كەچكىچە مۇڭدىشىدىكەن.

— بۇ كېلىشمەسلىكنى قارىمامدىغان، — دەپ داۋام قىلدى نەمەت خەلپەت، — تاشپاقىنىڭ خوتۇنى تولىمۇ كۈنچى ئىكەن. ئۇ ئېرىنى «نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ» دەپ سوئال — سوراق قىلغىلى، ھەتتا، بارا — بارا «سەن ئاشنا تېپىۋاپسەن» دەپ ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقىلى باشلاپتۇ. تاشپاقا ئۆزىنىڭ ھېلىقى مايمۇن بىلەن دوستلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە زادى تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يەنە ھەر كۈنى كاردانىنىڭ يېنىغا بېرىۋېرىپتۇ. خوتۇنى مۇنداق بولۇۋەرسە ئېرىنىڭ ئۆيىدىن كۆڭلى سوۋۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇنىڭغا چارە تاپماق مەقسىتىدە

ئۆزىنىڭ دەردىنى شۇ مەھەللىدىكى بىر قېرى دەللىگە ئېيتىپتۇ.
— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دەپتۇ دەللە، — سېرىق ھېلىلىنى سۇدا ئېزىپ يۈزىڭىزگە سۈرتسىڭىز، ئۇزۇن يىل ئاغرىق تارتقان بىماردەك سارغىيىپ كېتىسىز. ئاندىن «ئۆلدۈم — ئۆچتۈم» دەپ يېتىۋېلىڭ. ئېرىڭىز ئەلۋەتتە تېۋىپ ئىزلەيدۇ ۋە چوقۇم مېنى تاپىدۇ. قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.
تاشپاقىنىڭ خوتۇنى دەللىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ، ھازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك ئىنجىقلاپ يېتىۋاپتۇ. تاشپاقا ھېلىقى دەللىنى چىللاپ كېلىپ تومۇر تۇتقۇزۇپتۇ.
— خوتۇنىڭىزنىڭ ئاغرىقى جانغا قادالغان ئاغرىق ئىكەن. دەرھال دورا قىلمىساق ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسىز، — دەپتۇ دەللە ۋە بۇ ئاغرىققا مايمۇننىڭ يۈرىكىدىن باشقا دورا يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ.
تاشپاقا «مايمۇننىڭ يۈرىكىنى نەدىن تاپۇرمەن» دەپ قايغۇ-رۇشقا باشلىغاندا، ھېلىقى دەللە: «مايمۇندىن بىر دوستىڭىز بارلى-قىنى ھەممىمىز ئاڭلىغان. ئەجەبكى، ئۇ دوستىڭىز سىزدىن بىرەر يۈرەكنى ئايىسا!» دەپتۇ. بېشىنىڭ ئىچىمۇ — تېشىمۇ قاتقان تاشپاقا «ۋاي جېنىم چوڭ ئانا، ئۇ ھەر قانچە دوستۇم بولغان بىلەن مەن سورىغانغا يۈرىكىنى بېرەمتى؟» دەپتۇ. دەللە ئاچچىقلىنىپ، «ئۇنىڭدىن يۈرەكنى سوراپ ئالامسىز، سوغۇرۇپ ئالامسىز، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. يا خوتۇنىڭىزغا تۇرۇڭ، يا مايمۇن دوستىڭىزغا، ئىككىسىنىڭ بىرى» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
ئەخمەق تاشپاقا ئاخىر نىيىتىنى بۇزۇپ كاردانىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. كاردان ئۇنىڭ نەچچە كۈنلەپ كەلمىگىنىنى ۋە چىرايىدا غەم — قايغۇ بۇلۇتلىرىنى كۆرۈپ، «سىزگە نېمە خاپىلىق يەتتى دوستۇم» دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. تاشپاقا خوتۇنىنىڭ ئاغرىپ قالغان-

لىقىنى، شۇنىڭ ئۇچۇن كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، «مۇشۇنداق كۇنلەردە دوستلۇق ھۆرمىتى ئۇچۇن مېنىڭ غېرىب كۇلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ ئايالىمدىن بىرەر ئېغىز ئەھۋال سوراپ قويسىڭىز، سىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭىز شاراپىتىدىن ئۇ بىچارە بىمار تەسەللى تېپىپ ساقىيىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس. مېنىڭمۇ بېشىم كۆككە تاقىشۇر ئىدى» دەپتۇ.

كاردان ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپتۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ دەريادىن ئۆزۈپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ئۆزرە قىلىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا تۈرلۈك مېۋىلەردىن سوۋغات ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. تاشپاقا «سۇ ئۈزەلمەسلىكىڭىز ئۆزرە ئەمەس. مېنىڭ ئۇستۇمگە مىنسىڭىز، دەريادىن بەھۇزۇر ئۆتتۇۋېرىسىز ئەمەسمۇ» دەپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ. كاردان ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي تاشپاقىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئەمما دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيۇپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تاشپاقا پەيلىنى بۇزۇۋاتقۇدەك، «ئاپلا، قىلتاقتا ئىلىنىپتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ كاردان ۋە دەرھال ھوشىنى يىغىپ، «ئەي ئەزىز دوستۇم، نېمە قىلىۋاتىسىز، ھەرىكىتىڭىز باشقىچىغۇ؟» دەپتۇ. تاشپاقا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ، «مانا شۇ ۋەجىدىن ماڭا سىزنىڭ يۈرىكىڭىز لازىم بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن سىزنى دەرياغا غەرق قىلىپ يۈرىكىڭىزنى سۇغۇرۇۋالىمەن، مەندىن رەنجىمەڭ» دەپتۇ.

كاردان ناھايىتى ئاقىل ۋە چېچەن مايمۇن ئىكەن. ئۇ دەرھال يوتىسىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ ۋە «ھەي دوستۇم، سىزدىن بىرەر يۈرەك ئايلانسۇن. ئەمما بۇ گەپنى نېمىشقا بىز يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئېيتمىدىڭىز؟ بىز مايمۇنلارنىڭ سەپەرگە چىققاندا يۈرىكىمىزنى ئۆيدە قويۇپ ماڭىدىغان ئادىتىمىز بار ئىدى. مېنىڭمۇ يۈرىكىم ئۆيدە قالغان ئەمەسمۇ!» دەپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ تاشپاقا.
— دەرھال ئۆيگە قايتىپ، يۈرەكنى ئېلىۋېلىپ يەنە يولغا چىقايلى، — دەپتۇ مايمۇن.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىغا يېنىپ دەريانىڭ بۇ قېتىغا كەلگەندە، مايمۇن بىرلا سەكرەپ ھېلىقى ئەنجۈر دەرىخىگە چىقىۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن تاشپاقا «قېنى دوستۇم، يۈرىكىڭىزنى تاپقان بولسىڭىز، تېزرەك يولغا چىقايلى» دەپتۇ مايمۇنغا خىتاب قىلىپ.
مايمۇن دەرەخ بېشىدا ئولتۇرۇپ: «ئاۋۋال مەن بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن يولغا چىقساقمۇ ئۈلگۈرىمىز» دەپتۇ ۋە ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:
يىرتقۇچلارنىڭ پادىشاھى بولغان شىر قوتۇر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ تۈكلىرى چۈشۈپ كېتىپتۇ. تېۋىپلار كۆرۈپ، بۇ كېسىلىڭىزگە ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقى دورا بولغاي دەپتۇ.
شىر تۈلكىنى بىر ئېشەك تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. شىر ماكان تۇتقان غارغا يېقىن بىر يەردە بىر دەريا بار ئىكەن. شەھەردە بوياقچىلىق قىلىدىغان بىر ئادەم بويىغان ماتا ـ چەكمەنلىرىنى ئېشىكىگە ئارتىپ كېلىپ شۇ دەريانىڭ سۈيىدە چايقايدىكەن. بوياقچى ماتا ـ چەكمەنلىرىنى قۇرۇتۇپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئېشىكى شۇ ئەتراپتا ئوتلاپ يۈرىدىكەن. تۈلكە بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغاچقا دەرھال ئېشەكنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، «ھەي بىچارە، بۇنداق سېسىق ئوتلارنى يېگۈچە، ئاۋۇ غاردىكى زۇمرەتتەك يېشىل، سۇمبۇلدەك يۇمران مايسىلارنى يېسەڭ بولماسمىدى» دەپتۇ. ئېشەك تۈلكىنىڭ گېپىگە كىرىپ غار تەرەپكە مېڭىپتۇ. تۈلكە ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق غارغا كىرىپ شىرغا خەۋەر قىپتۇ ۋە ئېشەككە ئالدىرىماي تېگىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. ئارقىدىنلا ئېشەكنىڭ ئالدىغا چىقىپ، بۇ

بىر تىلسىم غار، ئۇنىڭ ئىچىدە دەل شىرغا ئوخشايدىغان تاش بۇت بار، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمە بۇرادەر، دەپ قويۇپتۇ. ئېشەك غارغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، راستىنلا ياپيېشىل يۇمران ئوت — چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغۇدەك. بىراق ئۇ ئەمدىلا ئوتلاشقا باشلىغان-دا، نەپسى تاقىلداپ كەتكەن شىر مىدىرلاپ تاشلاپتۇ. ئېشەك بۇنى تۇيۇپ قېلىپ بەدەر قېچىپتۇ. تۈلكە ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ نېمىشقا قاچقانلىقىنى سورىغاندا، ئېشەك بايىقى ئەھۋالنى ئېيتىپ، «سەن مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ؟» دەپ تۈلكىگە كايىپ-تۇ. تۈلكە بىرمۇنچە گەپلەر بىلەن ئېشەكنى ئىشەندۈرۈپ يەنە غارغا باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ قېتىم شىرمۇ نەپسىنى يىغىپ تاكى ئېشەك خاتىرجەم ئوتلاپ قارنىنى تويغۇزۇپ، بەخىرامان ئېغناپ ياتقۇچە جىم تۇرۇپتۇ. ئاندىن تۈلكىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئېشەكنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭغا ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقىنى يېيىشتىن بۇرۇن، غۇسلى — تەرەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغانىكەن. شۇنىڭغا بىنائەن، شىر غارنىڭ ئىچكىرىسىگە غۇسلى قىلىشقا كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا تۈلكە ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقىنى يەۋاپتۇ. شىر كېلىپ ئېشەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقىنى ئاختۇرۇپ تاپالماي «تۈلكىجان، بۇ ئې-شەكنىڭ يۈرىكى بىلەن قۇلىقى يوق ئىكەنغۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ۋاي تەقسىر، بۇ ئېشەكنىڭ يۈرىكى بولغان بولسا، مېنىڭ ھىيلە — مىكىرلىرىمگە ئالدانماس ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدا قۇلاق بولسا، سىزنىڭ يىرتقۇچلۇقىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرۇقلۇق ئالدىڭىزغا ئۆز ئايىغى بىلەن كەلمەس ئىدى، دەپتۇ تۈلكە». مايمۇن بۇ ھېكايىسىنى تۈگىتىپ تاشپاقىغا مۇنداق دەپتۇ: «شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، مەن ئۇ ئېشەككە ئوخشاش يۈرىكىمۇ يوق، قۇلىقىمۇ يوق مەخلۇقلاردىن ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بوسۇغامغا

قەدەم قويغۇچى بولماڭ. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز شۇنىڭ بىلەن تامام.»

— ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا مايمۇن بىلەن تاشپاقا ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنىڭ بىزگە ئازراق پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس ھاجى ئاكا، — دېدى نەمەت خەلپەت گېپىنى ئاياغلاشتۇرۇپ.

— بۇ قالتىس ھېكايە ئىكەن. بۇ ھېكايىنى ئېيتىشتىكى مەقسىتىڭىز مېنى ئۇرۇمچىگە بارما دېمەكچىغۇ، شۇنداقمۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى نەمەت خەلپەت، — ئۇرۇمچىگە بارمىسىلا بولمايدۇ، جەزمەن بارسىلا ھاجى ئاكا. ئەمما ئاشۇ مايمۇنلارنىڭ پادىشاھى كاردانغا ئوخشاش ناھايىتى ھوشيار بولسىلا دېمەكچىمەن. قازارا، شىڭ دوبەن يۈرەكلىرىنى سوغۇرۇۋالماقچى بولۇپ قالسا، يۈرىكىم قەشقەردە، يەنى مەھمۇت سىجاڭنىڭ قېشىدا قالغان، مەن سىزگە ئەكېلىپ بېرەي دەپ دەرھال قەشقەرگە يېنىپ كەلسىلە دېمەكچىمەن.

نەمەت خەلپەتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ھاجىم بىلەن مەھمۇت مۇھىتى تەڭلا كۈلۈپ تاشلىدى. نەمەت خەلپەت ھېچنېمە بولمىغاندەك غېمىدىمۇ يوق تاۋۇز يېيىشكە باشلىدى.

— بۇنداق گاختىمۇ چاقچاق قىلامدۇ كىشى! — دېدى مەھمۇت مۇھىتى كۈلكىسىنى توختىتىپ، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا چوڭقۇر خىيال ئىزنالىرى جىلۋىلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

نەمەت خەلپەت: «بۇ چاقچاق ئەمەس سىجاڭ» دەپ يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، مېرۇل پۇگەن كىرىپ، ئاپرېسوفنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

ئاپرېسوف قاسىم ئەپەندىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۆيگە كىرىش بى-

لەنلا قولىدىكى تېلېگراف قەغىزىنى كۆرسىتىپ:

— شىڭ دۇبەندىن جاۋاب كەلدى. ھاجىم جانابلىرىنىڭ ئۇرۇمچىگە مېڭىش ئالدىدا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دوتەي، شەنجاڭـ لىرىنى ئۆزى خىزمەتكە تەيىنلىشىگە شىڭ دۇبەن تامامەن قوشۇلـ دى. مەن سىلەرنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى.

بۇ گەپلەر ھاجىمنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلدى. دېمەك ئاشۇ كۈنى خۇددى مۇشۇ ئاپرېسوفنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تۆۋىنى ناھىيە ھاكىملىرى بولۇپ يۇرت سورايدىغان، ھەتتا بىرنەچچە مىڭ كىشىـ لىك مىللىي قوشۇننى ئۆز قولىدا تۇتىدىغان كۈنلىرى كەپتۇ. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ھوقۇقىغا ھېچـ كىم تەئەررۇز قىلالمايدىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدەك بۈيۈك دۆلەتـ نىڭ كاپالىتىدىن باشقا، جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنىدىكى بىرنەچچە مىليون ئاھالە ئارقا تايانچ بولۇپ تۇرغاندا، يەنە نېمىدىن ئەنسىرەپ يۈرگۈلۈك! ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە خاتىرجەم بېرىـ ۋېرىش كېرەك. بىرەر كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىپ قالسا، نەمەت خەلپەت ئېيتقاندەك قەشقەر تەرەپكە يېنىپ كەلسە بولۇۋېرىدىغۇ!

ھاجى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇرۇمچىگە بېرىشنى ئاخىر قارارلاشتۇردى ۋە يولغا چىقىش ئالدىدا تۇنجى بولۇپ ۋىلايەت ۋالىيلىرى بىلەن بىرمۇنچە ناھىيىلەرنىڭ ھاكىملىرىنى تەيىنلەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ كۈنلا تۇرپان ياڭخىلىق ئىبراـ ھىم تۇمنجاڭ ئۇچتۇرپانغا، قۇمۇللۇق قادىر ھاجى كۇچاغا، ھاجىمـ نىڭ قېيناتىسى سادىق ھاجى بايغا، توقسۇنلۇق ھەمدۇللا يىڭجاڭ قەشقەر يېزاۋاتقا ھاكىم بولۇپ قالدى. تۇرپان ئاستانىلىق نىياز شىبرىپ ئاقسۇ ۋالىيلىقىغا، سالى دورغا بىلـەن پازىـل دورغـىلار 6 ـ دىۋىزىيە قارىمىقىدىكى مىللىي قىسىملارنىڭ لۈيجاڭلىقىغا،

نەمەت خەلپەت 6 ــ دېۋىزىيىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا رەسمىي تەيىن-لەندى. ئوغلاقچى مەنسۇر، ھېيتەم، جاباباتۇ باشلىق بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ مەنسپى ئۆستۈرۈلدى. پەقەت ھوشۇر كانتۇنىڭ مەنسپى ئۆستۈرۈلمىدى. كىشىلەر ئۇنى ھازىرىدا «ھوشۇر پەي-جاڭ» دېسىمۇ، غايىبىدا يەنىلا «ھوشۇر كانتۇ» دېيىشەتتى. مىرۇل پۈگەن «ماڭا مەنسەپىنىڭ كېرىكى يوق، بىر تامچە قېنىم قالغۇچە ھاجى ئاكامنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، رەھمەتلىك دادامنىڭ ۋەسى-يىتى شۇنداق» دەپ ھېچقانداق مەنسەپ ئالمىدى.

3

تۇرسۇن دولان لاپاسنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ، ئېگەر ــ جابدۇق ئوڭشاۋاتقان ئەنسارىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا ئاستا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىر گەپ سورىسام خاپا بولماسسىز ــ ھە، ئەنسارى ئاكا، ھاجى ئاتام بەرگەن مەنسەپنى نېمىشقا ئالمايسىز؟ — دېدى ئۇ، مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— ماڭا مەنسەپىنىڭ كېرىكى يوق!

— نېمىشقا؟

— قۇمۇلغا بېرىپ پادامنى باقىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئۇرۇمچىگە بارمامسىز؟

— بارمايمەن.

— نېمىشقا بارمايسىز؟

— ھەي ئۇكام، سەن تېخى ياش، كېيىن بىلىپ قالىسەن.

— بۇنداق قىلسىڭىز ھاجى ئاتام خاپا بولۇپ قالامدۇ؟

— خاپا بولۇپ بولدى. يەنە خاپا بولسىمۇ مەيلى. ئۇرۇمچى-

نى كۆرەر كۆزۈم يوق. تۆمۈر ئاكام بىلەن ئامانقۇلنىڭ قانلىق كۆز ياشلىرى بىلەن زېمىلشىپ ياتقان قەبرىسىنى كۆرگىلى بارامىدىمەن، بارمايمەن.

تۇرسۇن دولان ئادەتتە ناھايىتى كەم سۆز ۋە مۇلايىم يۇرىدىغان ئادەمنىڭ چىرايىغا ئەجەبسىنىپ قارىدى. ئېگەكلىرىنى سا- قال، پېشانىسىنى قورۇق باسقان بۇ پېشقەدەم جەڭچىنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ۋە ئۆكۈنۈش ئۇچقۇنلىرى چاچراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تۇرسۇن دولاننىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

— دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — يىگىرمە بىر يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن تۆمۈر خەلپە پاجىئەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئولانئۇسۇ جىلغىسىدىكى دەھشەتلىك قىرغىننىڭ بىردىنبىر تىرىك قالغان شاھىدى ئەنسارى ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇمچى سەپىرى گويا يەنە بىر قانلىق ۋەقەنىڭ مۇقەددىمىسىدەك تۇيۇلىدىغانلىقى تەبىئىي. ئەجەبا، قانلىق تارىخ يەنە تەكرارلىنىپ قالسا! ئەجەبا، ئۇچ — تۆت يىلدىن بۇيان قۇمۇل تاغلىرىدىن پامىر ئېتەكلىرىگىچە، ئالتاي يايلاقلىرىدىن خوتەن بوستانلىقىغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا تەڭلىك، ئازادلىق ئۇچۇن تۆكۈلگەن دەريا — دەريا قانلار قۇمغا سىڭگەن سۇدەك بىكارغا كەتسە!

«ياق، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس» دەپ بىردىنلا باشقىچە ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، خۇددى گارىگىن ئاپرېسوف ئېيتقاندەك، شىلىك دۇبەن ياڭ زېڭشىڭ ئەمەس. ھازىرقى دەۋرمۇ تۆمۈر خەلپە ياشىغان دەۋر ئەمەس. قۇمۇلدىن باشلانغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلھاملانغان. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ قوزغىلاڭغا بىۋاستە مەدەت بېرىپ كەلگەن. ھېلىمۇ قوزغىلاڭ

مېۋىسىنىڭ ئۆز ھەقدارلىرى قولىدا بولۇشىغا سوۋېت ئىتتىپاقى كېپىل بولۇۋاتىدۇغۇ! ئانداق بولغاندىن كېيىن تۆمۈر خەلپە پاجىئەسىنىڭ تەكرارلىنىپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ «سۇتتە ئاغزى كۆيگەن قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىدۇ» دېگەندەك، ئەنسارى ئاكامغا ئوخشاش كونا ئادەملەر كونىچە ئويلاشقا ئادەتلىنىپ قالغان. مېنىڭچە بولسا، ئۈرۈمچىگە ئەتىلا ماڭساق قانداق ياخشى بولاتتى! ئاھ زۇبەيدە، گۈزەل جامالىڭنى قاچان كۆرەرمەن!

ئاپرېسوفنى ئۇزىتىپ مېھمانخانىدىن ھويلىغا چىققان چوڭلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى تۇرسۇن دولاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ھاجىم ئاپرېسوف بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ، ئەنسارىنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە:

— يەنە ئېگەر ـ جابدۇق بىلەن ئېتىشىپ قاپسەنغۇ، قوي بۇ ئىشىڭنى! مەن بىللە كوڭكىدا ماڭسەن، — دېدى.

— ئېتىمدىن ئايرىلالمايمەن ھاجى ئاكا، — دېدى ئەنسارى تۇرغان ئىزىدا كۆزىنى ئېگەر ـ جابدۇقتىن ئۈزمەي.

— ئۈرۈمچىدە ساڭا ئات كەممۇ؟

— ياق، ئۈرۈمچىگە بارمايمەن دېدىمغۇ، بارمايمەن!

— قېنى بارمىغىنىڭنى كۆرەي، پۇت ـ قولۇڭنى باغلاپ بولسىمۇ ئەكېتەرمەن سەن توكۇر يىلپىزنى، — دەپ كۈلدى ھاجىم. ئاندىن بىردىنلا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز ھادىسە يادىغا يەتكەندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — زادى نېمە بولدۇڭلار سىلەر؟ توخنىياز زورمۇ مېنى تاشلاپ كەتتى. ئەمدى سەنمۇ... — دېدىيۇ، گېلىغا بىر نېمە تىقىلىپ قالغاندەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

دېمىسىمۇ پۈتۈن قوشۇن ئىچىدە، ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بۇ پايانسىز زېمىنىدا ھاجىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەنسارىدىن كونىراق دوست، كونىراق سەپداش يوق ئىدى. ئەنسارى بۇنىڭدىن

بىر يېرىم يىل بۇرۇن مورى دالاسىدىكى تاسادىپىي ئۇچرىششتا قايتىدىن سەپكە قوشۇلغاندىن بۇيان، جەڭ مەيدانلىرىدا گەرچە تىلغا ئالغۇدەك بىرەر چوڭ خىزمەت كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، ھاجى ئۇنى ھەر كۆرگەندە تۆمۈر خەلپىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرى، شۇ ياشلىق دەۋرىدىكى جەڭگىۋار ھاياتى ئېسىگە چۈشەتتى. ئەنسارى ئۇنىڭغا تۆمۈر خەلپىدىن قالغان بىردىنبىر قىممەتلىك يادنامىدەك بىلىنىپ، ئارىدىن چارەك ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مىڭلىغان ــ تۈمەنلىگەن ئەنسارىلار كۆتۈرگەن ئازادلىق بايرىقىدا تۆمۈر خەلپىنىڭ سۈرىتى باشقىلاتىن نۇر چېچىدۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەنسارىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلى قىيماي، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا، ئوغلاقچى مەنسۇرنى چاقىرتىپ كېلىپ، «بۇ توكۇر يىلپىزنى ساڭا تاپشۇردۇم. ئىككىڭلار بىر كوڭكىدا ئولتۇرۇڭلار، قاچۇرۇپ قويىدىغان بولساڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن» دەپ كۈلۈپ كۆزىنى قىسىپ قويىدى.

سەپەر كۈنلىرى يېقىنلاشماقتا. ھاجىمنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن «Зис»[①] ماركىلىق سەككىز يۈك ماشىنىسى دوتەي يامۇلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا قاتار تۇرۇشماقتا. بۇ ماشىنىلار شەھەرگە كىرگەن كۈندىن باشلاپ، دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدى ئادەم ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان كۆرگەزمە مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، «كوڭكا» دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەر توپى ئىككى كۆزى خۇددى چۆچەكلەردىكى يۇھا پاقىنىڭ كۆزلىرىدەك كېچە ــ كۈندۈز پارقىراپ تۇرىدىغان، ئات ــ ئۇلاغ قاتمىسىمۇ ئۆزى ماڭىدىغان بۇ ئاجايىپ «مەخلۇق» لارغا قاراپ، ھەيرانۇ ھەس بولۇشاتتى.

① «ستالىن نامىدىكى ئاپتوموبىل زاۋۇتىدا ياسالغان» دېگەن مەنىدە.

بىر كۈنى گۇگۇم ۋاقتىدا سېرىق چاچلىق بىر كۆك كۆز شوپۇر قىزىقچىلىق قىلاي دېگەن چېغى، ماشىنىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئارقا ــ ئارقىدىن قاتتىق سىگنال بېرىۋەتتى. تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئالامان خۇددى يولۋاستىن قاچقاندەك تەرەپ ــ تەرەپكە قېچىپ كەتتى، ھېلىقى شوپۇر كابىنكىدىن چىقىپ ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى ــ دە، «بۇ يەردىمۇ ئافرىقىدىكى ياۋايى نېگىرلارنى كۆرىدىكەن كىشى» دەپ قاقاقلاپ كۈلدى.

بىر چەتتە قاراپ تۇرغان تۇرسۇن دولان ئۇنىڭغا رۇس تىلىدا مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ كۆرگەنلىرىڭىز نېگىرلار ئەمەس، ئۇيغۇرلار! بىزمۇ ئۇزۇنغا قالماي مەدەنىي مىللەت بولۇپ قالىمىز. ئەمما بىز شۇ چاغدىمۇ كىشىلەر ئۇستىدىن كۈلۈشنى ئەيىب كۆرىمىز.

ھېلىقى شوپۇر ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتىپ ئەپۇ سورىدى. تۇرسۇن دولاننىڭ شۇ كۈندىكى خاتىرىسى مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئاياغلاشتى:

«... دەرۋەقە، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىدىن باشقىلار ھەرقانچە كۈلسە بولىدىغان ھەقلىق. بىزنىڭ مىللىتىمىز نېماندىلاق ئارقىدا قالغان ــ ھە! ئۇستۈپشىمىزغا ئېگىن كىيىپ يۈرگەنلىكىمىزنى دېمىسە، بەزى جەھەتلەردە خۇددى شۇ بىچارە نېگىرلارغا ئوخشاپ قاپتىمىز. تارىختا باشقىلارغا مەدەنىيەت تارقاتقان مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە 〈ياۋايى〉 بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشىدىكى سەۋەب نېمـــە؟ ھەي بىچارە مىللەت!»

## 4

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھاجىم ئۆزىنى ئۇزىتىپ شەھەر سىرتىغا چىققان ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار، يۇرت

چوڭلىرى، مىللىي قوشۇن جەڭچىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىسى بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ، ئەڭ ئالدىنقى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا چىقتى. ئاپرېسوف ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا ئولتۇردى. ماشىنىلار ئەمدى قوزغىلاي دەپ تۇرغاندا، مەھمۇت مۇھىتى ھاجىم ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ قېشىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. ھاجىممۇ كابىنكىدىن دەرھال چۈشتى. ئۇلار خۇددى تېخى خوشلاشمىغاندەك باشقىلاتىن قۇچاقلاشتى.

— ئەمدى قاچان كۆرۈشۈرمىز؟ — دېدى مەھمۇت مۇھىتى يوغان قولى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— ئاللا ئىگەم بىزنى نائۈمىد قويماس، — دېدى ھاجىممۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— يەنە بىر قېتىم ئېيتاي ھاجى ئاكا! ئۇ كۈنى نەمەت خەلپەت ئېيتقان ھېكايىنى پات ـ پات ئەسلەپ تۇرغايلا.

— خوپ، شۇنداق قىلاي، ئۇكام.

ماشىنىلار قوزغالدى. ئۈچىنچى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا كۈچا خېنىم بىلەن مودەنخان ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ يۈزى يېپىقلىق ئىدى. قالغان ماشىنىلارنىڭ كابىنكا ۋە كوزۇپلىرى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھامۇتخان لۈيجاڭ① ۋە ئوغلاقچى مەنسۇر باشلىق ئىككى يۈزدىن ئوشۇق مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن تولغانىدى. پۈتلىرى كىشەنلەنگەن سابىت داموللا بىلەن زىرىپ قارىي ھاجى ئەڭ ئاخىرقى ماشىنىنىڭ كوزۇپىدىكى قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئىككىلەن خۇددى ئاياغلىرى باغلىنىپ، قۇربانلىق قىلىشقا ئېلىپ

① بۇ ئادەم قوزغىلاڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن قومۇلدىن كۈچاغا كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە موزدۇزلۇق قىلغان. كېيىن تۆمۈر سىجاڭنىڭ سىپىگە قوشۇلۇپ قەشقەرگە بارغان ۋە شۇ چاغلاردا «لۈيجاڭ» دەپ ئاتالغان.

كېتىۋاتقان بىر جۈپ سەركىگە ئوخشايتتى.

ھېيتەم شۇ ماشىنىدا ئىدى. ماشىنىلار جامدىن ئۆتكەندە، ئۇ كابىنكىدىكى دىمىقچىلىقتا چىدىماي كوزۇپقا چىقىۋالدى ۋە بىپايان دالالارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، سادىر پالۋان ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشا ئەۋجىگە چىقىپ:

«مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم بار،
بىرى پەندنامە ئوقۇيدۇ.
مېنى مويتوگزىدا چاپسا،
تېنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.»

دېگەن قوشاق ئېيتىلغاندا، سابىت داموللىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتتى.

— ئەتتەگەي، بۇ ناخشىنى ئېيتمىسام بوپتىكەن، داموللام. كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ قالدى، — دېدى ھېيتەم ناخشىنى توختىتىپ.

— ياقەي ئوغلۇم! — دېدى سابىت داموللا، — ناھايىتى ئوبدان ناخشىنى ئېيتتىڭىز. سادىرنى چاپسا ياتلار چاپقان. مەن ئۆز قېرىنداشلىرىمىز قولىدا چېپىلىپ كېتىۋاتقىنىمىزغا يىغلايمەن.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىدىلا، كىم سىلىنى چاپىمەن دەۋاتىدۇ؟

— ھەي ئوغلۇم، بىزنىڭ تېنىمىز تىرىك بولغان بىلەن جېنىمىزغا ئاللىقاچان ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىلىچى تېگىپ بولدى. «ياتنىڭ ياندىن ئۆتىدۇ، ئۆزنىڭ جاندىن» دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ خالىسىڭىز بۇ ماقالنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقىنى مەن ھېكايە قىلىپ بېرەي.

ھېيتەممۇ ۋە باشقا يىگىتلەرمۇ قېنى، قېنى دېيىشىپ قۇلاقلى-رىنى دىڭ تۇتۇشتى.

— قاچاندۇر بىر زامانلاردا، — دەپ باشلىدى ئۇ، — بىر زەرگەر بىلەن تۆمۈرچى تام قوشنا ئىكەن. زەرگەر ئالتۇن جابدۇق، تۆمۈرچى كەتمەن — گۈرجەك سوقۇپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بىر جۈمە كۈنى ئىككىسى تەڭلا دۇكانلىرىنى تاقاپ مەسچىتكە كېتىپتۇ. زەرگەر چالا سوقۇپ تاشلاپ قويغان ئالتۇن بىلەزۈك تۆمۈرچى سەندىلى يېنىدا ياتقان كەتمەنگە تامنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ: «ھەي بۇرادەر، سەن تولىمۇ چىدىماس نېمىكەنسەن، ئۇستاڭ سېنى بازغان بىلەن ھەر بىر ئۇرغاندا ۋايجان، ۋايتوۋا دەپ جاھاننى بېشىڭغا كىيىپ، قۇلاق — مېڭەمنى يەپ كېتىسەن. ئۇستام مېنىمۇ بولقا بىلەن سوقىدۇغۇ. مەن ساڭا ئوخشاش ئاللىتوۋا دەپ قاقشاپ كەتمەيمەن. ئېيتقىنا، سەن نېمانچە قىلىسەن؟» دەپتۇ. كەتمەن زۇۋانغا كېلىپ: «توغرا، سېنىڭ ئۇستۇڭگە بولقا چۈشكەندە، سەن ئانچە ۋايجان، ۋايتوۋا دەپ كەتمەي، جىرىڭ — جىرىڭلا قىلىپ قويىسەن. چۈنكى ئاستىڭدىكى سەندەل بىلەن ئۇستۇڭدىكى بولقا سېنىڭ ئۆز جىنسىڭ ئەمەس. ئۇلاردىن يەتكەن ئاغرىق زەخمىتى سېنىڭ يېنىڭدىن ئۆتىدۇ. ئەمما مېنىڭ ئاستىمدىكى سەندەلمۇ تۆمۈر، بېشىمغا تېگىدىغان بازغانمۇ تۆمۈر، ئۆزۈممۇ تۆمۈر بولغىنىم ئۈچۈن، ئاغرىق زەخمىتى جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن!» دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن. «ياتنىڭ ياندىن ئۆتى-دۇ، ئۆزنىڭ جاندىن» دېگەن ماقال ئەنە شۇنداق كېلىپ چىققان.

ھەممەيلەن شۈك بولۇپ قالدى. ئېغىر يۈك ماشىنىسى ھارۋا چاقلىرى ئويۇۋەتكەن ئوڭغۇل — دوڭغۇل توپا يولدا گوداڭ-دىن — گوداڭغا چۈشۈپ چاڭ — توزان ئىچىدە ئۇ يانغا بىر — بۇ يانغا بىر چايقىلىپ ماڭاتتى.

هاجىم كوچادا بىر كۈن دەم ئېلىپ يەنە يولغا چىقتى. كوچا خېنىم بىلەن مودەنخان ئاي ـ كۈنى يېقىنلاپ قالغانلىقتىن كوچادا قالدى. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ھوشۇر كانتۇمۇ ئۈچ يىگىت بىلەن كوچادا قالدى.

ماشىنىلار توقسۇندا توختىغان كۈنى ئەنسارى پېشانە تەرلە-رىنى سۈرتە ـ سۈرتە ھاجىمنىڭ قېشىغا ئاقساقلاپ كىردى.

— كەل توكۇر يىلپىز، توقسۇننىڭ ئىسسىقى جېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ ـ ھە! ئاگال ئۇسسۇزلۇق ئىچۋال، — دېدى ھاجىم مۇلايىملىق بىلەن ئۇسسۇزلۇق قاپىقىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ.

— رەھمەت ئاكا، مەن ئۆزلە بىلەن خوشلاشقىلى كىردىم. ئۆزلەنى خودايىمغا ئامانەت.

— قارا سېنى! نەگە كەتمەكچىسەن؟

— يۇرتقا كېتىۋالاي، ماڭا رۇخسەت قىلسىلا ئاكا!

— ئۇرۇمچىگە نېمىشقا بارمايسەن؟

— بارمايمەن، ئۇرۇمچىنى تولا كۆرگەن.

— قوي بۇ گېپىڭنى. مەن بىللە بارسەن دېدىم، بارىسەن.

— ياق، بارمايمەن. تۆمۈر ئاكام بىلەن ئامانقۇلنىڭ قان ئارىلاش كۆز ياشلىرى بىلەن زەيلىشىپ ياتقان قەبرىسىنى كۆرمە-گىنىم تۇزۇك.

ھاجىمنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەڭ قاسقانلىق ھەربىي شەپكە بىلەن تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنگەن چىرايىنى چۈشىنىكسىز بىر ئىپادە قاپلىدى. ئۇ ياقىسىدا گېنېرال مايورلۇق ئالتۇن چەن پارقىراپ تۇرغان ماش رەڭ نېپىز شېرىس ھەربىي فورمىسى ئۈستىدىن باغلىۋالغان يالتىراق تاسما كەمىرىنى

تۇتقان پېتى جىم ئولتۇرۇپ قالدى ۋە بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلما! ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار. شىنىڭ دۇبەن بىلەن ئارىمىزدا توختام پۈتۈلگەنلىكىنى بىلىسەنغۇ، بۇ توختامغا چوڭ بىر دۆلەت كېپىل بولغان.

— ھاجى ئاكا، مەن ئاقسۇدىكى چېغىمدىلا ئېيتتىمغۇ، بۇ توختام ئاللانىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» دىنمۇ ئۇلۇغمۇ؟ لى شۇفۇ دېگەن مەلئۇن تۆمۈر ئاكامغا «قۇرئان» تۇتۇپ بېرىپ، ئاخىر نېمىلەرنى قىلمىغان؟ بارىمەن دېسىلە، ئۆزلە بېرىۋەرسىلە.

ھاجىم «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ ئىچىنى تىنىشاپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ ئارىدا، ئاپرېسوف بىلەن قاسىم ئەپەندى كىرىپ، ماشىنىلارنىڭ تەييار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەنسارى قىلىن چاڭ — توزانلار ئىچىدە ئۇرۇمچى تەرەپكە كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

«ھاجى ئاكامنى قانداق قىسمەت ئۇرۇمچىگە سۆرەپ كېتىۋاتىدىكىن — ھە!» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# «ئۆرۈمچى سىزنى كۈتىدۇ»

1

توقسۇندىن يولغا چىققان ماشىنىلار ئۇگغۇل ـ دوگغۇل توپا يولدا قويۇق چاڭ توزدۇرۇپ، توپتوغرا شىمالغا قاراپ ماگماقتا ئىدى. ھەممىنىڭ ئالدىدىكى ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان قارا قۇمچاق يىگىت ئورازبېك يېنىدا ئولتۇرغان قارا ساقال كىشىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىلىندۇرمەي قاراپ قوياتتى. ئۇ كىشى يەنى خوجىنىياز ھاجى بولسا، كابىنكىنىڭ ئەينىكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئىشىكىگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇر-كۈتنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان دۈگىلەك كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەن پېتى قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شىكارغا چىققان كۈنلىرى بىرەر ئوۋنى قارىغا ئالغاندا ياكى بىرەر جىددىي مەسىلە ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ بىئارام بولغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەنە شۇنداق بولاتتى.

ئۇ ھەمدى شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ ئەنسارىنىڭ بايىقى گەپلىرىنىمۇ؟ ياكى تەۋەككۈل قىلىپ ئۈرۈمچىگە بارغاندا،

ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئەشەددىي رەقىبى، ئەمدىلىكتە بولسا ئىتتىـ
پاقداش دوستى بولۇپ قالغان شىپىڭ شىسەي بىلەن قانداق كۆرۈـ
شۈشنى، نېمىلەر دېيىشىشنى؟ ياكى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم بولغان
ئاللىقانداق ئىشلارنىمۇ؟ بىراق ئۇنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇـ
لۇپ كەتكەن چىرايى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان بارماقـ
لىرى بىلەن قويۇق ساقىلىنى پات ـ پات قاشلاپ قويۇشى
ئەنسارى ئېيتقان بايىقى گەپلەرنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانچىلىك
قاتتىق مۇجۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئەنسارى
بايىقى گەپلىرىنى جانلىق شاھىت سۈپىتىدە ئېيتقان ئەمەسمىدى!

بىر ھازادىن كېيىن ئوك قول تەرەپتە توقسۇندىن تۇرپانغا
بارىدىغان ئاچا يول كۆرۈنۈپ قالدى. ماشىنا يول ئاغزىغا
كەلگەندە:

— ئوڭغا بۇرۇل! — دېدى ھاجى شوپۇرغا بۇيرۇق بېرىپ.
شوپۇر ئورازبېك ماشىنىنى سەل ئاستىلىتىپ، ھېچنېمىنى چۈشەنـ
مىگەندەك ھاجىغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— ئوڭغا بۇرۇل دەۋاتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى ھاجى
شوپۇرنىڭ كۆزىگە قاراپ.

شوپۇر نېمە قىلارىنى بىلمەي يەنە ئىككىلىنىپ تۇرغاندا
ھاجىم «تۇرپانغا بارىمەن، خوتۇن تالاق، ئۇقتۇڭمۇ!» دەپ ۋارقىـ
راپ رولغا ئېسىلدى.

ئورازبېك رولنى ئوڭغا بۇرىدى. ماشىنا تۇرپان تەرەپكە راۋان
بولدى.

ئىككىنچى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرغان ئاپرېسوف بۇ
ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەنـ
مىگەندەك قىلىپ كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى. ھاجى
ئولتۇرغان ماشىنا تەخمىنەن ئۈچ يۈز مېتىر ئۇزاپ كەتكەنىدى.

ئاپرېسوف شوپۇرغا ئۇنى قوغلاپ يېتىشنى بۇيرۇدى. شوپۇر يولنىڭ ياماتلىقىغا قارىماي، ماشىنىنى ئەڭ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ھەيدەپ ئاخىر ئالدىدىكى ماشىنىغا يېتىشىۋالدى ــ دە، ياندىپ ئۆتۈپ يولنى توسىۋالدى.

— ھاي ئوراز، ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ تۇرپان تەرەپكە كېتىۋاتقىنىڭنى بىلمىدىڭمۇ؟ — رۇسچە ۋارقىرىدى ئاپرېسوف ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ.

ئورازبېك كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، «ئاۋۇ چوڭ كىشىنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق» دەپ دولىسىنى چىقاردى.

ئاپرېسوف يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ شوپۇرغا كايىشقا باشلىدى. ھاجىم ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقمىسىمۇ، گەپنىڭ نېمە توغرىسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىدا جىم ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغىچە قاسىم ئەپەندى ئولتۇرغان ماشىنىمۇ يېتىپ كەلدى.

— ھاجىم جانابلىرى نېمشقا تۇرپانغا بارىدىغان بولۇپ قالدىكىن؟ — سورىدى ئاپرېسوف ھاجىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— باش كونسۇل جانابلىرىغا ئېيتىڭ، — دېدى ھاجىم قاسىم ئەپەندىگە قاراپ، — تۇرپانغا بېرىپ، مەخسۇت باي بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىق شېھىتلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلايمەن.

— ئاڭلىشىمچە، ئاۋغۇست ئايلىرىدا تۇرپان شەھىرى ئوتتەك قىزىپ كېتىدىكەن، ھاجىم جانابلىرى بولسا تاغدا ئۆسكەن. بۇنداق چاغلاردا تۇرپاننىڭ ئىسسىقى ھەرەج قىلۇرمىكىن، — دېدى ئاپرېسوف چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ئىسسىق بولسىمۇ، سوغۇق بولسىمۇ ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ ھاۋاسى بىزگە يېقىملىق. باش كونسۇل جانابلىرى مەندىن غەم يېمىگەي.

— ھاجىم جانابلىرىنىڭ بۇنداق نىيىتى بولسا بىزنى بۇرۇن-راق ۋاقىپلاندۇرۇپ قويسا بوپتىكەن، — دېدى ئاپرېسوف چىرايىنى سەل ئۆزگەرتىپ.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇزە، مەن شور پېشانە كېلىنمىدىم، ھەر قەدىمىمنى قېيىنانىدىن سوراپ باسقىلى!

«كېلىن» ، «قېيىنانا» دېگەن سۆزلەر ئاپرېسوفقا قاتتىق تەند-دەك بىلىندى چېغى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ يېتىلگەن دىپلوماتلارغا خاس تەمكىن-لىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھاجىمدىن تەبەسسۇم بىلەن كەچۈرۈم سورىدى. بىراق شۇ تاپتا بىرەر سىنچى ئادەم بولسا، ئۇنىڭ شۇ تەبەسسۇم ئويناپ تۇرغان لەۋلىرىدە «خەپ توختاپ تۇر، سەن ساقاللىق يىلپىزنى» دېگەن مەنىدىكى ئىستىھزا ئالامەت-لىرى بىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەي قالمايتتى.

2

ھاجىم تۇرپانغا كېلىپ ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىققا يېقىن باغرى مەھەللىسىدىكى چوڭ جامەدە ئوقۇدى ۋە نامازدىن كېيىن جامائەت بىلەن قەبرىس-تانلىققا ماڭدى.

ئابىھاي، تۇرپان خەلقى نېمىدېگەن ئاجايىپ، نېمىدېگەن جۇشقۇن خەلق! ھاجىمنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى نەلەردىندۇر ئۇ-قۇپ، شەھەر خەلقىنىڭ يېرىمى قوزغىلىپ چىققاندەك قەبرىستانلىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ھاجىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەبرى-سى ئالدىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بولغاچ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئوت يۈرەك ئىنقىلابىي شائىرىنى يادلاپ، بىرنەچچە ئېغىز سۆز

قىلىش بىلەن «ئامىن، ئامىن» دېگەن ھەيۋەتلىك سادا بوراندەك گۈرۈلدەپ، پۈتۈن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بوۋايلارنىڭ ئاپئاق ساقاللىرى بىلەن مومايلارنىڭ قورۇق باسقان مەڭىزلىرىدە ياش تامچىلىرى پارقىرايتتى. مىڭلىغان كۆزلەر بۇ قارا ساقال كىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك ئۇنىڭغا زوق ـ شوق بىلەن قاراپ تويمايتتى.

شۇ ئارىدا كۆرۈنۈشىدىن يىراق سەپەردىن يېڭىلا كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي، قىزىل يۈزلۈك، قاڭشارلىق بىر يىگىت ھاجىمغا سالام بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قۇمۇلدىن مۇھىم خەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى ۋە قېلىن بىر لېپاپنى ئىككى قوللاپ سۇندى.

ھاجىم ئادەتتە خەت ـ چەكلەرنى نەممەت خەلپەت ياكى تۇرسۇن دولانغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. بۈگۈن بولسا ئۆزى ئوقۇماقچى بولۇپ، لېپاپنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېچىۋىدى، ئىچىدىن ئايرىم پۈكلەنگەن ئىككى پارچە خەت چىقتى. بىرىنچى خەت ھاجىمنىڭ ئىنىسى باقىنىياز نامىدىن ناھايىتى قىسقا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھاجىمنىڭ چوڭ خوتۇنى قەمەرخان ئايالنىڭ قاتتىق ئاغرىپ سەكرات ھالىتىدە ياتقانلىقى، ھاجىمنىڭ دەرھال قۇمۇلغا كېلىپ رازىلىق ئېلىشىپ قېلىشى زۆرۈرلۈكى يېزىلغان؛ ئىككىنچى خەت قۇمۇل مۆتىۋەرلىرى ۋە يۇرت چوڭلىرىدىن سەدەنشا ئاخۇنۇم، يۈسۈپ تەيجى، يولۋاس، ھەسەن بالاھاجى باشلىق ئون نەچچە كىشى نامىدىن يېزىلغانىدى.

بۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ ھاجىمنىڭ چىرايى بىر قىسىملا بولۇپ كەتتى. قەغەز تۇتقان بارماقلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى. ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغان قاسىم ئەپەندى بۇنىڭ پەۋقۇلئاددە خەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، تۇرسۇن دولانغا مەنە-

لىك قاراپ قويىدى ۋە بۇ ھەرىكىتى بىلەن «ھاجىم بۇ خەتنى ساڭا بېرىشى مۇمكىن، سەن يېقىنراق بار» دېمەكچى بولدى. بىراق، ھاجىم خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا يانچۇقىغا سالدى ـ دە، خەت ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى يىگىتنى ئۆزى بىلەن بىللە مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. مەلۇم بولدىكى، بۇ يىگىت قۇمۇل-دىكى مەشھۇر باي سودىگەر ھەسەن بالاھاجىنىڭ ئىش باشقۇرغۇ-چىسى ئەزىز ئەپەندى①دېگەن كىشى بولۇپ، تېخى تۈنۈگۈن ئاخشاملا تۇرپانغا يېتىپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى توقسۇندا، ئۇ يەردە بولمىسا ئۈرۈمچىدە بولسىمۇ ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ خەتنى ئۇنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇش ئىكەن.

— ئالالاغا شۈكۈركىم، — دېدى ئەزىز نىيازى، — تەقدىرنىڭ بۇ تاسادىپىيلىقى بىلەن جانابلىرىنىڭ دىدارىنى تۇرپان-دا كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولدۇم، ھاجىم ئاكا.

— چوڭ ئىش قىپسىز ئۇكام، — دېدى ھاجىم، —قېنى ئېيتىڭا قەمەرخان ئاچىڭىزنىڭ ئاغرىقى راستىنلا شۇنداق ئېغىرمۇ؟

ئەزىز نىيازى كۈلۈپ تاشلاپ مۇنداق دېدى:

— يوقسۇ، ئەندىشە قىلمىسىلا ھاجى ئاكا، قەمەرخان ئايلام ساق ـ سالامەت، پەقەت ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئىككىنچى خەتكە دالدا قىلىش ئۈچۈنلا ئۇ خەت شۇنداق يېزىلغان.

شۇ گەپلەردىن كېيىن ھاجىم ئىككىنچى خەتنى يەنە ئوقۇشقا كىرىشتى. بۇ خەت ئۇنى ئۈرۈمچىگە بارماسلىققا، ئەڭ ياخشىسى قۇمۇلغا قايتىپ كېلىشكە قىلىنغان دەۋەتنامە بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆمۈر

---

① بۇ كىشى ھازىرقى كۈندە پېشقەدەم زىيالىي ۋە مەشھۇر خەتتات سۈپىتىدە جەمئىيەتكە تونۇلغان ئەزىز نىيازى ئىدى.

خەلپىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىكى سۆز ـ ئىبارىلەر شۇنداق كۈچلۈك ۋە تەسىرلىك ئىدىكى، ھاجىم قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتقان ھالدا ئۆيىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا تىنماي مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ بىردىنلا ئىزىدا توختاپ، «... يولۋاس بېگىم بەركامال سەممىيەت بىلەن ھاجىمدىن ئەپۇ سورايدۇ. جانابىي ئاللانىڭ مۇقەددەس كالامىنى شاھىت قىلىپ تۇرۇپ، چىن ئىخلاس بىلەن قەسەمياد قىلىدۇركى، مۇبادا ھاجىم قوبۇلغا قايتىپ كەلسە، ھەتتاكى ئۇرۇمچىدىن باشقا بىر دىياردا تۇرسىمۇ، ئەبەدىلئەبەد ساداقەتمەنلىكىدە مەھكەم تۇرغۇسىدۇر» دېگەن جۈملىلەرگە يەنە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاچ، — يۇرت مۆتىۋەرلىرى مېنى يولۋاسقا ئىشەنسە بولىدۇ دېمەكچىمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، كېمىگە چۈشكەنلەرنىڭ ئۈمىدى بىر دېگەن ماقال بار، ھاجى ئاكا، — دېدى ئەزىز نىيازى، — يولۋاس بېگىمنىڭ جانابلىرىغا ساداقەتمەنلىك بىلدۈرگىنىگە مەنمۇ گۇۋاھ.

— خەير، مەن ئۆزۈمنى توختىتىپ بىر قارارغا كەلگۈچە سىز تۇرپاندىن كېتىپ قالماڭ، — دېدى ھاجىم گەپنى تۈگىتىپ.

3

— راستىنى ئېيت، ئۇ خەتتە زادى نېمىلەر يېزىلغان؟ سەن ھاجىم بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەندە، نېمە قۇتراتقۇلۇقلارنى قىلدىڭ؟

تۇرپان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ياداڭغۇ كەلگەن، ئېگىز بويلۇق، چېكىلىكتىن قارىداپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئارىسىدا ئىككى تال ئالتۇن چىشى پارقىراپ تۇرغان سەمەت جۈيجاڭ

كېچىدىن بېرى سولاقتا ياتقان ئەزىز نىيازنى ئىشخانىسىغا ئالدۇ-رۇپ چىقىپ، ئەنە شۇنداق سوراق قىلىۋاتاتتى. ئاپرېسوف بىلەن قاسىم ئەپەندى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان پەردىنىڭ ئارقىسىدا سوراق ئەھۋالىنى تىڭشاپ تۇراتتى.

— مەندەك بىر ئاددىي پۇقرانىڭ هاجى ئاكامغا ئوخشاش بۈيۈك ئەربابقا قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟ — دېدى ئەزىز نىيازى، — سىز مېنى يەنە قانداقسىگە هاجىم بىلەن مەخپىي كۆرۈشتۈك دەيسىز، ئۇ كىشى مېنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئوچۇق — ئاشكارا باشلاپ كىرگەن تۇرسا!

— هە ئەمىسە ئېيتە، هېلىقى خەتتە زادى نېمە گەپ بار؟

— ئەرەبلەردە «ئەتتەكرارۇن قەبىھۇن» يەنى بىر گەپنى تەكرارلاۋېرىش يامان ئادەت دېگەن گەپ بار، — مەسخىرە بىلەن كۈلۈمسىرىدى مەھبۇس، — هېلىلا سىزگە ئېيتتىمغۇ، هاجى ئاكامنىڭ چوڭ خوتۇنى قەمەرخان ئايلا سەكرات هالىتىدە يېتىپتۇ. ئۇ خەتتە هاجىم قەدىناس ئايالىنىڭ يۈزىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈ-ۋالسۇن دېگەندىن بۆلەك گەپ يوق.

— ياق ... ياق ... ھەي گەپدان يىگىت، سىزبىزنى ئالداۋاتىسىز، — دېدى ئاپرېسوف پەردىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، — بىز ئاۋۋال باشقا بىر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساق بولغۇدەك، سىز ياش بولغىنىڭىز بىلەن خېلى قاقۋاش كۆرۈنىسىز. قېنى ئېيتىڭا، سىز زادى نېمەكەسىپ قىلىدىغان ئادەم؟

— بىر باي سودىگەرنىڭ كونتورىدا ئىشلەيمەن. بەزىدە مال ساتقۇچىلىق قىلىمەن.

— مانا — مانا، رۇسچىدىنمۇ خەۋىرىڭىز بار ئوخشايدۇ. ئەرەبچە، پارسچىدىن ھەم شۇنداقمۇ؟

— ...

— قىنى ئېيتىڭا، سىز نەدە ئوقۇغان؟
— ماناستىكى دىنىي مەكتەپتە.
— رۇسچىنى قايسى مەكتەپتە ئۆگەنگەن؟
— مەكتەپتە ئەمەس، ئۆزلۈكۈمدىن ئوقۇپ ئانچە - مۇنچە بىلىۋالغان.
— كىتاب ئوقۇپ تۇرامسىز؟
— چىشىم پاتقۇدەك كىتاب بولسىلا قىزىقىپ ئوقۇيمەن.
— بەللــى، بەللى، دېمەك سىــز ئــاددىي ئادەملەردىن ئەمەس، — دېدى ئاپرېسوف ئۆزىنى سالاپەتلىك تۇتۇپ، — قۇمۇلدىكىلەرنىڭ ھاجىمغا ئۇ خەتنى نېمىشقا سىزدىن چىقارغانلىقىمۇ ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى. قېنى ئېيتىڭ، سىز ھاجىمغا نېمىلەرنى دېدىڭىز؟
— ئامانەت خەتنى تاپشۇرغاندىن باشقا ھېچنېمە دېمىدىم.
— ھېچنېمە دېمىسىڭىز، ھاجىم سىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، نېمىشقا بىردىنلا ئاينىپ قۇمۇلغا بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدۇ؟
— بۇ گەپلەردىن خەۋىرىم يوق، مېنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشقۇدەك سالاھىيىتىممۇ يوق.
— ماقۇلە، شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى، سىز زادى قانچە پارچە خەت ئېلىپ كەلدىڭىز؟
— بىر پارچە.
— يالغان، — دېدى قاسىم ئەپەندى، — مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، بىر پارچە ئەمەس، ئىككى پارچە.
— مەن ھاجى ئاكامغا پەقەت بىر كونۋېرت بەردىم.
— دېمەك، سىزنى ئۇچۇقداپ قويمىساق، — دېدى ئاپرېسوف، — راستىڭىزنى ئېيتمايدىغان ئوخشايسىز، قېنى ساقچى ناچالنىك، بۇ يىگىتكە ھۈنىرىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭ.

سەمەت جۈيجاڭنىڭ ئىشارىتى بىلەن يەڭلىرىنى جەينەكلىرىگىچە تۈرۈۋالغان ئۈچ جاللات ئەزىز نىيازنىغا يېپىشتى.

دەل شۇ چاغدا ھويلىدا دۈكۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. ئوغلاقچى مەنسۇر بىر توپ قوراللىق يىگىتلىرى بىلەن ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگۈچە، ئاپرىسوف بىلەن قاسىم ئەپەندى پەردە ئارقىسىدىكى ئىشىكتىن باشقا ئۆيگە چىقىۋالدى.

ئوغلاقچى مەنسۇر ئۈن ـ تىنسىز كېلىپ، ئەزىز نىيازنىڭ پۇت ـ قولىنى بوشاتتى. ئاندىن تۇرغان يېرىدە تامدەك قېتىپ قالغان سەمەت جۈيجاڭغا قاتتىق ھومىيىپ:

— بىز بىلەن ماڭ، ھاجى ئاكام سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

× × ×

ھاجىم چۈشكۈن قىلغان باغۋارانلىق ئازادە ئىمارەتنىڭ ھويلىسىدا باش ـ كۆزى يېرىلغان سەمەت جۈيجاڭ داق يەرگە تىزلىنىپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، — دەپ يالۋۇراتتى.

— ماڭا خەت ئېلىپ كەلگەن ئادەمنى تۇتۇپ سوراق قىلىدىغان ھوقۇقنى ساڭا كىم بەردى؟ ئېيت، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن!

— مەن ئېزىپتىمەن، ھاجى ئاتا.

— قېنى ئېيتە، سېنى كىم ئېزىقتۇردى؟

— ...

— ئېيت دەيمەن، — دېدى ھاجىم يان قورالىنى چىقىرىپ.

— راستىمنى ئېيتسام، ھاجى ئاتا، ماڭىمۇ ئىلاج يوق. مەن

ۋەزىپە كىشىسى. شىڭ دۇبەن جانابلىرىدىن بۇيرۇق بار. قۇمۇل تەرەپتىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى، خۇسۇسەن خوجىنياز ھا- جى بىلەن باردى ـ كەلدىسى بار ئادەملەرنى تۇتۇپ، سوراق قىلىپ نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىسەن دېگەن.

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟

— راست، مىڭ مەرتىۋە راست، — دېدى سەمەت جۇيجاڭ خۇددى ئۆزىگە قۇتۇلۇش يولى تېپىلغاندەك سەل يېنىكلەپ.

ھاجىم قۇمۇلدىن كەلگەن خەتلەرنىڭ ئىككىنچىسىنى ئو- قۇپ، بىر ھازا ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، ئورۇمچىگە بارماسلىق خىيالىغا كېلىپ تۇرغاندا، سەمەت جۇيجاڭ ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرى- شى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ئىقرارى ھاجىمغا چوڭ دەستەك بولۇپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئاپرېسوفنى قىچقى- رىپ كېلىش ئۈچۈن «قاسىم ئەپەندى قېنى» دەپ تووۋلىدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بۇ يەردە يوقلۇقىنى ئېيتتى.

— قېنى سەن تۇرسۇن، ھە، چاپسان بېرىپ ئاپرېسوف بىلەن قاسىم ئەپەندىنى قىچقىرىپ كەل، — دېدى ھاجىم، ئاندىن سەمەت جۇيجاڭغا ئەزىز نىيازىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇيرۇق بەردى:

— ھازىردىن باشلاپ بۇ كىشىگە سەن كېپىل، مۇبادا ئۇنىڭ بىر تال تۈكىگە چېقىلىدىغان بولساڭ، جېنىڭدىن جۇدا بولىسەن. ئاڭلىدىڭمۇ!

× × ×

— قېنى ئېيتە، شىڭ دۇبەن ساڭا نىمە بۇيرۇق بەرگەن؟ باش كونسۇل جانابلىرىمۇ ئاڭلىسۇن، — دېدى ھاجىم پەگادا قول

قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان سەمەت جۇيجاڭغا.
سەمەت جۇيجاڭ ئاستىرتىن ئاپرېسوفقا قارىدى. ئاپرېسوف ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ جىم ئولتۇراتتى.
— ھەي لومودى، ئېيت دەۋاتىمەن سېنى، — ۋارقىرىدى ھاجىم. سەمەت جۇيجاڭ تىترەپ كەتتى ۋە ئاخىر دۇدۇقلاپ تۇرۇپ شىڭ دۇبەننىڭ ھېلىقى بۇيرۇقىنى تەكرارلىدى.
— ماڭ، ئەمدى يوقال كۆزۈمدىن، — دېدى ھاجىم، ئاندىن ئاپرېسوفدىن سورىدى، — ئاڭلىدىڭىزمۇ باش كونسۇل جانابلىرى؟ بۇ قانداق گەپ؟
قاسىم ئەپەندى تەرجىمانلىق قىلىۋېتىپ تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى.
— مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن شىڭ دۇبەنگە قانداق ئىشىنەلەيمەن، — داۋام قىلدى ھاجىم، — يەنە قان تۆكۈلۈۋېرىپ، ئەل ـ يۇرت ئېخىمۇ خانىۋەيران بولمىسۇن، پۇقرالار تىنچ ـ ئامان تىرىكچىلىك قىلسۇن، ھەممىمىز ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتەيلى دەپ، سىزنىڭ شۇرالار ھۆكۈمىتى نامىدىن بەرگەن كاپالىتىڭىزگە ئىشىنىپ ئۈرۈمچىگە بارساممۇ باراي دەۋاتسام، ئۇ نېمە قىلىپ يۈرىدۇ! بۇنداق گاختا مەن ئۈرۈمچىگە يوق بار دەپ بارامدىمەن؟ بولدى، مېنى توسۇماڭ. ماڭا ئەمەل ـ مەنسەپنىڭمۇ كېرىكى يوق. يۇرتقا كېتىپ ئۆز تىرىكچىلىكىمنى قىلىمەن.
بۇنىڭسىزمۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ھاجىمنى قۇمۇل سەپىرىدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سائەت ـ سائەتلەپ پاراڭلىشىش، ئۈرۈمچىگە تېلېگراما بېرىش، خەت يېزىش، ھەتتا كونسۇلخانا ئارقىلىق شىڭ شىسەي بىلەن تېلېفوندا بىۋاسىتە سۆزلىشىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ھېرىپ ـ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپاننىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىغا چىدىماي ھالىدىن كېتەي دەپ

قالغان ئاپرېسوف ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئاپئاق قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېلىپ ئاستا گەپكە كىرىشتى. ئۇ ئۆز سۆزىدە ئەزىز نىياز ۋەقەسى ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان، شېڭ دۇبەننىڭ ھېلىقىدەك بۇيرۇق بەرگىنى يالغان. بۇنى سەمەت جۇيجاڭ ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان دەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى ۋە ھازىرلا شېڭ دۇبەنگە تېلېفون بېرىپ، بۇ بۇيرۇقنىڭ يالغانلىقىـ نى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھاجىمنى شېڭ دۇبەندىن ھەرـ گىز گۇمانلانماسلىققا دەۋەت قىلدى.

— بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى. قانداق قىلسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، — دېدى ھاجىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — مەن ئەتە قۇمۇلغا ماڭمىسام بولمايدۇ. خوتۇنۇمنىڭ سەكرات ھالىتىدە ياتقانـ لىقىنى ئاڭلىدىڭىز. ھەتتا ئۇ خەتنىمۇ كۆردىڭىزغۇ.

ئاپرېسوف شېڭ دۇبەندىن جاۋاب كەلگۈچە ئۇنىڭ بىرەر كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپ:

— ھېچبولمىغاندا، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىڭ، — دېدى.

## 4

ئەتىسى كۈن پاتارغا يېقىن، ئۈرۈمچىدىن تاھىر بەگ باشچىـ لىقىدا بىر ھال سوراش ئۆمىكى تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئۆمەك ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر بايلىرىدىن گۆش يۈزلۈك، قارا ساقال، ئوتـ تۇرا بويي كەلگەن روزى ھاجىم، بېشىغا سەللە ئورىۋالغان قىزىل بۇرۇن، چارساقال نەزەرقازى، ئاتاقلىق خۇيزۇ ئۆلىماسى ئېگىز بويلۇق، ياداڭغۇ كەلگەن، كوسا ساقال مالياڭجۇن ئاخۇن، قارا مەخمەل تەقى، ناۋات رەڭ چۇچۇنچە يەكتەك، سېرىق خۇرۇم ئاياغ كىيىپ، چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان ئېگىز بويلۇق خۇسەيىن

چانشىپ، قويۇق بۇرۇتى بىلەن تېخىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنىدىغان تۇرسۇنبابا، كۆرۈنۈشىدىن ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىكەنلىكى نامايان بولۇپ تۇرىدىغان قازاق زىيالىيسى ۋە جامائەت ئەربابى بايموللا قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەردىن تەركىب تاپقان. ئۆمەك تەركىبىدە يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىككى ھەربىي ئەمەلدارمۇ بار ئىدى.

شىنخەي ئىنقىلابى نەتىجىسىدە، جۇڭگو تارىخىدا دۇنياغا كەلگەن تۇنجى جۇمھۇرىيەتكە سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنى دازۇڭ-تۇڭ (بۈيۈك رەئىس جۇمھۇر) لۇققا سايلاش ئۈچۈن 1912 — يىلى 1 — يانۋار كۈنى نەنجىڭدا چاقىرىلغان قۇرۇلتايغا شىنجاڭ ئۇيغۇر-لىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ بارغان تاھىر بەگ بۇ كۈنلەردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مىللەتلەر بىرلەشمىسى-نىڭ رەئىسى ئىدى. شېڭ شىسەي تاھىر بەگنىڭ بىرقانچە تىلنى بىلىدىغان چوڭ زىيالىي، ھەممە ئىبتىراپ قىلىدىغان جامائەت ئەربا-بى ۋە خوجىنياز ھاجىنىڭ سىرداش دوستى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنى شۇ مەنسەپلەرگە قويغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قىلىپ ھاجىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدى.

تۇرسۇن دولان تاھىر بەگنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن تېرىسى-گە پاتماي، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. تاھىر بەگمۇ ئۇنى باغرىغا بېسىپ:

— يارايسەن ئوغلۇم، مانا ئەمدى بوي — بەستىڭ تولۇپ، يۈزۈڭمۇ ئاپتاپتا كۆيۈپ ھەقىقىي جەڭچىگە ئوخشاپسەن، — دېدى.

— رەھمەت بەگ ئاتا، مۇبارەك دىدارلىرىنى كۆرۈپ ئانا شەھىرىم ئۈرۈمچىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، — دېدى تۇرسۇن ئاندىن، — ئۈرۈمچىدىكى يېقىنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى

تــىنچلىقتۇ؟ — دەپ سوراپ تاشلاپ «ۋىللىدە» قىزىرىپ كەتتى.

تاھىر بەگ بۇ قىزىرىشنىڭ سەۋەبىنى دەرھال چۈشىنىپ:

— ھەممەيلەن تىنچلىق، سىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىڭـمۇ تىنچلىق، — دەپ مەنىلىك كۈلۈپ قويىدى. تۇرسۇن دولان يەرگە قاراپ تۇرغاچقا، تاھىر بەگنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلـىرىدە ياش ئەگىپ تۇرغىنىنى كۆرمەي قالدى.

تۇرسۇننىڭ سۆيگىنى زۇبەيدە بىر نېمە بولدىمۇ نېمە!

× × ×

ئۆمەك يېتىپ كېلىش بىلەنلا دوقمۇشتا — دوقمۇشتا تۆت بۇرجەكلىك يوغان تامغا بېسىلغان ئېلانلار چاپلاندى. بۇ ئېلانلاردا تۇرپان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەمەت دېگەن «بۇزغۇنچى ئۇنسۇر»نىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، شىڭ دۇبەن نامىدىن يالغان بۇيرۇق ئويدۇرۇپ چىقىپ شىڭ دۇبەن بىلەن ھاجىمنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغانلىقى، بۇ ئېغىر جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ۋە بۇ ھۆكۈمنىڭ دەرھال ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى جاكارلانغان.

دەرۋەقە شۇ ئاخشىمى بەش چېرىك سەمەت جۇيجاڭنى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ تۆت كوچا ئاغزىدا ئېتىپ تاشلىدى. بۇ ئىش ئەل ياتار چاغقىچە پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتىدا تاھىر بەگ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ھاجىمنىڭ قىشىغا يېتىپ كەلدى. سالام — سەھەتتىن كېيىن، تۇرلۇك — تۈمەن گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا، تۇرپان دىيارىنىڭ يازلىق نازۇ نېمەتلىرى بىلەن تولغان مول داستىخان ئۈستىدە گەپ باشلاندى. تاھىر بەگ

ئۆز ھەمراھلىرىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەچ، بۇ ئۆمەكنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتى يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن ھاجىمدىن ھاردۇق سوراش، سەمەت جۇي-جاڭنىڭ باشباشتاقلىق قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن شىڭ دۇبەنگە ۋاكالىتەن كۆڭۈل ئېيتىش ۋە ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقلىرى نامىدىن، شەخسەن شىڭ دۇبەن نامىدىن ھاجىمنى قارشى ئېلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى ۋە ئەسلىدە «دۇبەن جانابلىرى ئۆزى كەلمەكچى بولغان» بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ جىد-دىي ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ قالغانلىقتىن كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزرىخاھلىق سورىدى.

— رەھمەت، ھەر قايسىلىرى كۆپ جوۋاپلا، — دېدى ھاجىم ھەممىگە تەكشى قاراپ.

ئارقىدىنلا ھېلىقى ئىككى ھەربىي ئەمەلدار ئورۇنلىرىدىن دەس قوپۇپ ھاجىمغا ھەربىيچە سالام بەجا كەلتۈرگەچ، ئۇلارنىڭ بىرى «بۇزغۇنچى ئۇنسۇر» سەمەتنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى ئۈچۈن شىڭ دۇبەننىڭ ھاجىمدىن قاتتىق خىجالەتچىلىك بىلەن كەچۈرۈم سوراپ ئالاھىدە مەكتۇپ يازغانلىقىنى ئېيتىپ، يوغان بىر لېپاپىنى ئۇنىڭغا سۇندى ۋە ئۇ «بۇزغۇنچى ئۇنسۇر تېگىشلىك جازاسىنى تارتتى» دېدى.

— ئۇقتۇم، — دېدى ھاجىم قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەكنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ھاجىمنى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

ھاجىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئىككى - ئۈچ ئېغىز گەپنى سىلىق قىلدىيۇ يەنە بىردىنلا چېچىلىشقا باشلىدى:

— گەپ چىرايلىق بولغان بىلەن ئىشەنگەن تاغدا كېيىك

باتمىغان تۇرسا، مەن ئۆلەيمۇ ــ ئۆچەيمۇ؟ ھەممىلىرىگە مەلۇم، مەن يۇرت ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، پۇقرانى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاق يىللار قان كېچىپ كۈرەش قىلدىم. كېيىن شېڭ دۇبەنمۇ ھەق يولغا كىرىپ، يارىشايلى دېدى، ياراش-تۇق. توغرىسى، بىزنى شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ياراشتۇر-دى. ئىككىمىز يەنە شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ماجۇڭ-يىڭ دېگەن لوموددىنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقاردۇق. بەزىلەر ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ كاپىرلار بىلەن بىرلەشتى دەپ مېنى تىللاپ ــ قارغاشتى. سابىت دامولللىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بىر نېمىسىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنى تۇتقۇن قىلسام بەزىلەر ئۆز مىللىتىنى خىتايلارغا تۇتۇپ بەردى دەپ مېنى ھېلىمۇ قارغاۋاتىدۇ. مەن خاتا قىپتىمەنمۇ؟ ياق، مەن خاتا قىلمىدىم.

ئۇزۇم بارىڭىنىڭ سايىسىدە بولۇشىغا قارىماي تىنجىق ئىس-سىقتا تەرلەپ ــ پىشىپ كەتكەن كىشىلەر يۈز ــ كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىشنىمۇ ئۇنتۇپ چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمۈپ ئولتۇ-راتتى. پەقەت قاسىم ئەپەندىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئاپرېسوفنىڭلا پات ــ پات سەرەڭگە چېقىۋاتقىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— ئەگەر مەن شۇ ئىشلارنى قىلمىسام، — داۋام قىلدى ھاجىم، — قان تۆكۈلۈش توختىمايتتى، يۇرت پارچىلىنىپ كېتەت-تى، تىنچلىق بولمايتتى، پۇقرالار تېخىمۇ خانىۋەيران بولۇپ كېتەتتى. مانا باش كونسۇل جانابلىرىمۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ. شېڭ دۇبەن مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقنى جەبىر ــ زۇلۇمدىن قۇتقۇزىدىغان ئادىل سىياسەتنى ئەمەلگە قو-يۇپ، يۇرتنى بىللە سورايمىز دەپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، بۇ ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا شۇرالار ھۆكۈمىتى كېپىل بولغاندىن كېيىن، مەن شېڭ دۇبەنگە، شۇرالار ھۆكۈمىتىگە ئىشىنىپ ئۇرۇە-

چىگە كېلىشكىمۇ رازى بولدۇم. شۈنداقمۇ باش كونسۇل جانابلىرى؟

— شۈنداق، شۈنداق، — تەستىقلىدى ئاپرېسوف.

— شۈنداق تۇرۇقلۇق، سەمەت دېگەن مۇرتەت ھېلىقىدەك ئىشلارنى قىلسا مېنىڭ ئوغام قاينىمامدۇزە! سەمەتنىڭ يۆلەنچۈكى بولمىسىزە شۈنداق قىلالامدۇ! ئۇنىڭ بۇ ئىشنى دۇبەننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلدىم دېگىنى مەيلى راست، مەيلى يالغان بولسۇن، مېنىڭ ئۇيقۇمنى ئېچىپ قويدى. كېيىنكى پۇشمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن دەپ، مەنمۇ جاھاننىڭ شۈنچىلىكلىكىدە يولۇمنى تېپىۋالاي! كېيىنلىكتە، ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن دەپ لېۋىمنى چىشلەپ يۈرمەي!

ئاپرېسوف بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، ھاجىم ئۇنى كۆرمىدىمۇ ياكى كۆرمەسلىككە سالدىمۇ:

— گەپ شۇ ئاغىنىلەر، جۇمە ۋاقتىغا ئاز قاپتۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

شۈنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى.

سورۇندىكىلەر قوزغىلىشقاندا، ئاپرېسوف دەرھال تاھىر بەگنى قولتۇقلىۋېلىپ:

— ئۇنىڭغا ئۆزىڭىز بىر نېمە دېمىسىڭىز بولمىدى. ئاڭلىشىچە ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى يېرالمايدىكەن، — دېدى.

تاھىر بەگ ماقۇل بولدى.

## 5

ھاجىم خاس بىر ئۆيدە تاھىر بەگ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئەسلىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ، ئاندىن ئاستانىگە بېرىپ مەخسۇت باينىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈنلا تۇرپانغا

كەلگەنلىكىنى، تاسادىپەن قۇمۇل مۆتىۋەرلىرىنىڭ دەۋەتنامىسىنى ئوقۇپ، تازا ئارىسالدى بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، سەممەت جۇيـ جاڭ ۋەقەسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە بارماسلىق قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەچ مۇنداق دېدى:

— بېگىم، ئۆزلە تازىمۇ گاختىدا كەپتىلا. مېنى مەخسۇت بايدىن ئايرىغان خۇدايىم ئۆزلەدىن ئايرىمىغاي. سەممەت دېگەن مۇرتەتنىڭ قىلغانلىرىدىن دۇبەننىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەنلا. ئۆزلە-نى باش قىلىپ مېنىڭدىن ھال سوراشقا ئۆمەك ئەۋەتكىنىمۇ بىر ياڭزا. قۇمۇلدىن كەلگەن خەتلەرنىمۇ ئوقۇپ چىقتىلا، ئېيتسىلاچۇ، ئۇرۇمچىگە بېرىش نىيىتىدىن يانغىنىم خاتا بوپتۇمۇ؟

تاھىر بەگ قۇمۇلدىن كەلگەن خەتلەرنىڭ ئىككىنچىسى ئۈستىگە ئېڭىشكەن پېتى، ئەگرى ساپلىق غاڭزىسىنى شوراپ جىم ئولتۇراتتى. ئالدى تەرەپتىن قارىغاندا قوڭۇر چاچلىرى ئارقىسىغا تارالغان كەڭ پېشانىلىك، ئاق سېرىق كەلگەن بۇ ئادەم ئەللىك ياشلاردىن ئاشقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئارقا تەرەپتىن قارىغاندا، مۈك-چىيىپ قالغان بوۋايدەك كۆرۈنەتتى.

— ھاجىم، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا گەپدانلىق قىلماسلىقىم لازىم ئىدى، ئەمما بىز ئىككىمىز قىيامەتلىك دوستلاردىن بولغىنىمىز ئۈچۈن، ھەرقانداق گەپنى قىلسام خاپا بولمايدىغانلىرىغا ئىمانىم كامىل. قەدىمكىلەر دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ دېمىتىكەن. مەن گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتاي، ئالتىشەھەردىن بۇ يەرگىچە كېلىپ ئەمدى ئۇرۇمچىگە بارمايمەن دېيىشلىرى خاتا.

— خاتا؟

— ھە، شۇنداق، ھەتتا خەتەرلىك.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن سىزدىن بۇنداق گەپ چىققۇر دەپ

ئويلماپتىمەن، — دېدى ھاجىم بويىنىنى تولغاپ.

— خاپا بولسلامۇ مەيلى. مەن ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان گەپلىرىمنى ئېيتمىسام بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ دوستلۇق قەرزىم. ھا- زىرقى كۈندە پۈتۈن يۇرت ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى خوجىنىياز ھاجىم دېگەن نام بىلەن مەھكەم باغلانغان. ئۆزلىرى خۇددى بىر پۈتۈن پادىنىڭ سەركىسىگە ئوخشايدىلا. مۇبادا خاتا يول باشلاپ قويسىلا، پۈتۈن پادا دەھشەتلىك ئاقىۋەتكە ئۇچرايدۇ، يەنى خۇددى بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزلىرى ئېيتقاندەك يۇرتىمىزدا ھەرگىز تىنچلىق، ئەمىنلىك بولمايدۇ. قان تۆكۈلۈش توختىمايدۇ. يۇرت پارچىلىنى- دۇ. تەڭلىك، ئەركىنلىك ئۈچۈن قۇربان بولغان سان - ساناقسىز شېھىتلارنىڭ قېنى بىكار ئاققان بولىدۇ. تاڭنا مەھشەر كۈنى خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىلا؟

— يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىۋاتىسىزغۇ! مەنزە شۇرالار ھۆكۈ- مىتىنىڭ كېيىگە ئىشىنىپ، شېڭ دۇبەن بىلەن ياراشقىنىم ئۈچۈن، سابىت داموللا ھۆكۈمىتىنى ئۆرۈپ تاشلىغىنىم ئۈچۈن مەھشەر كۈنى جاۋاب بېرەمدىمەن؟

— يوقسۇ، مەن ئۇنداق دېمەۋاتقىنىم يوق. ئۇ چاغدا ئۆزلىرى توغرا قىلغان. ئەمدى ئۆرۈمچىگە بارمايمەن دېسىلە، شۇ توغرا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەربات قىلىدىلا، — دېدى تاھىر بەگ، ئاندىن مەسىلىنى تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلى- دى ۋە خېلى ئۇزاق سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۆز گېپىنى مۇنداق خۇلاسىلىدى:

— بىرىنچىدىن، جىمسار پۈتۈمى بۇزۇلىدۇ. ئۇنى بىز ئاش- كارا بۇزغان بولىمىز. شېڭ دۇبەن بىلەن باشقىلاتىن دۈشمەنلى- شىشكە توغرا كېلىدۇ. يولۋاس بېگىمگە كەلسەك، ئۇ بىزنىڭ شېڭ دۇبەن بىلەن يارىششىمىزغا بۇرۇنلا قارشى ئىدى. قۇمۇلغا بارسىلا

ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ئۆزلىرىنى دەيدەيگە سېلىپ، نەتىجىدە يەنە ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. مەمۇت سىجاڭ باشچىلىقىدىكى نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنچۇ، ئۇلارمۇ ئالتىشەھەر تەرەپتە شىڭ دۇبەن چېرىكلىرى بىلەن باشقىدىن ئۇرۇشسا پۈتۈن تارىم ۋادىسى قانغا بويالمامدۇ؟ ئۇ هالدا پۇقرانىڭ هالى نېمە بولىدۇ؟ ئىككىنچىدىن، قازارا شىڭ دۇبەن بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساق شۇرالار هۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچ ۋە كاپالىتىدىن تامامەن مەھرۇم قالىمىز. ئۇ هالدا شۇرالار هۆكۈمىتى بىزگە يەنە ياردەم بېرەمتى! شۇنىڭ ئۈچۈن شىڭ دۇبەن بىلەن يامانلىشىپ قالىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك. سەمەت جۇيجاڭ ۋەقەسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىن ئارتۇقچە خاپا بولۇشنىڭ هاجىتى يوق، هاكىمىيەت دېگەن شۇنداق نېمە. بۇرۇنقى زامانلاردىمۇ پادىشاھلار ھەتتا ئۆز پۈشتىدىن تۆرەلگەن شاھزادىلىرىنىڭمۇ ئىش ــ ھەرىكىتىنى مەخپىي تەپتىش قىلىپ تۇرۇشقا خاس خۇپىيەلەرنى (ئىشپىيونلارنى دېمەكچى ــ ئا) قويغان.

ـــ بېگىم، ـــ دېدى هاجىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ـــ سىز شىڭ دۇبەنگە بۆلەكچىلا ئىشىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟

ـــ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، شۇرالار هۆكۈمىتى شاھىتلىقىدا تۈزۈلگەن جىمسار پۈتۈمىگە ئىشىنىمەن.

ـــ ئەگەر ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە جىمسار پۈتۈمىنى سېسىق پايتىما ئورنىدا چۆرۈۋەتسىچۇ؟

ـــ ياق، ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس. شۇرالار هۆكۈمىتى بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، ـــ دېدى تاھىر بەگ ئاندىن ئاۋازىنى بىر ئاز پەسەيتىپ داۋام قىلدى، ـــ شۇرالار هۆكۈمىتىنىڭ ماجۇڭيىڭنى ئۆز پاناهىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ چېرىكلىرىنى خوتەندە سالامەت ساقلاپ قېلىشىدا بىر سىر بار دەپ ئويلايمەن، يەنى مۇبادا، شىڭ

دۇبەن شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلسا، مەسىلەن، ئۇ جىمىسار پوتۇمىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، شۇرالار ھۆكۈمىتىنى تەگلىكتە قويىدىغان بولسا، شۇرالار ھۆكۈمىتى ئۇنى ماجۇگىيگىنىڭ قولى بىلەن بوغۇپ تاشلىماقچى بولسا كېرەك.

— شۇرالار ھۆكۈمىتى شېڭ دۇبەنگىمۇ تازا ئىشىنىپ كېتەلمەيدۇ دېمەكچىمۇ سىز بېگىم؟

— مەن شۇنداق ئويلايمەن. چۈنكى شېڭ دۇبەن ياپونىيىدە ئەسكىرىي تەلىم ئالغان، شۇرالار ھۆكۈمىتى ياپونلاردىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ.

— سىلە ئوقۇغان ئادەملەر بۆلەكچىلا گەپدان بولىدىكەنسىلەر، — دېدى ھاجىم سەل بوشىشىپ، — سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ مېنىڭ بېشىم قېتىپ قالدى. مەن ئويلىنىپ كۆرۈپ ئەتە جاۋاب بېرەي.

تاھىر بەگ ئۆز گەپلىرىنىڭ ھاجىمغا شۇنچىلىك تەسىر قىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ئاپرېسوفنىڭ قېشىغا كەتتى.

× × ×

شېڭ شىسەي ھاجىنىڭ تۇرپاندىن قۇمۇلغا كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئۇققان ھامان، گۇچۇگدىكى بىر ئاتلىق تۇەن (پولك) بىلەن پىچاندىكى بىر ئاتلىق يىڭ (باتاليون)نى قۇمۇل ۋە تۇرپان ئارىلىقىدىكى يەتتە قۇدۇق دېگەن يەردە ئۇنى توسۇشقا ئەۋەتكەندى. ئاپرېسوف ھاجىنىڭ قۇمۇلغا كېتىش نىيىتىدىن يانغانلىقىنى ئۇققان ھامان، شېڭ شىسەيگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. شېڭ شىسەي يەنە بىرەر گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، يەتتە قۇدۇقتىكى ئەسكەرلىرىگە دەرھال ئۆز جايلىرىغا قايتىشقا بۇيرۇق

بەردى.

هاجىم ئۈرۈمچىگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئاستانىگە بېرىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىدى ۋە ئەزىز نىيازىنى قۇمۇلغا ساق ــ سالامەت يەتكۈزۈپ قويۇشنى تۇرپان ھاكىمغا تاپشۇردى.

تۇرسۇن دولاننىڭ تۇرپاندا يازغان كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ ئاخىرقى بېتى مۇنۇ قۇرلار بىلەن ئاياغلاشتى:

«ھەر نېمە بولسا بۇ ئىشلار چىرايلىقچە تۈگىدى. ئەگەر ھاجى ئاتام ئۆز كېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ قۇمۇلغا ماڭغان بولسا (مېنىڭمۇ ئايرىلىپ قېلىشىم ئەلۋەتتە تەس بولاتتى)، ئۇ چاغدا يەنە قانداق تراگېدىيە باشلىناتتىكىن! يېشىم يىگىرمە بىردىن ئاشقان بىلەن مەن تېخى بەكلا گۆدەك ئىكەنمەن. تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى نېمىدېگەن كۆپ! بۇ دۇنيا بىر سەھنىگە ئوخشايدىكەن. بىز ئادەم بالىلىرى خۇددى سەھنىگە چىققان ئارتىسلاردەك ئۆزىمىزگە بۆلۈنگەن رولنى بەجا كەلتۈرىدىكەنمىز. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن يەنە قانداق ئويۇنلار باشلىنىدىكىن؟ قىزىق، مەن بۇ كۈنلەردە غەلىتە ــ غەلىتە خىياللارغا چۆكىدىغان بولۇپ قالدىمغۇ. قانداقتۇر بىر تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپالمايۋاتقاندەك ئىچىم تىت ــ تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن تۇزۇلۇپ قالارمەنمىكىن يا! ئاھ ئۈرۈمچى، ئاھ زۇبەيدە!»

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# سەرلەۋھىسىز پاراڭلار

### 1

ئەنسىرىگەك ئەنسارى بىكارغىلا ئەنسىرەپ يۈرگەن ئوخشايدۇ. قۇمۇلدىكى ئاقساقال مۆتىۋەرلەرمۇ بىھۇدە غەم — ئەندىشە قىلىپ، ھېلىقى ئەزىز ئەپەندى دېگەن كىشىدىن مەخپىي خەت يازغان بولسا كېرەك، مانا توپتوغرا بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھېچ ئىش بولمىدى. ئەكسىچە بۇلتۇر ياز كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانباي ئورمانلىقىدا ئىككى مىڭدىن ئوشۇق كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن داقا — دۇمباق، ناغرا — كاناي سادالىرى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمىدا شېڭ شىسەي ھاجى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن بۇيان، بىرنەچچە يىللىق قانلىق جەڭلەردە بىر — بىرىنى يەپ تاشلىغۇدەك ئەلپازدا ئېلىشىپ كەلگەن بۇ ئىككى رەقىب ئەمدى قەدىناس دوستلاردەك ئىرماش — چىرماش بولۇشۇپ كەتكەندى. شۇ كۈندىكى مۇراسىمدا شېڭ شىسەينىڭ ئېغىزىدىن چىققان تەنتەنىلىك سۆزلەر ھېلىمۇ ھاجىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرغاندەك

سېزىلەتتى:

— ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نىجادچىسى خوجىناز ھاجىمغا شان ــ شەرەپلەر بولسۇن! ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى بولۇشقا مۇناسىپ بۇ زاتىنىڭ ئۇرۇمچىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، مەن بىلەن بىرلىكتە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى شارائىتىدىن شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

شېڭ شىسەينىڭ سۆزى ئاياغلىششى بىلەن «مەن سىزنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلەيمەن. بۈگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ نامىڭىز يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدا ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر دەپ يېزىلىدۇ» دېگەندى ئاپرېسوف، ھاجىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ھاجىم مۇئاۋىن رەئىسكە خاس ھەشەمەتلىك ئىشخانىدىكى يېشىل موۋۇت قاپلانغان يوغان ئۈستەلنىڭ يېنىدا يۇمشاق كرېسلوغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدىغان، ھەپتىدە بىر قېتىم ئېچىلىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنىغا ئىزچىل قاتنىشىپ پىكىر بايان قىلىدىغان بولدى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭ پىكىرلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، ھەر بىر مەسىلە ئۈستىدە ئۇنىڭ رايى بويىچە قارار چىقىرىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ھۆكۈمەت رەئىسى لى يۇڭ دېگەن ئۆچكە ساقال مۇيسىپىت كىشىمۇ ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى بولغان ھاجىنى ھۆرمەتلەپ، «بۇ يۇرت سىلەرنىڭ، سىز دېگەن مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ» دەپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ئەمەلدار تەيىنلەشتە ھاجىنىڭ پىكىر ــ تەلەپلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەردىن نۇر-

غۇن كىشى نازىر، مۇئاۋىن نازىر، ۋالىي ۋە ھاكىم قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلىنىپ كەتتى.

بولۇپمۇ شىڭ شىسەينىڭ چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا ۋە مەتبۇئاتتا ئۆزلۈكسىز ئېلان قىلىنىپ تۇرغان ئاجايىپ نۇتۇقلىرى — مىللىي زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى قەتئىي ئەمەلگە قويۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش، پارىخورلۇقنى تۈگىتىپ، ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادالەتنى يولغا قويۇش، دېھقان - چارۋىچىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە ناھايەت ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى بولغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»[1]نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، ھەقىقەتەن شىنجاڭدا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

2

«شىڭ دۇبەن — ياڭ جاڭجۇن ئەمەس، ھازىرقى دەۋرمۇ تۆمۈر خەلپە ياشىغان دەۋر ئەمەس» دەپ، ئاپرېسوف توغرا ئېيتىپتىكەن. ھاجىم ئاپرېسوفنىڭ شۇ گەپلىرىنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا، بۇلتۇر بولغان بىر ئىش ئېسىگە چۈشۈپ قالدى:

كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھاجىمنىڭ گۈڭگۈمىنگە[2]قورۇللۇق

---

① ئالتە بۈيۈك سىياسەت — «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستلىشىش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە قويۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» دېگەنلەردىن ئىبارەت.

② گۈڭگۈمەن — قەدىمكى زامانلاردا «مەشھۇر بەگ - خوجىلارنىڭ قەسىر ئورنىسى» دېگەن مەندە بولۇپ، كېيىنچە ھەشەمەتلىك قورۇ - جايلارمۇ شۇنداق ئاتىلىدىغان بولغان، ھاجىنىڭ گۈڭگۈمىنى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ قارشىسىدىكى شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

مۇھاپىزەتچىلەر ئولتۇرغان بىر يۈك ماشىنىسى بىلەن ئىككى قارا پىكاپ كىرىپ كەلدى. پىكاپلارنىڭ بىرىدە شوپۇردىن باشقا كىشى كۆرۈنمەيتتى. ئىككىنچىسىدە شىڭ شىسەي ئولتۇراتتى. ھاجىم دەرھال ئالدىغا چىقىپ ئۇچۇق چىراي قارشى ئالدى.

— مەن فۇجۇشى جانابلىرى بىلەن ئىككىمىزگە ئاتاپ يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇشۇ بىر جۈپ پىكاپنى ئالدۇرغانىدىم، — دېدى شىڭ شىسەي قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان پىكاپلارنى كۆزى بىلەن ئىما قىلغاچ، ھاجىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ، — بۇ ئاددىي سوۋغام فۇجۇشى جانابلىرىغا مەقبۇل بولسا، ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلار ئىدىم.

ھاجىم تاھىر بەگنىڭ تەرجىمانلىقىدا رەھمەت — ھەشقاللا ئېيتىپ، ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان پىكاپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاچ، شىڭ شىسەينى ئۆيگە باشلىدى.

داستىخان ئۈستىدىكى ئۇزۇن — قىسقا پاراڭلاردىن كېيىن، شىڭ شىسەي كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن فۇجۇشى جانابلىرىنى تەبرىكلەيمەن، ئىككىمىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش دېگەن ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. باش كونسۇل ئاپرېسوف جانابلىرى موسكۋا بىلەن سۆزلىشىپ بوپتۇ، ئەمدى سوۋېت تەرەپ بىلەن رەسمىي كېلىشىم تۈزسەكلا بولىدۇ.①

---

① ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى. بۇ كېلىشىم بويىچە 1934 — يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ياشلاردىن ھەر يىلى يۈز نەپەردىن ئۈچ يىلغىچە ئۈچ يۈز ئوقۇغۇچى سوۋېت ئۆزبېكستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ قىرىق نەپىرى ئۇيغۇر، قىرىق نەپىرى خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، شىبە، سولۇن (ئۇ چاغلاردا ھازىرقى داغۇر مىللىتى «سولۇن» دەپ ئاتىلاتتى) قاتارلىق خەنزۇ تىلى سىستېمىسىدىكىلەر، قالغان يىگىرمە نەپىرى موڭغۇل، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك ۋە تاجىك ياشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. شىنجاڭنىڭ 30 — يىللار تارىخىدا مۇنداق بىر پارلاق سەھىپىنىڭ ئېچىلىش سەۋەبلىرى، جەريانى ۋە نەتىجىسى ئابلىمىت ھاجىيوفنىڭ «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللار» 27 — سانىغا بېسىلغان ئەسلىمىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

— دۇبەن جانابلىرىنىڭ مېنىڭ ئارزۇيۇمنىمۇ يەردە قويمىغان-لىقىنىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، — دېدى ھاجى ناھايىتى خۇشال بولۇپ ۋە شىلىك شىسەي ئۇزاپ چىققان ھامان تۇرسۇن دولاننى ئالدىغا چاقىردى.

— بولدى قىل بالام، ئوغۇل بالا دېگەن سەۋرلىك بولىدى-غان، — دېدى ھاجىم چاچلىرى ئۆسۈپ، چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتكەن تۇرسۇن دولانغا، — سېنى ئورۇس يېرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىمەن، خۇش بولامسەن؟

تۇرسۇن دولاننىڭ غەمكىن كۆزلىرىدە خۇددى بۇلۇتلار ئارى-سىدىن «پاللىدە» قىلىپ كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ياش تامچىلىرى پارقىراپ كەتتى.

— رەھمەت ھاجى ئاتا، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

— شۇنداق، سېنى ئورۇس يېرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىمەن. يېقىنقىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈڭگە ئوخشاش خەت ـ ساۋاتى بارلارنىڭ ئېتىنى بىر قەغەزگە پۈتۈپ چىق.

— توختاپ تۇر، گېپىمنىڭ ئايىغىنى ئاڭلا. سەن مېنىڭ نامىمدىن بۈگۈنلا قۇمۇلغا ئىككى پارچە خەت يازىسەن. بىرىنى باقى نىيازغا①ياز، بىزنىڭ جەمەت ئىچىدىن ئوقۇشقا بارالايدىغان باللارنى، ھە راست، مېنىڭ ئوغلۇم سەئىدۇللانىمۇ ئۈرۈمچىگە جابدۇپ چىقارسۇن، ئورۇس يېرىگە ئوقۇشقا بارىدۇ دەپ ياز. يەنە بىر پارچىنى يۈسۈپ تەيجى بىلەن يولۋاس بەگلەرگە ياز. قۇمۇل-دىن يارامىلىق باللار بولسا تېپىپ چىقارسۇن. ئاندىن مەھمۇت سىجاڭغىمۇ شۇ گەپلەرنى دەپ بىر پارچە خەت ياز، كېيىن ئۇ خەتلەرنى ماڭا كۆرسەت، ئۇقتۇڭمۇ؟

---

① باقى نىياز ـ ھاجىنىڭ چوڭ ئىنىسى.

— ئۇقتۇم، ھاجى ئاتا.

— مەن سىنى تەبرىكلەيمەن ئوغلۇم، — دېدى تاھىر بەگ تۇرسۇن دولاننىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، — مۇنداق خۇشاللىقلار بولۇۋاتقاندا قارىلىق تۇتۇشنى ئەمدى توختاتساڭمۇ بولار. ئاۋۋال بازارغا بېرىپ ساتىراشخانىغا كىرىپ چىق.

تۇرسۇن دولان ھاجىمنىڭ گۇڭگۇمىدىن چىقىپ بازار تەرەپكە ئەمەس، خاڭچىلىك قەبرىستانلىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدە قوپۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان بىر ئايالچە قەبرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق قىرائەت باشلىدى. قەبرە تېشىدا ئىمان ئىسلام كەلىمىلىرىدىن كېيىن «زۇبەيدە ياقۇپ ھاجى قىزى. ماجۇڭيىڭ چېرىكلىرىنىڭ زەمبىرەك ئوقى بىلەن ھىجرىيە 1353 ـ يىلى رامزاننىڭ 20 ـ كۈنى ئۆز سەككىز يېشىدا شېھىت بولغان» دېگەن جۈملىلەر ئويۇقلۇق تۇراتتى. تۇرسۇن كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، قەبرە تېشىغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى ـ دە، شەيخىنىڭ قولىغا بىر كۈمۈش تەڭگىنى تۇتقۇزۇپ، چوڭقۇر سۈكۈناتقا چۆمگەن قەبرىستانلىقتىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتتى.

شۇ يىلى كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تاشكەنتكە ئوقۇشقا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك چاي زىياپىتىدە، شىڭ شىسەيدىن كېيىن ھاجى سۆزگە چىقتى. ئۇ ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئۆزىگە خاس ساددا تەلەپپۇزدا ئاندىن ـ مۇندىن سۆزلەپ كېلىپ بىردىنلا قايناپ كەتتى:

— مەن نېمىشقا قوزغىلاڭ قىلىپ ئۇرۇشقان، بىلەمسىلەر؟ مانا مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشى ئۈچۈن، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىن ـ ئازادلىقى، تەڭ ـ باراۋەرلىكى ئۈچۈن ئۇرۇشقان.

بۈگۈن ئۇيغۇر ۋە باشقا ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ بالىلىرىمۇ خىتاي-
لارغا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا بارىدى-
غان بولدۇڭلار. سىلەر ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن يۇرتنى ئۆزۈڭلەر
سورايسىلەر. بىز خەق بۇرۇن نادان ئۆتكەن، شۇ سەۋەبتىن باشقى-
لار بىزنى ئاناي ئەتكەن. سىلەر ئورۇس يېرىگە بارغاندا ئوبدان
ئوقۇڭلار. ئورۇسلار ناھايىتى تىرىشچان، ئوبدان خەق.
ئۇلار ھۈنەر — سانائەتتە بىزدىن جىقلا ئېشىپ كەتكەن، ئۇلار-
نىڭ بىلىمىنى، تىلىنى ئوبدان ئۆگىنىپ كېلىڭلار. ئەممازە ئۇلار-
نىڭ تۇتقان يولىنى ئۆگەنمەڭلار، مۇبادا ئۇلارنىڭ يولىغا كىرىپ
دىنسىز بولۇپ كەلسەڭلار، سىلەرگە شىنجاڭدا ئورۇن يوق!

يېڭىلا ئۇستىرا تەگكەن بېشىغا يېشىل مانچېستىر بۆك،
ئۇستىگە قارا كۆك سارجىدىن كۈزلۈك پەلتو، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك
كىيىۋالغان، بۇرنى قاڭشارلىق، ئۆڭى سەل قاراراق كەلگەن قىرىق
نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئاپرېسوف بىلەن يانمۇيان
ئولتۇرۇپ ھاجىنىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتات-
تى. ھاجىنىڭ گېپى ئاياغلاشقاندا، ئاپرېسوف ھېلىقى ئادەمنىڭ
قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— بۇ ساقاللىق يىلپىزنى مەن ئۇرۇمچىگە ئاران ئەكەلدىم.
ئەمدى ئۇنى قولغا ئۆگىتىپ ياۋاشلىتىۋېلىش سىزنىڭ ئىشىڭىز.

— بۇ ئىش ماڭىمۇ ئاسان چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ، —
دېدى ھېلىقى ئادەم ئاپرېسوفقا غەمكىن قاراپ. بۇ موسكۋادىن
كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى مەتنۇر ئەپەندى ئىدى.

مەتنۇر ئەپەندى شىڭ شىسەي بىلەن ھاجىنىڭ ھەر ئىككى-
سىگە مەسلىھەتچى بولسىمۇ، كۆپرەك ۋاقتىنى ھاجىنىڭ قېشىدا
ئۆتكۈزەتتى، ئۇنىڭ بىلەن شاھمات ئوينايتتى، پات — پات مۇڭدى-
شاتتى. گېپى كەلگەندە ئىچكى — تاشقى ۋەزىيەت، مىللەت ۋە

مىللىي مەسىلە، بولۇپمۇ شىڭ شىسەيىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسە-
تى» ھەققىدە ئاددىي تىل بىلەن چۈشەنچىلەر بېرەتتى. بېشىغا
چاچ قويماي، ئاددىي كىشىلەر قىياپىتىدە يۈرىدىغان، گەپ —
سۆزلىرى يۇمشاق، ئۆزى مۇلايىم، ھەتتا ناماز ئوقۇيدىغان بۇ ئادەم
ھاجىغا خېلىلا يېقىپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېيتقانلى-
رىغا ئىشىنەتتى.

3

بىر يىل شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ھەپتىدە بىر قېتىم ھۆكۈ-
مەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش، ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ
ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، كاتىپلار ئەكىرىپ بېرىدىغان ھۆكۈمەت
ھۆججەتلىرىنى ئانچە — مۇنچە كۆرۈپ قول قويۇشتىن باشقا،
ھاجىنىڭ ھېچقانداق ئالدىراش ئىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆپرەك
ۋاقتى ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان مېھماندارچىلىقتا ئۆتەتتى. كۈز ۋە
قىش كۈنلىرى بولسا ئوۋغا چىقىش، يورغا سىلىش، بەيگە ۋە
ئوغلاق تارتىشلارنى كۆرۈشكىمۇ خېلى كۆپ ۋاقتى كېتەتتى.
ئۆزۈنغا قالماي بالا — چاقىلىرىنىمۇ ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كەلدى.
چوڭ خوتۇنى قەمەرخان ئايالغا ئۆزىنىڭ گۆكگۈمىنىدىن، كۈچا
خېنىمغا روزى ھاجىمنىڭ شىخابادىكى باغچىسىدىن ئۆي تۇتۇپ
بەردى. قۇمۇلدا قالغان ئىككىنچى خوتۇنى خەلچە خېنىمنىمۇ
تۇرپانغا ئالدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا شۇ يەردىن قورۇ — جاي ئېلىپ
بەردى. خەلچە خېنىم شۇ كۈندىن باشلاپ «تۇرپان خېنىم» دېپ
ئاتىلىدىغان بولدى.

ئۆز ۋاقتىدا، تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىدە قەمبەرنىساخان دېگەن

سەتەڭنىڭ دۇتارنى چېكىپ ئولتۇرۇپ، ئاپئاق بارماقلىرى بىلەن چالىندىغان ئاجايىپ شوخ پەدىلىرىگە مەستۇ غەرق بولۇپ ئۆتكەن بولسا، شۇنىڭدىن يىگىرمە ئىككى يىل كېيىنكى بۇ كۈنلەردە، خوجىنىياز ھاجىم «شىڭ دۇبەن جانابلىرى» سوۋغا قىلغان ھېلىقى چىرايلىق قارا پىكاپتا ئولتۇرۇپ، قۇمۇل خېنىم بىلەن كۈچا خېنىمىنىڭ ئۆيلىرى ئارىسىدا، ھەپتە ئاخىرىدا بولسا ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپان ئارىسىدا بابكانىڭ موكىسىدەك قاتناپ، كۆڭلى توق، ھېچنېمىدىن غېمى يوق كىشىدەك بەخىرامان ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ پات ــ پاتلا ئەنسارىنى ئېسىگە ئالاتتى ــ دە، «ھەي ئەنسىرىگەك گوۋال، خۇدا سېنى خويمۇ ئەمگەكلىك قىلىپ يارىتىپتىكەن ئۇكام، يوقىلاڭ ئەندىشىلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلمەي قويدۇڭ. مۇشۇ كۈنلەردە يېنىمدا بولغان بولساڭ كاشكى ...» دەپ ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنىپ قوياتتى.

× × ×

ھاجىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ پەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئازادە مېھمانخانىسىدا ئەتىدىن ــ كەچكىچە دېگۈدەك داستىخان سېلىقلىق ئىدى. ھەر كۈنى ئىككى ــ ئۈچ قوي سويۇلۇپ تۇراتتى. ھاجىم ئۆيدە بولمىغان چاغلاردىمۇ، مېھمانخانا كەلدى ــ كەتتىلەر بىلەن لىق تولۇپ تۇراتتى. يىرىقى چەت ۋىلايەت ــ ناھىيىلەردىن، يېقىنى ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىن ھاجىنى يوقلاپ كېلىدىغانلار قۇرۇق كەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. ھاجى دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ سوۋغا ــ سالاملىرىنى ئالماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، بارا ــ بارا كۆنۈپ قالدى چېغى، ھەممىنى قوبۇل قىلىۋېرىدىغان بولدى.

چۈنكى ئىسلام ئۆلىمالىرى «سوۋغا ـ سالام قوبۇل قىلماقلىق سۈننەتتۇر» دېگەن پەتىۋانى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ تۇراتتى. ھەتتا پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن سۇلايمان پەيغەمبەر چېغىدا، ئاغزىدا چېكەتكىنىڭ بىر پۇتىنى چىشلەپ، سالامغا كىرگەن چۇمۇلىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمىغان دېگەن رىۋايەتمۇ بار ئەمەسمۇ تېخى!

بۇ سوۋغاتلار ئىچىدە قۇلاقلىرى قىيغان قەلەمگە ئوخشايدىغان، تەگگە گۈللىرى بېلىق قاسىرىقىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىر جۈپ بوز ئارغىماق بىلەن چاقلىرىغا زىرىنكە قاپلانغان بىر يېڭى پوۋۇسكىمۇ بار ئىدى. بۇلار شىپك شىسەينىڭ سوۋغاتلىرى بولۇپ، ھاجىم يىغىن ۋە زىياپەتلەرگە گاھىدا ھېلىقى قارا پىكاپتا، گاھىدا شۇ پوۋۇسكىدا باراتتى.

بىر كۈنى ھاجىنىڭ كىچىك ئىنىسى يارى قارىي ئامباردا بېسىلىپ ياتقان بۆرە، تۈلكە، سۆلەيسۇن ۋە بۇلغۇن تېرىلىرىنى، تاي ـ تاي زىلچا ـ گىلەملەر بىلەن ئېسىل گەزلىملەرنى كۆرۈپ:

— بۇنچىۋالا مال ـ دۇنيانى بېسىپ قويغۇچە مىدىرلىتىپ تۇرساق بولماسمۇ، ئاكا؟ — دېدى.

— ئۇنداق قىلساق بولامدۇ زە! بۇ نەرسىلەر ئەل ـ يۇرتنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرى تۇرسا! — دېدى ھاجى ساقىلىنى قولى بىلەن تاراپ ئولتۇرۇپ.

— سودا ـ تىجارەت ئىمام ئەزەمدىن مىراس قالغان ھالال كەسىپ. پۇل ـ پۇلنى تاپىدۇ، ئارتۇق دۆلەت باشنى يارماپتۇ دېگەن گەپ بار، ئاكا، — دېدى يارى قارىي ئۆز پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ.

ھاجى ھېچنېمە دېمىدى.

سىنتەبىر ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە، شىڭ شىسەي يۇمشاق دىۋاندا ئولتۇرۇپ، ئوتتۇرا بوي، پاناق بۇرۇن، ياپما قاپاق بىر ئادەمنىڭ گېپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتاتتى. ئۇ ئادەم تۇرغان ئورنىدا سەل ئېگىلىپ بىر دەستە قەغەزنى قولىدا تۇتقان ھالدا، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا خاس تەلەپپۇزدا ھەر بىر سۆزنى ئېنىق سۆزلەشكە تىرىشاتتى. بۇ شىڭ شىسەينىڭ يېقىن يۇرتدىشى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى ئىدى.

لى يىڭچى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئىشپىيونلىرىدىن «قار-چىغا» لەقەملىك بىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئاخباراتلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچىلىدى: بىرىن-چى، ئۇلۇشكۆن قۇمۇلدىن يولۋاسنىڭ بىر ۋەكىلى نـۇرغـۇن سوۋغا ــ سالاملار بىلەن كېلىپ، خوجىنىياز بىلەن ئىككى سائەت سۆھبەتلەشكەن؛ ئىككىنچى، مەھمۇتنىڭ چاپارمىنى تۈنۈگۈن قەشقەردىن خوجىنىيازغا يەنە خەت ئېلىپ كەلگەن؛ ئۈچىنچى، خوجىنىيازنىڭ كىچىك ئىنىسى يارى قارىي ئارقىلىق قىلىۋاتقان سودا ــ تىجارىتى ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە.

— يەنىچۇ؟ — سورىدى شىڭ شىسەي قاپىقىنى سېلىپ.

— «قارا قۇشقاچ» نىڭ بەرگەن ئاخباراتىغا قارىغاندا، تۈنۈ-گۈن ئاخشام تاھىر بەگ، ھەيدەر ئەپەندى، يۇنۇس بەگ قاتارلىقلار مەتنۇر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە يىـغىلـىپ بىـرەر سائەت پاراڭلىشىپ-تۇمىش.

— ئۇلار نېمە دېيىشىپتۇ؟

لى يىڭچى بۇ سوئالغا جاۋابەن «قارا قۇشقاچ»نىڭ بوسۇغا

تۆۋىدە خېلى ئۇزاققىچە گەپ تېڭشاپ تۇرغان بولسىمۇ، پاراڭنىڭ مەزمۇنىنى ئۇقالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— دېمەك، سىزنىڭ ئۇ بىر نېمىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى نان قېپىلار، ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى مەن ئېيتىپ بېرەي، — دېدى شېڭ شىسەي مەسخىرە ئاھاڭىدا، — ئۇلار خوجىنىياز نامىدىن مەتنۇر ئەپەندىگە مېنى ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە مۇسۇلمانلاردىن ئوقۇغۇچى ئالمىغانلىقىمنى مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر دېگەن سىياسەتكە خىلاپ دەپتۇمىش. كۆردىڭىزمۇ، خوجىنىيازنى دۆت دېگىلى بولامدىكەن! ئۇ ئەمدى ھەربىي مەكتەپكىمۇ قول تىقماقچى. مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، ھېلىقى نان قېپىلىرىڭىز ئۇيغۇسىنى ئېچىپ يۈرسۇن. ماڭا پالانى ـ پالانى بىلەن كۆرۈشتى، پالانىدىن پالانىغا خەت كەلدى، دەيدىغان قۇرۇق گەپلەرنىڭ كېرىكى يوق، ماڭا كونكرېت مەزمۇن كېرەك.

— خوپ دۇبەن جانابلىرى.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى شېڭ شىسەي ئورنىدىن تۇرۇپ، — خوجىنىياز نېمشقا تۇرپاندىن يەر ـ زېمىن ئالدۇ؟ قومۇلدىكى ئىككىنچى خوتۇنىنى نېمشقا تۇرپانغا كۆچۈرۈپ چىقىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى بىر ھىيلە. ئۇ تۇرپاننى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، لازىم تاپقاندا جەنۇبىي شىنجاڭغا، يەنى مەھمۇتنىڭ قېشىغا تىكىۋەتمەكچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تۇرپانغا بولغان دىققەتنى كۈچەيتىڭ. ئەمما خوجىنىيازنىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا قىلچە توسقۇنلۇق قىلىنمىسۇن. بۇ «مىللىي قەھرىمان» سودىگەرچىلىككە قانچە بېرىلسە بىز ئۈچۈن شۇنچە ياخشى.

— دۇبەن جانابلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قايىلمەن، — دېدى لى يىڭچى بېشىنى ئېگىپ.

بىر سائەتتىن بېرى، ئاپرېسوف ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىدا شىڭ شىسەي بىلەن قىزىق سۆھبەت ئۆتكەزمەكتە ئىدى. شەخسەن چىڭ دېلىنىڭ تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقانلىقى بۇ سۆھبەتنىڭ نە قاتارلىق مۇھىم ۋە مەخپىيەتلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

شىڭ شىسەي مەھمۇت بىلەن يولۋاسنى كۆزىتىپ، ئەھۋال ئىگىلەشكە ئەۋەتىلگەن پايلاقچىلارنىڭ ھېچقانداق نەتىجە قازىنالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ:

— مەھمۇت بىلەن يولۋاسنى ئۇرۇمچىگە نەچچە قېتىم چاقىرسامۇ ھېلىغىچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى. بۇ ئىككىسى خوجىنىيازنىڭ ئىككى قانىتى. خوجىنىياز بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا كونا ئاداۋەتلەر بولسىمۇ، بەزى ئەھۋاللار ئۇلارنىڭ يارىشىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ئۇلارنىڭ قولىدا ھەربىي كۈچ ساقلىنىپ تۇرىدىكەن، خوجىنىيازدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ، — دېدى.

ئاپرېسوف تاماكىسىنى قاتتىق شورىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— دۇبەن جانابلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرىگە تامامەن قوشۇلىمەن. دەرۋەقە، خوجىنىيازنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قانىتىنى قايرىۋېتىش كېرەك. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن قورغاننى ئىچىدىن بۇزۇش لازىم. بىز بۇنىڭ چارىسىنى ئويلىشىپ قويغانمىز.

ئاپرېسوف شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، سومكىسىدىن ئۈچ ئادەمنىڭ ئايرىم – ئايرىم قىلىپ چۈشكەن ئۈچ پارچە فوتو رەسىمىنى شىڭ شىسەينىڭ ئالدىغا قويدى. بىرىنچى رەسىمدە، قويۇق بۇرۇت قويۇۋالغان، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى گۆش يۈزلۈك،

يالاڭۋاش بىر ئادەم پولتاي كۆزلىرى بىلەن چەكچىيىپ تۇراتتى؛ ئىككىنچى رەسىمدە، كۆزلىرىدىن قۇۋلۇق — شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان تاز چىراي بىر ئادەم بادام دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ سەل مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى؛ ئۈچىنچى رەسىمدە، ئوتتۇز بەش — ئالتە ياشلاردىكى بۇدۇر چاچلىق سۆرۈن چىراي ئادەم كىبىر ۋە غۇرۇر تەلۋىلىكى تولغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ئاپرېسوف بىرىنچى رەسىمدىكى پولتاي كۆز ئادەمنىڭ ئىسمىنى سېيىت ھاجى، ئىككىنچى رەسىمدىكى بادام دوپپىلىقنىڭ ئىسمىنى ھاشىم ھاجى، ئۈچىنچى رەسىمدىكى بۇدۇر چاچلىق ئادەمنى قادىر ھاجى دەپ ئىـــزاھـــات بەردى ۋە:

— بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەممىسى مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن، ئەمەلىي كۈرەش تەجرىبىلىرىگە باي قابىل خادىملار. ئۇلارغا قەتئىي ئىشىنىش مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممىسى شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇرلار، ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ — ئادىتى ۋە مىجەز — خۇلقىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، سېيىت ھاجى ئۈرۈمچىدىكى، ھاشىم ھاجى قۇمۇلدىكى، قادىر ھاجى قەشقەردىكى ج خ ئورگانلىرىدا ئىشلىسە، ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ ئەسكەرتتى.

— بۇ ئەپەندىلەر قاچان يېتىپ كېلىدۇ؟ — دېدى شېڭ شىسەي رەسىملەرگە يەنە بىر قۇر كۆز تاشلاپ.

— دۇبەن جانابلىرى رازىلىق بىلدۇرسە، پات ئارىدا چېگرىدىن ئۆتىدۇ.

— باش كونسۇلغا ۋە باش كونسۇل ئارقىلىق ستالىن جانابلىرىغا كۆپ رەھمەت، — دېدى شېڭ شىسەي بېشىنى ئېگىپ. ئاندىن خەلق ئىچىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شېڭ شىسەي

ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمەسلىك، ھەتتا قارشىلىق كەيپىياتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىنىڭ مەيدانغا چىقىپ بىر نېمە دېيىشى ناھايىتى لازىم بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇ توغرۇلۇق ھاجىغا ئۆزىنىڭ گەپ قىلىشى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىرقى ۋەزىيەت شۇنى تەقەززا قىلماقتىكى، ئەگەر خوجىنىياز ئۆزى ئېغىز ئېچىپ، يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش توغرۇلۇق ئۇيغۇرلارغا بىۋاستە بىر نېمە دېسە بۇنىڭ رولى چوڭ بولار ئىدى.

— چۈشەندىم، — دېدى ئاپرېسوف، — ياۋايى ئىندىئانلار ئۆز خودالىرىغا قارىغاندا، ئۆز ئاقساقاللىرىنىڭ گېپىنى كۆپرەك ئاڭلايدۇ، بەزى جەھەتلەردە ئۇيغۇرلارمۇ ئىندىئانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

سورۇندا يېنىك كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— بىراق، — دېدى شېڭ شىسەي، — ئۇ ساقال، ھە ياق، باش كونسۇل جانابلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ساقاللىق يىلپىز ئېغىز ئېچىشنى خالامدىكىن؟

— بېلىق قارماققا ئۆزى خالاپ ئەمەس، يەمچۈكنى يەيمەن دەپ ئىلىنىدۇ، — دېدى ئاپرېسوف جىددىي قىياپەتتە.

— يەمچۈك؟ — قىزىقىپ سورىدى شېڭ شىسەي.

— ھە شۇنداق، مەسىلەن، ھازىرقى پەيتتە ھېلىقى ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىن ياخشىراق يەمچۈك يوق، چۈنكى ئۇ ساقاللىق يىلپىزنىڭ ئىشتىھاسى شۇنى تارتىۋاتىدۇ. ئەگەر ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە مۇسۇلمانلاردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلسىڭىز، ئۇنىڭ بەزى گۇمانلىرى تۈگەپ، سىزگە تېخىمۇ ئىشىنىدۇ

ۋە نېمە دېسەڭىز شۇنى قىلدۇ.
شېيخ شىسەي رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى.

## 6

شېيخ شىسەي ئەتىسىلا ئۆزىنىڭ تەرجىمانىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھاجىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ــ دە، ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قوبۇل قىلىش مەسىلىسى توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئەسلىدە بۇ مەكتەپكىمۇ مۇسۇلمان ياشلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىيىتىم بار ئىدى. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانچە ئاشخانا ۋە مۇسۇلمان ئاشپەز مەسىلىلىرى ھەل بولماي بۇ كەمگە سۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمدى شەرت ــ شارائىت يېتىلدى. فۇجۇ- شى جانابلىرى بۇ پىكرىمگە قوشۇلسا، ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتى- پىدە ئوقۇشقا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ياشلىرىدىن مۇۋاپىق ساندا نامزات كۆرسىتىشنى سورايمەن.

پاھ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ياشلىرىمۇ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولسا بۇ ھەقىقەتەنمۇ كارامەت ئىش بوپتۇغۇ! شېيخ دۇبەن جانابلىرى نېمىدېگەن ئادىل، نېمىدې- گەن كەڭ قورساق ئادەم! ھاجى ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇقماي بىكارغىلا ئاغرىنىپ يۈرگەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، قول باغلاپ تۇرغان پاكىنەك تەرجىمان گېپىنى توختىتىشى ھامان، ھاجى جۇشقۇن بىر ھاياجان بىلەن شېيخ شىسەينىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ:

ــ دۇبەن جانابلىرى، راستىنىلا شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ

مىللەتنىڭ بۈيۈك داھىيسى بولۇشقا مۇناسىپ. مەن بۈگۈن باش-قىلاتتىن ئىشەندىم ۋە قايىل بولدۇم. بۇنى بارلىق مۇسۇلمانلارغا، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارغا ئوبدان چۈشەندۈرمىسەم بولمايدۇ، — دېدى.

بۈگۈن شېڭ شىسەي كۆتكىنىدىن ئارتۇقراق نەتىجىگە ئې-رىشتى. چۈنكى ھاجى ئۇنىڭغا باشقىلاتتىن ئىشىنىپ قايىل بولۇپلا قالماي، بۇنى ھەتتا كەڭ جامائەتچىلىككە چۈشەندۈرمەكچىمۇ بول-غانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى. مۇسۇلمانلاردا، بولۇپمۇ ئۇي-غۇرلاردا شېڭ شىسەيگە ئىشەنمەسلىك كەيپىياتى ھېلىمۇ خېلى دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۇنىڭ سىياسەتلىرى توغرىسىدا ھەر خىل سۆز — چۆچەكلەر بولۇۋاتقان شارائىتتا، ھاجى ئۆز نامىدىن بىرەر بايانات ئېلان قىلسا، بۇنىڭ سىياسىي ئۈنۈمى نەقەدەر زور بولاتتى — ھە! شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، شېڭ شىسەيمۇ ھاجىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— فۇجۇشى جانابلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر كەلىمە سۆزنىڭ تىيانشان تېغىدەك ئېغىرلىقى بولىدۇ. ئەگەر فۇجۇشى جانابلىرى ئىككىمىزنىڭ ئىناق — ئىتتىپاقلىقىمىز ۋە يېڭى ھۆكۈمە-تىمىزنىڭ سىياسەتلىرى خۇسۇسىدا، گېزىت يۈزىدە ھەممىگە، خۇسۇسەن ئۇيغۇر خەلقىغە قارىتىپ بىرەر خىتابنامە ئېلان قىلسا ناھايىتى چوڭ ئىش بولار ئىدى.

ھاجى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

شېڭ شىسەي شۇ ئاخشىمى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى مۇنۇ قۇرلار بىلەن ئاياغلاشتۇردى:

«ئەگەر مەھمۇت بىلەن يولۋاسمۇ، خوجىنىيازغا ئوخشاش ساددا مەخلۇقلاردىن بولغان بولسا، مەن ئۆزۈمنىڭ پىلانلىرىمنى بۇرۇنراق ئەمەلگە ئاشۇرغان بولار ئىدىم».

× × ×

شۇنداق قىلىپ 1935 ــ يىلى 11 ــ ئۆكتەبىر كۈنى «يېڭى شىنجاڭ»① ناملىق ھەپتىلىك گېزىتنىڭ 25 ــ سانىدا ھاجىنىڭ بىر خىتابنامىسى ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭدىكى بارلىق دوتەي، شيەنجاڭلارغا، دۇپ بېگى، شاڭيو، مەدەنىي ــ مائارىپ خادىملىرى، ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى، مىللەت كومىتېتلىرى ۋە بارلىق يۇرت چوڭلىرىغا، بولار ئارقىلىق ھەممە ئۇيغۇر خەلقىغە خىتابنامە» دەپ سەرلەۋھە قويۇلغان بۇ خىتابنامىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«... مەن خەلقنى جەبىر ــ زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، زالىملار بىلەن رەھىمسىز ئۇرۇشتۇم، ئادالەتپەرۋەر، ھەقىقەتچى بۈيۈك داھىمىز شېڭ دۇبەن جانابلىرىمۇ زالىم خۇنخورلارغا قارشى چىقىپ مېنىڭ بىلەن دوستلاشتى. نەتىجىدە، زالىملارنىڭ توپىسى كۆككە سورۇلدى ... ھازىر خەلقىمىز تىنچلاندى، تەپرىقىلەر بېسىلدى. خەلق ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، باي بولۇشقا جان ــ دىلى بىلەن كىرىشتى. شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەت سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، دىنىي جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇقلۇق بولدى. مانا بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگۈسى كەلمىگەن، ھەقىقەتتىن كۆز يۇمغان بەزى ئادەملەر، ئۆزىنى داھىي ھېسابلاپ يۈرگەن بەزى كىشىلەر چەتلەردە ۋە بەلكى يوشۇرۇن ھالدا ئۆز ئىچىمىزدە،

① «يېڭى شىنجاڭ» — شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە گېزىت بولۇپ، 1934 ــ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شاپىگرافلىق بىلەن، كېيىنچە تاش مەتبەئەدە بېسىلىشقا باشلىغان. گېزىتنىڭ نامى ئۇيغۇرچە، لاتىنچە ۋە خەنزۇچە يېزىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا «مەركىزىي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى نەشرى ئەپكارى» دېگەن سۆزلەر ئەسكەرتىپ قويۇلغان. بۇ گېزىت 1935 ــ يىلى 12 ــ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن مەركىزىي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارىغا ئۆزگەرتىلگەن.

تۇرلۇك پىتنە ــ ئىغۋانلارنى تارقاتماقتا. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بەزى ـ بىر ئىلىنغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يۇرت ئىچىدە تۇرلۇك ئالدى ــ قاچتى، ئېرى ــ بېرى سۆزلەر تارقالغانغا ئوخشايدۇ. ‹خوجىنىياز ھاجىم خىتايلارغا سېتىلدى، ئۇيغۇرلار ئالاھىدە مۇستەقىل بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇرالار ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى تارتىۋالماقچى. ئىنقىلاب نەتىجىسىز بولدى. بىزنى خىتايلار ئەزمەكتە› دېگەنگە ئوخشاش تۆھمەت ــ ئىغۋالارنى تارقاتقۇچىلارمۇ بارغا ئوخشايدۇ.

بۇ خىيالپەرەس، پىتنىخور، خائىنلار ئويلىمامدۇ؟ شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەت ئون ئۈچ بۆلەك بولۇپ تۇرسا، نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ بۆلەك ــ بۆلەك بولۇش دېگەن سۆز بىر ياقتىن ئۆز ئىچىدە دۇشمەنلىكنى كۈچەيتىش؛ ئىككىنچى ياقتىن جاھانگىرلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈش دېگەن سۆز ئەمەسمۇ؟ بۇ خائىنلار كۆرمەمدۇ؟ خىتايدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇڭلار دەپ، ياپونىيە مانجۇرىيىنى مۇستەملىكە قىلىۋالدى. بۇنداق دەلىللەر جىق.»

«ھەممىڭلار ۋە ھەممە خەلقلىرىمىز ياخشى بىلسۇنلەركىم، مەن سوقۇشقان ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنى ئالاھىدە ھۆكۈمەت قىلاي، ئۆزۈم ئۇلارغا پادىشاھ بولاي، باشقا مىللەتلەرگە تامام قارشى تۇراي دەپ سوقۇشقان ئەمەس. مەن خەلقنىڭ ھايۋان ئورنىدا دەسسىلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، زالىملارنى يوقىتىپ، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ھەممە مىللەت ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچى ئادالەتلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلسۇن دەپ سوقۇشقان، مەن ھازىر شۇ مەقسىتىمگە يەتتىم».

بۇ خىتابنامە مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئاياغلاشقان:

«ھەي ئەزىز ئۇيغۇر مىللىتىم، كېلىڭلار شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەت بىرلىكتە، بىر سەپكە تىزىلىپ، ھەممىمىز بىر كىشىدەك

جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇپ خاقان مەملىكىتىنىڭ①بىرلىكى ۋە بۆلۈنمەسلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭنى بۈيۈك خاقان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۆلۈنمەس بىر ئۆلكىسى قىلىش ئۈچۈن تىرىشايلى. خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى ئالغا چامدىتايلى، خەلقىمىزنى ئىلىم ــ بىلىملىك، ھۈنەرلىك، ھەر ئىشقا ماھىر قىلىپ، مەدەنىي مىللەتلەرنى قوغلاپ يېتەيلى. دوستلىرىمىزنى كۆلدۈرۈپ، دۈشمەنـ لىرىمىزنى زار ــ زار يىغلىتايلى».

## 7

يەنە بىر يىل ئۆتتى. پەلەكنىڭ چاقى ھامان ئۇلۇغ چۆرگىلەـ ۋاتقاندەك قىلاتتى. خۇددى ئاشۇ كۈنى ھاجىم ئېيتقاندەك «شىڭ دۇبەن جانابلىرى راستتىنلا شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەتنىڭ بۈيۈك داھىيسى بولۇشقا مۇناسىپ» كىشى بولسا كېرەك، ئۇ ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىققاندىن بۇيان، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ، نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن مەدەنىي ــ مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ــ مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاـ ھىدە كۆيۈنۈپ، بۇ يىل ئۈچىنچى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان يۈز نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئەسلى قارار بويىچە قىرىق نەپىرىنىڭ يەنىلا ئۇيغۇرلاردىن ئېلىنىشىنى قاتتىق تەكىتلىگەندىن تاشقىرى، شىنجاڭ بويىچە پەقەت ئۈرۈمچىدىلا بولغان ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن بىلەن ئۆلكىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى تېزلىكتە كۆـ

---

① ئۇ چاغلاردا بەزى كىشىلەر جۇڭگونى «خاقانى چىن» ياكى «خاقان مەملىكىتى» دەپ ئاتايتتى.

پەيتىش توغرۇلۇق ئالاھىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەتتا مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ئاقسۇ ۋالىيسى نىياز شىرىپنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ماڭارىپ بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا مەدەت بېرىپ مەخسۇس تېلېگرامما ئەۋەتتى.

تاشكەنتكە تۇنجى تۈركۈمدە ئوقۇشقا كەتكەنلەر شۇ كۈنلەردە ئوقۇشنى تاماملاپ ئۈرۈمچىگە قايتىشقانىدى. شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن بۇ يېڭى زىيالىيلار توپىنى خەلق ئامىسى «تاشكەنتچىلەر» دەپ ئاتاپ، ئۇلارغا زور قىزىقىش ۋە ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى كاستۇم — بۇرۇلكا، بوينىدىكى گالستۇك ۋە بېشىغا قويۇۋالغان چاچلىرى ئاۋام خەلققە يوچۇنراق تۇيۇلاتتى. ھەتتا ھاجىمۇ تۇرسۇن دولاننى شۇ قىياپەتتە كۆرۈپ:

— مەھەم، چاچ قويۇۋالغىنىڭ نېمىسى، ئورۇسلارنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قاپسەنغۇ ئوغلۇم، — دەپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ بېشىغا چاچ قويۇۋېلىشى شەرتمۇ، سىز شۇنچە ئوقۇغان تۇرۇپ چاچ قويمايدىكەنسىزغۇ، ئەپەندىم، — سورىدى ھاجىم مەتنۇر ئەپەندىدىن.

— بۇنى شەرت دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئەتە — ئۆگۈن جانابلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى سەدەنشا ئوغلىمىزمۇ تاشكەنتتىن بېشىغا چاچ قويۇپ كېلىۋرمىكىن، — دەپ كۈلدى مەتنۇر ئەپەندى.

ھاجىم ھېچنېمە دېمىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلكە، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي — ماڭارىپ ئورگانلىرى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە، بىر قىسمى بولسا مەمۇرىي ئىدارىلەرگە تەقسىم قىلىنىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

تۇرسۇن دولان ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە تىل — ئەدەبىـ

ياتتىن دەرس بېرىشكە باشلىدى. تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسى تۇرسۇن ھەسەنوف بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاشۇ خىلدا ئورۇسچە فامىلە قوللانغانىدى، بۇمۇ ھاجىغا ياقمىدى.

— بۇ نېمە قىلىق؟! — كايىشقا باشلىدى ئۇ تۇرسۇن دولانغا، — ئېتىڭلارنىمۇ ئورۇسچە قىلىۋاپسىلەرغۇ! مەن سىلەرگە ئورۇسلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىڭلار، بىلىمىنى ئۆگىنىڭلار، ئەممازە ئۆزىنى دورىماڭلار دېمىگەنمىدىم ـ ھە!

تۇرسۇن دولان شۇ كۈندىكى خاتىرىسىگە مۇنۇ قۇرلارنى يازدى:

«ھاجى ئاتام قىزىق ئادەم ـ دە! ئۆزى بىز ياشلارنى ئوقۇڭلار، ئوقۇڭلار، يۇرت ۋە مىللەتكە مائارىپ كېرەك دەيدۇ، ئەمدى بولسا ئەڭ ئاددىي يېڭىلىقلارنىمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ كونا ئادەملەرنى قانداق قىلىشارمىزكىن تاڭ؟ تارىخنى ۋاراقلىسام كۆڭلۇم بۇزۇلۇپ، كۆزۈمگە ياش ئولىشىدۇ. بىزدىن ئات ئۈستىدە قىلىچ ئويىنىتىپ يۇرت ئالغان قەھرىمانلار چىققانغا ئوخشاش، قاچانمۇ مىللەتنىڭ قەلب ـ ساداسىنى ئاڭلاپ، ئەقىل ـ دانىشى بىلەن يىراق كېلەچەكنى كۆرەلەيدىغان ھەقىقىي داھىي چىقاركىن! مىللىي قەھرىمان باشقا گەپ، مىللەت داھىيسى يەنە باشقا گەپ دېگەن ھۆكۈم توغرا ئوخشايدۇ.»

تۇرسۇن دولان شۇ قۇرلارنى يېزىپ بولۇپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. بىردەم خىيال سۈرۈپ ياتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مۇنۇلارنى يازدى:

«ئەستاغپۇرۇللا، ھاجى ئاتام ھەققىدە ئېگىز ـ پەس جۆيلۈپ سالدىممۇ نېمە؟ شورۇم قۇرۇسۇن مېنىڭ، مەن يەنىلا بالىلىق قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ يۇرت ۋە مىللەتكە مائارىپ كېرەكلىكىنى

چۈشىنىپ، بۇ ئىشقا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلگىنىمۇ چوڭ گەپ.
نېمىلا بولسا بىزدە بىر يېڭى دەۋر باشلاندى، ئەمدى يېڭى بىر
ئەۋلاد دۇنىياغا كېلىدۇ. بۇ يېڭى ئەۋلادنى مەرىپەت ئانىسى تۇغىدۇ.
شىڭ دۇبەن بىلەن ھاجىم ئاتام باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ
مائارىپپەرۋەرلىكى شۇ مەرىپەت ئانىسىنىڭ تۇغقۇت ئانىسى بولىدۇ.
مېنىڭ مىللىتىممۇ نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلىدۇ. مەن ئوقۇت-
قۇچى بولغانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. ھەي ھەسەن دولاننىڭ
ئوغلى، سەن نېمىدېگەن بەختلىك!»

## 8

تۇرسۇن دولان شۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا، شىڭ شىسەينىڭ
گازۋاي لامپا بىلەن يورۇتۇلغان ئازادە مېھمانخانىسىدا غەلىتە بىر
ئىش بولۇۋاتاتتى. چېكە چاچلىرى تەكشى ئاقارغان، ئېگىز بويلۇق،
قاتاڭغۇر، سۆرۈن چىراي بىر قېرى ھەربىي كىشى باياتىن بېرى،
شىڭ شىسەيگە قوللىرىنى شىلتىپ ـ شىلتىپ ئاچچىق بىلەن
بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئادەتتە ئۆزى تۇرماق سايىسى بىلەنمۇ
كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالىدىغان شىڭ شىسەي بولسا
خۇددى ئۇستاز ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ «خوش» دەپ تۇرىدى-
غان شاگىرتقا ئوخشاش يەرگە قارىغان پېتى يۇمشاق دىۋاندا جىم
ئولتۇراتتى.

— قېنى ئېيتىڭچۇ، — دېدى ھېلىقى قېرى ھەربىي ئاۋازىنى
تېخىمۇ كۆتۈرۈپ، — مېنىڭ ھاكىمىيەت تەقدىرىگە دائىر ئىشلارغا
ئارىلىششقا ھەققىم بارمۇ ـ يوق؟ ئەلۋەتتە، يوق دېيەلمەيسىز،
شۇنداقمۇ؟

بۇ كىشى شىڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى چۇزۇڭجىڭ بولۇپ،

ئۆزىنىڭ تەرسا ۋە ئۆكتەملىكى، بولۇپمۇ ئاچچىقى يامانلىقى بىلەن داڭقى چىققان قېرى مىلتارىست ئىدى. چۈيۈفاڭ دادىسىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىگىيدى دېگەندەك قىلىپ، گاھ دادىسىغا، گاھ ئېرىگە خاۋاتىرلىنىپ قارايتتى. شىيىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيون باشلىقى لى يىڭچى بىلەن باش مەسلىھەتچى پېڭ-ئەپەندىمۇ بىر چەتتە ئەندىكىپ ئولتۇراتتى.

— مەن سىزگە قېيناتا بولۇشتىن كۆرە، — داۋام قىلدى چۈزۈڭجىڭ، — بۇ ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ۋە ئۇنىڭ تۇۋرۇكى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەنكى، ئاتالمىش مائارىپپەرۋەرلىكىڭىزنى دەرھال يىغىشتۇرۇڭ! بولمىسا يامان ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ.

شىڭ شىسەي بۆرە كۆزلىرى بىلەن خوتۇنىغا «يالت» قىلىپ بىر قارىۋالدى ـ دە، تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراشقا باشلىدى. ئادەتتە ئۇ قېيناتىسىنىڭ ھېچقانداق سۆزىنى يېرالمايتتى. ئۇنىڭ رايىغا باقماسلىق خوتۇنىنى رەنجىتىپ قويۇش، ھەتتا قارشىلىقنى قوزغاش دېگەن گەپ ئىدى. ئەگەر خوتۇنى بىلەن قارشىلىشىپ قالسا، ئىشىنىڭ تۈگىگىنى شۇ، چۈنكى خوتۇنى ئۇنىڭ ئەڭ مەخپىي سىرلىرىدىنمۇ تولۇق خەۋەردار ئىدى. ھەر زامان دادىسى تەرەپتە تۇرۇپ كېلىۋاتقان چۈيۈفاڭنىڭ بۈگۈنمۇ بۇ قېرى تەرسانىڭ تەرىپىنى ئېلىشى چوقۇم. ئۇ ھالدا شىڭ شىسەينىڭ پۈتۈن يۈرۈشلۈك پىلانى قاتتىق توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

شىڭ شىسەي ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرغاندا، چۈيۈفاڭ كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ:

— دادا، بۈگۈنكى گېپىڭىز بەك چەكتىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنى مەرىپەتپەرۋەرلىك سىياسىتىدىن دەرھال ۋاز كەچ دېگىنىڭىزگە مەن قوشۇلالمايمەن، — دېدى.

— مەن ۋاز كەچ دېمىدىم، يىغىشتۇر دەۋاتىمەن، — دېدى چۈزۈڭجىك ئەسەبىيلىك بىلەن قولىنى شىلتىپ.

چۈيۈفاڭنىڭ دادىسىغا قارشى مەيدانىغا ئۆتكەنلىكى شېڭ شىسەينى مۇشكۇل ھالەتتىن قۇتۇلدۇردى بولغاي، ئۇ دەرھال زۇۋانىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— توغرا، پەدەر بۇزرۇكۋارىمىز مېنى مەرىپەتپەرۋەرلىكتىن ۋاز كەچ دېگىنى يوق، پەقەت ئۇنى يىغىشتۇر دەۋاتىدۇ، مۇمكىن بولسا ئېنىقراق ئېيتسىلا، مەن زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— مانا قىزىق، — دەپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى چۈزۈڭ-جىك، — سىز شۇنچە ئاقىل ۋە چېچەن ئادەم تۇرۇقلۇق مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشەنمىسىڭىز، كاشكى! ياڭ ھەز-رىتىنىڭ (ياڭ زېڭشىڭنى دېمەكچى) ئەرۋاھى سىزنى قوللىسۇن دەۋاتىمەن. مەرىپەتپەرۋەرلىكىڭىزنى قويۇپ، ياڭ ھەزرىتىنى ئۇستاز تۇتۇڭ دەۋاتىمەن، ئۇقتىڭىزمۇ؟

شېڭ شىسەي ئۆز قېيناتىسىنىڭ تەرسالىقىنى ئوبدان چۈشە-نىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشماسلىققا تىرىشىپ، يۇمشاق تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— پەدەر بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ ياڭ جياڭجۇنغا بولغان ئىخلا-سىغا قايىلمەن. بىراق زامان ئۆزگەردى. ياڭ جياڭجۇننىڭ بۇ چېگرا يۇرتنى ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتتى.

— ياق! — قولىنى شىلتىدى چۈزۈڭجىك، — ياڭ ھەزرىت ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەرۋاھى سىزنىڭ يامۇلىڭىزدىن كەتمەس-لىكى كېرەك، ئۇ ھەزرىتىم شىنجاڭنى قانداق قىلىپ ئون يەتتە يىل سورىغان، بۇنى بىلىسىزغۇ! دانىشمەنلەرگە خاس پاراسەت بىلەن ئاۋامنى شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتمەسلىك سەنئىتى

بىلەن سورىغان. ئەگەر يەن ياۋنەنچىلەر خائىنلىق قىلمىغان بولسا، ئۇ زاتى كەرەمنىڭ تەختى ـ بەختى تېخىمۇ ئۇزۇن يىللار بەرقارار تۇرغان بولاتتى. سىز بولسىڭىز ئاۋامنى مائارىپ بىلەن ئويغىتىپ ئۆزىڭىزگە دۈشمەن تەييارلاۋاتىسىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئورۇس يېرىگە ئۈچ يۈز ئوقۇغۇچى چىقىرىپ بولدىڭىز. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەرلىك مىللەتلەر. ئۇلار كوممۇنىزم مەپكۇرىسىدىن تاشقىرى، ئورۇس يېرىدىكى مىللەتلەرنىڭ قوشما جۇمھۇرىيەتلىك تۈزۈمىنىڭ تەسىرىنى يۇقتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ بىرى ئون، ئونى يۈز، يۈزى مىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەنۇبىي شىنجاڭدا مەھمۇتنىڭ تۈركىيىدە ئوقۇغان ئەپەندىلەر ئارقىلىق مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ھەدەپ ئادەم تەييارلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھەتتا ئۇ شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى قۇمۇلغىمۇ قولىنى سوزغان. شۇنداقمۇ لى چۈجاڭ؟

— شۇنداق، — دەرھال جاۋاب بەردى لى يىڭچى، — ھاشىم ھاجىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئابدۇراخمان قارىيھاجى دېگەن ئادەم مەھمۇتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قۇمۇلغا كېلىپ، يېڭىچە مائارىپ بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ.

— مۇشۇنداق ماڭسا، — داۋام قىلدى چۇزۇڭجىڭ، — ئاسمان خۇداسىغا ئامانەت، ئۈچ يىلغا قالماي سىز تەختىڭىزدىنمۇ، شىنجاڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالىسىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— غەمخورلۇقلىرىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، — دېدى شېڭ شىسەي ئورنىدىن تۇرۇپ. ئاندىن چۇزۇڭجىڭنى ئاستا يۆلەپ دىۋانغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۆزى ئۇنىڭغا يېقىنراق ئولتۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— پەدەر بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ دانىشمەنلەرچە پاراستىگە قا-

يلمەن. ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى راست، ئەمما كەمىنىلىرىنىڭ ئىككى كەلىمە گېپىنىمۇ ئاڭلاپ قويسىلا. بىرىنچىدىن، بۈگۈنكى زاماندا ياڭ جياڭجۇنىنىڭ ئەلنى غەپلەتتە تۇتۇش سىياستىنى يۈرگۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى جاھان ئۆزگەردى، زامان ئۆزگەردى. جۇڭگودا بولۇپ ئۆتكەن «4 ـ ماي» ھەرىكىتى ۋە رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى تەسىرىدە خوجىنىياز باشلىغان توپىلاڭ بۇ زېمىننى، بۇ زېمىندىكى مىللەتلەرنى ئاللىقاچان ئويغى-تىۋەتتى. ئەمدى ئۇنى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئەپسۇنى بىلەنمۇ ئۇخلات-قىلى بولمايدۇ. ئويغانغان مىللەت تەرەققىياتنى تەلەپ قىلىدۇ. تەرەققىيات مائارىپنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى ئۇلار چۈشى-نىپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مەن شارائىتقا ماسلىشىپ مەرد-پەتپەرۋەرلىك سىياستىنى ئەمەلگە قويىمسام، بۇ يۇرتنى قانداق ئىدارە قىلالايمەن، ھاكىمىيەتنى قانداق قىلىپ قولدا تۇتالايمەن! شۇنداق ئەمەسمۇ پېك ئەپەندى؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دەرھال تەستىقلىدى باش مەسلى-ھەتچى پېك ئەپەندى، — دۇبەن جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى تاما-مەن توغرا، — ئاۋام ئويغانماستا خۇددى بىر توپ پادىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى تاياق بىلەن خالىغان تەرەپكە ھەيدەش مۇمكىن. ئويغانغان ئاۋام يولۋاسقا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنى ئىدارە قىلماق بەسى مۈش-كۈل. يولۋاسنى تۆمۈر قەپەستە ساقلىغىلى بولغان بىلەن ئويغى-نىپ قالغان ئاۋامنى تۆمۈر قەپەستە ساقلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت دىنىي ئېتىقاد ياكى پالانى «ئىزم» دېگەنگە ئوخشاش مەنىۋى قەپەسلا تۇتۇپ تۇرالايدۇ. دۇبەن جانابلىرىنىڭ ياڭ ھەز-رەتتىن ئېشىپ چۈشىدىغان دانىشمەنلىكى شۇكى، دۇبەن جانابلى-رى ئەنە شۇنداق مەنىۋى قەپەسنى ئىختىرا قىلدى. بۇ قەپەسنىڭ ئېتى ئىلغارلىق، ئۇنى تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا مەرىپەت-

پەرۋەرلىك!

— بۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، — دېدى چۇزۇگجىك قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — سىلەر بۇ ياۋايى مىللەتلەر ئارىسىدا مەرىپەتپەرۋەرلىكنىڭ ئاخىر يامان ئاقىۋەت بېرىدىغانلىقىنى ئويلىماپسىلەر. مەن شۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىمەن.

— پەدەر بۇزرۇكۋارىمىز خاتىرجەم بولغاي، — دېدى شىپك شىسەي ئىشەنچ بىلەن، — ئېيتايلۇق، مېلى تاشكەنتتە، مېلى شىنجاڭدا بولسۇن، يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كۆزى ئېچىلغان ياشلار ئاتا - بوۋىلىرى چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان دىنىي خۇراپاتلارغا، كونا قائىدە - يوسۇن ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرگە سەلبىي نەزەردە قارايدىغان بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى يېڭى ئادەملەر، ئاتا - بوۋىلىرىنى بولسا يېڭىلىققا قارشى كونا ئادەملەر دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلە ئىككىگە بۆلۈنۈۋاتىدۇ. شۇ ئائىلە مەنسۇپ بولغان مىللەتمۇ پارچىلىنىۋاتىدۇ، مەن شۇنىڭدىن خۇشالمەنكى، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرى مىللىي ئەنئەنە بىلەن ھېسابلاشماي ئولتۇرماي يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىكەن. ھەتتا مىللىي زىيالىيلاردا دىنسىزلىق خاھىشلىرى بىخ يېرىپ چىقماقتا. مەن بىر تەرەپتىن، ئۇلارغا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىمدا بۇ خىل خاھىشنى قوللاۋاتىمەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دىنىي ئېتىقادنى، ۋاڭ، گۇڭ، ئاخۇنلارنىڭ ھوقۇق ۋە ئورنىنى قوغداش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتىمەن، بۇ ھال جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىشنى تېزلەتمەكتە. مەن بۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشنى بىلىمەن. بۇ بىر؛ ئىككىنچىدىن، بۇ سورۇندا ھېچقانداق سىرنى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىغانلىقتىن، مەن شۇنى ئوچۇق ئېيتايكى، يەنە شۇ مەرىپەتپەرۋەرلىك يولى

بىلەن بەزى دۈشمەن كۈچلەرنىمۇ پارچىلاشقا مۇۋەپپەق بولماقتى-
مىز. مەسىلەن، مەھمۇتنىڭ ئەتراپىدىكى ئىخلاسمەنلىرىدىن،
جۈملىدىن يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىر قىسىم ياشلارنى ئۇرۇمچىگە
كەلتۈرۈپ، بىر نەچچە ئايلىق كۇرستا ئوقۇتۇش جەريانىدا ئۇلار
«يېقىن كېلەچەكتە ھەممە ھوقۇق بىزنىڭ بولىدىكەن، ھازىر
مەنسەپ ئۈستىدە تۇرغانلار بىزنىڭ ئۆسۈشىمىزگە توسالغۇ ئىكەن،
بىز شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىش كۆرسەك بولغۇدەك» دېگەن تونۇشقا
كەلدى. مېنىڭچە، ئەڭ جاھىل دۈشمەن مەھمۇتنىڭ مۇستەھكەم
قورغىنىمۇ ئۆز ئىچىدىن پارتلايدۇ. دېمەك، مائارىپپەرۋەرلىك بايرى-
قى ئاستىدا، بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەك سوقىمىز. بىرىنچى-
دىن، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ماڭا ئىشىنىپ ئەتراپىمغا ئۇيۇشىدۇ،
ماڭا ئەگىشىدۇ. ئۇلارنىڭ كونا كۈچلەر بىلەن بولغان زىددىيىتى
كۈنسايىن كۈچىيىپ بارىدۇ. بۇ بىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى-
مىزگە پايدىلىق؛ ئىككىنچىدىن، يېڭىلىق تەرەپدارلىق بىلەن كونا
كۈچلەر ئارىسىدىكى كۈرەش جەريانىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ
سەردارلىرى، يەنى ئەڭ خەتەرلىك شەخسلەر ئۆزىنى چوقۇم ئاشكارا
قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۇلارنى تونۇۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ
بېرىدۇ ـ دە، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى يىغىشتۇرۇشىمىزغا ئاسان
بولىدۇ.

— مانا بۇ جەھەتتىن ياڭ ھەزرەتكە بىر ئاز ئوخشايدىكەن-
سىز، — دېدى چۈژۈڭجىڭ سەل ئېچىلىپ، — ئەمما ۋاقتى
كەلگەندە ئۇلارنى قانداق يىغىشتۇراركەنسىز دەپ خاۋاتىرلىنىۋا-
تىمەن.

— شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە يايغان مەخسۇس تورلىرىمىز-
نىڭ بارلىقى سىزگىمۇ مەلۇم، — دېدى شېڭ شىسەي، — بۇ
تورلار ئۇرۇمچىدە لى چۈجاڭ بىلەن سىيىت ھاجى، قۇمۇلدا ھاشىم

ھاجى، قەشقەردە قادىر ھاجى باشچىلىقىدىكى مەخسۇس خادىملىرىمىز ئارقىلىق بىزنىڭ قولىمىزغا مەركەزلەشكەن، خۇسۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئۈچ مۇتەخەسسىس دەرياغا تاشلانغان تورنىڭ يىپىنى تارتىشقا كىچە ــ كۈندۈز تەييار تۇرغان ئۇستا بېلىقچىلاردەك ئۆز ئىشىغا مۇئەككەل. ۋاقتى ــ سائىتى يەتكەندە ھەممە ئىش جايىدا بولىدۇ. دېمەك، مېنىڭ مائارىپپەرۋەرلىكىم پەقەت بىر ۋاستە، ئەسلى مۇددىئا ھاكىمىيەتنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش.

— بۇ گەپلىرىڭىزگە قايىلمەن، — دېدى چۇزۇگچىك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئەمما مەن يەنىلا شۇنى جېكىلەيمەنكى، ياك ھەزرەتنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى — «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر» دېگەن كىتابنى پات ــ پات ئوقۇپ تۇرۇڭ، چېگرا رايوننى ئىدارە قىلىش سەنئىتىدە ئۇ زاتقا ئوخشاش پاراسەتلىك كىشى تېخى دۇنياغا كېلىپ باقمىدى. ئۇ كىشى ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ھېچقاچان ئورۇسلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويمىغان.

— دادام قېرىپ قاپتۇ، — دېدى چۇيۇفاڭ چۇزۇگچىك ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن، — ئۇ ئۇرۇمچىدىن يىراقراق يەردە تۇرسا بولغۇدەك.

— توغرا ئېيتتىڭىز سۆيۈملۈكۈم، — دېدى شىڭ شىسەي قىرقىم چاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ.

9

تۇرسۇن دولان ھەر ئىككى ــ ئۈچ كۈندە دېگۈدەك ھاجىمنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كېلىپ كۆرۈنۈش بېرىپ تۇراتتى. بىر كۈنى مېرۇل پۇگەن ئۇنى ھويلىدا ئۇچرىتىپ:

— تازىمۇ ئوبدان گاختا كەپسەن ئۇكام، بۈگۈن ئارمانبەگنى كۆرىدىغان بولدۇق، — دېدى.

— ئارمانبەگ!؟ — دېدى تۇرسۇن دولان سەل تېڭىرقاپ قېلىپ.

— قارا سېنى! رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپەم بىلەن بىللە شېھىت بولغان ئامانقۇلنىڭ ئوغلى ئارمانبەگچۇ، ساڭا نەچچە قېتىم گېپىنى قىلىپ بەرگەنىدىمغۇ! ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— يوقسۇ، ئۇنتۇپ قالمىدىم ئاكا، ھەيران قېلىۋاتىمەن.

مېرۈل پۈگەن بۈگۈن ئالتايدىن قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق قەھرىمانى شەرىپقان تۆرىنىڭ ھاجىمنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ كەلگەن بىر يىگىتنى ئامان-قۇلنىڭ ئوغلى ئارمانبەگ دەپ تونۇشتۇرغاندا، ھاجىمنىڭ ئۇ يىگىتنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتكىنىنى، ھاجىمنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ، شەرىپقان تۆرە باشقا مېھمانلارنىڭمۇ كۆزىگە ياش ئالغانلى-قىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مەنغۇ ئامانقۇلنى كۆرمىگەن، ھاجى ئاكامنىڭ ئېيتىشى-چە، ئارمانبەگ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. بۇ يىگىتنىڭ بوي ـ بەستى سەنچىلىكلا بار، ئەممازە، شەرىپقان تۆرىنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن، بۆلەكچىلا يوغان ئادىم ئىكەن.

— ئارمانبەگ ھازىر نەدە، مېھمانخانىدىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى تۇرسۇن دولان.

— دالاندا، يۈر بولمىسا، مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.

يېرىم سائەتتىن بۇيان، مېھمانخانىنىڭ دالىنىدا تۇرسۇن دولان بىلەن ئارمانبەگ خۇددى كونا دوستلاردەك مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار مېھمانلارنىڭ سۆھبىتىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قوي-

ماسلىق ئۇچۇن بولسا كېرەك، مۇمكىنقەدەر پەسرەك ئاۋازدا سۆزلە-
شەتتى. ئارمانبەگ تولاراق قازاقچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى.
بۇ ئىككى يىگىتنىڭ بوي ـ بەستى ۋە ياش ـ قۇرامى تەڭدەك
كۆرۈنسىمۇ، تۇرسۇنغا قارىغاندا ئارمانبەگ سەل ئېتىلكرەك ۋە
غوللۇقراق كۆرۈنەتتى. مۇرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېسىۋالغان ماۋزۇ-
رى بىلەن بېلىگە باغلىۋالغان پارقىراق چەم ئوق خالتىسى ئۇنى
ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

مېھمانخانىنىڭ ئىشىك پەردىسى قايرىلىش بىلەن تەڭلا ھەر
ئىككىيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. تۇرسۇن دولان شەرىپقان
تۆرىنى كۆرۈپ راستتىنلا ھەيران قالدى. ئادەم بالىسى شۇنداقمۇ
يوغان ۋە ئېگىز بولىدىكەن ـ ھە؟ ئۇ خۇددى قوش قاناتلىق
ئىشىككە ئارانلا سىغىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھاجىمنىڭ شۇ سورۇن-
دىكى مېھمانلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن ئېگىزرەك كۆرۈنگەن مەتنۇر
ئەپەندىنىڭ بېشى ئارانلا ئۇنىڭ مۈرىسىگە كېلەتتى. كەڭ قاسقان-
لىق شەپكە، ماش رەڭ شېرىستىن تىكىلگەن ھەربىي فورما،
بېلىدىكى پارقىراق چەم تاسما، پۇتىدىكى سېرىق خۇرۇم ئۆتۈك
ئۇنىڭ جاسارىتىگە يەنە ھەيۋەت قوشۇپ تۇراتتى.

— مانا ـ مانا، مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قويغۇچە ئۆزۈڭ-
لار تونۇشۇپ قاپسىلەر ـ ھە، شەيتانلار، — دەپ كۈلدى ھاجىم
ئەدەپ بىلەن تۇرغان يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، ئاندىن،
شەرىپقان تۆرىگە تۇرسۇن دولاننى كۆرسىتىپ، — ئورۇس يېرىدە
ئوقۇپ كەلگەن يىگىتلىرىمىزنىڭ بىرى شۇ. بۇ ئوغلىمىزمۇ بىز
بىلەن بىللە جەڭدە بولغان. ئەمدى بىر چوڭ مەكتەپتە ئەپەندىچە-
لىك قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

شېرىپقان تۆرە:

— بەك ياخشى ئىش بوپتۇ، — دەپ تۇرسۇن دولاننىڭ
پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى ۋە ئارمانبەگكە قاراپ، — مەن

سىنى قۇتلۇقلايمەن ئىنىم، مۇرادىڭغا يېتىدىغان بولدۇڭ، ھاجى ئاتىمىز سىنى ھەربىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويىدىغان بولدى، — دېدى.

— رەھمەت ھاجى ئاتا!

— رەھمىتىڭنى قوي. جەڭ ھۈنەرلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، داداڭنىڭ ئىزىنى باس ئوغلۇم، —دېدى ھاجىم، ئاندىن خۇددى ئۇتتۇق سۆزلەۋاتقاندەك، — بىزنىڭ ياشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىرى ئەلەمدە، بىرى قەلەمدە يېتىشىپ چىقسا، ئەل رازى — بىز رازى شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى.

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، — دېدى شەرىپقان تۆرە ھەممىدىن بۇرۇن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئارمانبەگ ھەربىي ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى ھاجىمنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلگەندە تۇرسۇن دولان بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. بۇ يىگىتلەرنىڭ بىر تۇغقان ئاكا — ئۇكىلاردەك مېھىر — مۇھەببىتى ۋە ئىناقلىقىدىن ھەممەيلەن، بولۇپمۇ ھاجىم ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ خۇددى ئۆزى قويغان كۆچەتنىڭ يىلتىز تارتىپ، كۆكلەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن باغۋەندەك ئۇلارغا زوقلىنىپ قارايتتى.

بىراق ھاجىمنىڭ بەزى ئىشلىرى، مەسىلەن، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان مېھماندارچىلىقلار، سائەت — سائەتلەپ شاھمات ئويناشلار، كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك ئۇلانباي ياكى نەنسەن تەرەپتە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈشلەر، بەزى كۈنلىرىنى تۇرپاندا قۇرغان پاختا زاۋۇتىدا ياكى ئۇرۇمچىدىكى سوۋسىنتورگ① ھويلىسىدا يا بولمىسا كىرا-

① سوۋسىنتورگ — سوۋېت — شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى. بۇ شىركەتنىڭ بلش ئاپپاراتى ھازىرقى نەنلياڭ شىنخۇا كىتابخانىسى جايلاشقان ئورۇندا ئىدى.

كەشلىك قىلىدىغان يۇك ماشىنىلىرى گاراژىدا ئۆتكۈزۈۋې-
تىشلىرى — مانا بۇلارنى ئاڭلاپ ياكى كۆرۈپ، ئارمانبەگنىڭ
كۆڭلى غەش بولاتتى.

— ھاجى ئاتام ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ
نېمە؟ — دېدى ئارمانبەگ بىر كۈنى تۇرسۇن دولاننىڭ ياتىقىدا
ئولتۇرۇپ.

— دەرۋەقە، بەزى ئەھۋاللارغا قاراپ شۇنداق دېگۈسى كېلى-
دۇ كىشىنىڭ، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى تۇرسۇن
دولان، — ئەمما سەندىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق. ھاجى ئاتام-
نىڭمۇ بىر تاغار دەردى بار ئىكەن.

— قانداق دەيسەن؟ — سورىدى ئارمانبەگ بۇ گەپكە
قىزىقىپ.

— ھاجى ئاتامنىڭ مېنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدىغانلىقىنى
بىلىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ قەلىمىمگە بەك خۇشتار، —
دېدى تۇرسۇن دولان، — شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، يېقىندا
ھاجى ئاتام مەھمۇت سىجاڭغا چاپارمەن ئارقىلىق ئەۋەتىدىغان بۇ
خەتنى ماڭا كۆچۈرگۈزدى. بۇ مەھمۇت سىجاڭنىڭ خېتىگە يېزىل-
غان جاۋاب ئىكەن. خەتتە مۇنداق مەزمۇندىكى گەپلەر بار: «ھەر
قايسىلىرى مېنى سودىگەرچىلىك، بەزمە - مەشرەپ، ئوۋ - شىكار
بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قاپتىلا، ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى
ئۇنتۇپ قاپتىلا، بۇ قانداق بولغىنى دەپ ئەيىبلەپتىلا، راست،
مېنىڭ كۈنۈم شۇنداق ئۆتۈۋاتىدۇ، ئاتاققا شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغىنىم بىلەن ساناقتا يوق ئادەم
بولۇپ قالدىم. بۇرۇنلاردا مەجلىسلەرگە بېرىپ بىر نېمە دېسەم،
گېپىمنى ئاڭلايدىغان قۇلاق، بۇيرۇقۇمغا ماڭىدىغان ئاياغ بار ئى-
دى. ئەمدى بولسا مەجلىسلەرگىمۇ تولا قىچقىرمايدىغان، گېپىمگى-
مۇ قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ قالدى. لازىم بولسا قولغا ئېلىپ

كۆز ـ كۆز قىلىدىغان، لازىم بولمىسا بىر بۇلۇڭدا تاشلاپ قويىدىغان لاتا قونچاقتا ئوخشاپ قالدىم. ئىچىم پۇشۇپ بۇرۇقتۇرۇم بولۇپ كېتىۋاتىمەن، دەردىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، كۆڭلۈم نېمە بىلەن ئارام تاپسا شۇنى ئەرمەك قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بىرلا ئۈمىد ئاپرېسوفتا قالدى. ئەھۋاللارنى ستالىن جانابلىرىغا مەلۇم قىلماقچى. ئەسلىدە ئۇرۇمچىگە كەلمەي، ئالتىشەھەردە سىلەر بىلەن بىللە تۇرسام بوپتىكەن. ئامال قانچە، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق، ئەمدى ئاللانىڭ تەقدىرى نېمە بولسا شۇنى كۆرەرمىز.»

تۇرسۇن دولان شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ «ئاشۇ خەتنى كۆرگەندىن بۇيان، ھاجى ئاتامغا ئىچىم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى» دېدى.

ئارمانبەگ تۇرسۇن دولانغا خەيرخاھلىق بىلەن قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

## 10

ھەش ـ پەش دېگۈچە 1937 ـ يىل باشلىنىپ قالدى. بۇ يىل ئۇرۇمچىدە سوغۇقنىڭ ئاچچىقى بەكلا يامان كۆرۈنەتتى. ئادەتتە قىرىق كۈن داۋام قىلىدىغان چىللە زىمىستان چىقىپ، ھۇت① باشلانغان بولسىمۇ، كېچە ـ ئەتىلىرى كوچا ـ كويلاردا توڭلاپ ئۆلگەن ئىتلارنىڭ ئۆلۈكى تېپىلىپ تۇراتتى. ئارىلىقتىكى چاغان كۈنلىرىمۇ سوغۇقنىڭ چاياندەك چېقىپ تۇرۇشى بىلەن ئۆتتى. شۇنىڭغا قارىماي پۈتۈن ئىدارە ـ جەمئىيەت، مەكتەپلەرگە

① ھۇت ـــ شەمسىيە ھېسابىدا 12 ـ ئاينىڭ ئەرەبچە نامى (22 ـ فېۋرالدىن 21 ـ مارت كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ ـ ئا).

ۋە چەت ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي بۇيرۇقى جاكارلاندى. ئۇنىڭدا شىپاڭ شىسەي تەختكە چىققان كۈن — «12 ـ ئاپرېل»نىڭ تۆت يىللىقىنى ئۆتكەن يىللاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈش تەلەپ قىلىنغانىدى.

شېڭ شىسەي ئۆلۈش يىلىدىن باشلاپ، مەھمۇت مۇھىتى بىلەن يولۋاسنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ دىدارلىشىپ كېتىشكە بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەنىدى. بۇ قېتىم شېڭ شىسەي «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى باھانىسىدە ئۇلارنى قانداقلا بولمىسىمۇ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈشكە قاتتىق بەل باغلىدى چېغى، ھەر ئىككىسىگە ئۆزىنىڭ نامىدىن ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم دەۋەتنامىلەر ئەۋەتىشتىن تاشقىرى، ھاجىمدىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى.

— بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ بۇرۇنقىدەكلا ئاللىقانداق باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئۈرۈمچىگە كەلمەسلىكى كۆڭلۈمگە ئايان، — دېدى شېڭ شىسەي، ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىغا تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارغا جىددىي قاراپ، — دېمەك مېنىڭ دەۋىتىم ھېچقانچە رول ئوينىيالماپتۇ. ئەمدى خوجىنىيازنىڭ ئۆزى مەيدانغا چىقمىسا بولمايدۇ.

— دۇبەن جانابلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە قايىلمەن. ئەمما مېنىڭچە، خوجىنىيازنى ئىندەككە كەلتۈرۈش پەقەت باش كونسۇل جانابلىرى ياكى مەتنۇر ئەپەندىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. مەمەدانلىق قىلىپ قويغان بولسام، مېنى كەچۈرگەيلا، — دېدى باش مەسلىھەتچى پېك ئەپەندى ئاپرېسوفقا خۇشامەتكويلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

— بىلىك ئەپەندىنىڭ بىكرىگە قوشۇلىمەن، ئەمما بۇ كۈنلەر-
دە، ئۇ ساقاللىق يىلپىز مەتنۇر ئەپەندىگە كۆپرەك مايىل، — دېدى
ئاپرېسوف ئاندىن مەتنۇر ئەپەندىگە قاراپ، بۇ ۋەزىپىنى سىز
زىممىڭىزگە ئالسىڭىز قانداق؟ — دېدى.
— خوپ، — دېدى مەتنۇر ئەپەندى بېشىنى ئېگىپ.

× × ×

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازى-
سى يېنىدىكى ئايرودرومدىن قاناتلىرى يىڭناغۇچنىڭكىگە ئوخشاي-
دىغان ئىككى ئايروپىلان شىڭ شىسەي بىلەن ھاجىمنىڭ مەھمۇت
مۇھىتى بىلەن يولۋاسقا ئەۋەتىدىغان مەخسۇس خەت ۋە سوۋغاتلى-
رىنى ئېلىپ، بىرى قەشقەر تەرەپكە، يەنە بىرى قۇمۇل تەرەپكە
ئۇچتى ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ، شۇ ھەپتە ئىچىدە
كەينى ــ كەينىدىن دېگۈدەك يېتىپ كېلىشتى. بۇ قېتىم مەھمۇت
مۇھىتى بىلەن يولۋاسنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ يىلقى «12 ــ ئاپرېل»
بايرىمىغا ئۈلگۈرۈپ ئۈرۈمچىگە چوقۇم كېلىشكە ۋەدە بېرىشكەن-
دى.
شىڭ شىسەي ئۇلارنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ، ھاجىم-
نىڭ بۇ ئىشتا ئوينىغان رولى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ
ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇت مۇھىتى
بىلەن يولۋاسنى بايرامدىن كېيىن قانداق قىلىپ ئۈرۈمچىدىن
كەتكۈزمەسلىكنىڭ تەپسىلىي پىلانى ئۈستىدە لى يىڭچى باشلىق
يېقىنلىرى بىلەن مەخپىي ھالدا دەرھال مۇزاكىرىلىشىشكە كىرىش-
تى. بىراق شىڭ شىسەي بۇ قېتىم مەقسىتىگە يېتىشكە ئىشەنسىمۇ،
يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئاپرېسوف بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچ-

راشتى ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سوۋېتلىك سىياسىي كومىسسارى گېنېرال رېبالكىنگە مەخسۇس مەكتۇپ ئەۋەتىش نىيىتىنى ئىزھار قىلدى.

— گېنېرال رېبالكىن بىز ئۇيلىغاندىنمۇ هوشيار ۋە تەدبىرچان كىشى، — دېدى ئاپرېسوف، — ئەگەر دوبەن جانابلىرى مەخسۇس مەكتۇپ ئەۋەتىش نىيىتىدە بولسا مەن بۇنىڭغا قارشى ئەمەسمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش، قادىر هاجىدىن تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنىش توغرىسىدا گېنېرال رېبالكىنگە ئالاھىدە مەكتۇپ ئەۋەتتى. قۇمۇلدىكى هاشىم هاجىغا بولسا «يولۋاسنىڭ ناھايىتى قۇۋ ئادەم ئىكەنلىكى سىزگە ئايان. هوشيارلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇڭ» دېگەن مەزمۇندا ئۈچىنچى قېتىم بۇيرۇق بەردى.

كۈنلەر ۋە تۈنلەر تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز يولى بىلەن ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي ئۈچۈن ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى كالېندار ۋاراقلاپ، ئاپرېل ئېيىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئاخىر ئاپرېل ئېيىمۇ كىردى. چەت ۋىلايەتلەردىن بايرامغا كېلىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىدى. 6 ـ ئاپرېل كۈنى ھېلىقى ئىككى ئايروپىلان مەھمۇت مۇھىتى بىلەن يولۋاسنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يەنە هاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

بىراق قۇمۇلغا ئۇچقان ئايروپىلان نىشانغا يەتمەي تۇرۇپلا، هاشىم هاجىدىن يولۋاسنىڭ گەنسۇ تەرەپكە قاچقانلىقى توغرىسىدا شېڭ شىسەيگە جىددىي تېلېگرامما كېلىپ قالدى. شېڭ شىسەي ئاچچىقىغا پايلىماي تېلېگرامما قەغىزىنى يىرتىپ تاشلىدى. 8 ـ ئاپرېل ئاخشىمى قەشقەر گارنىزون قوماندانى گېنېرال لىۋبىڭ

مەھمۇت مۇھتىنىڭ ئۆز يېنىغا قويۇلغان ئايغاقچىلارنى ئېتىپ تاشلاپ، تۇنۇگۇن ئازغىنا ئادىمى بىلەن ھىندىستان تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكىنى تېلېفون ئارقىلىق شېڭ شىسەيگە مەلۇم قىلدى. شېڭ شىسەي «ئاغزىڭغا پوق، نان قېپى!» دەپ كايىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى زەردە بىلەن ئۈستەلگە تاشلىدى — دە، ئەپيۈن چىرىغىنىڭ يېنىغا ياتتى.①

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇنىڭ قېشىدا ياتقان چۈيۈفاڭ ئىككىنچى غاڭزىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — ھەر ئىككى رەقىبىڭىز ئۆز ئايىغىدىن يوقالدى، بۇمۇ سىزنىڭ غەلىبىڭىز ئەمەسمۇ!

— ئەپسۇس، ئەپسۇس، بىر قوشۇق قېنىنى ئىچەلمىدىم، مەن ھەرقانداق دۈشمىنىمنىڭ دۇنيادا تىرىك يۈرۈشىنى خالىمايمەن، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاندىن، — لى چۈجاڭنى تېلېفونغا چاقىرىڭ! — دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى بىلەن يولۋاسنىڭ ھۆكۈمەتكە ئاسىيلىق قىلىپ چەتكە قېچىش بىلەن يۇرتنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن بۇ يىلقى «12 - ئاپرېل» بايرىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلمەيدىغانلىقى، پۇقرالارنىڭ تۇرلۇك پىتنە - پاساتلارغا قۇلاق سالماي ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن بولۇپ، پىتنە - ئىغۋا تارقاتقان بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىشى لازىملىقى خۇسۇسىدا كوچا - كويىلارغا ئېلانلار چاپلاندى ۋە چەت ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىمۇ جىددىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى. بىراق ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. قەشقەر دىيارىدا قادىر-

① شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئەپيۈننى قاتتىق مەنئى قىلغان، ھەتتا ئۇنى تېرىغان، ساتقان، چەككەنلەرنى قاتتىق جازالىغان. ئەمما يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە بەزى يېقىنلىرى مەخپىي ھالدا چېكىپ تۇرغان.

هاجى، قومۇلدا هاشىم هاجىلار ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان تىزىملىك بويىچە تۇتقۇن قىلىشنى باشلىدى. دەل شۇ كۈنلەردە 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ لىيەنجاڭ دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئابدىنىياز دېگەن بىر يىگىت مەھمۇت مۇھىتىدىن قالغان مىللىي قوشۇنغا سەركەردە بولۇپ، خوتەندىكى ماخۇسەن بىلەن بىرلىكتە هۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈردى. بىرنەچچە ئاي ئىچىدە بۇ ئىسياننىڭ ئوت يالقۇنى كۈچاغىچە يامراپ كەلدى. تارىم ۋادىسى يەنە ئوت ئىچىدە قالدى. شېڭ هۆكۈمىتى ئاجىزلىق قىلىپ، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتىدىن هەربىي ياردەم سورىدى ۋە ئاخىر بۇ ئىسيان تانكا، زەمبىرەك ۋە ئايروپىلانلار بىلەن، قوراللىق قىزىل ئارمىيىنىڭ قولى بىلەن باستۇرۇلدى.

مەھمۇت مۇھىتى بىلەن يولۋاس ۋەقەسىنى ۋە ئابدىنىياز ئىسيانىنى ئېيىبلەش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىندا هاجىمۇ سۆزگە چىقىپ، ئۇلارنى «ۋەتەن خائىنلىرى»، «ئىسيانچى ئوغرىلار» دەپ قاتتىق سۆكتى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلى ئابلىمىت مۇھىتىمۇ دادىسىغا قارشى ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، «مېنىڭ ئۇنىداق ئاتام يوق، ئۇ خائىن!» دەپ قاتتىق توۋلىدى ھەمدە ئۇنىڭ بۇ نۇتقى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى.

بىر ئاخشىمى ئەل ياتار چاغدا، يېلىڭ چەكمەن كەمزۇل كىيىپ، پۇتىغا كەش سىپىۋالغان شادا پاچاق، ئورۇق بىر ئادەم ھاجىمنىڭ گۇڭگۇمنى ئالدىغا ئاقساقلاپ كېلىپ، ھاجىم بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى پوستىكىلەرگە ئېيتتى. پوستىكىلەر:

— ئىشىڭ بولسا كۈندۈزدە كەل، ھاجى ئاتىمىز يېتىپ

قالدى، — دەپ ئۇنى ئېچكىرى كىرگىلى قويمىدى. ئۇ ئادەممۇ گېپىدىن يانماي ئۇلار بىلەن گەپ تالىشىۋەردى. شۇ ئەسنادا، ئېچكىرىدىن ئۇغلاقچى مەنسۇر چىقىپ قالدى ـ دە، ھېلىقى ئادەمنى دەرھال تونۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كونا دوستلاردەك ئەھۋاللىشىپ كەتتى. بۇ رومانىمىزنىڭ «قەشقەردىن خەت» دېگەن بابىدا بايان قىلىنىغىنىدەك، يۇنۇس بەگنىڭ ھاجىمغا يازغان مۇھىم بىر خېتىنى قارا شەھەرگە يەتكۈزۈپ كېلىپ ئۇغلاقچى مەنسۇرغا تاپشۇرغان كېرەم شاتۇر ئىدى.

— مەن مامۇت سىجاڭدىن ھاجى ئاتىمىزغا خەت ئېلىپ كەلدىم، غوجام، بۇ خەتنى ئۆز قولىغا بەرمىسەم بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئۇغلاقچى مەنسۇرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

ئۇغلاقچى مەنسۇر ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى كىرگەندە، ھاجىم ناماز خۇپتەننى ئوقۇماقچى بولۇپ تۇراتتى.

— چاپسان كىرسۇن، — دېدى ھاجىم ناماز ئوقۇشنىمۇ ئۇنتۇپ.

سالام ـ سەھەتتىن كېيىن كېرەم شاتۇر قوينىدىن ئالىقانچىلىك كېلىدىغان كىچىككىنە چەم خالتىنى چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى پىچاق بىلەن سۆكۈپ، تۇمارچە شەكىلدە پۈكلەنگەن بىر پارچە خەتنى ھاجىمغا ئىككى قوللاپ سۇنۇۋېتىپ:

— بۇ ئامانەتنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىدىم، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، ھاجى ئاتا، — دېدى.

— سىجاڭ بۇ خەتنى قاچان بەرگەن؟ — دېدى ھاجىم قەغەزنى ئېچىۋېتىپ.

— ئالاھەزەلقىياس، بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىغۇ دەيمەن.

— نېمىشقا بۇنداق كېچىكىش؟

— سىجاڭ كەتكەندىن كېيىن جاھان بۇزۇلۇپ، پاتىپاراقچى-

لىق بولۇپ كەتتى. يوللار ئېتىلىپ قالدى، غوجام! بىر ئامالىلاپ ئاقسۇغا كەلگىنىمدە ئۇرۇش بولۇۋېتىپتىكەن، غايىب ئوق تېگىپ پاچىقىمنى چېقىۋەتتى، غوجام! مېنى ئەپۇ قىلسىلا!
هاجىم چاقماق قەغەزگە سۆسۈن قېرىنداشتا يېزىلغان خەتكە بىر قاراپلا، مەھمۇت مۇھتىنىڭ ئۆز قەلىمى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئەمما بۇ خەتنىڭ بەك قىسقا يېزىلغىنىغا ھەيران بولۇپ، گازۋاي لامپىنىڭ يورۇقىدا ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدى. داستىخان سېلىپ، چاي قويۇپ يۈرگەن يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى مەھرەم يىگىت مېھمانخانىدىن دالان ئۆيگە چىقىپ، ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ــ دە، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ گەپ تىڭشاشقا باشلىدى، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت، پەقەت ھاجىمنىڭ ھېلىقى خەتنى تەكرار ــ تەكرار ئوقۇۋېتىپ، ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنغىنى ۋە كېرەم شاتۇرنىڭ غورتىلدىتىپ چاي ئىچىۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
«خەير ــ خوش ھاجى ئاكا! ئۆزلىرىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، مېنىڭدىن رازى بولسىلا، بۇ ئالەمدە كۆرۈشەلمىسەك، ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەرمىز. بىز بەك ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىشنى باشلىغانىدۇق، بۇ ئىشقا پۈتكۈل بارلىقىمىزنى ئاتىغانىدۇق، نىيىتىمىز خالىس بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتكۈل ئەل ــ يۇرت بىزگە ئەگەشكەن. ئاللا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغانىدى. ۋاي ئىست، ئاخىر يېڭىلىپ قالدۇق، يېڭىلىشىمىزغا نادانلىقىمىز سەۋەب بولدى. نادانلىقىمىز ۋەجىدىن ئالداندۇق، ئالداندۇق، بەك ئالداندۇق. دۈشمەنلىرىمىز بۆكىمىزگە جىگدە سالسا ئۇنى تۈيمىدۇق. ھېچكىم بىزدەك ھاماقەت بولماس! تاڭنا مەھشەر كۈنى مىڭ ــ مىڭلىغان شېھىتلىرىمىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمىز؟ ئاللاغا نىمە دەپ جاۋاب ئېيتۇرمىز؟ كېچىم قاتتىق كەتتى، مېنى ئەپۇ قىلسىلا!»
هاجىم ھوشىدىن كەتكەن كىشىدەك جىم ئولتۇرۇپ قالدى.
ــ خوش، ھاجى ئاتا، ماڭا ئىجازەت، ــ دېدى كېرەم شاتۇر

ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئۈرۈمچىدە قالامسىز ياكى ...

— خۇدا خالىسا، ئەتىلا يۇرتقا قاراپ يولغا چىقىمەن، غوجام.

— بۇنى يول خىراجىتى قىلىڭ، — دېدى ھاجىم يانچۇقىدىن ئىككى دانە تىللا چىقىرىپ، ئاندىن ئوغلاقچى مەنسۇرغا ئۇنى ئەتە يولغا سېلىپ قويۇشنى جېكىلىدى.

ئەتىسى كۈن پاتار چاغدا، كېرەم شاتۇر توقسۇن بازىرىدىكى بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، ئەمدىلا غىزا ـ تاماق بۇيرۇپ تۇرغاندا ساقچى ئەمەلدارلىق فورمىسى كىيگەن ھوشۇر كانتۇ ئىككى ساقچىنى ئەگەشتۈرۈپ كىردى ـ دە، كېرەم شاتۇرغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— شۇمكەن، جۇيجاڭ جانابلىرى؟① — سورىدى ساقچىلارنىڭ بىرى.

— دەل ئۆزى شۇ، كېرەم شاتۇر دېگەن سەنغۇ ـ ھە! يۈر بىز بىلەن، — دېدى ھوشۇر كانتۇ غادىيىپ تۇرۇپ.

ئىككىنچى كۈنى گۇگۇم ۋاقتىدا، كېرەم شاتۇر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى يېنىدىكى تۈرمىنىڭ بىر قاراڭغۇ كامېرىغا تاشلاندى. ھوشۇر كانتۇ لى يىڭچىننىڭ بىر پارچە تەقدىرنامىسىگە ئېرىشتى.

11

ھاجىم بۇ كۈنلەردە خۇددى مۇھىم بىرنېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغان كىشىدەك ئىچىنى تىڭشاپ جىم يۈرىدىغان، تۇرۇپ ـ

① شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتى شارائىتىدىن، ھوشۇر كانتۇغا توقسۇن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقى تەگكەنىدى.

تۇرۇپلا سەپرايى ئۆرلەپ، يوقىلاڭ ئىشلارغا چىپچىلدىغان، ھەتتا دوست ـ يارلىرى بىلەن شاھمات ئويناۋېتىپ ئۇتتۇرۇپ قويسا راستتىنلا تېرىكىپ كېتىدىغان، يېقىن ۋە زىياپەتلەرگە «مىجەزىم يوق» دەپ بارمايدىغان، خېنىملىرىنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ بارماي، مېھمانخانىسىغا يانداش ھۇجرىسىدا قونۇپ، كېچە ـ كېچىلەرنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، كەلدى ـ كەتتىلەر بىلەن پاراڭلىشىشنىمۇ ئانچە خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. مەتنۇر ئەپەندىنىمۇ «ئەتە كەلگەي» دەپ بىرنەچچە قېتىم ئىشىكتىن قايتۇرۇۋەتتى. پات ـ پاتلا ئۇلانباي، سايئوپۇ تەرەپلەرگە ئوۋغا چىقاتتى. بىراق مىلتىقىنى نىشانغا قارىتىپ ئاتمايتتى.

بىر كۈنى ئۇلانباينىڭ قېشىدىكى «سېسىقكۆل» بويىدا بىر توپ ياۋا ئۆردەك كۆرۈنۈپ قالدى. مىرۇل پوگەن بەشئاتارنى بەتلەپ ھاجىغا ئۇزاتتى. ھاجىم خۇددى ئۆردەكلەر ئۇچۇپ كەتسۇن دېگەندەك، بەش تال ئوقنىڭ ھەممىسىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىۋەتتى.

— ھاجى ئاكا، بۇ نېمە قىلغانلىرىدۇ، — دېدى مىرۇل پوگەن ئەجەبسىنىپ.

— ئەمدى قان تۆككۈم يوق، ئۇكام، ئۆتكەنكىلەرنى ئاللا كەچۈرسىلا بولاتتىغۇ، — دېدى ئۇ مەيۈس بىر ئاھاڭدا.

تۆت يىل بۇرۇن، ئاقسۇدا ھاجىمدىن كۆڭلى قېلىپ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەن پېتى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولۇپ كەتكەن توختىياز زور دەل شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدەك ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. جەڭدە دۈشمەنگە ئۆزىنى ئارسلاندەك ئۇرىدىغان، ھەمراھلىرىغا قېرىندىشىدىنىمۇ كۆپرەك كۆيۈنىدىغان، ئەمما ھېچكىمدىن، ھەتتا ھاجىمدىنىمۇ ئەيمەنمەي ھەر قانداق گەپنى يۈزىدىن يۈزىگىلا قىلالايدىغان بۇ

توغرا سۆزلۈك ئىگىز بوي، قاتمال ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن هاجىمنىڭ گۈڭگۈمنى باشقىلاتىن جانلىنىپ كەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، ئۇيقۇسى قانمىغان كىشىدەك خامۇش يۇرگەن يىگىتلەر ئۇنى ئورنۇپلىپ، تۆت يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىماقچى بولۇشاتتى. ئۇ بولسا، توختاپ تۇرۇڭلار، مەن ئاگال هاجى ئاتام بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي، دەپ ئۇلاردىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا تىرىشاتتى.

هاجىم ۋاراڭ — چۇرۇڭنى ئاڭلاپ پېشايۋانغا چىقتى — دە، ئۇنى كۆرۈپ پەلەمپەيدىن چۈشمەكچى بولدى. توختىياز زور چوڭ — چوڭ قەدەملەر بىلەن هاجىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. هاجىم كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا ئۇنى مەهكەم قۇچاقلىدى.

— نەلەردە يۇردۇڭ قاچقۇن بۇغرا؟ سېنى ئىزلىمىگەن يەر قالمىدى.

— مەن قاچمىدىم، ئۆزلىرى قوغلىۋەتتىلە، هاجى ئاكا!

— ئۆزۈڭ پىلدەك بولغىنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭ قىلدەك ئىنچىكە بىر نېمە ئىكەنسەن، دوستۇم. بولدى، بۇ گەپلەرنى قوي، ئۆيگە كىرىپ گەپلىشەيلى.

توختىياز زور داستىخان ئۇستىدىكى پاراڭ ئەسناسىدا تۆت يىلدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە قۇمۇل دىيارىنىڭ هەممە يەرلىرىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققانلىقىنى، ئاخىر پوقرالارنىڭ هال — ئەهۋالىنى ۋە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇش مەقسىتىدە هاجىمنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەچ مۇنداق دېدى:

— دەريا — دەريا ئاققان قانلار بىكارغا كېتىپتۇ، يامۇل — يامۇللاردا خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورنىغا بىز ئۇيغۇرلار ئولتۇردۇق دېگەن بىلەن يەنە ئاتام ئېيتقان بايىقى، قوپ توختىمەت ئورنۇڭغا

بار بوپتۇ. پۇقرانى جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتقۇزىمىز دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان ئەرلەر مەنسەپكە چىقماق بىلەن پۇقرانىڭ قېنىنى شوراپ، چوشقىدەك سەمرىگىلى تۇرۇپتۇ. نەگىلا بارسام قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. ھوشۇر كانتۇدەك بىرنېمە چېغىدا توقسۇن خەلقنىڭ شىللىسىغا مىنىۋاپتۇ.

— مەن ئۇنى جۇيجاڭلىقتىن ئېلىپ تاشلاڭلار دېگەنىدىمغۇ؟

— ئۆزلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى داۋانچىڭدىن ئۆتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ قان كېچىپ، جان بېرىپ قىلغان ئىشلىرىمىز- نىڭ نەتىجىسى نېمە بولدى ھاجى ئاكا!

— خەلق مېنى نېمە دەۋاتىدۇ، تىللاپ ـ قارغاۋاتامدۇ؟ — سورىدى ھاجىم ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— خەلق نېمە دەيتتى! خاپا بولىسلامۇ مەيلى، ھەممىنى ئېيتاي. خوجىنىياز ھاجىم جۇشى بولغىلى، سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تاپقىلى ئىنقىلاب قىپتىكەن دەۋاتىدۇ. قوش ـ قوشلاپ خوتۇن ئالغىلى ئىنقىلاب قىپتىكەن. جۇشى بولۇۋېلىپ بىز بىلەن كارى بولمىدى، بىزنى ئۇنتۇپ قالدى دەۋاتىدۇ. مامۇت سىجاڭنىمۇ تىللاۋاتىدۇ. ئىنقىلاب قىلدۇق دەپ، بىزنى قان دەرياسىغا سۆرەپ كىردى. ئىش چىڭغا چىققاندا، ئۆزىنىڭ بېشىنى ئېلىپ قاچتى. مامۇت سىجاڭنىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ بېشى كېتىد- ۋاتىدۇ.

— بولدى قىل! — ۋارقىراپ تاشلىدى ھاجىم، ئاندىن ئورنىدىن دەس قوپتى ۋە يۈزىنى قولياغلىقى بىلەن توسۇۋېلىپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كەڭ يەلكىسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسكە چۈشۈپ قاتتىق سىلكىنىپ تۇراتتى.

— مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ — دېدى ئۇ بىر ھازادىن

كېيىن توخنىياز زورنىڭ مۈرىسىگە بىر قولىنى تاشلاپ، — قېنى ئېيتچۇ، مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— ئۆزلىرىگە ئەقىل كۆرسىتىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەمتى! مەن ئاشۇ گەپلەرنى ئۆزلىرىگە دەپ قويغىلى كەلدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتىلا يۇرتقا يانىمەن.

— نېمە دەۋاتىسەن دوستۇم؟ — دېدى ھاجىم ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ، — سەن كەتمە، مېنىڭ يېنىمدىن كەتمە. ھېچبولمىسا ماڭا پات — پات گەپ قىلىپ تۇر. باشقىلار مەندىن ئەيمىنەمدىكىن تاڭ، ساڭا ئوخشاش ئۇدۇل گەپ قىلمايدۇ. مەن ساڭا موھتاج!

— ياق، ئەمدى گاخ ئۆتتى، خىش قېلىپتىن چىقتى. مېنىڭ گەپلىرىمنىڭمۇ لازىمى يوق، خوش، ئۆزلىرىنى خۇدايىمغا ئامانەت ھاجى ئاكا!

ھاجىم قوش قاناتلىق ئىشىككە بېشى تاقىشىپ دېگۈدەك چىقىپ كېتىۋاتقان توخنىياز زورنىڭ كەڭ يەلكىسىگە قارىغان پېتى «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ ئۆيدە يالغۇز قالدى.

## 12

شېڭ شىسەي شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاپرېسوف بىلەن بول-غان ئايرىم ئۇچرىشىشتا، «قارا قۇشقاچ» دەمدۇ، «قارچىغا» دەمدۇ، ئىشقىلىپ، ئاشۇنداق مەخپىي لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدىغان يەتتە كىشىنىڭ ھاجىم بىلەن ئۇنىڭ يېقىنلىرى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرىنى يىغىنلاپ ئۆتكەچ:

— ئەمدى تورنى يىغىشقا بولارمىكىن، بولمىسا ئۇلارنىڭ بىرەر چاتاق چىقىرىشى مۇمكىن. بىزدە «ئىت تېرىكسە تامدىن

سەكرەيدۇ» دېگەن ماقال بار، — دېدى.

— دۆبەن جانابلىرىغا ئېيتىڭ، — دېدى ئاپرېسوف تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان پېك ئەپەندىگە، — ئۇ ساقاللىق يىلپىزنىڭ هازىرقى روهىي هالىتى ماڭىمۇ ئايان. هەتتا ئۇنىڭ ئۆزى ماڭا ئىككى قېتىم هال ئېيتتى. دەرۋەقە ئۇ بۇ كۈنلەردە تازىمۇ ئەسەبىيلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئىستېرىيە كېسەللىكى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئەمما تورنى يىغىشقا سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ. هازىرچە ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇپ قويۇش كۇپايە دەپ ئويلايمەن.

— باش كونسۇل جانابلىرىنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىلمەن، — دېدى شېڭ شىسەي مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى ئېگىپ.

ئۇزاق ئۆتمەي، سوۋېت ئىتتىپاقى هۆكۈمىتى نامىدىن هاجىمغا بىر تېلېگرامما كەلدى. ئۇنىڭدا ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ يىگىرمە يىللىقىنى نىشانلاش مۇراسىمىغا قىممەتلىك مېهمانلار قاتارىدا داخىل بولۇش ئۈچۈن هاجىم موسكۋاغا تەكلىپ قىلىنغانىدى.

— سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن، — دېدى ئاپرېسوف تېلېگراممىنى هاجىمغا ئوقۇپ بېرىۋېتىپ، — شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەت خەلقلىرىدىن هېچكىم تېخى بۇنداق شانۇ شەۋكەتكە مۇيەسسەر بولغان ئەمەس. بۇ، يولداش ستالىننىڭ هاجىم جانابلىرىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىغە بولغان پەۋقۇلئاددە هۆرمەت ۋە ئېتىقادىنىڭ بەلگىسى.

— شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى مەتنۇر ئەپەندى، — بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش. بۇ قېتىم يولداش ستالىننىڭ دىدارىنى كۆرۈش شەرىپىگىمۇ سازاۋەر بولۇپ قالىدىلا، ئاللا مۇبارەك قىلغاي!

ستالىننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىش بىلەن هاجىمنىڭ چىرايى

گۆلدەك ئېچىلىپ كەتتى ۋە:
— ستالىن جانابلىرىغا رەھمەت، مېنى ئۆلتۈپ قالمىغىنىغا رەھمەت، مېنىڭ ستالىنغا ئېيتىدىغان ئەرزىمىمۇ بار تېخى، — دەپ سەمىمىي كۈلۈمسىرىدى.

ئاپرېسوفنىڭ تىنچلاندۇرۇش تۇكۇلى ھاجىمنىڭ نېرۋىلىرىغا خېلى ئارام بەردى چېغى، ئۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك موسكۋا سەپىرىگە خاتىرجەم تەييارلىنىشقا باشلىدى. شېلىك دۇبەن تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كىيىملىك يۇڭ رەختلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە قول باغلاپ تۇرغان ھاپىز ئۇستىغا قاراپ:
— سىز موسكۋادا تۇرۇپتىكەنسىزغۇ، ھۈنەرىڭىزمۇ شۇ يەردە ئۆگەنگەنمۇ؟ — دېدى.
— شۇنداق ھاجى ئاتا.
— ئەمىسە، موسكۋادا كىيىشكە قايسى رەخت باب كەلسە، ئۆزىڭىز بىلىپ تىكىۋېرىڭ، ئەمما ئىشتاننى تەرەت ئېلىش ۋە مەسە – كالاش كىيىشكە لايىق قىلىپ تىكىڭ.
— خوپ.

## 13

بۇ كۈنلەردە ھاجىمنىڭ ھويلىسىمۇ ھېيىت كۈنلىرىدەك قىزىپ كەتتى. موسكۋا سەپىرى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى تەبرىكلەپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھاجىمنىڭ يىگىتلىرىمۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. «يىگىتلەردىن بىرەرى ھەمراھ بولۇپ بارغۇدەك» دېگەن گەپ تارقالغاندىن بۇيان، «كىمنىڭ تەلىيى كېلەركىن» دېگەن خىيال بىلەن بەزىلەر كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ تەرجىمان بولۇپ بارىدىغانلىقىنى

ئاڭلىغان تۇرسۇن دولان خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالدى ــ دە، يېقىن ئارىدا قىلماقچى بولغان تويىنىمۇ ئارقىغا سۈرۈۋېتىپ، سەپەر كۈنلىرىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

ــــ سەن نېمىدېگەن تەلەيلىك، ــــ دېدى ئۇنىڭ ئورنىدا ۋاقتىنچە دەرس بېرىپ تۇرماقچى بولغان ھەمدۇللايوف، ــــ موسكۋانى يەنە بىر قېتىم كۆرىدىغان بولدۇڭ.

10 ــ ئاينىڭ 12 ــ كۈنى ئەتىگەن دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ شاڭشياۋ دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ناھايىتى مۇھىم يىغىن بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھاجىمغا جىددىي ئۇقتۇرۇش ئېلىپ كەلدى. ئارقىدىنلا شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ بۇ يىغىنغا چوقۇم كېلىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ھاجىم ئۆزىنىڭ ياش مەھرىمى سىپتا كىيىنىپ يۈرىدىغان قىزىل يۇڭلۇق يېگىت تەييارلىغان ئاپتۇۋا ــ چىلاپچىدا تەرەت ئېلىپ، ناماز پېشىنىنى ئوقۇپ بولغاچ، شېڭ دۈبەن ھەدىيە قىلغان پىكاپ بىلەن ھويلىدىن چىقتى. شوپۇرنىڭ قېشىدا پەقەت مىرۇل پۇگەنلا ئولتۇراتتى، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى يوغان يورپا كەلگەن ئالتۇن سوپاخۇن يىگىرمە بەش نەپەر مۇھاپىزەتچى ئولتۇرغان يۈك ماشىنىسى بىلەن پىكاپقا سوگدىشىپ ماڭدى.

بەزىلەرنىڭ بىردەم ئېچىلىپ، بىردەم تۇتۇلۇپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى ئۆرۈمچى ھاۋاسىغا ئوخشىتىشى ئاساسسىز بولمىسا كېرەك. ھاجىملا دۈبەن مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرە ــ كىرمەيلا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىنى دالدىلاپ ئېلىپ بولغۇچە شەھەرنىڭ شىمال ئاسمىنىدا پەيدا بولغان تاغدەك يوغان قارا بۇلۇت ئەتراپقا يېيىلىپ، پۈتۈن ئاسمان قاراڭغۇلاشتى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشقا، ئارقىدىنلا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. ھويلىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە چوقچىيىپ

تۇرغان ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ پەلەمپەيدە شىلىك شىسەي پەيدا بولدى. ئۇ ھاجىنى ئۆزى قارشى ئېلىپ ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كەتتى. ئىككى ھەربىي ئەمەلدار كېلىپ ئالتۇن سوپاخۇن باشلىق ھەممە مۇھاپىزەتچىلەرنى ھېلىقى بىنانىڭ قارشىسىدىكى بىر كە- چىلىك زالغا باشلىماقچى بولدى. ئۇلار بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ سىرتتا تۇرۇۋەردى. بىراق خۇددى ئاسمان گۈمبىزى تېشىلىپ كەتكەندەك چېلەك ـ چېلەكلەپ يامغۇر قۇيۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ھەممىسى ھېلىقى زالغا كىرىپ پاناھ- لاندى. ئىشىك ـ دېرىزىلەر ھاڭغىرىقاي ئوچۇق تۇرسىمۇ زالنىڭ ئىچى دىمىق سىزىلىپ، ھەممەيلەننىڭ نەپسى بوغۇلۇپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر شۇملۇق يۈز بېرىدىغاندەك كۆڭۈللەر غەش، چىرايلار مەھزۇن، كۆزلەر غەمكىن ئىدى. ئالتۇن سوپاخۇن بىلەن مېرۇل پوگەن، ئارقىدىنلا ئوغلاقچى مەنسۇر خۇددى مەسلىھەتلىشى- ۋالغاندەك، كەينى ـ كەينىدىن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، ھاجىم كىرىپ كەتكەن ھېلىقى بىنانىڭ ئىشىكىگە پەرىشان قارىشىپ تۇراتتى. زالنىڭ ئىچى جىمجىت، ھېچكىم ھېچنېمە دېمەي مىلتىق ـ تاپانچىلىرىنى چىڭ تۇتقان پېتى شۈك ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا ئىشىكتە بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— سوپاخۇن داۋۇيجاڭنى ھاجىم قىچقىرىدۇ، —دېدى ئۇ، ئاغزىدىكى ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك غەلىتە ھىجىيىپ، بۇ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى چاشقان بۇرۇت مەمەتبەگ ئىدى.

ئالتۇن سوپاخۇن ھەمراھلىرىغا پەرىشان بىر قارىۋېلىپ زال- دىن چىقتى. ئۆتكۈنچى يامغۇر قانداق تېز باشلانغان بولسا شۇنداق تېز توختاپ، ئاستا سىملداپ يېغىشقا باشلىدى.

تەخمىنەن ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئالتۇن سوپاخۇن ئۆڭى

ئۆچكەن ھالدا قايتىپ چىقىپ بوسۇغا تۈۋىدە جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇ قورالسىزلاندۇرۇلغانىدى.

قول پىلىموتلىرى بىلەن قوراللانغان يۈزدىن ئوشۇق چېرىك خۇددى تامنىڭ تۈۋىدىن ئۈنۈپ چىققاندەك زالنى قورشىۋېلىپ، پىلىموتلارنىڭ ئاغزىنى ئىشىك ــ دېرىزىلەردىن زالنىڭ ئىچىگە قاراتتى. ھەممىيلەن ھاڭ ــ تاڭ قالدى.

— ھاجى ئاكام ئۆز قولى بىلەن يازغان خەت، — دېدى سوپاخۇن يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئاغزى ئاران گېپكە كەلگەنىدى، قەغەز تۇتقان يوغان بارماقلىرىمۇ تىترەپ تۇراتتى.

كىمدۇر بىرى «چاپسان ئوقۇسلاچۇ، بۇ زادى نېمە گەپ» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

سوپاخۇن ئوقۇشقا باشلىدى:

— قەدىردانلىرىم، مېنى رازى بولسۇن دېسەڭلار، قان تۆ-كۈلمىسۇن، قورال ـ يارىغىڭلارنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!

خەتنىڭ ئاخىرىغا «ھاجى خوجىنىياز» دېگەن سۆزلەر ئويۇل-غان كىچىككىنە تامغا بېسىلغانىدى.

زالدا قاتتىق ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى.

— بۇ نېمە گەپ؟

— ھاجى ئاتام ساراڭ بوپقاپتۇمۇ نېمە؟

— قورال ـ ياراغنى نېمىدەپ بەرگۈدەكمىز؟ بەرمەيمىز!

— بىزنى ئاتا ـ ئانىمىز ئوغۇل دەپ تاپقان. بۇ لومودىلا بىزنى شۇنداق ئاناي ئېتەمدۇ؟

سوپاخۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاغا ـ ئىنىلەر، ھاجى ئاكامنى ئايىساڭلار، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار. بولمىسا جىق قان تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

— ھېلىمۇ ئاز قان تۆكۈلدىمۇ؟ يەنە تۆكۈلسە شۇنچىلىك تۆكۈلەر! — ۋارقىرىدى ئوغلاقچى مەنسۇر.

— ياق، سەن ئۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ئۇنداق قىلما ئۇكام، — يالۋۇردى ئالتۇن سوپاخۇن، يوغان ئالىقىنىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ.

شۇ ئارىدا ئىشىك سىرتىدا بىر ھەربىي ئەمەلدار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىر نېمىلەر دېدى. مەمەتبەگ ئۇنىڭ گېپىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرىدى:

— ۋاڭ تۇمەنجاڭ بۇيرۇق قىلىۋاتىدۇ. بىردىن ئۇچكىچە سانايمەن دەيدۇ، قوراللىنى تاپشۇرمىساڭلار، ھەممىڭلارنى قىرىپ تاشلايمەن دەيدۇ.

ئەمدى قارشىلىشىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ، ھەممەيلەن قورال - ياراغلىرىنى بىرلەپ - ئىككىلەپ ئىشىك - دېرىزىلەردىن سىرتقا تاشلاشقا باشلىدى.

— سوپى داۋيجاڭدىن باشقىلار ماشىنىغا چىقىڭلار، گۆڭگۆمىگە قايتىسىلەر، — بۇيرۇق قىلدى ۋاڭ تۇمەنجاڭ ھەممىسى قوراللىسىزلىنىپ بولغاندىن كېيىن.

ئادەتتە قارا يەرنى ئويۇپ تاشلىغۇدەك ئەلپازدا قاپلاندەك قەدەم تاشلاپ ماڭىدىغان يىگىتلەر قولىدىكى قورالدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك دۈگدىيىشىپ، ھېچقانداق قارشىلىقسىز ماشىنىغا چىقىپ جىم ئولتۇرۇشتى. تاپانچىسىنى يالىڭاچلىۋالغان بىر ھەربىي ئەمەلدار كابىنكىغا سەكرەپ چىقتى. ماشىنا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھاجىمنىڭ گۆڭگۆمىگە ئەمەس، كىشىلەر كۆڭلىگە دەھشەت سېلىشقا باشلىغان ج خ باشقارمىسى تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ۋاڭ تۇمەنجاڭ سوپاخۇن دۇيجاڭنى پىكاپقا سېلىپ، ھاجىنىڭ

گۈگگۈمنى تەرمپكە ماگدى.

پۈتۈن شەھەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، كوچا ـ كويلاردا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىۋالغان ئاتلىقلار ۋە نەيزىلىك مىلىتىقلىرىنى ئېسىۋالغان پىيادە چېرىكلەردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. پۈتۈن قاتناش توختاپ، دۇكانلار تاقىلىپ، ئىشىك ـ قوۋۇقلار ئېتىلىپ، پۈتۈن شەھەر ئۇرۇش ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق بىر ھالەتكە كىرىپ قالغانىدى. ھاجىمنىڭ گۈگگۈمنى بىرەر مىڭ چېرىكنىڭ قورشاۋىدا تۇراتتى. چېرىكلەر گۈگگۈمگە، قوشنا ھويلىلارنىڭ ئۆگزىلىرىگىمۇ قارا قاغىدەك چىقىشىۋالغانىدى. ئىككى تۆمۈر كوگكىنىڭ پىلموتلىرى گۈگگۈمنىڭ تاقاقلىق تۇرغان يوغان دەرۋازىسىغا قارىتىپ قويۇلغانىدى.

ۋاڭ تۇەنجاڭ پىكاپ بىلەن كېلىپ دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. چېرىكلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەيەردىندۇر بىر شوتا تېپىپ كېلىشتى. سوپاخۇن دۇيجاڭ ۋاڭ تۇەنجاڭنىڭ ئىشارىتى بىلەن شوتىغا چىقتى. ھويلىدا ئىككى يۈزدىن ئوشۇق كىشى مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، غەزەپلەنگەن ھالدا جەڭگە تەييار بولۇپ تۇراتتى. سوپاخۇن دۇيجاڭ ھاجىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن بۇيرۇق يېزىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، بايىقى خەتنى ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

«قەدىردانلىرىم، مېنى رازى بولسۇن دېسەڭلار قان تۆكۈلمىسۇن، قورال ـ يارىغىڭلارنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!»

ھويلىدىن قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى.

سوپاخۇن خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ «ئاغا ـ ئىنىلەر، بولار ئىش بولدى، ھاجى ئاكامنى ئايايلى، ئۆزىمىزنى ئايايلى، ئەل ـ يۇرتنى ئايايلى، قورال ـ يارىغىڭلارنى تاپشۇرۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى.

سوپاخۇن دۇيجاڭنىڭ گېپى تۈگە – تۈگمەيلا، تۆمۈر كوڭ-كىلاردىكى پىلىموتلار تاراسلاپ ئېتىلىپ دەرۋازىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى.

دەرۋازا ئېچىلدى. چېرىكلەر يەردە ياتقان مىلتىقلارنى خۇددى تەمەچ تەرگەندەك پاك – پاكىز تېرىپ بولۇپ، بىر قىسمى يىگىت-لەرنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇشقا، بىر قىسمى ياتاق – ئۆيلەرنى تىنتىشقا كىرىشىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن ۋاڭ تۇەنجاڭ تىزىملىك بويىچە يىگىتلەر ئارىسى-دىن ئون بەش كىشىنى ئايرىپ چىقىپ بىر يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزدى. كىتابخانىلارغا تونۇش بولغان غۇلجىلىق ھېيتەممۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

— ئاقىۋەت شۇ بولدىمۇ سوپاخۇن ئاكا؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن شەپكىسىنى ئارقىغا سۈرۈپ قويۇپ.

— ئاللانىڭ تەقدىرى شۇ ئوخشايدۇ ئۇكام، بىزدە نېمە ئىلاج! — دېدى سوپاخۇن دۇيجاڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق تەقدىر!

ۋاڭ تۇەنجاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سوپاخۇن دۇيجاڭمۇ مۇشۇ ماشىنىغا چىقسۇن!

سوپاخۇن دۇيجاڭ ئېغىر گەۋدىسى بىلەن ماشىنىغا ئېسىلىۋې-لىپ، ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالاي دېگەندەك ھاجىمنىڭ ھۇجرا ۋە مېھمانخانىسى جايلاشقان پېشايۋانلىق ئۆيلەر تەرەپكە قارىدى. ھې-لىقى سىپتا كىيىنىپ يۈرىدىغان قىزىل يۈزلۈك ياش مەھرەم مېھمانخانا ئالدىدا گويا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى.

ھەربىي ھالەت ئۈچ كېچە ــ كۈندۈز ھۆكۈم سۈردى. بۇ كۈنلەردە ج خ باشقارمىسىنىڭ ماشىنىلىرى خۇددى قوتاندىن بوشىنىپ كەتكەن تەلۋە بۇقىلارغا ئوخشاش دەھشەت بىلەن ھۆر- كىرەپ پۈتۈن شەھەرنى بېشىغا كىيىۋالغانىدى. بولۇپمۇ، كېچىلە- رى بۇ ماشىنىلارنىڭ كۆرسەتكۈچ چىراغلىرى يىرتقۇچ ئەجدىھانىڭ كۆزلىرىدەك ۋال ــ ۋۇل يېنىپ، ئەلنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ۋەھىمە سالاتتى. بۇ ماشىنىلارنىڭ ئۆزىمۇ، يان ئەينەكلىرىمۇ قارا بولغاچقا، خەلق ئۇلارنى «قارا بۇقا» دەپ ئاتىشاتتى ۋە بۇ ھەقتە:

«قارا بۇقا ھۆركىرىسە ئاپەت كېلىدۇ،
ئاپەت بىلەن تەڭ قىيامەت كېلىدۇ»

دەيدىغان گەپلەرمۇ پەيدا بولغانىدى.

دەرۋەقە، «قارا بۇقا» قايسى ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىسا، شۇ ھويلىدا قىيامەت دەھشىتى باشلىناتتى.

ھاجىم تۇتقۇن قىلىنغان كۈنى يېرىم كېچىدە، يوغان بىر «قارا بۇقا» ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ دەرۋازىسىدىن ھۆركىرەپ كىرىپ، تۇرسۇن ھەسەنوف (دولان)نىڭ ياتىقى ئالدىدا توخ- تىدى ــ دە، بېشىدىن ــ تاپىنىغىچە قارا كىيىنگەن ئىككى ساقچى ئەمەلدار تاپانچا دەستىسى بىلەن ئىشىكنى قاتتىق تاقىلداتتى. ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان تۇرسۇن دولاننىڭ «كىم بۇ، يېرىم كېچىدە ئىشىك قاققان؟» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن ئىشىك يەنە قاتتىق تاقىلداپ قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى:

— چاپسان بولۇڭ، دۈبەن جانابلىرى سىزنى چىللاۋاتىدۇ!

تۇرسۇن دولان دەرھال لامپىنى ياقتى ۋە ئالدىراش ــ تېنەش كىيىنىۋېتىپ، شىبىڭ شىسەينىڭ ئەينەك رامكىدا تۇرغان فوتو رەسى-

ـمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. رەسىمنىڭ بىر چېتىدە شېئىر شىسەي-نىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خاتىرىسى — «... مېنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر شاگىرتىم تۇرسۇن ھەسەنوفقا ئەستىلىك» دېگەن سۆزلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇرسۇن دولاننىڭ خىيال قۇشلىرى قاناتلاندى:

تۇنجى قارار «تاشكەنتچىلەر» ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىش بىلەنلا قىرىق كۈنلۈك سىياسىي — نەزەرىيە كۇرسى ئېچىلىپ، شېئىر شىسەي ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياستى» توغرىسىدا، ئۇنىڭغا ياندىشىپ مىللەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىچكى — تاشقى ۋەزىيەت، «يېڭى شىنجاڭ» قۇرۇشتا زىيالىيلارنىڭ رولى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ماركسىزم — لېنىنىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، ناتىقلارغا خاس مەنتىق ۋە پاساھەت بىلەن شەرھلەپ بەرگەنىدى. كۇرس داۋامىدا، كۇرسانتلارنى بىر نەچچە قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئايرىم — ئايرىم سۆھبەتلەشكەن ۋە شۇ سۆھبەتلەرنىڭ بىرىدە تۇرسۇن دولاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «سىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ۋە مېنىڭ يارامىلىق شاگىرتىم بولۇشقا مۇناسىپ» دېگەنىدى. ئوقۇش پۈتتۈ-رۈش مۇراسىمىدا باشقا كۇرسانتلار قاتارىدا ئۇنىڭغا بايىقى سۆزلەر يېزىلغان فوتو رەسىمنى خاتىرە قىلىپ بەرگەنىدى. باشقىلارغا بېرىلگەن رەسىملەرگە بولسا، «مېنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر شاگىرتىم» دېگەن سۆزلەر يېزىلماي، پەقەت ھەر كىمنىڭ ئىسىم — فامىلىسىلا يېزىلغانىدى. مانا شۇنداق بىر قاتار ئىشلاردىن كېيىن تۇرسۇن دولاننىڭ قەلبىدە شېئىر شىسەيگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت، ھەتتا بىر خىل چوقۇنۇش تۇيغۇسى ئويغىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر شىسەينى «ئۇلۇغ داھى» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ماقالە ۋە شېئىرلار يازدى. دەرسخانىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنى

ئالاھىدە مەدھىيلەپ، «شىپاڭ دۇبەن ۋە ئالتە بۈيۈك سىياسەت» كە مەڭگۈ سادىق بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى. ھەتتا ھاجىم ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ تەسىرىنى ئۆتكۈزۈش غەرىزىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا شىپاڭ دۇبەن ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ماختاپ، ياش يىگىتلەرگە خاس قىزغىنلىق بىلەن بەزى گەپلەرنى قىلاتتى.

ئىشىك يەنە قاتتىق تاقىلداپ، تىل ـ ھاقارەت يېغىشقا باشلىدى:

— ھۇ ئاناڭنى ... ئىشىكنى ئاچامسەن ـ يوق؟!

— قېشىڭغا ئۇسما قويۇۋاتامسەن نېمە؟

— ...

تۇرسۇن دولان نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي تېڭىرقاپ قالدى ۋە تىترەپ كېتىۋاتقان بارماقلىرى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىلغۇ-چىنى كۆتۈرۈۋېتىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى. ئىككى جاللات قۇيۇندەك باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالدى ـ دە، سىرتقا سۆرەپ ماڭدى. تۇرسۇن دولان ئۇلارنى خاتا قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئۇلۇغ داھىمىز دۇبەن جانابلىرىغا قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟

— مانا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز، — دېدى جاللاتلارنىڭ بىرى تاپانچىسىنىڭ سېپى بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىگە بىرنى سېلىپ.

تۇرسۇن دولان ماشىنىغا قانداق چىقىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، يېنى ـ ۋېنىغا قارىدى ۋە باش ئۇستىدە غۇۋا يورۇپ تۇرغان كىچىككىنە لامپۇچكا يورۇقى-دا غەلىتە بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ، پۈتۈن بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى: بېشىغا قارا خالتا كىيگۈزۈلۈپ، قولىغا كويزا سېلىنغان

بەش ئادەم خۇددى قېتىپ قالغان مۇردىدەك جىم ئولتۇراتتى. تۇرسۇن دولان ئىشنىڭ تەكتىنى ئەمدى چۈشەندى چېغى، تەق-دىرگە تەن بېرىپ جىم ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. «بىر — بىرىنى تونۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغان سىياسىي مەھبۇسلار-نىڭ بېشىغا خالتا كىيدۈرەرمىش دېگەن گەپلەر راست ئىكەن. بىراق، مېنىڭ بېشىمغا نېمىشقا كىيدۈرمىدىكىن — ھە!» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

تاڭغا يېقىن ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ ھويلىسىغىمۇ بىر «قارا بۇقا» كىرىپ، 3 — ياتاقتىن بىر يىگىتنى ئېلىپ ماڭدى. بۇ، تۆمۈر خەلپىنىڭ سەپدىشى مەرھۇم ئامانقۇلنىڭ ئوغلى ئارمان-بەگ ئىدى.

شۇ كېچىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى-نىڭ ئۆزىدىلا بەش يۈز نەچچە ئادەم تۇتقۇن قىلىنغانىدى. بۇلار بۇنىڭدىن تۆت يېرىم يىل بۇرۇن شىڭ شىسەينى يۆلەپ تەختكە چىقارغان ۋە ئۇنىڭ ئۆز يۇرتداشلىرىدىن بولغان شەرقىي شىماللىق پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى، شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن مەنسەپكە ئولتۇرغان مائارىپ نازىرى جاڭ شىڭ، ئىچكى ئىشلار نازىرى ماشاۋۇ قاتارلىق ئالىي ماقام ئەربابلار، ۋاڭ زىخۇ، خۇسەيىن چانشېڭ، تۇرسۇن بابا قاتار-لىق چوڭ بايلار، خوجىنىياز ھاجىم مۇئاۋىن رەئىس بولغاندىن كېيىن يۇقىرى مەنسەپلەرگە تەيىنلەنگەن مىللىي ئەمەلدارلار — يېزا ئىگىلىك — كان ئىشلىرى نازىرى يۇنۇس بەگ، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى تاھىر بەگ، ئىچكى ئىشلار نازارىتى-نىڭ مۇئاۋىن نازىرى بايموللا، ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلى-قى ئاقموللا، مەشھۇر زىيالىيلاردىن سوپىزادە، مەرۇپ سەئىدى، ھەيدەر ئەپەندى، بۇرھان شەھىدى، ھاجىمنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى

ۋە خىزمىتىدە بولغان قاسىم ئەپەندى قاتارلىق جامائەتچىلىككە تونۇلغان كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۇ قېتىمقى تۇتقۇن ئۈرۈمچى شەھىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى قاتتىق يەر تەۋرىمىشتىن كېيىن بىر ھازاغىچە ھوشىغا كېلەلمىگەن ئادەمدەك تېڭىرقاپ قېلىشتى. «دوستلار كوۋرۈشكەندە سۆزلەشمەيدىغان، بازارلار جىمجىت، ئات — ئۇلاغلار شالاڭ، بالىلار يىغلاشقا پېتىنالمايدىغان، بىشىم خوتۇنلارمۇ ئۆنلۈك جېدەل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئىتلار قاۋىماي، توخۇلار چىللىمايدىغان بولۇپ قالدى».①

ئۈرۈمچى بىلەن تەڭلا باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ تۇتقۇن باشلىنىپ كەتتى. شىمالدا پولتاي كۆز سېپىت ھاجى، شەرقتە تاز چىراي ھاشىم ھاجى، جەنۇبتا قاۋان تەلەت قادىر ھاجى بىلەن قارا كۆتەككە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋە شىنجاڭغا نەدىن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان مەۋلانوف دېگەن مەخلۇقلار قوناقلىققا كىرگەن غالجىر قاۋاندەك ئۆز خۇدىنى بىلمەي، مىڭ — مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ھايات رىشتىسىنى ئۈزمەككە كىرىشتى. ئۇلارنىڭ چوچەكلەردىكى جىن — ئالۋاستىلارغا ئوخشاش مەشئۇم كۆلەڭگىسى چۈشكەن يەرلەر خۇددى كۆكلەم كۈنلىرى تۇيۇقسىز مۆلدۈر زەربىسىگە ئۇچرىغان باغ ۋە ئېتىزلاردەك ۋەيرانۇ ۋەيران بولماقتا ئىدى. مەھبۇسلارنى سولاشقا تۈرمە يېتىشمەي، تاملىرى ئېگىزرەك، ئىشىك — قوۋۇقلىرى پۇختىراق كەلگەن ئىدارە — جەمئىيەتلەرنىڭ ھويلىلىرىمۇ سولاقخانىغا ئايلاندۇرۇلدى. پەقەت تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدىكى ساقچى پەيچۇسوسىدىلا ئىككى يۈزدىن ئوشۇق مەھبۇس تىقىلىپ ياتاتتى.

---

① «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 7 — كىتاب، 15 — بەت.

قوزغىلاڭنىڭ مېۋىسى سوۋېتتە شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ۋالىيلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغان سالى دورغىدىن تارتىپ ھو-شۇر كانتوغىچە مىللىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى تۇتقۇن قىلىنىپ كەتتى. ھەتتا ھېچقانداق مەنسەپنى خالىماي، قۇمۇلنىڭ ئىدىر دېگەن تېغىدىكى غېرىبانە كەپىسىگە قايتىپ بېرىپ يوقراچىلىق بىلەن ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىشقا كىرىشكەن ئەنسارىغىمۇ ھاشىم ھاجى دەرھال قانلىق چاڭگىلىنى ئۇزاتتى. ھاشىم ھاجى تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن يۇرت چوڭلىرى، دۆلەتمەن بايلار، قوزغىلاڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بولۇپ ئىككى يۈز ئەللىك بەش كىشىدىن پەقەت بىرلا ئادەم — غەلىتە مىجەزلىك توخنىياز زور قاياققىدۇر قېچىپ قۇتۇلغانىدى.

شېڭ شىسەيگە بولغان ساداقىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن چېڭ دېلى ۋە ئۆز ۋاقتىدا شېڭ شىسەينىڭ ئەڭ ئەشەددىي رەقىبلىرى بولغان جاڭ پېيۈەن بىلەن ماجۇڭيىڭغا قارشى يۈرۈشلەردە زور خىزمەت كۆرسەتكەن ۋە ئەلھال قەشقەر گارنىزون قوماندانى بولۇپ تۇرغان گېنېرال لىيۇ بىنمۇ ئامان قالمىدى.

ھەممىدىن قىزىقى شۇكى ھاجىم تۇتقۇن قىلىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، شېڭ شىسەينىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە چوڭ ئاممىۋى يىغىن چاقىرىلىپ، بۇ قېتىم ئۆلكە بويىچە تۇتقۇن قىلىن-غانلارنىڭ ھەممىسى «ياپون جاھانگىرلىكىگە سېتىلغان خائىنلار، ئۇلار ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پىلانىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭدىكى يېڭى ھۆكۈمەتكە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئازادلىق كۈرىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى، خوجىنىياز ئەنە شۇ سۇيىقەستنى پىلانلىغۇچى باش جىنايەتچى، بۇنى خوجىنىياز ئۆزى

ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى سوراق ئۈستىدە ئىقرار قىلدى» دەپ جاكارلىدى.

يىغىندىن كېيىن، كوچا ـ كوچىلارغا ئېلانلار چاپلاندى. تەشۋىق ـ ۋەرەقىلىرى تارالدى. گېزىتلەردە ماقالە ۋە مۇراجىئەتنامىلەر ئېلان قىلىندى.

بۇ شۇنداق پەيت ئىدىكى، پۈتۈن مەملىكەت، جۈملىدىن شىنجاڭدا «ياپون» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھەر بىر ۋىجدانلىق كىشىنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتەتتى. چۈنكى، ياپون جاھانگىرلىكى 1931 ـ يىل 18 ـ سېنتەبىردە جۇڭگونىڭ شەرق شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق پىلانىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، 1937 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل كۈنى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇشىغا ئاتلاندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاشلا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەڭ نومۇسسىز، ياۋۇز مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا قاتتىق نەپرەت ۋە غەزەپ بىلدۈرمەكتە ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ قېتىمقى ئاتالمىش «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ» ئەنزىسىنى دەل شۇ پەيتكە توغرىلاپ ياساپ چىققانىدى. ۋاقتىنى تېپىپ جايىدا ئېيتىلغان يالغان سۆز خۇدانىمۇ قايىل قىلىدۇ دېگەندەك، شېڭ شىسەينىڭ بۇ يالغانلىرىغا بىر قىسىم كىشىلەر ئىشىنىپ قالدى.

بىراق، ھەرقانچە قىلغان بىلەن يالغاننىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدىكەن، ئەپسانىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئالۋاستىنىڭ ئارقىسى كاۋاك بولغاچقا، ئۇ كىشىلەرگە ھەمىشە ئالدى تەرىپى بىلەن كۆرۈنمەكچى بولىدىكەنۇ، ئۇيان ـ بۇيانغا بىرلا ئۆرۈلسە، سىرى ئاشكارا بولۇپ

قالىدىكەن. شېئىر شىسەيمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. چۈنكى ئۇستا سېھىرگەرلەر تۇرلۇك سېھىرىي ــ ئەپسۇنلىرى بىلەن تاماشىبىنلار-نىڭ كۆزىنى بوياشقا مۇۋەپپەق بولالىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىل ــ پاراسىتىنى، سېزىش، ھېس قىلىش ئىقتىدارىنى، قىسقىسى، ھېس-سىي ۋە ئەقلىي تەپەككۇرىنى بەرىبىر بوغۇپ تاشلىيالمايدۇ. ئەك-سىچە، خۇددى ئاسمان گۈمبىزى قانچىكى قارايسا، يۇلتۇزلار شۇنچە پارقىراپ كۆرۈنگىنىگە ئوخشاش، جاھاننى زۇلمەت قاپلىغان-سېرى ئادەملەر باشقىچىلا سەگەكلىشىپ، ئاددىي كۆز بىلەن كۆر-گىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يۈرەك بىلەن سېزىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلاشقا باشلايدىكەن. ئۇرۇمچى ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە بۇ خىلدىكى ئادەملەر ئاز ئەمەس ئىدى. دىن، مىللەت، جىنس، ئورۇن ــ مەرتىۋە ۋە سەۋىيىلىرىنىڭ قانداقلىقى-دىن قەتئىينەزەر، ئىنسانلىق تۇيغۇسى ئۆلمىگەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە تۇرلۇك ــ تۇمەن گۇمان ۋە سوئاللار تۇغۇلماقتا ئىدى. گەرچە شائىر ئېيتقاندەك:

«قۇرتتەك يامرىدى جاي ــ جايدا جاسۇس،
ئاياغ ئاستى قىلىندى، بىتتى نامۇس.
نەچچىن دوستلۇق، ۋاپادىن قالدى زەررە،
قارا ئىتلار ئۈچۈن مول كەلدى مەررە».

بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بىر ــ بىرىگە قاتتىق ئىشىنىپ، يۈرەك سىرىنى ئېيتىشالايدىغان دىلكەش دوستلار پۇرسەت تاپقاندا، كۈندۈزلىرى ئەتراپقا بېقىپ، كېچىلىرى قۇلاققا ــ قۇلاققا يېقىپ پىچىرلىشىۋا-لاتتى. بۇنداق پىچىرلاشلار زاماننىڭ پىچىرلىشى، ۋىجداننىڭ پى-چىرلىشى، ھەق ــ ئادالەتنىڭ پىچىرلىشى ئىدى:

— 1931 ـ يىلىدىكى «18 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدە، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى شىددەتلىك جەڭلەردە نۇرغۇن قۇربان بېرىپ، ئاخىر بولالمىغاندىن كېيىن سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا پاناھلىنىپ كەلگەن شەرق شىمال پىدائىيلىرىنى ئەمدى ياپونلارغا سېتىلدى دېسە، بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟

— 1933 ـ يىلى «12 ـ ئاپرېل» ئۆزگىرىشىدە شېڭ دۇبەننى تەختكە يۆلەپ چىقارغانلا شۇلار ئەمەسمىدى؟ ئەمدى ئۇلار قانداقسىگە شېڭ دۇبەنگە قەست قىلماقچى بولۇپ قالغانىكەن ـ ھە؟!

— گېنېرال لىيۇبىڭ ئەزەلدىن شېڭ دۇبەننىڭ سادىق دوستى ئىدى. ئۇ ھېلىقى مەنمەنچى جاڭ پېيىۋەننى يوقىتىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن كىشى، ئەمدىزە خوجىنىياز بىلەن بىرلىشىپ، شېڭ دۇبەننى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇمىش، نېمىدېگەن كۈلكىلىك گەپ!

— خوجىنىياز نەلەردە يۈرۈپ ياپونلارغا سېتىلغان بولغىيدى؟ ئۇ ئەگەر ياپونپەرەس بولسا، ياپون مۇشاۋىرلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىدىغان ماجۇڭيىڭ بىلەن بىللە بولمايزە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ شېڭ دۇبەن بىلەن بىرلىشەمتى؟ قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى ئاغدۇرۇپ، سابىت داموللىنى شېڭ دۇبەنگە تۇتۇپ بېرەمتى؟ شېڭ دۇبەن ئۇنى ياپونغا سېتىلدى دېسە، بەزىلەر ئۇنى شېڭ دۇبەنگە سېتىلغان دېيىدىكەن. بۇ ئادەمگە بەك ئۇۋال بولدى. يالغۇز خوجىنىيازغىلا ئەمەس، نۇرغۇن ئادەمگە ئۇۋال بولدى، جۇمۇ! بۇنداقمۇ قارا كۆڭۈللۈك قىلغان بارمۇ؟

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا دېمەپ، شېڭ دۇبەن بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماقچى. بىرىنچىدىن، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى نەتىجىسىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ

قالغان مىللىي ئەربابلارنى ئۇزۇل – كېسىل يوقىتىپ، يەرلىك مىللەتلەرنى قايتا باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىش ۋە خەنزۇ مىللىتىدىن كىم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ بىلەن تۆر تالىشىش ئېھتىمالى بولغان ھەممە كۈنداشلىرىنى كۆزدىن يوقىتىش ئارقىلىق ئىستىبداتلىق تەختتە خاتىرجەم ئولتۇرماقچى؛ ئىككىنچىدىن، ئىستىبداتلىق تەختنى مۇستەھكەملەش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قەرز تۆلەش ئۈچۈن شىڭ دۇبەنگە نۇرغۇن پۇل كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قايسى مىللەتتىن بولسا بولسۇن، چوڭ بايلارنى بىرەر باھانە بىلەن قولغا ئېلىپ مال – مۈلكىنى مۇسادىرە قىلمىسا، بۇ پۇلنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، خۇسەيىن چانىشېفنىڭ مال – مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغاندا، پەقەت ئالتۇن – يامبۇسىنىلا بەش ماشىنا ئۇدا بىر ھەپتە توشۇپتۇ. ئۇنىڭ ئامبىرىدىن چىققان يۇڭ رەخت، تاۋار – دۇردۇن، يىپ – گەزلىمە، مۇڭگۇز ۋە ئېسىل موي – تېرە دېگەنلەرنىڭ ھەددى – ھېسابى يوق دەپتۇ.

— چانىشېفزە، مال – دۇنياسىنى شىڭ دۇبەن ئۈچۈنلا يىغىپ قويۇپتىكەن – دە!

— ئۇلا ئەمەس، نادان مىللەتنىڭ بايلىرىمۇ كۆپىنچە نادان بولىدىكەن. ئۇلار خەير – ساخاۋەت دېسە بىر تىيىننىڭ ئۇستىدە تىك تۇرۇپ، توخۇ تۇخۇم باسقاندەك مال – دۇنياسىنى باغرىغا بېسىپ ياتىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ بولىدۇ، خالاس!

— مەن ھەيرانمەن، شىڭ دۇبەن زىيالىيلارنىمۇ ئامان قويمايۋاتىدۇ. ھەتتا ئۆزى تاشكەنتتە ئوقۇتۇپ كەلگەنلەردىنمۇ بىرمۇنچىسىنى تۇتقۇن قىپتۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— ئەزەلدىن بۇيان زالىم پادىشاھلار ئىلىم ئەھلىدىن ئۆلگۇ-

دەك قورقىدۇ. چۈنكى، ئىلىم ئەھلى قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى روشەن، كۆڭلى ئويغاق بولىدۇ. ئۇلاردىن بىر ئىشنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ. زالىم پادىشاھلار بولسا ئەل — يۇرت-نىڭ كۆزى تېڭىلغان جۇۋاز ئېتىدەك بولۇشنى خالايدۇ. ياق زېڭشىڭ ئەنە شۇنداقلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى. شىڭ دۇبەنمۇ ئۇنىڭ-دىن قېلىشمايدۇ. شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىدا ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئوبدان ئېچىپ بېرىلگەن:

زالىم ئۈچۈن ئالىم، كىتاب ئەجەلدۇر،
ئەدىب، شائىر دېمەك كۆزگە سۆگەلدۇر.
ئاڭا لازىم پەقەتلا روھى مەستلەر،
«لەببەي» دەپ تۇرغۇچى ئاپتاپپەرەسلەر.
يېتىشمەس ئەل ئاڭا بولسا كېكەچ، گاس،
يەنە بولسۇن تېخى قارىغۇ ئاۋام، خاس.

— ئانداقتا بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز بار ئوخشايدۇ!

— بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى، ھەر ھالدا غاپىل يۈرمىگەن ياخشى. مانا قاراڭ، «قارا بۇقا» كېلىپ قالسا ئالدىراپ قالماي دەپ، ئىچىمگە ئۈچ قات كۆڭلەك — تامبال كىيىپ يۈرىدىغان بولدۇم. زاماندا ئىشەنچ يوق. شىڭ دۇبەنگە تېخىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ھاكىمىيەتكە ھېرىسلىق سەۋداسى ئۇنى چايان تەبىئەت، تۈلكە مىجەز قىلىپ قويغان.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— بىر ئادەمنىڭ تارىخى ئۇنىڭ مىجەز — خۇلقىنىڭ يېتى-لىش جەريانى، مىجەز — خۇلقى بولسا ئۇنىڭ تارىخىنىڭ داۋامى. شىڭ دۇبەننىڭ تارىخى بىزگە مەلۇم. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش

ئۇچۇن نېمىلەرنى قىلمىدى. ئەمدى ئىستىبداتلىق تەختىنى چىڭد-
تىش يولىدا ھەرقانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇ، چايانغا
ئوخشاش ھەممىدىن گۇمانلىنىپ، ھەممىنى دۈشمەن ساناپ نەشتى-
رىنى ئورۇۋېرىدۇ. لازىم بولسا بىرلا يۇملىنىپ تۈلكە بولۇ-
ۋالىدۇ ــ دە، ھىيلە ــ مىكىر بىلەن ئالدامچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ
بۇ قېتىم تۇتقۇن قىلغانلارنى ياپونغا سېتىلغانلار دەپ جار سېلىپ،
ياپونغا قارشى بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چىقىشتىكى مەقستى
جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قازىنىش ۋە ئۇنىڭ ئار-
قىلىق ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر كۆرسىتىپ، مەملىكەت خەلقىنىڭ ھىما-
يىسىگە ئېرىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ، ئەنە شۇ مەقسەتتە
شىنجاڭدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنى بوشاپ قالغان
مۇھىم ئورۇنلارغا خىزمەتكە قويۇشقا باشلىدى. بېشىمىز ئامان
بولسا تېخى كۆرىمىز، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇ جۇڭگو
كومپارتىيىسىدىنمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىنمۇ چوقۇم يۈز ئۆرىدۇ.
— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىزمۇ قانداق؟
— بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايمەن. ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇ.

يىگىرمە تۆتىنچى باب

# ھەسرەتلىك نىدا

*— تارىخ خاتالىقلارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئۇرۇنۇشلار جەريانىدۇر.*

—رادىي فىش①

1

ئالدىنقى بابتا بايان قىلغىنىمىزدەك، خوجىنىياز ھاجىم ئاشۇ كۈنى دۈبەن مەھكىمىسىگە يىغىنغا كىرىپ، تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنغان سائەتتىن باشلاپ، تۆمۈر قەپەستىكى شىرغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ بىردەم غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ، قاڭالتىر قاپلانغان قېلىن ئىشىكنى يوغان مۇشتۇملىرى بىلەن ئۇراتتى، كۈچلۈك ئاياغلىرى بىلەن تېپەتتى، كەڭ مۇرىسى بىلەن ئىتتىرەتتى؛ بىردەم ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ ۋارقىرايتتى:

① «جالالىدىن رۇمى» ناملىق تارىخىي بىئوگرافىك رومانىنىڭ ئاپتورى.

— شىڭ دۇبەن دېگەن لومودىنى قىچقار، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار!

بىراق، سۆرۈن چىراي گۇندىپايلار ھېچنىمىنى ئاڭلىمىغاندەك قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋېرەتتى.

ھېلىقى كۈنى ھاجىمنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىمۇ ناھايىتى غەلىتە بولغانىدى: شىڭ شىسەي ئۇنى ئىككى قەۋەت بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە قىزغىن قارشى ئېلىپ ئىچكىرىگە باشلاپ كىردى ـ دە، ئۆزى «غىپلا» قىلىپ باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، ھاجىنى ئالتە چېرىك ئارىغا ئېلىۋالدى. پارقىراپ تۇرغان مىلتىق نەيزىلىرى ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يانچۇقىدىن كىچىككىنە تاپانچىنى چىقار-دى. بىراق تاپانچىنىڭ تەپكىسى بېسىلمىدى. مەلۇم بولدىكى، تاپانچىغا قانداقتۇر بىر سوغۇق قول تېگىپتۇ.

— نېمە قىلىشماقچىسەن لومودىلار؟ — ۋارقىرىدى ھاجىم، تاپانچىنى ئاچچىق بىلەن چۆرۈپ تاشلاپ.

چېرىكلەر بۇنى كۆرۈپ مىلتىقلىرىنى يىغىشتۇردى.

يان ئىشكتىن ۋاڭ تۇەنجاڭ مەمەتبەگنى ئەگەشتۈرۈپ چىـقىپ بىر نېمىلەر دېيىشكە باشلىدى. مەمەتبەگ ئۇنىڭ گېپىنى مۇنداق ئۆرىدى:

— ۋاڭ تۇەنجاڭ دۇبەن جانابلىرىنىڭ گېپىنى ئېيتمەن دەيدۇ، ھازىر تالادا مالىماتاڭچىلىق كۆپ، ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ ئىتلىرى غالجىرلاشتى دەيدۇ، دۇبەن جانابلىرى ھاجىمغا كۆيۈنىدۇ. ھاجىمنى مۇشۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرسا ئامان بولىدۇ، كېيىن يەنە ئۆيگە قايتىپ كېتىدۇ دەيدۇ.

— دۇبەن دېگەن لومودى مېنى زادى نېمە قىلماقچى؟ قىچقار ئۇنى، گېپى بولسا ئېيتسۇن! — يەنە ۋارقىرىدى ھاجىم.

ۋاق تۇمنجاق ئىزاھات بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، شىڭ دۇبەننىڭ ھازىر ۋاقتى يوق. ھاجىم بۇيرۇقتا ئىتائەت قىلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مېھمانخانىسىدا بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇشى كېرەك. قوراللىرىنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە ھازىرلا بۇيرۇق بېرىشى لازىم. ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا ئۈرۈمچى شەھىرى قانغا بويىلىدۇ، بۇنىڭغا ھاجىم جاۋابكار بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگىدى.

بىراق، ھاجىمنىڭ دەم ئالىدىغان ئورنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مېھمانخانىسى ئەمەس، تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ كامېرى بولۇپ قالدى. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيتتى. ئۆزىنىڭ نېمىشقا «مەھبۇس» بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىش نىيىتىدە بولسا كېرەك، كامېرىنىڭ ئىشىكىنى كۈندە نەچچە ئۇرۇپ، بىرلا سۆزىنى تەكرارلايتتى:

— شىڭ دۇبەن دېگەن لومودىنى قىچقار، ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار!

كۈنلەر، تۈنلەر شۇنداق ئۆتتۈۋەردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ھاجىمنىڭ مەھرەم بېشى بەزى لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كۆرۈشكىلى كەلدى. گەپ ئارىسىدا گۇڭگۇەننىڭ پېچەتلەنگەنلىكى، مۇھاپىزەتچىلەردىن بىر قىسمىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ قالغانلىرىنىڭ تارقىتىپ تاشلانغانلىقى، ھاجىمنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقى مەلۇم بولدى. ھاجىم بىر ھازاغىچە كايىپ ـ چېچىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— سىز قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن دۇبەن بىلەن كۆرۈشۈڭ، مېنى دۇبەنگە دەيدىغان يوچۇق گەپلىرى بار ئىكەن دەڭ. ئاندىن باش كونسۇل ئاپرېسوفنىڭ يېنىغا بېرىڭ. مەن كونسۇل جانابلىرىنىڭ سۆزى بىلەن كاپالىتىگە ئىشىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدىم،

ئەمدى بۇ نېمە بولغىنى؟ مۇشۇ گەپلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، جاۋابىنى ماڭا يەتكۈزۈڭ، كېيىنكى قېتىم كېلىشىڭىزدە مېنىڭ قۇرئانىمنى ئالغاچ كېلىڭ.

مەھرەم بېشى ئۇ «قۇرئان» نىڭمۇ باشقا مال — مۈلۈكلەر قاتارىدا مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھاجىم تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى ۋە نەدىن بولمىسۇن بىر «قۇرئان» تېپىپ كىرگۈزۈشنى جېكىلىدى.

مەھرەم بېشى شۇنچە قىلسىمۇ شىڭ شىسەي ئۇنى بوسۇغى- سىغا يولاتمىدى. ئاپرېسوف بولسا «بۇ ئىشتىن خەۋىرىمىز يوق ئىكەن، سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەيلى» دېگەن جاۋابنى بەردى. ئەمما ئىككى كۈندىن كېيىن ئاپرېسوفنىڭ ئۆزى ئۇرۇمچىدىن قاياققىدۇر كېتىپ غايىب بولدى.

بىر — بىرىگە تۇتاش جايلاشقان پاكار، زەي، قاراڭغۇ كامېر- لارنىڭ قاڭالتىر قاپلانغان ئېغىر ئىشىكلىرى ھەر كۈنى ئەتىگەن — ئاخشىمى نۆۋەت بىلەن پەقەت ئىككىلا قېتىم ئېچىلات- تى. خالا جايغا ئاران ئۈلگۈرگەن مەھبۇسلار گۈندىپايلارنىڭ ۋار — ۋۇر جارقىراشلىرى بىلەن دۈشكەلەشلىرى ئاستىدا ئالدى- راپ — تېنەپ ئىشنى تۈگىتىپ ئۆز كامېرلىرىغا كىرىپ كېتىشەتتى. بىر نەچچە مىڭ قوشۇننىڭ سەردارى بولۇپ جاھاننى تىترەتكەن «غازى خوجىنىياز ھاجى»مۇ ئەمدى سۈيدۈك تۈگىنى كامېردىن ئۆزى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئېگىز سېپىل تاملىرى ئارىسىدىن ئاسمان- نىڭ بىر پارچىسىنى كۈندە ئاران ئىككىلا قېتىم كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قالغان چاغلىرىنى خۇددى ھايۋانات باغچىسىدى- كى تۆمۈر قەپەستە يېتىپ ئەسەبىيلەشكەن شىرغا ئوخشاش ئۆزدى- نى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، تۆتلا قەدەم كېلىدىغان يەردە توختىماي مېڭىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مېڭىپ ھارغاندا تورۇسقا تاقاشقان

كىچىككىنە تۆمۈر رۇجەككە، كىچىلىرى بولسا مەھكۇملارنىڭ نەم-لەشكەن كىرپىكلىرىگە ئوخشاش چىملداپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. كامېرنىڭ ئىچى بىرەر نەرسىنى ئىلغا قىلالىغۇدەك بولغان چاغلاردا «قۇرئان» نى قولىغا ئالاتتى - دە، گويا شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە تەسكىن بەرمەكچى بولۇپ ئۈنلۈك قىرائەت باشلايتتى. باش - ئايىغى يوق خىياللار بىلەن شۇ «قۇرئان» تىكەندەك يالغۇز قالغان بۇ شورلۇق مەھبۇسنىڭ يېگانە ۋە دىلكەش ھەمراھى بولۇپ قالغانىدى.

يولۋاستەك قورقۇمسىز، بۆرىدەك ئالغۇر، سېغىزخاندەك سەز-گۈر يىگىتلىك چاغلىرى - قاتاڭغۇر كەلگەن كەكە ساقال، كۆزلە-رىدە ئەقىل - دانىش نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئەمما ئۆزى سەبىي بالىدەك ئاق كۆڭۈل يولباشچى تۆمۈر خەلپە بىلەن ئۆتكەن ئۇنتۇلماس چاغلار... ھەي، شۇ ياغاچ يۈز تەقۋادار لى شۇفۇنىڭ شىرىن سۇخەنسازلىق بىلەن «قۇرئان» تۇتۇپ بىرىشلە-رى... يەنە نىمىلەر، نىمىلەر... لى شۇفۇدەك «قۇرئان» تۇتۇپ بەرمىسمۇ، سۇخەنسازلىقتا ئۇنىڭدىن ئۇستىراق بولغان ئاپرېسوف جانابلىرى نەگە يوقالدىكىن - ھە! قېنى ئۇ تەنتەنىلىك ۋەدىلەر، قېنى! قېنى ئۇ ھەيۋەتلىك تاغلاردەك ئۇلۇغۋار كاپالەت؟ ھەممىسى ئۇنتۇلدىمۇ شۇنچە تېز، گويا كى بىر دەملىك چۈشتە كۆر-گەندەك...

ھە ئېيتماقچى، كونسۇل زىيالتىكىن شاھىت بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپرېسوفمۇ ئېتىراپ قىلىپ ئىمزا قويغان ھېلىقى جىمسار پۈتۈمىنىڭ بىر نۇسخىسى ھاجىمدا ئەمەسمىدى! ھاجىم ئۇنى مۇھىم خەت - چەكلەر ساقلىنىدىغان كىچىككىنە ساندۇقتا سىلىپ قويغان ئەمەسمىدى، ئاپلا مەھرەم بېشى كۆرۈشكىلى كەلگەندە نېمىشقا ئۇنى سورۇشتۇرمىگەندۇ، نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئالدۇرۇپ

كىرمىگەندۇ؟ ھەي تاگەي، «قۇرئان» نى مۇسادىرە قىلغان يەردە ئۇنى ئاللىقاچان ئېلىپ كېتىشكەنىمكىنيە! ئۇ بولغاندىمۇ بۇ ئەھۋالدا قۇرۇق قەغەزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولار؟

شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھېچكىم ھېچنېمە دەپ گەپ سوراپ باقمىدى. بايىقى ۋەدىلەرگە ئوخشاش بۇ شورلۇق مەھبۇسمۇ ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ نېمە؟

ياق، ئۇنتۇلۇپ قالماپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگىنى گۈندىپايلار ئۇنى بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ قاياققىدۇر ئېلىپ مېڭىشتى. بىر ھازادىن كېيىن ئېگىز تۈرمە سېپىلىنىڭ بۆلۈگىدىكى بىر ھويلىغا ئەكىرىپ بېشىدىن قارا خالتىنى ئېلىشتى. قەدىناس ئايالى قەمەرخان ئايلا غەمكىن تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بۇ چۈشمۇ نېمە؟! ياق، چۈش ئەمەسكەن.

شىلىڭ شىسەينىڭ باش مەسلىھەتچىسى پىڭ ئەپەندى پەيدا بولدى. ئۇ يېنىدىكى تەرجىمان ئارقىلىق ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. ئۆتكەنگە سالاۋات، دۇبەن جانابلىرى ئۇنى ھېلىمۇ دوست دەپ بىلىدۇ، بىر زامان ئوبدان كۆتۈلۈپ ئەسلىگە كەلسۇن ئۈچۈن مۇشۇ ھويلىنى خاس ئۇنىڭغا ئاجراتتى، قەدىناس ئايالى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. كېيىنكى ئىشلاردا، مەسىلەن، سوراق ئۈستىدە دۇبەن جانابلىرىغا سەممىي ھەمكارلاشسا، پات ئارىدا ئەركىنلىككە ئېرىشىپ بۇرۇنقىدەك دەۋران سۈرىدۇ.

توپتوغرا ئۈچ ئاي ئۆتكەندە سوراق باشلاندى. بەش سوراقچى ئىچىدە پولتاي كۆز سېيىت ھاجى بىلەن ياپما قاپاق لى يىڭچىدىن بۆلەكلىرى ئۇنىڭغا ناتونۇش كىشىلەر ئىدى.

غەلىتە سوئاللار: مائارىپ نازىرى جاڭ شىڭ، ئىچكى ئىشلار نازىرى ماشاۋۋۇ، يېزا ئىگىلىك ــ كانچىلىق نازىرى يۇنۇس بەگ،

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى تاھىر بەگ باشلىق نەچچە ئونلىغان شېرىكلىرى بىلەن قۇرغان تەشكىلات، يەنى شېڭ دۇبەنـ نى ئۆلتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى بولغان سۇيىقەستلىك توپىلاڭ... تەشكىلاتنىڭ تەپسىلىي پىلانى نېمە؟ بۇ ئىشتا ياپون جاھانگىرلىكى قانداق يولىيورۇق بەرگەن؟ شېرىپقان تۆرەمبىلەن نېمە دېيىشكەن؟ قازاقلار قاچان قوزغىلاڭ قىلماقچى؟ بۇ ئىشلارنى ھاجىنىڭ شېرىكلىرى ئاللىقاچان ئىقرار قىلىپ بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆز ئىقرارى كېرەك. بۇنــى ئېيتمــاي قۇتــۇلالمايــدۇ ۋەھاكازالار...

مۇشۇ تەرىقىدىكى سوئاللار بىلەن سوراق ئىشى ئۇدا ئون كۈن داۋام قىلدى. مەھبۇس ئاچچىق بىلەن قول شىلتىپ بىرلا گەپنى تەكرارلايتتى:

— تۆھمەت، ھەممىسى تۆھمەت! ئىشىمدا يوق پۈرچاق پوقۇمدا نېمە قىلىدۇ؟ شېڭ دۇبەن بىلەن كۆرۈشمەن، ئۇنىڭغا دېيىدىغان گېپىم بار.

— سەن تۆھمەت دېگىنىڭ بىلەن شېــرىــكلــرىڭ ئىقــرار قىلدى.

— يۈزلەشتۈر مېنى ئۇلار بىلەن.

— پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالما يەنە!

— ئورۇسلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، شېڭ دۇبەننى دوست تۇتقىنىمغا پۇشايمان قىلىمسام، باشقا پۇشايمىنىم يوق مېنىڭ!

بىر كۈنى پېڭ ئەپەندى يەنە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىـ چە، دۇبەن جانابلىرى ئون كۈنلۈك سوراق ئەھۋالىنى ئاڭلاپ ھاجىمدىن خاپا بوپتۇ. مېنىڭ ئۈمىدىمنى ئاقلىيالمىدى دەپتۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئاقىۋەت يامان بولىدۇ.

— ياخشىلىق بولۇشقا مېنىڭمۇ كۆزۈم يەتمەيدۇ، — دېدى

هاجى چىچىلىپ ئولتۇرۇپ، — شىك دۇبەنگە ئىيتىڭ، مەستۇرە خوتۇنلاردەك قىچىپ يۇرمەي، مېنى ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۇرگەي. ئۇنىڭ ئۆزىگە دەيدىغان گىپىم بار.

ئەتىسىدىن باشلاپ ئەھۋال ئۆزگەردى. چېرىكلەر قەمەرخان ئائىلانى كەتكۈزۈۋېتىپ ئۇنى باشقا تۇرمىگە يۆتكىدى.

بۇ كۈنلەردە ئۇرۇمچىدىكى تۇرمىلەرنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيمەكتە ئىدى. كىتابىمىزنىڭ 15 ـ بابىدا بايان قىلىنغان ھىلىقى كاتولىك چېركاۋىمۇ تۇرمە بولۇپ قالدى. تۇرمە بولغاندىمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق ئەمەس، جېنى تۆمۈردىن پۈتكەن مەھبۇسمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، نى ـ نى ئەزىمەتلەرنىڭ ئۇستىخىنى گۆشىدىن ئاجراپ، ئۆزى خېمىردەك چەيلەپ تاشلىنىدىغان، ھەتتا مۇتلەق كۆپلىرىنىڭ قۇرۇق جەسىتى چىقىدىغان ئازاب زىندانى، قىيىن ـ قىستاق ئوچىقى، قىسقىسى، ئۆلۈم مەنزىلى ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ تۇرمىدىكى قىيـ ناش ئۇسۇللىرى باشقا تۇرمىدىكىلەردىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە دەھشەتلىك بولۇپ، تىرناق ئاستىغا جوۋالدۇرۇز سانجىش، تىرناقنى يۇلۇپ ئېلىش، ئادەمنى تىك تۇرغۇزۇپ ئالقىنىدىن تامغا مىخلاپ قويۇش، يالىڭاچ بەدەنگە قايىنىغان ياغنى چېچىش، دەزمالنى قىزدۇـ رۇپ يېقىش، جان يېرىگە بامبۇك يېرىندىسىنى تىقىشتىن تارتىپ ئىتقا تالىتىشقىچە تەخمىنەن بىر يۈز ئەللىك خىلغا يېتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «تيەنجو تاڭ» (يەنى كاتولىك چېركاۋى) دېگەن گەپنى ئاڭلىغان مەھبۇسنىڭ جېنى سىرقىرايدىكەن.

ھاجىم ئەنە شۇ تۇرمىگە يۆتكەپ كېلىندى.

سوراقچىلار ئۇستىلىدە سېپىت ھاجىمۇ، لى يىڭچىمۇ كۆرۈنـ مەيتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا كۆك كۆز، سېرىق چاچ كەلگەن گەۋدىلىك ئادەملەر سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ سۆز —

ھەربكەتلىرىمۇ ئىپىقىنىڭكىدەك قوپال بولۇپ، بىر گەپنىڭ ئىككىسى
بولسىلا «ياپتۇۋايىمات» دەپ ① ئاغزىنى بۇزاتتى. سوراق سوئاللىرد-
غىمۇ يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ، باشقىچىلا مۇرەككەپلىشىپ كەت-
كەندى.

— ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ پىلانلىشى بىلەن شىڭ دۇ-
بەننى ئۆلتۈرۈپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى، ئاندىن شىنجاڭدا، يەنى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىقىنىدا سوۋېتقا قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى
ياپون ھەربىي بازىسىنى قۇرماقچى! شۇنداقمۇ؟ ياپون ئىمپېرىيا-
لىزمى بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق ۋە ئىغۋا-
گەرچىلىك قىلماقچى! شۇنداقمۇ؟

يارەببىم، «چورۇقى يوغان» ، چالا ساۋات بىر تاغچى ئۇچۇن
بۇ نېمىدېگەن يوغان گەپلەر!

— ھەممىسى يالغان، ھەممىسى تۆھمەت! — پۇتىدىكى
يىگىرمە جىڭلىق ئېغىر كىشەننى شاراقلىتىپ، ئورنىدىن دەست
قوپتى مەھبۇس، — سەنلەر زادى نېمە قىلماقچى؟ مەن سوۋېت
ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ستالىن جانابلىرىنىڭ مەدەتكارلىقى
بىلەن قوزغىلاڭ قىلغان. مەن يۇرتتا ئۇرۇش تۈگەپ تىنچلىق
بولۇشنى ئۆزۈم خالاپ، يەنە شۇ ستالىن جانابلىرىنىڭ كونسۇلد-
دىن ئىپىتقۇزغان گېپىنى قۇلىقىمدا چىڭ تۇتۇپ، شىڭ دۇبەن
بىلەن ياراشتىم، ئۇرۇمچىگىمۇ كەلدىم، مەن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە،
ستالىن جانابلىرىغا خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشەنگەن. ئەمدىزە، سو-
ۋېتقا قارشى ئادەم بولۇپ قالدىمما؟ ياپون دېگەننى مەن نەدىن
بىلەي! ئۇنىڭ يۇرتىغا بارمىسام، ئۆزىنى تۇرماق سايىسىنىمۇ كۆر-
مىسەم، قانداقسىگە...

— يۇم ئاغزىڭنى، ياپتۇۋايىمات! تولا بىلجىرلىماي مۇنۇ

① ياپتۇۋايىمات (روسچە) _ ھۇ ئاناڭنى ...

قەغەزگە قول قوي!

بۇ ئۇنىڭ نامىدىن يېزىلغان ئىقرارنامە بولۇپ، قەغەزگە يۇقىرىدىكى «جىنايەت»لىرى يېزىلغانىدى.

مەھبۇس قەغەزنى ئاچچىق بىلەن يىرتىپ تاشلىدى. بىراق، شۇئان باش ــ كۆزىگە تېگىشكە باشلىغان ئېغىر سىم قامچە زەربىدىن مەھبۇسنىڭ بەدىنى تىتىلىپ كەتتى. مەھبۇس ھوشىدىن كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن يۈز ــ كۆزىگە سېپىلگەن مۇزدەك سۇ بىلەن ھوشىغا كەلگەندە ئىككى ئالقىنىدىن تامغا مىخلاقلىق تۇراتتى. يەنە سوراق، يەنە قىيناش، يەنە ھوشىدىن كېتىش ... كۈنلەر، ئايلار شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ھەتتا بىر يىل توشتى. قىيىن ــ قىستاق تۈرلىرىنىڭ قانچىگە يەتكەنلىكىنى مەھبۇسنىڭ ئۆزىمۇ بارا ــ بارا ئەسلىيەلمەيدىغان بولدى. پەقەت كىمدۇر بىرىنىڭ ئۇنىڭ باش بارمىقىنى تارتىشتۇرۇپ قەغەزگە باستۇرۇۋالغانلىقىلا ئېسىدە قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆلۈك دېسە تىنىقى بار، تىرىك دېسە تېنىدە جېنى يوق بولۇپ قالغانىدى.

يەنە قانچە ئاي، قانچە يىل ئۆتكىنىنىمۇ مەھبۇس ئەسلىيەلمەي قالدى. يەنە سوراق باشلاندى. بىراق نېمىشقىدۇر سوراقچىلار ئالمىشىپ، سوئاللارمۇ ئازىيىپ، ھەتتا ئاددىيلىشىپ، بىرلا مەسىلە تەكرارلىناتتى ـــ شېڭ دۇبەننى ئۆلتۈرۈپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى، باشقا ھۆكۈمەت قۇرماقچى! قىزىق ئىش، ئۆتكەن سوراقلاردىكى گەپلەر ـــ سوۋېتقا قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى دېگەن ئىبارىلەر نېمىشقا يوقاپ كەتكەندۇ!؟

مەھبۇس ھېچنېمىنى چۈشەنمەي بىر ئاز تېڭىرقاپ تۇردى ــ دە، «پالتا كۆتۈرگۈچە كۆتەك دەم ئاپتۇ» دېگەندەك، بىر كۈن بولسىمۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش نىيىتىگە كېلىپ:

ـــ مەن ئىقرار قىلاي، ـــ دېدى. سوراقچىلار قەغەز، قەلەم بېرىپ ئىقرارنامىنى ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىشىنى بۇيرۇدى.

قىزىق! نېمىشقا ئۆتكەنكىدەك ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئىقرارنا-مىگە زورلاپ بارماق باستۇرماي، ئۆزۈڭ ياز دەيدىغاندۇ!

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ — ۋارقىرىدى سوراقچىلارنىڭ بىرى ئۇنى يېزىشقا ئالدىرىتىپ.

«شىڭ دۇبەننى باشتىراق ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىمگە تاغدەك پۇ-شايمىنىم بار» دەپ يازدى مەھبۇس ۋە ئاخىرىغا ئۆزىنىڭ ئىمزاسى-نى قويۇپ بارماق باستى.

سوراقچىلار بۇ ئىقرارنامىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشتى.

مەھبۇس شۇ كۈنىلا باشقا بىر تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىلدى. ئۇنىڭ پۈتىدىكى ئېغىر كىشەنمۇ ئېلىپ تاشلاندى.

شىڭ شىسەي شۇ ئاخشىمى لى يىڭچى بىلەن ھاشىم ھاجىغا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار شۇ بۇيرۇق بويىچە ھاجىنىڭ «جىنايىتى» توغرىسىدا موسكۋاغا يوللىنىدىغان ماتېرىيالنى تەييارلاپ چىقتى. بۇ ماتېرىيالدا ئۇنىڭ «ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈ-رۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى قىلمىشلىرى» تەپ-سىلىي بايان قىلىنىپ، ئاخىرىغا ھېلىقى كۈنى مەجبۇرىي بارماق باستۇرۇۋالغان ئىقرارنامە ئىلاۋە قىلىنغانىدى. ئۇلار يەنە شۇ بۇيرۇق بويىچە «خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتكە قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى» دېگەن تېمىدا ئايرىم بىر ماتېرىيال تەييارلاپ چىقتى. ھاجىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان بايىقى ئىقرارنامىنى شۇ ماتېرىيال بىلەن ئايرىم بىر قەغەز خالتىغا سېلىپ پېچەتلەپ قويدى.

## 2

مېرۇل پۈگەن بىلەن ئوغلاقچى مەنسۇر ھاجىم يۆتكەپ كېلىنگەن تۈرمىدە ئىدى. ئۇلار كامېردىن چىقىرىلىپ «ئىشچى

گۇناھكارلار» قاتارىدا مۇشۇ تۇرمىنىڭ مەھبۇسلار ئاشخانىسىدا ھەر كۈنى كامېرلارغا ئىككى قېتىم غىزا ـ تاماق توشۇيتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھاجىم بىلەنمۇ كۈندە ئىككى قېتىم — گەرچە ئىشىكنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكى ئارقىلىق بولسىمۇ يۈز كۆرۈشەلەيدىغان بولدى. بۇنىڭدىن بولۇپمۇ ھاجىم بەك خۇشال ئىدى. چۈنكى، ھېلىقى كىچىككىنە تۆشۈكتىن چىنە ـ قاچىلارغا غىزا ـ تاماق ياكى قايناق سۇ قۇيۇپ بېرىش ئارىلىقىدا ئازراق گەپلىشىۋالغىلى بولاتتى.

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ناھايىتى پۇختا ۋە چوڭ تۇرمە بولۇپ، بۇ تۇرمىدە مىڭدىن ئوشۇق مەھبۇس بار ئىكەن. ئۇرۇمچىدە تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇشۇ تۇرمىدە ئىكەن. ھازىر ئۇرۇمچىدە تۇرمىلەرنىڭ سانى سەككىزگە يېتىپتۇ. چەت ۋىلايەت ـ ناھىيىلەردە قولغا ئېلىنغان مۇھىم مەھبۇسلار، مەسىلەن، سالى دورغا، پازىل دورغا، نەمەت خەلپەت، تاشكەنتتە جۇڭگو كونسۇلى بولۇپ تۇرغان نىياز شېرىپى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ تۇرمىگە يۆتكەپ كېلىنىپتۇ. ئاقىت ھاجى، شېرىپقان تۆرە قاتارلىق قازاق چوڭلىرىمۇ مۇشۇ تۇرمىدە ئىكەن.

ھاجىم ئۇلاردىن تۇرسۇن دولان بىلەن ئارمانبەگنىڭمۇ مۇشۇ تۇرمىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، «ھەي گوۋاللار، ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان ياش باللار ئىدى» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

ئادەتتە ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى گۇندىپايلار ئۇنى ھويلىغا چىقىرىپ، بىرەر سائەت ئاپتاپسىنىۋېلىشقا رۇخسەت قىلاتتى. شۇنداق چاغلاردا كامېرلارنىڭ ئارقا تاملىرىدىكى تۆمۈر رۇجەكلىرىدىن يامىشىپ تۇرغان مەھبۇسلار ئۇنىڭ ئوك پۇتىنى سۆرەپ ئاقساپ ماڭغانلىقىنى، سول قولىنىڭمۇ جەينىكىدىن قىڭغىر تۇتۇپ قالغان

لىقنى بايقاپ قالدى. ئۇ بولسا چۆل - باياۋاندا كۆمۈكسىز قالغان مۇساپىرنىڭ باش سۆڭەكىدىكى كۆز چاناقلىرى ياكى بۇرۇن تۆ-شۈكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاشۇ تۆمۈر رۇجەكلەرگە قاراشقا پېتىنالمىغاندەك ھەمىشە يەرگە قاراپ ماڭاتتى. دەرۋەقە، بۇ تۈرمىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان، ئۇنىڭ تېنى ئازابتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، شۇ تەندە ئامانەت تۇرغان يۈرىكى تولىدىن - تولا سىرقىراپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. گاھى - گاھىدا ئاشۇ تۆمۈر رۇجەكلەرگە يامىشىۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن مەھبۇسلار-نىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا قاراپ گوياكى «ھەي ھاجىم، بۇ قانلىق ئاقىۋەتكە كىم جاۋابكار؟ تەقدىرمۇ ياكى سەنمۇ؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

مىرۇل پۈگەن بىلەن ئوغلاقچى مەنسۇرنىڭ ئېيتىشىچە، مۇ-شۇ تۈرمىنىڭ ئۆزىدىلا كېسەللىك، ئاچلىق ۋە قىيىن - قىستاق ئازابىدىن نەچچە يۈزلىگەن مەھبۇسلار جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. يەنە باشقا تۈرمىلەردە ئۆلگەن مىڭلىغان كىشىلەرمۇ، جان بېرىدىغان چاغدا شۇنداق دېيىشكەنمىدۇ؟

— ئەستاغپۇرۇللا، مەن نېمانداق تولا خاتالىشىمەن، ئېشەك چېغىدا پۈتى بىر قېتىم تېيىلىپ قالغان تۆشۈككە ئىككىنچى يېقىن كەلمەسمىش. رەھمەتلىك تۆمۈر ئاكامنىڭ ئاقىۋىتىدىن نېمىشقا ئىبرەت ئالمىغاندىمەن! مېنى ئەجەبمۇ قارا بېسىپتۇ. بولمىسىزە، نەمەت خەلپەت ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىدىكى يىرتقۇچ شىرنىڭ ئالدىغا ئۆز ئايىغى بىلەن بارغان ئېشەككە ئوخشاپ قالامدىمەن. تۈلكە ھېلىقى شىرغا توغرا ئېيتقان: «ھەي تەقسىرىم، بۇ ئېشەكنىڭ قۇلىقى بىلەن يۈرىكى بولسا، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۆز ئايىغى بىلەن كېلەرمىدى» دەپ! ئۇ ئېشەكقۇ ئۆزى ئۆلۈش بىلەن قۇتۇلۇپتى-كەن. مەنچۇ، ئۇرۇق - ئەۋلادىم، دوست - بۇرادەرلىرىم تۈرماق

چاپىنىمنىڭ پېشى تېگىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمگە كېتىۋاتىدۇ. ئاھ خۇدا، مېنىڭ ئېتىكىم نېمانچە شور-لۇقتۇ؟ مېنى نېمانچە شور پېشانە ياراتقانسەن؟

شۇ خىيال، شۇ ھەسرەت، شۇ ئىزتىراپ ئۇنى قىينايتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىگە تىكەندەك سانجىلىپ ئارام بەرمەيتتى. تاڭ — تاڭلار ئېتىپ كېتەتتى، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ھەر بىر قوشۇق ئوماچ، ھەربىر چىشلەم نان ئۇنىڭ گېلىنى جىراپ، مەيدىسىگە زەھەر بولاتتى.

— يارەببىم! — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى بىر كېچىسى ئۇ، — كېيىنكى ئەۋلادلار مېنى نېمىلەر دەپ قارغىشىپ كېتەر! نەچچە مىڭلىغان شېھىتلەرنىڭ قىزىل قانلىرى ئۈچۈن تاڭنا مەھ-شەر كۈنى سېنىڭ ئالدىڭدا نېمىدەپ جاۋاب بېرۇرمەن؟ ئەستاغپۇرۇللا!

غايىبتىن بىر سادا كەلگەندەك تۇيۇلدى:

— ياق، سەن ئاللانىڭ ئالدىدا، ئەل — يۇرتنىڭ ئالدىدا، مىللەتنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ئەمەس! سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىنسا-نىي — ۋىجدانىي بۇرچۇڭنى، تارىخىي بۇرچۇڭنى ئادا قىلدىڭ. بۇ ھەسرەتلىك ئاقىۋەت، بۇ قانلىق پاجىئە زاماندىن كەلدى، مۇھىتتىن كەلدى، نادانلىقتىن كەلدى. سەن ياشىغان زېمىن شۇنداق زېمىن، بۇ يەردە جەننەتتەك باغۇ بوستانلىقلار بىلەن بىپايان ۋادىلارمۇ، تاشلىق داۋانلار بىلەن قاراڭغۇ توقايلىقلارمۇ كۆپ. بىپايان چۆللەردە بولسا دائىم ئىزىتقۇغا ئۇچرايدۇ كىشى. تۈن قاراڭغۇلاشقانسېرى يۇلتۇزلارغا قاراپ يول تېپىشنى سەنمۇ بىلەتتىڭغۇ، ئەپسۇس! تۆت ئاياغلىق ئاتمۇ گاھىدا مۇدۇرۇلۇپ كېتىدۇ، ئات مۇدۇرۇلۇپ كەتسىمۇ، ئەر غاپىل بولماسلىقى، گول بولماسلىقى لازىم ئىدى. ئاق كۆڭۈللۈك — ئىنساننىڭ ئېسىل

خىسلىتى، ئەمما، بۆرە ــ تۈلكىلەرگە ئاق كۆڭۈللۈك قىلغان كىشى چوقۇم نادامەت چېكىدۇ. خەير، سىنىڭ خاتالىرىڭ كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇپ قالىدۇ. «تارىخ — خاتالىقلارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئۇرۇنۇشلار جەريانى.» قۇمۇل تاغلىرىدا، سىنىڭ باشچىلىقىڭدا باشلانغان گۈلدۈرماما بۇ كەڭ زېمىننى، ئۇنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىنى ئويغىتىۋەتتى. ئويغانغان زېمىننى ئەمدى ھېچكىم ئۇخلىتالمايدۇ. چۈنكى، ئويغانغان زېمىننىڭ ئىگىلىرى — مىليونلىغان خەلق ئاممىسى — ئۆزىنى ۋە دوست ــ دۈشمەننى تونۇۋالدى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرۈۋالدى. سان ــ ساناقسىز قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە پارلاق كېلەچەكنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى. كەلگۈسى ئەۋلاد سېنى ۋە سىلەرنى ئۇنتۇمايدۇ. تارىخ چوقۇم بىر كۈنى ئادىل ھۆكمىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# قىسسىنىڭ ئاخىرى

*دۇنيادا باش ـ ئاخىرى يوق نەرسە بولمايدۇ.*

ـــ ماكسىم گوركىي

1

كىتابخانلارنىڭ ۋاقتىنى ئاياش ئۈچۈن ئەمدى بۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىنى ئاددىي بايان شەكلىدە قىسقارتىپ يازىمەن.

كاتولىك چېركاۋى (تيەنجوتاڭ)دىكى نۇرغۇن قېتىملىق سوراق ۋە قىيىن ـ قىستاقلار نەتىجىسىدە خوجىنىياز ھاجىدىن ئېلىنغان ھېلىقى ئىقرارنامە، يەنى ئۇنىڭ ئاتالمىش «كوممۇنىزمغا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى خىيانەتلىرى» توغرىسىدىكى ماتېرىيال موسكۋادىن ناھايىتى تېزلا تەستىقلىنىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ موسكۋانىڭ تەستىقلىشى بىلەن سىرتماقتا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. جازا ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن

ھاشىم ھاجى باشچىلىقىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇردى...»①

شۇ قېتىمدا شېڭ شىسەينىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى، ئىلى ۋالىيسى چىڭ دېلى ۋە يۈنۇس بەگ، تاھىر بەگ ھەمدە قازاق خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى شەرىپقان تۆرە قاتارلىق ئەربابلاردىن بىر يۈز يىگىرمە كىشىمۇ تۇرلۇك قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. شەرىپقان تۆرىنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ پاجىئەلىك بولدى. جاللاتلار ئۇنى باشقىلارغا ئوخشاشلا ئاۋۋال تاياق ـ توقماق بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، ئاندىن بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بىراق، چۆچەكلەردىكى پالۋانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ گىگانت ئادەم يىقىلمىدى. بەلكى جېنىنىڭ بارىچە جاللاتلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن، قىلىچ تۇتقان ئالتە جاللات تەڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن قىلىچلاشقا باشلىدى ۋە ئاخىر ئۇنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى.

شەرىپقان بىلەن بىر قاتاردا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە دۇ جۇڭيۈەن② ۋە قۇربانىياز شاھىدىمۇ بار ئىدى. قۇربانىياز شاھىدى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ۋە سەپدىشى بولۇپ، كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ۋە مەھمۇت مۇھىتىغا قەست قىلغان. شۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن شېڭ شىسەي ئۇنى ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلغان، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ لازىمى قالمىغانلىقتىن شېڭ شىسەي ئۆز قولى بىلەن

---

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 1 ـ توم 322 ـ بەت.

② دۇ جۇڭيۈەن — مەملىكەت بويىچە نام ـ ئاتىقى چىققان جامائەت ئەربابى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا شېڭ شىسەينىڭ يۇرتدىشى ھەم دوستى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا ماددىي ـ مەنىۋى ياردەملەر بەرگەن. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ «ئىلغارلىقىنى» مەدھىيىلەپ ماقالە ۋە كىتابلار يازغان. ھەتتا، ماۋدۇن (شېڭ يەنبىڭ)، جاۋدەن، شۈتاۋ قاتارلىق مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە چىللاپ كەلگەن.

بۇيرۇق يېزىپ ئۇنىمۇ بوغۇپ ئۆلتۈرگۈزدى.
بۇ كۈنلەردە ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىنلە-
شىپ كەتكەنىدى. غەربتە، گېتلىر فاشىست ئارمىيىسى سوۋېت
ئىتتىپاقى زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمىنى بېسىۋېلىپ موسكۋا بوسۇغى-
سىدا قۇتراۋاتاتتى؛ شەرقتە، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا قارات-
قان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى غالجىرلىق بىلەن كۈچەيتمەكتە ئى-
دى. جياڭ جيېشى گورۇھى بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، 8 ـ ئارمىيىنى
يوقىتىشنىڭ تەدبىرلىرىنى قوللانماقتا ۋە ئۆز تەسىر دائىرىسىدىكى
رايونلاردا كوممۇنىزمغا، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى دولقۇن
قوزغىماقتا ئىدى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بويىچە ۋەزىيەت-
نى خاتا مۆلچەرلەپ، فاشىستلار غەلىبە قىلىدۇ، كوممۇنىزم دۇنيا-
سىي ياشاپ تۇرالمايدۇ دېگەن ئوي بىلەن «ئىلغارلىق» تونىنى
چۆرۈپ تاشلاپ، ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلىماقچى بولدى. ئۇ بۇ
ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىدە باشلىدى. بىرىنچى قەدەمدە،
موسكۋا قىزىل ئارمىيە داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان ئىنىسى شېڭ شىچىنى
دەرھال چاقىرتىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ يولىغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇن-
دى. بىراق شېڭ شىچى ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى.
ئەكسىچە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان بىر شائىرنىڭ:

«چۆكۈپ كەتسە بىر كېمە، قالغىنى كېتىۋېرەر،
قۇرۇپ قالسا بىر دەرەخ، ئورمانلار كۆكلەۋېرەر.»

دېگەن مىسرالىرىنى ئوقۇپ، «غەربتە ستالىن، شەرقتە ماۋزېدۇڭ
بار، فاشىستلار بىر مەھەل غالجىرلاشسىمۇ كەلگۈسىدە ھامان ھالاك
بولىدۇ. سەن ئەگەر ئۆز بىلگىنىڭنى قىلىدىغان بولساڭ، قېرى
ئانامنى يېتىلىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىمەنكى، ھەرگىز تەسلىم بو-

لۇپ ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىدىغان يولغا ماڭمايمەن» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت باشلاندى. شېڭ شىسەي ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش خىيالىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈشنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرىدىن بىرى قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

1942 ـ يىلى 29 ـ مارت كەچقۇرۇن شېڭ شىچى نەنخۇايۈەن (جەنۇبىي گۈلباغ)①دىكى ياتاق ئۆيىدە ئۆزىنىڭ سىرداش دوستى چېن ۋېنفەن دېگەن يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ خوتۇنى چېڭ شۈيىڭ مېھماندارچىلىققا كەتكەنىدى. تۆت ياشلىق ئوغلى بولسا بوۋىسىنىڭ قېشىدا ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە، شېڭ شىسەي ئىككى كانۋېيى بىلەن ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى، چېن ۋېنفەن ئۇنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشتىن ھەزەر ئەيلىدى چېغى، دەرھال ئاشخانىغا كىرىۋالدى. شېڭ شىسەي بىر كانۋېينى ئىشىككە قالدۇرۇپ، ئىككىنچى كانۋېيى بىلەن ئىنىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. تەخمىنەن ئون مىنۇتلاردىن كېيىن «تاڭ» قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. قانلىق سۈيىقەست يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن چېن ۋېنفەن ئۆزىنى مىڭ تەستە تۇتۇۋېلىپ، شېڭ شىسەي ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكىنىنى پەملىگەندىن كېيىن، شېڭ شىچىنىڭ ياتاق ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىردى. شېڭ شىچى دىۋان بىلەن كارىۋات ئوتتۇرىسىدا قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. دىۋانغا بىر تاپانچا تاشلاپ قويۇلغانىدى.

مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كەلگەن چېڭ شۈيىڭ ئەھۋالنى

① شېڭ ئائىلىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى تۇرغان باغ. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى جايلاشقان ئورۇندا بۇرۇن بىر باغ بولۇپ شۇنداق ئاتىلاتتى.

ئۇققاچ، ئېرىنىڭ جەسىتى ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىدى ۋە يىغلا ــ يىغلا نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى.

تۈن نىسپىدە چېن ۋىنفەن قولغا ئېلىنىپ، كاتولىك چېركا-ۋىدىكى كىرسە چىقماس كامېرلارنىڭ بىرىگە تاشلاندى. چۈنكى شېڭ شىسەينىڭ ئايغاقچىلىرى ئۇنىڭ شۇ ئاخشىمى جەنۇبىي گۇلباغدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قېلىشقانىدى.

تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە شېڭ شىسەي بۇ ئۆلۈم ۋەقەسىنى «ئىنىمنىڭ ئوغلى تاپانچىنى ئويناپ ئولتۇرغاندا ئوق چىقىپ كەتكەنلىكتىن بولدى» دەپ چۈشەندۈردى. بىراق ھەپتە ئۆتمەي، چېڭ شۈيىڭ قولغا ئېلىنىپ، «ئېرىنى قەستلەپ ئۆلتۈر-گەن جىنايىتى» ئۈچۈن كاتولىك چېركاۋىدا سوراققا تارتىلدى. چېڭ شۈيىڭ «جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقىسى بولغان × × × بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋېتلىك مەسلىھەتچى بېكوف بىلەن ئوينىدىم ۋە شۇلارنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئېرىمنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈم» دېگەن مەزمۇندا ئالدىنئالا يېزىپ قويۇلغان ئىقرارنامىگە قول قويۇشى لازىم ئىدى. لېكىن ئەڭ قاتتىق قىيناش ئۇسۇللىرى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇ «بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى تۆھمەت ۋە ھاقارەت» دەپ قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىۋەردى.

— ئايال كىشىنىڭ قاياشى ئايال، — دېدى شېڭ شىسەي، ئۆزىنىڭ خوتۇنى چۈيۇفاڭغا، — بۇ تەنتەكنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئەيۋاشقا كەلتۈرۈڭ، بۇ سىزگە بېرىلگەن ۋەزىپە.

شۇنىڭدىن كېيىن چۈيۇفاڭ كامېرغا كىردى. ھۆسن-جامالى ھەر قانداق كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان غۇنچە بوي چېڭ شۈيىڭ-نىڭ ئورنىدا چاچلىرى چۇۋۇق، يۈز ــ كۆزلىرى يېرىق، كىيىم ــ كېچەكلىرى يىرتىق، ھەتتا تىرناقلىرىدىن تېخىچە قان تېمىپ تۇرغان قورقۇنچلۇق بىر ئايال ئولتۇراتتى.

چۇيۇفاڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، يۈزىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتتى ۋە بىر تالاي شىرىن سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئاخىرىدا:

— بىز ھەر ئىككىمىز بۇ ئۆيىنىڭ كېلىنى، سىز مەندىن خېلىلا ياش. ھاياتلىقىنىڭ لەززىتىنى كۆرۈشىڭىز كېرەك. سىزدە گۇناھ يوق. سىزنى كوممۇنىستلار ئېزىقتۇرغان ئەمەسمۇ؟ ئىقرارنا-مىگە قول قويىۋەتسىڭىزلا دۇبەن سىزنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، — دېدى.

چېڭ شۇيىڭ يىغلاپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭ ھەممىسى تۆھمەت. بۇنداق ھاقارەتكە قالغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى. مەن ئېرىمگە سادىق، بۇنى ئاسمان خۇداسى بىلىدۇ، — دېدى.

چۇيۇفاڭ يەنە بىردەم ھەپىلىشىپ كۆردى. ئاخىر ئۇنى مۇن-داق ئۇسۇل بىلەن ئەيۋاشقا كەلتۈرۈشكە كۆزى يەتمەي، «ھۇ، پاسكىنا! يۇمشاقنى يېمىسەڭ، قاتتىقنى غاجىتىمەن ساڭا!» دەپ قوڭىنى چېقىپ چىقىپ كەتتى.

چۇيۇفاڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە جاللاتلار چېڭ شۇيىڭنىڭ جان يېرىگە يۇقىرى گرادۇسلۇق سوزۇنچاق لامپۇچكىنى تىقىپ توك ماڭغۇزدى. مەھبۇس چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ بىر چېلەك مۇزدەك سۇ بىلەن ھوشىغا كەلگەندە، چۇيۇفاڭ قەغەز-قەلەمنى تەگلەپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— تۇفى، تۇلكىدىن تۆرەلگەن چىشى ئالۋاستى، — دېدى ئۇ چۇيۇفاڭنىڭ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرۈپ.

چۇيۇفاڭ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ جاللاتلارغا قارىدى. جاللاتلار مەھبۇسنى يالىڭاچلىدى ۋە بىر تال كۇلا ئارغام-چىنى ئۇنىڭ چاترىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، خۇددى پەن تىلىۋاتقان

ياغاچچىلاردەك ھەرىدەمشكە باشلىدى. جاھان تارىخىدا، بۇنداق قىيناش ئۇسۇلى ھېچ يەردە كۆرۈلۈپ باقمىغان بولسا كېرەك. بىر مىنۇت ... بەش مىنۇت ... ئون مىنۇتقا بارغاندا، مەھبۇسنىڭ دېمى ئۈزۈلۈپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، بېشى مۇرىسىگە ساڭگىلاپ چۈشتى.

شېڭ شىسەي ئۆزى ياساپ چىققان بۇ ئەنزە ئارقىلىق بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش مەقسىتىگە يەتتى: «ئىنىم شېڭ شىچى ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن غەيرىي نورمال مۇناسىۋەتتە بولغان بىر كىشى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ جاھانگىرلارنىڭ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە بىكوفقا ئوخشاش تروتسكىچىلار-نىڭ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا (ئالتە بۈيۈك سىياسەت) كە قارشى ئېلىپ بارغان سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى» دېگەن مەزمۇندا ستالىنغا ئۆز قەلىمى بىلەن خەت يازدى؛ جياڭ جيېشىغا بولسا «ئىنىم شېڭ شىچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى جۇڭگو كوم-پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى سۇيىقەستى» دەپ مەلۇم قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىكوف ۋە «تروتسكىچى» دەپ گۇمان قىلىن-غان بىرمۇنچە سوۋېت كىشىلىرى موسكۋاغا چاقىرتىپ كېتىلدى؛ جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنى يوقىتىش سۇ-يىقەستىگە يول ئېچىلدى.

«ئىز» رومانىنىڭ خاتىمىسىدە يېزىلغىنىدەك، 1942 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا ئامېرىكىدا ياسالغان بىر چوڭ ئايروپىلاننىڭ موتورلىرى گۈركىرەپ قالدى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ خوتۇنى چيۇيۇفاڭ ۋە باشقا يېقىنلىرى بىلەن ئايرودرومدا غەلىتە بىر مېھماننى كۈتۈۋالدى. بۇ مېھمان ناھايىتى پۇزۇر كىيىن-گەن، زىلۋا بويلۇق، چىرايلىق بىر خانىم ئىدى. ئۇ ئاپئاق يىپەك پەلەي كىيگەن قولىنى شېڭ شىسەيگە ئۇزىتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا

ئاجايىپ ناز ــ كەرەشمە بىلەن كۈلۈپ قويىدى. شىڭ شىسەي ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەچ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان «زىم» ماركىلىق ئۇزۇن پىكاپقا تەكلىپ قىلدى. بۇ «خانىم» جياڭ جيېشىنىڭ خوتۇنى سۇڭ مېيلىڭ ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن شىڭ شىسەي «ئىلغارلىق» گۈللىرى ئال-تۇن بىلىقنىڭ تەڭگىلىرىدەك پارقىراپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ كەلگەن چىرايلىق تونىنى سىلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئال-ۋاستى قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نەچ-چە يىلدىن بېرى شىنجاڭنىڭ ھەممە قۇرۇلۇش ساھەلىرىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ كەلگەن بىر يۈز ئەللىك نەچچە كومپارتىيە ئەزاسىنى قولغا ئالدى ۋە بىر يىل قىيناپ ــ قىستاپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئاخىر ئۆلارغــا قانلــىق چاڭگىلــىنى ئۇزاتتى —— جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرى چېن تيەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ باشلىق ئەزىمەتلەر بىر كېچىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

تۇنۇگۈنلا «ماركسىزمچى» ، «يەنئەننىڭ دوستى» بولۇپ يۈرگەن شىڭ شىسەي بىردىنلا «سەنمىنجۇيىچى» ۋە يەنئەننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ قالدى. ئوتتۇرىسىغا ئالتە بۇرجەكلىك سېرىق يۇلتۇز شەكلى چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايراق ئورنىغا گومىن-داڭ بايرىقى ئېسىلدى.

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سوۋېت كىشىلىرى، قومۇلدا شىنجاڭنى گومىنداڭ تەھدىتىدىن قوغداپ تۇرغان سوۋېت ئارمىيىسى —— مۇكەممەل بىر دىۋىزىيىگە تەڭ قۇدرەتلىك 8 ــ پولك —— چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ھەتتا سوۋېت كونسۇلخانىلىرىنىڭ خادىملىرى تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى.

جاھان بىردىنلا قاراڭغۇلاشتى. قاراڭغۇلاشتىلا ئەمەس، تەس-

ۋىرلىگۇسىز قېلىن زۇلمەت پەردىسى ئاستىدا قالدى.

تۈن قاراڭغۇلاشقانسېرى تومۇز كۈنلىرى چۆل ــ باياۋاندا قالغان يولۇچى بىر يۇتۇم سۇغا قانداق تەشنا بولسا، ئادەملەر قەلبى يورۇقلۇققا شۇنداق تەشنا بولۇۋاتاتتى، بىردىنلا جاھان يەنە ئۆزگە- رىشكە باشلىدى. شائىرنىڭ:

سايرام ئويغىنىپ، چايقالمامدىكىن؟
تەلكىدىن تۇمان تارقالمامدىكىن؟
ئېلى ئاتلىرى چاپالمامدىكىن؟
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.
زۇمرەت كۆلۈمنى بۇلغاتتى پاقا،
مەيلىمۇ شۇنچە يىرتىلسا ياقا،
ئېلى ئېتىغا يوقمىكىن تاقا؟
كۆز ياشلىرىمدىن قاينار بۇلاقلار.

دېگەن ھەسرەتلىك نىدالىرىغا جاۋابەن، سايرام ئويغىنىپ چايقىلىپ كەتتى، ئىلقا ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچراپ يالقۇنغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

شىڭ شىسەي پۇتى كۆيگەن توخۇغا ئوخشاپ قالدى. جياڭ جيېشى ئېلى ۋادىسىدا يانغان يالقۇننى ئۆچۈرۈش باھانىسىدە «يېرى كەڭ، بايلىقى مول شىنجاڭنى شىڭ شىسەيدىن تارتىۋېلىش پەيتى كەلدى» دەپ ئويلاپ، دەرھال تۇمەنلەپ چېرىك ماڭغۇزۇشقا كىرىشتى.

شىڭ شىسەي ئۇن بىر يىلدىن بۇيان يالغۇز ئۆزى سوراپ كەلگەن بۇ زېمىننى جياڭ جيېشىغا تارتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمايت- تى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گېتلېر گېرمانىيىسى ھالاك بولۇش

ئالدىدا تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدا قۇرۇلغان گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ كاتتىۋېشىدىن تارتىپ ھەممە گومىنداڭچىلارنى قولغا ئالدى ۋە ستالىنىنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ كەچۈرۈم سوراپ، بۇرۇنقى مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىجا قىلدى. بىراق بۇ قېتىم ستالىن ئۆزىنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزدۇرمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ نىيىتىنى جياڭ جيېشىغا ئۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ يۈز مىڭدىن ئوشۇق گومىنداڭ چېرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىپ قالغان چىۋىنگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى سېزىپ، جياڭ جيېشىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇ-نۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق — ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىغا «ئۆستۈرۈلگەن» يېڭى ئەمەلدار سۈپىتىدە شىنجاڭدىن كېتىشكە تەييارلاندى ۋە ئاخىر قان پۇراپ تۇرغان تونىنا — تونىنا ئالتۇن، قاپ — قاپتا جاۋاھىرات، ماشىنا — ماشىنىدا بۆكەن مۈڭگۈزى ۋە ئېسىل مويلارنى جياڭ جيېشىغا سوۋغاتلىققا ئېلىپ يولغا چىقتى.

ئۇ مېڭىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە سىر — ئەسرارىنى بىلىدىغان يېقىنلىرىدىن پېڭ ئەپەندى باشلىق سەككىز كىشىگە زەھەر ئىچۈرۈۋەتتى. ئۈرۈمچىدىكى تۇرمىلەرگە ئوت قويۇ-ۋەتمەكچى بولۇۋېدى، بۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىدى.

— توختاڭ سۆيۈملۈكۈم، گالستۇكىڭىزنى تۈزەشتۈرۈپ قو-ياي، — دېدى چۈيۈفاڭ، دەھلىزدىكى يوغان بويئەينەك ئالدىدا توختاپ، — قارىڭا، بۇ گالستۇك قىڭغىر بولۇپ قاپتۇ.

شېڭ شىسەي ئەينەككە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆزى ئە-مەس، مانجۇچە قىزىل مونچاقلىق قالپاق، ئۆرە ياقىلىق زەرباب تون كىيگەن زوزۇڭتاڭ كۆرۈندى. زوزۇڭتاڭنىڭ ساقال — بۇرۇتلە-رى بىلەن قوشنىڭكىگە ئوخشاش ئۇزۇن ئەگرى تىرناقلىرىدىن

قان تېمىپ تۇراتتى. شىلىڭ شىسسەيمۇ دەرھال ئۆزىنىڭ قوللىرىغا قارىدى. ئاپئاق يىپەك پەلەيلىرىدىن قان تەپچىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى ــ دە، ئۇ دەرھال پەلەيلىرىنى چىقىرىپ چۆرۈۋەتتى. بىراق، ھەر ئىككى قولى قىپقىزىل قانغا بوياقلىق پېتى تۇراتتى. ئۇ قوللىرىنى يوشۇرماقچى بولدى. ئەمما تىقىدىغان يەر تاپالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يەڭلىرىمۇ قان، يانچۇقلىرىمۇ قان، ئېتىكىمۇ قان، قوينىمۇ قان ئىدى.

شۇنداق، بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك ھېچ يېرى يوق. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون بىر يىل ئىچىدە تۆت مىليونلا نوپۇسى بولغان شىنجاڭ زېمىنىدا بىر يۈز يىگىرمە بەش مىڭدىن ئوشۇق كىشى تۇتقۇن قىلىندى ۋە ئۇلارنىڭ ئوندىن توققۇزى قاراڭغۇ تۈرمىلەردە ئۆلدى، ئۆلتۈرۈلدى. شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ قېنى ئەگەر بىر يەرگە يىغىلىپ ئاقىدىغان بولسا، جاھان نېمە بولۇپ كېتەر! شۇنچىۋالا قان نەگىمۇ سىغىپ، نەگىمۇ سىڭەر! ئۇنىڭغا شۇ قاتىللارنى تۆكۈشۈپ بەرگەن ئاتاقلىق ئەرببابلار، ئاپرېسوف بىلەن مەتنۇر ئەپەندىگە ئوخشاش كاززاپلار، ھاشىم ھاجى، سىيىت ھاجى، قادىر ھاجىدەك پوكانچى قاسساپلار شۇنى ئويلاپ باققانمىدۇ؟ ئەگەر ئۇلارمۇ قارا يەر قوينىغا كىرىپ ئويلاش ئىقتىدارىدىن قالغان بولسا، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ جىن ــ ئالۋاستىلارغا ئايلانغان ئەرۋاھلىرىغۇ باردۇ، شۇلار بولسىمۇ بۇنى كۆرۈشى كېرەك. قاچانلا بولمىسۇن بۇنىڭ جاۋابىنى بېرىشى كېرەك!

قىزىق ئىش، شىلىڭ شىسسەي كېتىپ ئەتىسى ئۇرۇمچى تۈرمىلىرىدىكى مىڭلىغان كامېرلارنىڭ تۆمۈر ئىشىكلىرى قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن ئېچىلىپ كەتتى. يوغان ــ يوغان قۇلۇپلارغا ئاچقۇچ سېلىنىۋاتقان گۈندىپايلارمۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى گويا بىلمىگەندەك، سەزمىگەندەك قىلاتتى. رەڭگىرويى سامانىدەك سارغى-

يىپ، چاچ ــ ساقاللىرى ئۆسۈپ، كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن مەھبۇسلار خۇددى قەپەستىن بوشاپ چىققان بىر توپ ئۇچارلىقـ لاردەك چۇرۇلدىشىپ، دىن، مىللەت، دەرىجە ــ مەرتىۋە ئايرىماي تونۇسا ــ تونۇمىسا بىر ــ بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلىشاتتى، سۆيۈشەتتى، كۆلۈشەتتى، مۇڭ ــ زار قىلىشاتتى. بۇ ھالەت ئۇدا ئۈچ كۈن داۋام قىلدى.

ئوغلاقچى مەنسۇر بىلەن مىرۇل پۈگەن تېخىمۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ سەپداشلىرى بولغان نەمەت خەلـ پەت، قاسىم ئەپەندى، تۇرسۇن دولان، غۇلجىلىق ھېيتەم، ئارمانـ بەگ ۋە موڭغۇل يىگىتى جاباباتۇ بىلەن كامىر ئىشكىنىڭ كىچىكـ كىنە تۆشۈكى ئارقىلىق ئەمەس، ئەمدى ئوچۇق مەيداندا ئۇچرىـ شىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئۆزى جوڭگۇرالىغۇدەك مادارى بار يىگىتلەر بولسىلا بۇ كۆھىقاپتىن قۇتۇلسۇن دېگەن مەقسەتتە تۈرمە ئاشخانىسىدىكى «ئىشچى مەھـ بۇسلۇق» ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۈچىنچى كۈنى تۇرسۇن دولان، ئارمانبەگ ۋە ھېيتەملەرنى تۈرمىدىن قاچۇرۇۋەتتى.

— قاياققا ماڭىمىز؟ — دېدى ھېيتەم، تۈن قاراڭغۇسىدا شەھەر سىرتىغا تىنچ ــ ئامان چىقىۋالغاندىن كېيىن.

— قاياقتا يالقۇن كۆرۈنسە شۇ ياققا ماڭايلى، — دېدى تۇرسۇن دولان كەسكىن بىر ئاۋازدا، — بىزنى ئىلى تەرەپكە، ئازادلىق مەشئىلى ياندان ئىلقا تاغلىرىغا باشلا، ھېيتەم ئاكا!

— ياشاپ كەت دولان، — دېدى ھېيتەم بۆلەكچىلا جانلىـ نىپ، — ئەمسە بىز كەتتۇق، ئاكاڭ قارىغاي ئىلقا تاغلىرىنى بەش قولدەك بىلىدۇ دېگىنە تېخى!

× × ×

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

ئەسلىدە مەنمۇ شۇ يىگىتلەرنىڭ ئىزى بىلەن ئىلىقىغا، ئاندىن پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا، ھەتتا جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن ئالتاي تاغلىرىغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردە بولۇپ ئۆتكەن جاھانشۇمۇل ۋەقەلەر-نى، تىللاردا داستان بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتە-لىرىنى سىلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرمەكچى ۋە بەزى سىرلىق تېپىشماقلارنى يېشىپ باقماقچى بولغانىدىم. بۇ ئارزۇ ــ خىياللىرىم «ئويغانغان زېمىن»نىڭ 3 ــ قىسمى بولماقچى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇنى يېزىپ پۈتتۈرۈشكە ئىمكانىيىتىم يار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ قىسىمنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. قالغان قىسمىنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يېزىپ چىقىشىغا ئىمانىم كامىل!

مېنى كەچۈرگەيسىلەر!

1993 ــ يىل، ئىيۇل

ئۈرۈمچى